
ئەنۋەر ھوشۇر
ياشلىق تىتۈشلىرى
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر ھوشۇر

# ياشلىق تۈشلىرى

( رومان )

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

青春的气息：维吾尔文 / 艾尼瓦尔·吾守尔著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2014.12
ISBN 978-7-228-18026-4

Ⅰ.①青… Ⅱ.①艾… Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第283635号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15.5 |
| 版　　次 | 2014年12月第1版 |
| 印　　次 | 2014年12月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 3000 |
| 定　　价 | 43.00 元 |

www.uyghurkitap.com



ئەنۋەر ھوشۇر

# نەشرىياتتىن

ئەنۋەر ھوشۇر 1969 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان . ھازىر فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت.

ئەنۋەر ھوشۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى، 50پارچىغا يېقىن ھېكايە، پوۋېستلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «يازغۇچىنىڭ ئۆمرى»، «يازغۇچىنىڭ دۇنياسى» قاتارلىق ماقالىلەر توپلىمى؛ «قەدىر كوچىسى» (رومان)، «كۆڭۈل كۆزى»، «ئاخىرقى تالالاش» (ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. «نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىشتىن تۇغۇلغان ئويلار»، «ياش يازغۇچىلارنىڭ رومان ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13 ـ ۋە 17 ـ قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ياش يازغۇچىلار مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  تىترىگەن ياپراق ........................................ 1
ئىككىنچى باب  كۆز يېشى ۋە تەبەسسۇم ................................ 35
ئۈچىنچى باب  سوغۇق تومۇز .......................................... 171
تۆتىنچى باب  سەسكىنىش .............................................. 279
بەشىنچى باب  مۇزلىغان يۈرەك ........................................ 372
ئالتىنچى باب  ساقايماس يارا ........................................ 421
يەتتىنچى باب  پىنھان ھويلا ......................................... 475

بىرىنچى باب

# تىترىگەن ياپراق

## 1

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى شەرىپىدىن مۇدىر ئۇستىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان ئالتە - يەتتە پارچىدەك چاقىرىق قەغىزى ئارىسىدىن بىرسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئالدى - كەينىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، — سىز يېزىمىزدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ ياقائېرىق كەنتىدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن تۇنجى ئوقۇغۇچى !

چاقىرىق قەغىزىنى قولۇمغا ئالدىم. يۈرىكىم ھاياجان ئىلكىدە قىن - قىنىغا پاتماي سوقاتتى، ھاياجاندىن كۆزلىرىمنىڭ مىلىڭ يېرىدىن ياش قايناۋاتتى، لېۋىم تىنىمسىز مىدىرلايتتى، خۇددى گېلىمغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھەرقانچە كۈچىنسەممۇ ئاۋازىم سىرتقا چىقمايتتى. مەن مۇدىرغا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ رەھمەت - مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ھاياجان ئىلكىدە چاقىرىق قەغىزىگە كۆز يۈگۈرتتۈم.

چاقىرىق قەغىزى تۈجۈپىلەپ ئىشلەنگەنىدى. ئەڭ ئاۋۋال كۆزۈمگە چېلىققىنى مەكتەپنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى بىلەن ئۇنىڭدىن قول تۇتۇشۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان بەختىيار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپتىخارلىق سىماسى بولدى. ئۇلار غەمسىز، غۇبارسىز ئىدى، ئۇزايىدىن خۇشاللىق، ئىپتىخارلىق ئەكس

www.uyghurkitap.com

ئېتىپ تۇراتتى. ئىككىنچى قېتىم كۆزۈمگە چېلىققىنى كۆپ ئىقتىدارلىق سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولدى. سىنىپ ئازادە، يورۇق بولۇپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا بىردىن كومپيۇتېر بار ئىدى. مەن ئۆزۈمنى شۇ سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆلگۈردۇم. ئۈچىنچى سۈرەتنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، ئۇنىڭغا مەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بېرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان تارتىملىق ئەسەرلىرى بىلەن بالىلىق قەلبىمدە ئەزگۈ تىلەكلەرنى ئويغاتقان غايىۋى ئۇستازىم ــــ ياسىن مۇئەللىمنىڭ بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى نەقىشلەنگەنىدى. ياسىن مۇئەللىم مۇشۇ چاقىرىق قەغىزىنى ئەۋەتكەن مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، بۇنى مەن ئۇنىڭ بىر ژۇرنالغا چىققان تەرجىمىھالىدىن بىلگەن، ئىمتىھاندىن چىقىپ ئارزۇ تولدۇرغان چاغدا ياسىن مۇئەللىمنى دەپ مۇشۇ مەكتەپنى بىرىنچى ئارزۇغا يازغانىدىم.

مەن سۈرەتلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن چاقىرىق مەزمۇنىغا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم: مەن تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانىدىم. ئوقۇش مۇددىتىم تۆت يىل ئىدى، بۇنى ئۇققاندىن كېيىن يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم تېپچەكلەپ كەتتى، سەۋەبى مەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىدىم، يازغۇچى بولۇش مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم ئىدى، جاھاندا مۇنداقمۇ خوپ كېلىش بولامدۇ؟

خۇشلۇقۇمغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. تۇرۇپ ۋارقىرىغۇم، سەكرەپ تاقلىغۇم، تۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇم كېلەتتى. كەنتتىكى ھەممە ئادەمنى بۇ خۇش خەۋەردىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويغۇم كېلەتتى.

شۇ ئەسنادا سىنىپ مۇدىرىمىز خەلچىخان مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ئۇ مەندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلانغانىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم !
— رەھمەت، — ئاۋازىمنى ئۆزۈم ئاران ئاڭلىيالىدىم.
خەلىچىخان مۇئەللىم ئالدىراش ئورنىدىن تۇرغان مۇدىر بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن چاقىرىق قەغىزىنى قولۇمدىن ئالدى.
— داڭلىق مەكتەپكە، ئارزۇيىڭىزغا يېتىپسىز، گۈزەل كېلەچەك ... ھەممىمىز بەختىخان، بەختىخان دەۋېرىپ بەختىڭىز ئېچىلىپتۇ مانا !
خەلىچىخان مۇئەللىم ئىككى قولۇمنى ئورۇق ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ پېشانەمگە سۆيدى.
— بۇ قىز ئىزىڭىزنى باسىدىغان ئوخشايدۇ.
— مەن شۇنىڭدىن خۇش، — دېدى خەلىچىخان مۇئەللىم چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، — بىزدە «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دەيدىغان گەپ بار، بەختىخان ئىرادىلىك، غايىلىك بالا بولدى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئوقۇتقۇچى، داڭلىق يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا گەپ يوق. شۇنداققۇ قىزىم؟
مەن خەلىچىخان مۇئەللىمنىڭ يۈزتۈرا ماختاشلىرىدىن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدىم. لېكىن، سەممىي تىلەكلىرىدىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى.
— ئەخمەتكام بىلەن قەلەمخان ئاچام ئۇقمىغاندۇ تېخى؟
— ياق، مەنمۇ ھازىر ئۇقتۇم تېخى.
— ئەمىسە ئۆيگە بېرىپ ئۇلارنىمۇ بىر خۇش قىلىۋېتىڭ !
— ماقۇل.
مەن چاقىرىق قەغىزىنى ئاۋايلاپ سومكامغا سالدىم.
— چاقىرىق قەغىزىگە سۈرىتى بېسىلغان ياسىن كەنجى دېگەن كىشى مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم بولىدۇ. ئۇ ھازىر داڭلىق يازغۇچى بولۇپ كەتتى، ئۇ مىجەزى ئوچۇق، چىقىشقاق ئادەم. ماڭىدىغان چاغدا خەت يېزىپ بېرىمەن. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

پېشنى چىڭ تۇتسىڭىز، ھەرگىز زىيان تارتمايسىز.

مۇدىر بىلەن خەلچىخان مۇئەللىم ئىشىك ئالدىغىچە چىقتى. خەلچىخان مۇئەللىم ھاياجانلىنىپ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي قالغانىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر مۇدىرنىڭ چىرايى سەل سولغۇن ئىدى، گەپ قىلغاندا كۆزلىرىنى ئەپقاچاتتى.

مەن ئۈچ يىلدىن بېرى ئىللىق باغرىدىن جاي راسلاپ، مىڭلاپ ئاددىي دېھقان قىزلىرى قاتارىدىكى ئەرزىمەس ھاياتىمنى ئەھمىيەتلىك مەنىلەرگە ئىگە قىلغان، تەقدىرنىڭ ئوڭ قەدىمىنى بوسۇغامغا چىللاپ كەلگەن ئانا مەكتىپىم بىلەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ چوڭ يولغا چىقتىم.

ھاۋا ئوچۇق، سالقىن ئىدى، كۆپكۆك ئاسماندا ئاقۇچ بۇلۇتلار قوي پادىلىرىدەك لەيلىشىپ يۈرەتتى. تۈنۈگۈن ياغقان سىم ـ سىم يامغۇر دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى پارقىرىتىۋەتكەنىدى. ئەتراپتىن نەم تۇپراقنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇچار قۇشلارمۇ بەس ـ بەستە نەغمىگە چۈشكەن بولۇپ، ئانا تەبىئەتمۇ خۇشاللىقىمغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

مەن توپىلىق يولدا بىردەم پىيادە ماڭغاندىن كېيىن مۇشۇ كۈنلەردە مودا بولۇۋاتقان بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا غىڭشىغاچ ۋېلسىپىتكە مىندىم.

مەكتەپ بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى ئون يەتتە كىلومېتىر ئىدى، ۋېلسىپىتلىك ماڭسام بىر يېرىم سائەتلەردە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ئۈچ يىلدىن بېرى مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇغانىدىم.

مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇشۇممۇ ئاسانغا چۈشمىگەنىدى. مۇشۇ ئوقۇشنى دەپ ئالتە ئايلىق ۋاقتىمدا چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانامغا (مەن ئۇلارنى ئانا، دادا دەپ چوڭ بولغان) تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىدىن سەككىز ياش كىچىك بىر ئەر بىلەن قېچىپ كەتكەن مەسئۇلىيەتسىز ئانامدىن تارتىپ، «قالغاچ مەسچىت»نىڭ قېرى ئىمامىغىچە، ھەتتا كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان

دوست ـ بۇرادەرلىرىمدىن بىر مۇئەللىمدىن تەلىم ئالغان ساۋاقداشلىرىمغىچە ھەممىسىنىڭ قارشىلىقىغا، دوق ـ لەنەت، تاپا ـ تەنىلىرىگە ئۇچرىغانىدىم. ئەگەر كۆيۈمچان سىنىپ مۇدىرلىرىمدىن جالال مۇئەللىم بىلەن خەلىچخان مۇئەللىم، شۇنداقلا يېزىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى سىدىق ئاكىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، مەنمۇ مەھەللىدىكى تالاي تەڭتۇشلىرىمغا ئوخشاش بىر ـ ئىككىدىن بالىغا ئانا بولۇپ، «بالا كۆتۈرۈۋالغان بالا چوكان»غا ئايلىنىپ بولغان بولاتتىم.

بىر ئىش زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيتتى: كەنتتىكى بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى، كەنت تەشكىلىگە تۇتاش سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بوك ـ باراقسان قورۇسىدىن يىل بويى بالىلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، تولۇقسىزغا چىققان ھامان ئىش تەتۈرىگە ئۆرۈلەتتى. خۇددى مۇئەللىملەر بىر يېرىنى چىمدىۋالغاندەك، بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان بالىلار قاپىقى يامان قېيىنئانىغا ئۇچراپ قالغان كېلىندەك مەكتەپتىن قېچىشقا باشلايتتى. ئەمەتنى تېپىپ كەلسە، سەمەت يوق. سۈرۈشتۈرۈپ بارسا، ئاتا ـ ئانىلار بېشىنى كىرپىدەك ئىچىگە تىقىۋالغان ... ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلى بالا يىغىش، ئائىلە سۆھبىتى دېگەندەك ئۇنۇمسىز ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كېتەتتى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئارىلىشىپ، بالىلارنى خېلى ئوبدان تۇراقلاشتۇرۇپ بەرگەنمۇ بولدى. لېكىن، بالىلارنىڭ ئوقۇش مەقسىتى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇنۇمى يوق ئىدى. مۇئەللىملەرنىڭ خىيالى بالىلارغا بىرنېمىلەرنى بىلدۈرۈش، قەلبىنى ئاقارتىش؛ بالىلارنىڭ خىيالى بولسا تېزرەك مەكتەپتىن ئاجراپ قولى ئاز ـ تولا پۇل كۆرىدىغان بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇش بولغاچقا، شۇنداق ئىشتىياق بىلەن ئۆتۈلگەن دەرسلەر قۇمغا خەت يازغاندەك ھېچكىمنىڭ كاللىسىغا كىرمەيتتى ...

«چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ ئويۇنى» ئاخىرلاشقۇچە

مۇئەللىملەرمۇ، باللارمۇ بەك قىينىلىپ كېتەتتى. ئادەمنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەن يۈزلەپ بالىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىغا تىزىملىتىدىغىنى بەشكىمۇ يەتمەيتتى.

ئوقۇش تاماملانغان شۇ ئايدا مەھەللە ـ مەھەللىلەردە توي قايناپتتى، ئىككى ـ ئۈچ ئايغا قالماي قىزلارنىڭ كۆپ قىسمى ياتلىق بولۇپ، قىلىن رومال ـ چۈمپەردىلەر دۇنياسىغا سىڭىپ كېتەتتى ۋە ئىككى ـ ئۈچ يىلغا قالماي يۈزلىرىنى قوماچ بېسىپ، كېسەل كۆرپىلىرىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئوغۇللاردىن ئىنسابى بارلىرى ئېتىز ئەمگىكىگە ياردەملىشىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىنى يېنىكلىتەتتى. كۆپ قىسمى ئائىلىكىملەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بىر كېچىدىلا مەھەللىدىن غايىب بولاتتى... قىسقىسى، ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە كۆپ مەبلەغ سېلىپ ئاچقان مەكتەپلىرى، بۇ يەردىكى جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مىننەتسىز ئەجرى، ئەقىدە ـ ئارزۇلىرى سېۋەتكە سۇ ئۇسقاندەك بىكارغىلا كېتەتتى ...

كۈن قايرىلىپ، دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئۇزىراشقا باشلىدى. دوقمۇشتىن قايرىلسىلا كەنت يولىغا قەدەم باسقىلى بولاتتى. بۇ يول بوزلۇق بولۇپ، ئوشۇققىچە توپا كېچىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

مەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، مەھەللە تەرەپكە قارىدىم. كەنت تەشكىلى ئالدىدىكى سۆگەتلىك يەنىلا ئاۋات ئىدى. قارىغاندا مەھەللىدىكى بىكارچىلار قارتا، قاتار ئويناشنى باشلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئىمىن گۇدۇڭنىڭ بوتكىسىدىن تارىغان ناخشا ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ بىرھازا مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. توقلۇقتىن شوخلۇقى تۇتۇپ، ئويۇنغا تۇتۇرۇق تاپالماي ئاران تۇرغان بۇ بىزەڭ ئەرلەرنىڭ ھۇنىرى جىق ئىدى. مولۇننىڭكىدەك تىكىلىپ تۇرغان ھاياسىز كۆزلىرى ئارىسىدىن يىقىلىپ چۈشمەي ئۆتۈپ كېتىشمۇ ئۈنچىۋالا ئاسان ئىش

ئەمەس، لېكىن بۇ يولدىن ئۆتمەسلىككە ئامالمۇ يوق ئىدى.
تېنىمگە ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. تەردىن كىيىملىرىم بەدىنىمگە چاپلىشىپ قالغانىدى. مەن يول بويىدىكى جىگدە سايىسىدا بىردەم ئارام ئالغاچ كىيىملىرىمنى قۇرۇتۇش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنداق قىلمىغاندا، بەدىنىمگە چاپلىشىپ قالغان كىيىملىرىممۇ ئۇلارغا گەپ پىلتىسى بولۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.
ئويلىغىنىمدەك بولدى. ۋېلىسىپتنى يېتىلەپ سۆگەتلىككە كىلىشىمگە خۇددى بىر سى كوماندا بەرگەندەك ھەممەيلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى چىپپىدە توختىتىپ ماڭا تىكىلىشتى. ھېلىمۇ ئاز ـ تولا روھىي تەييارلىقىم بار ئىكەن، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويمىدىم، لېكىن پۇت ـ قولۇم كالۋالىشىپ قەدەملىرىم قېيىشقا باشلىدى.
ـــ ۋېلىسىپتىنىڭ چىرايلىقلىقىنى !
ـــ قوڭغۇرىقىنىڭ ياراشقىنىنى دەڭلا، بوز تەخەيگە قىزىل لېنتا ياراشقاندەك.
ـــ ئېگىرىچۇ تېخى؟
ـــ ھەي ئىسىت، ئادەم بولۇپ جاھاننىڭ خوۋلۇقىنى كۆرەلمەي مۇنداق جان قىينىغۇچە، ئاشۇ ۋېلىسىپتىنىڭ ئېگىرىلا بولسامچۇ؟

... ...

گەپ بارغانسېرى لاۋزىلىشىۋاتاتتى. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىككى پۇتۇمغا يىغىپ قەدىمىمنى ئىتتىكلەتتىم.
ـــ ئېگەر بولغۇچە ئىچ تامبىلىنىڭ ئېغىلا بولساڭچۇ؟
ـــ ئۇنداقتا تېخىمۇ بەلەن بولغۇدەك !
مەن چىپپىدە توختاپ، بەز مارىغان مۈشۈكتەك پارقىراپ تۇرۇشقان بىكارچىلار ئارىسىدىن «ئېگەر بولماقچى بولغان» توختى ياچىۋەكنى ئىلغىۋالدىم.
ـــ ئېگەر بولماقچىمىدىڭىز، توختىكا؟

توختى ياچۇەك ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئەتراپىدىكىلەرگە مەدەت تىلىگەندەك قاراپ قويدى.

— ياچۇەكمۇ بولدىڭىز، ئوغرىمۇ بولدىڭىز. ئاڭلىسام يېقىندا سولاقتىمۇ يېتىپسىز، ئۇ يەرلەردە نېمە بولغانلىقىڭىز ماڭا قاراڭغۇ. ئەمدى قوپۇپ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئېگىرى، ئىچ تامبالىنىڭ ئېغى بولغۇڭىز كېلىپ قاپتۇ. يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، نەدىكى بىرنېمىلەرنى دەپ ئۆزىڭىزنى سەتلەشتۈرۈپ يۈرگۈچە، ئەڭ ياخشىسى ئادەم بولسىڭىز قانداق !؟

ھەممەيلەن جىم بولۇشتى. توختى ياچۇەك تېخىمۇ كىچىكلەپ تەمبەل گەۋدىلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالدى.

— خوپ بولدىما ياچۇەك ! ئوقۇغان ئادەمگە گەپتە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، غىت قىسىپ ئويۇنىمىزنى ئوينايلى دېسەم، ئاغزىڭنى ھېچ يۇمايسەن، مانا ئەمدى بىر پايغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سالپىيىپلا قالدىڭ.

— بەختىخان توغرا دەيدۇ، توختى ياچۇەكنىڭ ئادەم بولىدىغان ۋاقتى بولدى.

— شۇ ...

— چىن گەپ.

— توختى ھەرنېمە بولالايدۇ، لېكىن ئادەم بولالمايدۇ !

... ...

بىكارچىلار مېنى ئەستىن چىقىرىپ، يالغۇز تېرەككە جىن ئولاشقاندەك توختى ياچۇەككە يېپىشتى...

پۇت - قولۇمغا قايتىدىن جان كىردى. ئۇستىخىنىم ئېغىر بولغىنى بىلەن روھىم پەيدەك يېنىك ئىدى. شۇ قېتىملىق ئېلىشىشتا، بەزى داۋىخور ئادەملەرگە ھە دېگەندە يول قويىۋەرمەي، نۆۋىتىنى كەلتۈرۈپ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنىڭمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، بالدۇرراق شۇنداق قىلمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. دېمىسىمۇ بۇ بىكار تەلەپلەر ئىلگىرى مېنى ئاز بوزەك قىلمىغانىدى. ھەر قېتىم مۇشۇ دوقمۇشتىن

ئۆتكىنىمدە، ئۇلار بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ، گەپ يورغىلىتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالمىسا ھەرگىز بولدى قىلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان ھاياسىز كۆزلىرىدىن، ھىڭدەك سېسىق گەپلىرىدىن قورقۇپ بەزىدە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيگە قايتقان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا «مەن دېگەن قىز بالا، بۇ بىكار تەلەپلەر بىلەن تەڭ بولۇپ يامان ئاتاققا قالماي» دېگەننىلا ئويلايتتىم. شۇڭا، ھەرقانچە بوزەك قىلىنساممۇ چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىگەن، پەقەت بۇ «يۈزى قېلىن دوقمۇش»تىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىش خىيالىدىلا بولغانىدىم ... ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۇلار بولدى قىلمىدى، قىزىدەك، سىڭلىسىدەك بىر ئادەمگە ساقال تاشلاپ كۆڭۈل خۇشى قىلىشتىن ئۇيالمىدى. يۈزىمۇ قىزارمىدى. مانا بۈگۈنگە كەلگەندە يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزغا ئىچ تامبالنىڭ ئېغىنىڭ گېپىنى قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى ...

ھويلىغا كىردىم. دادام كەتمەن دەستىلەۋاتقان، ئانام قازانغا چۆپ تاشلاۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ھارمىغايسىز، بالام.

— خۇش خەۋەر باردەكمۇ؟

— بار!

مەن ھەييارلىق بىلەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ كۆرسەتتىم.

چاقىرىق قەغىزىگە ئاۋۋال دادام قول ئۇزارتتى. ئۇ تارىشىدەك يىرىك قوللىرى بىلەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ، ئالدى - كەينىگە بىر قۇر كۆز تاشلاپ، خۇددى خەت تونۇيدىغاندەك تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى.

— يامان جىنتەك - دە سەن، دېگىنىڭنى قىپسەن!

دادام خۇشلۇقى تۇتۇپ قالغاندا «جىنتەك» دېگەن سۆز بىلەن

مېنى ئەركىلىتەتتى. دادامنىڭ مۇنداق ئەركىلىتىشىدىن كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

— نەدىن كەپتۇ؟

— ئوقۇيالمىدىڭمۇ؟

— مەن خەت تونۇمىسام.

دادام يەنە كۈلدى، ئاڭغىچە ئانامۇ كېلىپ خېمىر يۇقى قوللىرى بىلەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ بىر قۇر سىلاپ چىقتى.

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم!

— رەھمەت، ئانا.

ئانام پەخىرلىك ھېسسىياتتا پېشانەمگە سۆيدى.

— بىزنى تەقەززا قىلماي ئوقۇپ بەرمەمسەن؟

مەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ، گېلىمنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن خۇددى دىرامىلاردا رول ئېلىۋاتقان پەرمانچىلار خان يارلىقىنى جاكارلىغاندەك ياسالما تەلەپپۇزدا چاقىرىقنىڭ ئالتۇن رەڭلىك خەتلەرنى دانىمۇدانە قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

— ساۋاقداش بەختىخان، سىز مەكتىپىمىزنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىندىڭىز. M ئۇنىۋېرسىتېتى.

مەن چاقىرىقنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇلارغا مەنىلىك قاراپ قويدۇم ـ دە، ئاخىرىنى ئوقۇدۇم.

— بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، — مەن يەنە گېلىمنى قىرىپ قويدۇم، — بىرىنچى، ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل؛ ئىككىنچى، يىللىق ئوقۇش پۇلى ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز يۈەن، ياتاق پۇلى سەككىز يۈز يۈەن ...

بۇلارنى ئوقۇۋېتىپ ئاۋازىم سەل پەسلەپ، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى نەملەشتى.

— كىتاب ـ ماتېرىيال پۇلى تۆت يۈز يۈەن ...

گېلىمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئارامسىزلىنىپ

ئىچىمگە تىنىپ قالدىم.

— يەنە يوتقان ـ كۆرپە، ھەربىي كىيىم، تەنتەربىيە كىيىمى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ھەققى ....

مەن ئورنۇمغىلا ئولتۇرۇپ قالدىم، چاقىرىق قەغىزى قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى ...

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش بولغانىدى. بىزدەك رىزقىنى توپىدىن ئىزدەيدىغان قارا دېھقان ئائىلىسى ئۇچۇن مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى غەملەش يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىدىكى ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بىر يىلنىڭلا ئىشى ئەمەس، ھەر يىلى بەش مىڭ يۈەندىن دېگەندىمۇ يىگىرمە مىڭ يۈەن دېگەن گەپ! ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاماق يەيدىغان، كىيىم كىيىدىغان، بېرىپ ـ كېلىشكە كىرا تۆلەيدىغان گەپ ...

يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسىسىدە بولۇپ قالدىم. كاللام قۇيقۇرۇق، يۈرىكىم ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئارامسىزلىناتتى. خۇدايىم بۇ بىر كۈن ئىچىدە ماڭا ھەم جەننەت شادلىقى، ھەم دوزاخ ئازابىنى تارتقۇزۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

دادام نېمىلەرنىدۇر دېدى. ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.

ئانام سۇپىدىلا ئولتۇرۇپ قالغان، ئوچاقنىڭ ئوتىمۇ ئۆچكەنىدى ...

## 2

ئەقىدە دەرىخىمنىڭ جەلپكار چېچەكلىرى جۇدۇنغا ئۇچراش ئالدىدا تۇراتتى.

تۇغۇلۇشۇمدىن بىتەلەي بولغانلىقىم ئۇچۇنمىكىن، كىچىكىمدىن باشلاپ قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنىدىم.

ئەقلىمنى بىلگەندىن باشلاپ تەڭتۇشلىرىمنىڭ «ئاسراندى» دېگەن ئاھانەتلىك تەنبىھلىرى ئارىسىدا چوڭ بولدۇم. چوڭلارمۇ ماڭا بىر قىسما قارايتتى. خۇددى ئانامنىڭ بىرسىگە بۇزۇلۇپ قېچىپ كېتىشى، دادامنىڭ يۈزىنى كۆتۈرەلمەي يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغاندەك، كىشىلەر ماڭا چىن نىيەتتە مۇئامىلە قىلمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. كۆپ ۋاقتىم كىتاب كۆرۈش، ئاساسلىقى رومان ئوقۇش بىلەن ئۆتەتتى. رومانلىكى تۇرمۇش مېنىڭ تۇرمۇشۇم، پېرسوناژلىرى دوست ـ يارەنلىرىم، سۆھبەتداشلىرىم ئىدى. بولۇپمۇ زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا ئەڭ يېقىن سىردىشىمغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغانىدى. مەن ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئەلانى ئويلايتتىم. ئۇنىڭ قەيسەر خاراكتېرى ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلاتتى. مەن ئەلاغا ئوخشاشلا ھاياتنى قىزغىن سۆيەتتىم، جاپادىن دادلانمايتتىم، ئاق كۆڭۈل ئىدىم، ھېچكىمگە زىيىنىم تەگمەيتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر مەھەللىدىكىلەر مېنى ئارىغا ئالمايتتى. ماڭا باشقىچە كۆزدە قارايتتى ...

ئادەم ھامان ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولىنى تاپىدۇ. تەنھالىق، جىمىغۇر ھايات ماڭا باشقا بىر دۇنيا — ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىنى ئاتا قىلدى. ئۇ يەنە ئىرادەمنى تاۋلىدى، ئەقلىمنى بالدۇر يېتىلدۈردى. لېكىن، مەن ئۆمۈر بويى تەنھالىق ئىچىدە ئۆتەلمەيتتىم. شۇڭا، تەقدىرىم ئۈستىدە جاپالىق ئويلىنىش ئارقىلىق يېگانە بىر يول — ئىلىم يولىنى تۇتۇش قارارىنى چىقاردىم. پەقەت مۇشۇ يوللا مېنى بېكىنمە دۇنيادىن ئازاد قىلىپ، تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايتتى. شۇڭا، ئوقۇشقا بېشىمچىلاپ كىرىشىپ كەتتىم. بىر مىنۇتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي تىرىشىپ ئۆگەندىم. تولۇقسىزنى تاماملاش ئالدىدا بەزى بالىلار مەكتەپتىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا تەنتەنە

قىلىشسا، مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇشقا تىرىشاتتىم.

يېزىدىمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ياتاقتا يېتىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئوقۇش پۇلىنى غەملەشمۇ بىر گەپ ئىدى. ئەڭ يامىنى بويى ئۆسۈپ قالغان مەندەك بىر قىزنىڭ بالدۇرراق بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى ئويلىماي يەنە ئوقۇماقچى بولغانلىقى مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. ئۇلار دادام بىلەن ئانامنى كۆرگەنلا يېرىدە توسۇۋېلىپ نەسىھەت قىلىشاتتى. ھەرھالدا دادام بىلەن ئانام ئۇزلىرى ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن ئاق ـ قارىنى پەرق قىلالايدىغان كىشىلەردىن ئىكەن، ئۇلارنىڭ زەھەردەك ئاچچىق تەنبىھلىرىگە، قىرىچە ـ يېنىچە تېگىشلىرىگە قارىماي مېنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مەن ئۇچۇن زور مەدەت ئىدى. مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئەجرىمگە يارىشا نەتىجەم پاراللېل سىنىپلار بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈندۇم. مۇئەللىملەرمۇ، بالىلارمۇ ماڭا ئامراق ئىدى. مەن بۇ يەردە كىتابلار ئارىسىدىن رېئاللىققا قايتىپ كەلدىم ... بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئارزۇيۇمغا قانات چىقتى، لېكىن ئەقىدە دەرىخىم مېۋىگە كىرىش ئالدىدا تۇرغاندا ئويلىمىغان يەردىن جۇدۇنغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالسا تۇگەشكىنىم شۇ. ئەھلىمەھەللە ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلىشىممۇ بىر مەسىلە.

ئادەم قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئەگەر بەلگىلىيەلىسە ئىدى، جاھاننىڭ ئىشلىرى باشقىچە بولغان ـــ خۇشاللىقلا بولۇپ، كۆز يېشى بولمىغان بولاتتى. مېنىڭ ئاتا ـ ئانامدىن، ئۇلارنىڭ نامراتلىقىدىن ئاغرىنىشقا ئاساسىم يوق. ئۇلار قولىدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلغانىدى.

كىچىچە كىرپىك قاقمىدىم. شەرىپىدىن مۇدىرنىڭ كۆزىنى ئەپقېچىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن. بۇ كۈيۈمچان مۇدىرىمىز

شۇ چاغدىلا ھەممىنى مۆلچەرلەپ بولغانىكەن ئەمەسمۇ؟

ئۆزۈمگە شۇنچە تەسەللى بېرىپمۇ كۆز ياشلىرىمنى زادىلا توختىتالمىدىم. پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىغان، ھەتتا ئۆرۈلۈشكىمۇ مادارىم يەتمەيتتى. ئاردا ئانام يېنىمغا بىرقانچە رەت كىرىپ، گەپ قىلماستىن چىقىپ كەتتى. دادامنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس ...

مەن كىچىكىمدىن كىتابلار دۇنياسىدا ياشىغانلىقىم، شۇنداقلا چوڭراق پۇلدىن بىرەرسىنىڭ بېشىنى ئوكچە تۇتۇپ خەجلەپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، پۇل ھەققىدىكى تەسىراتىم بەكمۇ يۈزەكى ئىدى. ئۇنى پەقەت ياشاشتىكى بىر خىل ۋاستە دەپلا قارايتتىم. مانا ھازىر «كۆزگە ئىلمىغان پۇتاق قاڭشارنى يېرىپتۇ» دېگەندەك، ئاشۇ بىرنەچچە ۋاراق قەغەز بىراقلا كۆچىنى كۆرسىتىپ تەقدىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئازابلىق ئويلىنىشلار ئارقىلىق پۇلنىڭ كۈچىگە قول قويدۇم. كىشىلەرنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي پۇل تېپىش ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلاشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئەگەر پۇلىمىز بولغان بولسا، بۇ كېچە ئۆيىمىزدە ماتەم ئەمەس، بايرام بولغان بولاتتى.

خورازلار چىللىدى. بۇ يېڭى بىر تاڭنىڭ بېشارىتى ئىدى. مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا مۇشۇ چاغدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاقتىن چىقىپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چىراغ ئالدىدا تەكرارىمنى باشلايتتىم. قۇياشنىڭ چىققىنىنى كۆرۈش ئەڭ ھاياجانلىق مىنۇتلىرىم ئىدى. ئۇنىڭ جامالى بىلەن تەڭ يېڭى بىر ھايات باشلىناتتى. يېڭى دەرس، سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ يېڭى چىرايى بىلىمگە تەشنا قەلبىمنى يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلاتتى. ئەڭ مۇھىمى ھەربىر قۇياش مېنى قەلبىمدىكى ئارزۇ بوستانى ـــ ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا بىر قەدەم يېقىنلاشتۇراتتى. مانا ئەمدى ھەممە ئاخىرلاشتى. ھاياتىمدا تەممۇ قالمىدى. يېڭى تاڭ مەن ئۈچۈن

ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى ...
كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. قاراڭغۇلۇق مېنى يۇتۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنىڭ مانا مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىدا گەپ يوق !
مەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي تىرىشتىم، بەك كۆپ بەدەل تۆلىدىم. لېكىن، شورلۇق تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدىم. ئاشنى ئىچەي دەپ تۇرغاندا قولۇمغا تاياق تېگىپ تۆكۈلۈپ كەتتى. بۇنى كىمدىن كۆرىمەن؟ ئۆزۈمدىنمۇ، نامرات ئاتا ـ ئانامدىنمۇ ۋە ياكى تەقدىر ـ پېشانەمدىنمۇ؟ مەن ئىرادەمگە مۇخالىپ ھالدا تەقدىرگە تەن بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئەلۋەتتە بۇ ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆيىمىزدىكى ھەممە نەرسىمىزنى ساتساقمۇ تۆت ـ بەش مىڭ يۈەنگە يارىمايتتى. بۇ ئەھۋالىمىز بىلەن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ يۈەنلىك ئوقۇش پۇلىنى غەملىيەلىشىمىز ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.
سىرتتىن دادامنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ھايالشىماي بۇ ئاۋاز كالاچنىڭ شىپىلدىغان ئاۋازىغا ئالماشتى. دادام مەسچىتكە ماڭغانىدى. ئانامنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدىم، ئۇمۇ ھەرقاچان نامازغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.
يۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھويلىغا چىقتىم. ئۇپۇق سەتھى تەگشەلگەن تونۇرنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. بىردەم قاراپ تۇردۇم، لېكىن ئۇ قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان قەلبىمگە زەررىچە يورۇقلۇق ئاتا قىلالمىدى. ھويلىغا مەقسەتسىز كۆز يۈگۈرتتۈم. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بېرى تالاي سەرگۈزەشتىلىرىمگە ھەمراھ بولغان، ئەڭ مۇھىمى تام ـ تۇسۇقلىرى بىلەن مېنى كەمسىتىش نەزىرىدە قارايدىغان يامان كۆزلەردىن ساقلاپ كەلگەن پىنھان ھويلىمۇ كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈندى.

مەن مۈزدەك سوغۇق سۇدا يۈزۈمنى يۇيۇپ، چاچلىرىمنى بىر قۇر تۈزەشتۈردۈم. كېچىدىن كىيىملىرىم بىلەنلا ياتقانىدىم. ئۇ مېنىڭ سىرتقا چىققاندا، مەكتەپكە بارغاندا كىيىدىغان بايراملىق تەۋەررۈكۈم ئىدى. ئۇنى بىچارە ئانام ئۆتكەن يىلى پاختا ئېچىلغاندا تۇنجى تېرىمىنىڭ پۇلىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتىم. بۇ كىيىملەر مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ شاھىتى ئىدى. تۇنۇگۇن كەچتىن بېرى تەقدىرىم بىراقلا ئۆزگىرىپ، خۇشال ئۆتىدىغان غەمسىز كۆڭلىرىم بىلەن خوشلاشتۇردى. بۈگۈندىن كېيىنكى كۆڭلىرىم ئازادە، يوروق سىنىپلاردا ئەمەس، توپا ـ تۇمانلىق ئېتىز ـ ئېرىقلاردا، ئاسمان يېپيىنچا، يەر سېلىنچا قىلىنغان ھاشار مەيدانلىرىدا ئۆتىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالدى...

مەن ئۈستىبېشىمغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم. كىيىملىرىم سەل كىچىك كېلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھازىرقى ئەھۋالىمغا ماس كېلەتتى. مەن تۇنۇگۇنكى ئۆزۈم بىلەن خوشلىشىپ، سۇپۇرگىنى ئېلىپ ھويلىنى تازىلاشقا باشلىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي دادام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ جۈغى خېلىلا كىچىكلەپ قالغانىدى. ئەتراپىنى يول ـ يول قورۇقلار باسقان ئويچان كۆزلىرى بىر كېچىدىلا گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. مەن دادامنى كۆرۈپ چىرايىمغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشتىم، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قاملاشتۇرالمىدىم.

دادام ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكىگىنىچە يېنىمغا كېلىپ قولىنى سوزدى. مەن دادامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

ئاھ، ئاتا باغرى نېمىدېگەن ئىللىق، نېمىدېگەن خاتىرجەم ـ ھە! كۆڭلۈمدىكى غەشلىكلەر بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، سەل يېنىكلەپ قالدىم. ياراتقان ئىگەم يەنىلا مېھرىبان ئىكەن. قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغىنى بىلەن ھاسىسىدىن ئايرىمايدىكەن. ئوقۇشقا بارالمىغان

بىلەن يەنىلا مېنى چۈشەنمىدىغان، بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ بوغداي سۆزى بار دادام بار ئىكەن. مەن يالغۇز ئەمەس ئىكەنمەن. يۈرىكىم پۈتۈن ئىكەن، تاغدەك يۆلەنچۈكۈم بار ئىكەن ...

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، قىزىم. سىزنى مۇشۇ كۈنگە يەتكۈزگەن خۇدايىم باشقا بىر يولىنىمۇ ئۆزى قىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، شۇڭا ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەڭ ! سىز ئاق كۆڭۈل بالا بولدىڭىز. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە خۇدانىڭ كۆڭلى يېقىن تۇرىدۇ. بالام، ئوقۇشقا بېرىڭ. مەن چوقۇم بىر ئامالىنى قىلىمەن !

مەن دادامنىڭ باغرىغا سىڭىپلا كەتتىم.

## 3

كەچتە كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمنى چىرايلىق رەتلەپ ساندۇققا سېلىۋەتتىم. ئەتىسىدىن باشلاپ قولۇمغا كەتمەننى ئالدىم.

تۆت يېرىم مو يېرىمىز بار ئىدى. يېرىمىز ئۆينىڭ كەينىدىلا ئىدى. دادام، ئانامغا قوشۇلۇپ ئېتىزغا مېڭىۋىدىم، تۇنجى بولۇپ دادام قارشى چىقتى.

— سىز ئۆيدە قېلىپ مال ـ ۋارانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ، بىكار قالسىڭىز تاماق قىلغاچ تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ئېتىزلىقتا قىلىپ بولالمىغۇدەكمۇ ئىش يوق، بالام، — ئانام دادامنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى، — دادىڭىزنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭ.

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بىر ئادەم ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك «مال ـ ۋاران»لىرىمىزمۇ يوق ئىدى. بىر موزايلىق كالا، تۆت قوي، بىر ئېشەك ... تەئەللۇقاتىمىزنىڭ ھەممىسى شۇ ئىدى. ئەتىگەندىلا بۇلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ بولغانىدۇق. دادام مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا قىسىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپلا

شۇنداق دېگەنىدى. مەن بۇنىمۇ ئويلاپ يەتكەنىدىم. پۈتۈن مەھەللىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئون بىر يىل ئوقۇپ، ئاخىر كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا چىقسام، بەزىلەرنىڭ گەپ خالتىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. لېكىن، ئامال قانچە؟ ئېتىزغا چىقىشىم ھامان بولىدىغان ئىش، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، خالاس. ياشىنىپ قالغان دادام بىلەن ئانامنى ئېتىزغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزۈم ئۆيدە ئولتۇرسام قاملاشمايدۇ ـ دە. خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئۆيگە سولىنىۋالسام، گەپ كۆپەيسە كۆپىيىدۇكى ھەرگىز ئازايمايدۇ ...

رىزقىمىز ئېتىزغا چېچىلغان بىزدەك دېھقان كىشىلىرى خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئېتىزنى تەرك ئەتسەك جاننى نېمە بىلەن باقىمىز؟

مەن گېپىمدە چىڭ تۇردۇم. دادام بىلەن ئانام دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان جاھىل مىجەزىمنى بىلگەچكە، ئامالسىز ئېتىزغا چىقىپ ئىشلىشىمگە ماقۇل بولدى.

ئۈچىمىز قول ـ قولچە تۇتۇش قىلىپ، قاغجىراپ كەتكەن قوناقلارنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلىدۇق. ھەممىمىز ئۈن ـ تىنسىز ئىدۇق، بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمايتتۇق. ئەتە سۇ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى ئېتىزغا چىقىۋالغانىدى. ئىش ئارىلىقىدا بىرنەچچىسى ئېتىزىمىزغا كېلىپ گەپ تېشىپ باقتى. لېكىن، دادامنىڭ جاۋابى ئاددىي، تەلەپپۇزى سەل قاتتىقراق بولغاچقا، قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېز كېتىشتى.

نەچچە يىلدىن بېرى كىتاب بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئېتىز ئىشىدىن چىقىپ قالغانىكەنمەن، بىردەمدىلا كەتمەن تۇتقان ئالىقانلىرىم ئېچىشىپ، بىلەكلىرىم تېلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۈندىمىدىم. چىدىماي ئامال قانچە؟ دېھقانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا قوناقنىڭ تېگىگە توپا يۆلەش ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش. جاننى

ئۆپرىتىمدىغان، ئىككى ساللىدىغان تالاي ئىشلار بار تېخى!

قولۇم ئىشتا بولغىنى بىلەن خىيالىم يەنىلا ئوقۇشتا ئىدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بۇ ئاچچىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايتتى. خۇددى بىر كارامەت بىلەن ئاسماندىن باغلام - باغلام پۇللار يېغىپ، ئوقۇشقا بارالايدىغاندەك تۇيغۇدا پات - پات ئەتراپقا قاراپ قوياتتىم. قەلبىمنىڭ بىر يېرىدە مەن يەنىلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى.

كۈن قايرىلغاندا ئۆيگە بېرىپ قېتىق، زاغرا ۋە بىر چۆگۈن سۇ ئەكەلدىم. ئېتىزىمىزنىڭ پاسىلىدا بىر تۈپ ئۈجمە بار ئىدى. دادام ئۈجمە تۈۋىگە ئەپچىلگىنە بىر كارىۋات ياساپ قويغانىدى، ئىشنىڭ قاتىلاڭ چاغلىرىدا ئۆيگە قايتماي شۇ يەردىلا غىزالانغاچ ئارام ئالاتتۇق. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك پىژغىرىم ئىسسىقتا جانغا بەك ئەسقاتاتتى. كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ، ئاياقلارغا نان چىلىدىم. ئۈچەيلەن ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قورساقنى بىر قۇر ئەستەرلىدۇق ...

ئەتە بىر كۈن سۇ تۇتىدىغان بولغاچقا، كۈن قۇم بارخىنىغا باش قويۇپ، ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىغاندا قوناقلارغا توپا يۆلەپ بولدۇق.

كاللام قۇپقۇرۇق، پۇت - قولۇم تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. بىلىمنىڭ ئاغرىقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. ئالقانلىرىم لازا سۈرتكەندەك ئېچىشاتتى ...

ئۆيگە قايتىپ كېلىشىمىزگە كالا - قويلار مۆرەشكە، ئېشەك ھاڭراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. مەن قوناقلارغا توپا يۆلىگەچ ئالغان بىر قۇچاق ئوتنى ئۇلاغقا تاشلىدىم. شۇ ھامان بۇ جانىۋارلارنىڭ زۇۋانىمۇ بېسىقتى. ئەمدىكى گەپ ئۆزىمىزنىڭ قورسىقىدا قالغانىدى. بىر كۈن باش كۆتۈرمەي ئەمگەك قىلدۇق. كەچتە بىرەر قاچىدىن ئىسسىق ئىچمىسەك ھاردۇق چىقمايتتى. شۇڭا، ئانام بىلەن تاماققا تۇتۇش

قىلدۇق. دادام ھويلىدىلا نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى.
تېنىمگە ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. شۇڭا، ياستۇققا بېشىمنى قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتىم ...

## 4

بامدات نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن دادام ئۇدۇللا ئېغىلغا كىرىپ كەتتى. ئانامۇ قازناققا بىر كىرىپ كەتكەنچە چىقاي دېمەيتتى. مەن ھويلىدىكى سۇپىغا داستىخان تەييارلىدىم.
— دادا، ناشتا قىلىۋېلىڭ.
دادام ئېغىلدىن چىقىپ، باسما قۇدۇقنىڭ يېنىغا قويۇلغان دومبىدا قولىنى يۇغاندىن كېيىن سوپىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.
— ئانىڭىزچۇ؟
— قازناققا كىرىپ كەتكەن، ھېچ چىقاي دېمەيدۇ.
دادام زورغا كۈلۈپ قويدى.
ئەتىگەنلىك ناشتىغا پىياز سارغايتىپ، چامغۇر پىشۇرغانىدىم. بۇ دادام ئەڭ ھۇزۇرلىنىپ يەيدىغان تاماق ئىدى.
دۇئادىن كېيىن دادام ھارۋىنى قاتتى، ئارقىدىن ئېغىلغا كىرىپ موزايلىق كالىنى يېتىلەپ چىقتى. ئانامۇ چەبدەس ھەركەتلىرى بىلەن ھارۋىغا كۆرپە سېلىپ بىر قۇر تۈزەشتۈردى.
— ئەتىگەندە نەگە جابدۇندۇڭلار؟ — دېدىم مەن ئەجەبلىنىپ.
— ئازراق سودىلىق بار ئىدى، — دېدى دادام موزىيىنى ئىزدەپ بوي بەرمەيۋاتقان كالىنى ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلىغاچ، — سىزمۇ بېرىپ كېلەمسىز يا؟
— مەن بارماي.
ئاۋازىمنى ئۆزۈم ئاران ئاڭلىيالىدىم.

— قىلغاچ كېلىدىغان سودىلىقىڭىز بارمۇ؟
— يوق، — دېدىم مەن قوللىرىمنى ھەدلاۋاتقان موزاينى ئەركىلەتكەچ، — كالىنىمۇ ئېلىۋالدىڭىزغۇ؟
دادام لاپ قىلىپ چىرايىمغا قارىدى، ئانام قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مەندىن ئەيپچىپ باشقا ياققا قارىۋالدى.
— ئۇنى سېتىپ، ئوقۇش پۇلىڭىزنى غەملەيلى دېدۇق!
يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. بېشىمدىن كىرگەن بىر ئوت تاپىنىمغا كېلىپ توختىدى. كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.
مەن ئالىلىبۇرۇن كالامدىن چىقىرىۋەتكەن تەشۋىشلىك سوئاللار دادام بىلەن ئانامنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن، مەن تەن ئالغاننى ئۇلار تەن ئالمىغانىدى. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈم، مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن ھاياتلىقىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق مۈلكىمىز بولغان موزايلىق كالىنى سېتىش قارارىغا كېلىشكەنىدى.
ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان قاتارىدا ساناپ بېشىم ئاسمانغا تاقاشتى. لېكىن، ئۆزۈمنىلا ئويلاپ، ئائىلىمىزنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويسام بولمايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ موزايلىق كالىنى ساتقان بىلەنمۇ بەرىبىر ئوقۇش پۇلىنى غەملىگىلى بولمايتتى. بۇ يىللىقىنى غەملىگەن تەقدىردىمۇ يەنە ئۈچ يىللىقى بار ئىدى.
— دادا، ئانا، كۆڭلۈڭلار ماڭا تېگىل بولدى. بۇ كالىنى ساتقان بىلەنمۇ بەرىبىر ئاخىرىغىچە ئوقۇيالىشىم ناتايىن. ھەممە ئىش كالامدىن ئۆتتى. تەقدىرگە تەن بەردىم، خۇدانىڭ ماڭىمۇ ئاتىغىنى باردۇ، يېنىڭلاردا تۇرۇپ كۈنۈمنى كۆن ئەتسەممۇ بولىۋېرىدۇ، — مەن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىمچە كالىنىڭ باشىبېغىنى قولۇمنى ئۈزارتتىم.
— ئۇنداق دېمەڭ، بالام، — دېدى دادام قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، — سىز مۇشۇ كۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاز ھەرەج

تارتمىدىڭىز. ئەمدى ھوسۇل ئالىدىغان چاغدا بەل قويۇۋەتسىڭىز بولمايدۇ. ئېتىزلىقىمۇ چىقىپ باقتىڭىز، بۇ بىر ئايىغى چىقمايدىغان ئىش. ئۇنىڭ جاپاسى بىز بىلەنلا كەتسۇن. قولىمىز ئۈزۈنراق بولغان بولسا، سىزنى تەڭقىسلىقتا سىلىپمۇ يۈرمەس ئىدۇق. ھېلىمۇ خۇدانىڭ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگىنىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپتىكەن، بالام. كالىنى سېتىپ، يىغىپ ـ تۆشەپ بۇ يىللىق ئوقۇش پۇلىڭىزنى غەملىۋالىساق، كېلەر يىلىغا يەنە بىر گەپ بولار.

مەن ئىزىمغىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

## 5

كەچكىچە خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك گاراڭ ھالەتتە يۈردۈم. نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇم بار ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر قولۇم ئىشقا بارمايتتى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلسا، بىر يەرلىرىدە يىغا قايناپتتى. ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قەرزدارلىق تۇيغۇسى يۈرىكىمنى سىقاتتى.

كۈن قايرىلغاندا تاماقتا تۇتۇش قىلدىم. ئۆيدە گۆش يوق، گۆش ئالغۇدەك پۇلمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، تۇخۇمدا قورۇما قورۇپ لەڭمەنگە يىلتا قىلدىم. قازىنىم نەچچە رەت قايناپ توختىدى. ئۆينىڭ ئالدىغا نەچچە رەت چىقىپ يولغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى ... باغقا كىرىپ، ئوت ئېلىپ قويلارنىڭ قورسىقىنىمۇ تويدۇرۇپ بولدۇم، يەنە سادا يوق. ئۆزۈمچە تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدىم: ھارۋا چاقىنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەنمىدۇ يا؟ ئەمەلىيەتتە ھارۋىمىز بەك كونىراپ كەتكەنىدى، كامېرى دائىم تېشىلىپ كېتەتتى، شۇڭىمۇ دادامنىڭ قولىدىن چوپسا بىلەن يېلىم چۈشمەيتتى. قولى ئىشتىن بوشىسىلا چاق ياماپتتى. كالا ساتقان پۇلنى ئوغرى ئېلىۋالغانمىدۇ يا؟ يېقىندىن بېرى يېزا بازىرىدا ئوغرى كۆپىيىپ قالغانىدى. شەھەردىن

چىققان بۇ ئوغرىلار دېھقانلارنىڭ كالا ـ قوي ساتقان پۇللىرىنى ھېچ كۆچىمەيلا سوقۇۋېلىپ قان يىغلىتىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى ... خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە بېشىمدىن بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. بۇ كۈنلەردىن خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالسا بۇ سورۇقچىلىقتا قانداقمۇ چىداشلىق بېرەلەيمىز؟

مەن خىيالىمدىن ئۆزۈمچە چۆچۈپ ئالدىراش كىيىنىشكە باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا ئېشەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن خۇددى كەينىمدىن ئىت قوغلىغان گاچىدەك تېز يۈگۈرگەنچە ھويلىمدىن چىقتىم. يېقىنلا يەردە دادام كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. «ئۇھ» دېدىم ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ.

— كالا بىر مىڭ سەككىز يۈز كويغا يارىدى. مانا ماۋۇ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كوي. ئوبدان ساقلاڭ. سىز يولغا چىققۇچە كەم قالغىنىنىڭ ئامالىمۇ بولۇپ قالار، — دېدى دادام بىكارلانغان قاچىنى داستىخانغا قويۇپ لېۋىنى يالاپ قويغاندىن كېيىن كۆزۈمگە قاراپ، — ئېشىكىڭىزدىن يەنە بارمۇ، قىزىم؟

بىچارە دادام بىر كالىنى ساتقان تۇرۇقلۇق ئىككى گۆشگىردە ئېلىپ يېيىشكىمۇ كۆزى قىيماي بازاردىن ئاچ قورساق يېنىپ كەلگەنىدى. ئەجرىمدىن سۆيۈندۈم، لېكىن بىر مىڭ سەككىز يۈز يۈەنگە كالا سېتىپ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز يۈەن بەرگىنىدىن سەل گۇمانلىنىپ دادامغا قارىدىم. دادام مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي، ئانامغا قاراپ قويدى.

مەن ھەممىنى چۈشەندىم. پەرىزىمچە ئاناممۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشى بولغان ئالتۇن زىرىسىنى ساتقاندى. شۇنداق قىلمىغاندا، مۇنچە كۆپ پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزالمىغان بولاتتى.

مەن ئانامغا قارىدىم، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى نەملەشكەن، لېكىن چىرايىدا بىر خىل رازىمەنلىك كۈلكىسى قېتىپ قالغانىدى.

مەن بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەن كۆز يېشىمنى ئاران توختىتىپ، قازان بېشىغا ماڭدىم ...

## 6

مەكتەپكە تىزىملىتىدىغانغا ھەپتە قالغانىدى. دادام ھەر كۈنى ئەتىگەندە سىرتقا چىقىپ كېتىپ كۈن قايرىلغاندا مەيۇس ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ سىرتلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ ھەرھالدا پەرەز قىلالايتتىم. ئۇنىڭ كەم قالغان ئوقۇش پۇلىنى غەملەش نىيىتىدە تونۇش - بىلىشلەردىن قەرز سوراۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ھەر قېتىم دادامنىڭ سولغۇن چىرايىغا كۆز تاشلاپ قالغىنىمدا بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا ئارامسىزلىنىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتىم. ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئايان ئىدى، پۇلى بارلار ھالىمىزغا ئىچ ئاغرىتىپ قەرز بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىسىمۇ، ياشىنىپ قالغان دادامنىڭ بۇ پۇللارنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇپ بېرەلىشىگە كۆزى يەتمەيتتى.

ۋاقىت قىستاپ كەلگەنسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. لېكىن ئامال قانچە؟ باھار قىياقلىرى بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان قەلبىمگە ئۈمىدسىزلىك بۇلۇتلىرى يەنە بىر قېتىم سايە تاشلاشقا باشلىدى. يەنە بىرنەچچە كۈن مۇشۇ تەرزدە ئۆتۈپ، مەكتەپكە ۋاقتىدا بارالمىسام، ئىسمىم تۆمۈر دەپتەردىن مەڭگۈلۈككە ئۆچۈرۈلەتتى، ھەممە ئاخىرلىشاتتى ...

شۇنداقتىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم، ئەڭ مۇھىمى مەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئاتا - ئانامنى ئايىشىم لازىم ئىدى. شۇڭا، «تېشىمدا ھېيت ئويناپ، ئىچىمدە روزا تۇتۇپ» ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشكە تىرىشتىم ...

باش توخۇ بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن ئىدى. ئەگەر ئەتە كەچكىچە يولغا چىقالمىسام، تىزىمغا

ئالدۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمەيتتىم. شۇڭا، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۆزۈمچە جىددىيلىشىشكە، تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدىم. ۋۇجۇدۇم گويا كەچ كۈز شامىلىدا تىترەپ تۇرغان بىر پارچە ياپراق ئىدى، يەرگە چۈشىسەملا خازانغا ئايلىناتتىم. قەلبىم كۆز ئالدىمغا ئوخشاشلا قاراڭغۇ.

ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە. ئۇ مېنى تامامەن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغان، ئىلتىجالىرىم زۇۋانسىز، ئىزتىراپلىرىم ساداسىز، جاۋابسىز ...

مۇئەززىنىنىڭ بامدات نامىزىغا ئوقۇغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. يېڭى بىر كۈن باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. هايالشىماي دادام كالىچىنى شىپىلداتقىنىچە مەسچىتكە ماڭدى...

تاڭ ئاتتى. ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى دەھلىزدىن كىرىپلا پېشانەمنى سۆيدى. كۆزۈمنى ئاچتىم، لېكىن دەماللىققا بىرنېمىنى ئىلغا قىلالمىدىم. بېشىم گاراڭ، پۇت ـ قولۇم ئېغىر ئىدى. قاپاقلىرىمنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتىم. روھى چۈشكۈن ئادەمنىڭ ئىتمۇ ھېرىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. كۆزۈمگە يەنە بىر قېتىم قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالان ئۆيگە چىقتىم. ئانام جاينامازدا ئىكەن، مىڭ يېرىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن:

— ... كۆزىمىزنىڭ قارىسى، ئۇرۇق ـ ئەجدادىمىزنىڭ ۋارىسى بولغان ئاشۇ بىچارە قىزىمىزنىڭ يولىنى ئوچۇق قىلارلا، خۇدايىم ! ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ رىزقىنى كەڭ قىلارلا، خۇدايىم !... — دەپ دۇئا ـ ئىلتىجا قىلىۋېتىپتۇ.

ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، تىلىم گېلىمغا تىقىلىپلا قالدى.

— ئانا !

نەدىن كەلگەن كۈچ ئىكەن بىلمىدىم، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغىنىمچە جايناماز ئۈستىدە شامدەك ئېرىپ كەتكەن

ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، جېنىم ئانا، مەن سىزنى تەڭلىكتە قويدۇم!

ئانام قورايدەك ئوروق قوللىرى بىلەن مۇشتتەك ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىمنى سىلىدى. ئۇ شۇنچە تەمكىن، شۇنچە ئۇلۇغۋار ئىدى.

— سەن بىزنىڭ كاساپىتىمىزگە كەتتىڭ، قىزىم، بىزنى ئەپۇ قىلغىن!

— ئۇنداق دېمەڭ، ئانا، سىلەر قولۇڭلاردىن كېلىدىغان ھەممە ئامالنى قىلدىڭلار، مېنىڭ سىلەردىن زەررىچە ئاغرىنىشىم يوق. پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا تارتماي ئامالىم يوق!

— ھەي... نامراتلىق، ھەي نامراتلىق، تەڭشەلمىگەن جاھان! «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق»، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ پۇلى بار، لېكىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈدەك بالىسى يوق، — بىزنىڭ بىر ئوبدان ئەقىللىك بالىمىز بار، لېكىن پۇلىمىز يوق. ئانام ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقىدى.

ئىككىمىزنىڭ جايناماز دىلا بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى كۆرگەن دادام ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە، بىر قارا سايە تاپ بېسىپ يېقىنلاشماقتا ئىدى.

قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراڭ ھالەتتە چامغۇردا سۇ قاينىقى ئەتتىم. ناشتىدىن كېيىن دادام يەكتەكنى قولىغا ئالدى.

— نەگە بارىلا؟ — دېدى ئانام ئۈمچىيىپ قاراپ.

— قۇيرۇقئېرىقتىكى خېلىلاخۇننىڭكىگە بىر بېرىپ كېلەيمىكىن، — دېدى دادام ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — كوپىراتسىيە ۋاقتىدا سالۋادۇك ئامبىرىغا ئىشلىگەندە بىر كەپدە يېتىپ ئوبدانلا ئۇلپەتلىشىپ قالغان، قولى ئوچۇق، مەرد ئادەم، شۇ كىشى بولسىمۇ قولۇمنى قۇرۇق ياندۇرماس دېگەن

ئۈمىدتىمەن.

دادام ھېلىھەم ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. مەن دادامنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراشقا پېتىنالماي باشقا ياققا قارىۋالدىم.

— بارمىسىلا بولامىكىن، — دېدى ئانام داستىخاندىكى نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېتىپ، — خېلىلاخۇنلارمۇ بىزگە ئوخشاش يەردىن رىزىق ئىزدەپ كۈنىنى ئاران ئېلىۋاتقان ئادەملەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن يىلى ئوغلىنى داۋالىتىمىز دەپ بەك چىقىمدار بولۇپ كەتتى. شۇڭا ...

— ئەمىسە ... — دادام ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا ئەگۈن غىچىرلاپ ئېچىلىپ ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق بەش كىشى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. دادام بىلەن ئانام نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

دادام مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئۇلار تىنچلىق سورىشىۋاتقان پۇرسەتتە دەستىلەنگەن قاچىلارنى كۆتۈرگىنىمچە غىپپىدە ئۆيگە كىرىۋالدىم.

— قېنى ئۆيگە كىرىلى، مېھمانلار !

— تومۇز ۋاقتى بولغاندىكىن ھويلىدىلا ئولتۇرايلى، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم دادامنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن كالىچىنى سېلىپ سۇپىغا چىققاچ، — ھويلا ھاۋالىق، سالقىن.

ئاخۇنۇم دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋىدى، ھەممەيلەن ئەگەشتى.

— مېھمانىنىڭ ئايىغى يەتتى، بالا - قازانىڭ ئايىغى يەتمىگەي.

ئىمام ئاخۇنۇم يۈزىنى سىيپاپ ئورنىدىن تۇردى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— قانداق ئەھۋاللىرى، ئوبدان تۇرۇشقانلا؟

www.uyghurkitap.com

— خۇداغا شۈكۈر.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

ئانام مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، نان، جىگدە، گۈلە ـ قاق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن توشتۇردى. ئارقىدىن پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ پەتنۇسنى دادامغا بەردى. دادام تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مېھمانلارغا چاي تۇتتى.

— داستىخىنىمىز قۇرۇق بولۇپ قالدى، كېلىشلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتىمىز، بولمىسا تەييارلىق قىلغاچ تۇرار ئىدۇق، — ئانام چەللىگە ئېسىپ قويۇلغان قاپاقنى ئېلىپ ئىچىدىكى تۇخۇملارنى چەينەككە سالدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە تېز، شۇنچە تەبىئىي ئىدى.

— ئاۋارە بولمىسىلا، قەلەمخان، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم ئانامغا بۇيۇنداپ قاراپ قويۇپ، — ئۇزاق ئولتۇرمايمىز.

— ھەرگىز ئاۋارىچىلىك ئەمەس، — دېدى ئانام ئۇچاقتا ئوتۇن تاشلىغاچ، — ھەرقايسىلىرىنىڭ كەلمىكىمۇ ئاسان ئەمەس، بىردەمدىلا پىشىدۇ.

ئىمام ئاخۇنۇم جىم بولدى. دادام نان سۇندۇرۇپ مېھمانلارنى مەززەگە تەكلىپ قىلدى.

— ئېلىشسىلا، نان تېخى قېتىپ قالغۇدەك بولمىدى.

دادام پەتنۇستىكى ياڭاقتىن بىرنەچچىنى ئېلىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ چاققاندىن كېيىن مېغىزىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاۋارە بولمىسىلا.

مېھمانلار بىر ـ ئىككى پارچىدىن نانغا ئېغىز تېگىپ بولغۇچە تۇخۇممۇ پىشتى.

— قېنى تۇخۇمغا بېقىشسىلا، ئۆيدە باققان توخۇنىڭ تۇخۇمى.

— ئۆزلىرىمۇ كەلسىلە.

— خوش.

مېھمانلار ئالسىلا ـ باقسىلا بىلەن تۇخۇم سويۇشقا باشلىدى.
— قىزىمىز كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم دۇئادىن كېيىن كۆتمەك ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، — تېنى ساق، ئوبدان تۇرغاندۇ؟
— ئوبدان.
مېھمانلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ ئورۇنلىرىنى تۈزەشتۈردى.
— مۇنداق گەپتى، ئەخمىتاخۇن، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ئاڭلىساق قىزىمىز بەختىخان ئالىي مەكتەپكە يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپتۇ.
— شۇنداق.
— لېكىن قوللىرى قىسقا كېلىپ قېلىپ ئوقۇشقا ئەۋەتەلمەي قالغان ئوخشايلا.
— شۇنداق بولدى.
— قول ـ ئىلكىلىرىدە بولۇپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى. ھەدىستىمۇ «ئوقۇغان ئادەم بىلەن ئوقۇمىغان ئادەم تەڭ بولالمايدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلغان. ئوقۇش ھەربىر مۇسۇلمان پەرزەنتىگە پەرز. لېكىن، ئوقۇش ۋاقتى ئۇزۇن، پۇلىمۇ بەك كۆپ ئوخشايدۇ. سىلى ـ بىزدەك ئادەملەرگە يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ كوينى چىقىرىش ئاسان ئىش ئەمەس، شۇڭا ... — ئاخۇنۇم دادامغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا باش قاتۇرغان بىلەن بەربىر بىر باشقا ئاچىققىلى بولمايدۇ، بۇنى سىلى مەندىنمۇ ئوبدانراق بىلىلا. بەختىخان يۈزى تۈۋەن، شەرم ـ ھايالىق، ئەقىللىك بالا بولدى. لېكىن ... پېشانىسىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كادىر بولۇش يېزىلمىغان چېغى، قولى ئاشقا تېگەي دېگەندە ئىش تەتۈرىگە ئۆرۈلدى. بۇمۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەس، دەيدىغان گەپ بار. پېشانىسىغا پۈتۈلگىنى شۇ بولسا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامال يوق.

يۇرىكىم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئىختىيارسىز سىلىپ كەتتى.

— ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلەيدىغان، قىز چوڭ بولسا تالالىق قىلىدىغان گەپ. بۇ ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت. ئۆز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بوينىدىكى پەرز ھەم قەرز.

گەپ ئېنىق بولدى. ئۇلار ئەلچىلىككە كېلىشكەنىدى. يۇرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، دېرىزە تۈۋىدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى تۇرداخۇن سەگەزنىڭ ئوغلى ياقۇپجاننىڭ كۆڭلى بەختىخانغا تايىن تېپىپتۇ. ياقۇپجان دىلىدا ئىمانى، قولىدا ھۈنىرى بار ئېسىل بالا. ئاتا ـ ئانىسىمۇ قول ئىلىكىدە بار، مۆمىن كىشىلەر. بىز شۇلارغا ئەلچى بولۇپ كەلدۇق. ماقۇل كۆرسىلە، ئىككىيلەننىڭ بېشىنى چېتىپ پەرزنى ئادا قىلساق ...

— بۇ ... ئەمدى.

دادام نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كېكەچلەپ قالدى.

شۇ ئەسنادا ماشىنىنىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئەگۈن يېنىك ئېچىلدى.

— بۇلار كىمدۇر ئەمدى؟

مەن ياشلانغان كۆزلىرىمنى تەستە ئېچىپ ئىشىكتىن كىرىۋاتقانلارغا قارىدىم. بۇ نېمە كارامەت ئەمدى؟ ھويلىدا يېزىنىڭ جاڭ فامىلىلىك مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىدىق ئاكا، شەرىپىدىن مۇدىر، خەلىچىخان مۇئەللىم تۇراتتى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم.

يېڭى مېھمانلارنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى. ھويلا ئىچى بىردەمدىلا ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتتى.

— بۇ ئەخمەتكام، — دېدى سىدىق ئاكا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغان دادامنى جاڭ مۇئاۋىن شۇجىغا تونۇشتۇرۇپ، — بەختىخاننىڭ چوڭ دادىسى، بىر ھېسابتا

دادىسى دېسەكمۇ بولىدۇ.

جاڭ مۇئاۋىن شۇجى دادامغا قول ئۇزارتتى. دادام يېشىغا ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن مۇئاۋىن شۇجىنىڭ قولىنى سىقتى.

— بەختىخان كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — جاڭ مۇئاۋىن شۇجى راۋان ئۇيغۇر تىلىدا دادامدىن سورىدى.

— بار، ئۆيدە، — دېدى دادام ئۆزىگە ئوخشاشلا جىددىيلىشىپ تۇرغان ئانامغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — قېنى مېھمانلار، ئۆيگە كىرىلى.

— ئۆيگە باشقا چاغدا كىرەرمىز، — دېدى سىدىق ئاكا، — بىز بەختىخاننىڭ ئوقۇش ئىشى بىلەن كەلدۇق. لىۇ شۇجى بىلەن ئابدۇخېلىل شاڭجاڭلار يېزىمىزدىن بىراقلا بەش بالىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بەك خۇش بولدى. ئوقۇشۇپ كۆرسەك، ھەممىسى نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەن. شۇڭا، يېزىلىق پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بۇ بەش بالىنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ مىڭ يۈەندىن ياردەم بېرىشنى قارار قىلدۇق.

— رەھمەت، شياڭجاڭ!

— بۇ ئىشقا لىۇ شۇجى بىلەن ئابدۇخېلىل شاڭجاڭلار بەك كۆچىدى، رەھمەتنى شۇلارغا ئېيتسىلا!

دادام سىدىق شياڭجاڭنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى.

— رەھمەت، شياڭجاڭ، لىۇ شۇجى بىلەن ئابدۇخېلىل شياڭجاڭغىمۇ رەھمەت! خۇدا مەرتىۋەڭلەرنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلسۇن. بىزگە قىلغان بىر ياخشىلىقىڭلار مىڭ بولۇپ يانسۇن!

خۇشاللىقىمغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. مەن ئوقتەك يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتىم. نەچچە جۈپ كۆز ماڭا بىراقلا تىكىلگەندى. مەن بۇ مېھرىبان كىشىلەرگە قانچە رەھمەت ئېيتسام ئەرزىيتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ھېچنېمە دېيەلمىدىم.

— بەختىخان شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى جاڭ مۇئاۋىن شۇجى

ماڭا قاراپ قويۇپ. ئۇ مېنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك گېپىنى خەنزۇچىغا يۆتكىدى، ــ يارايسىز، جۇغمىڭىز كىچىك بولغىنى بىلەن غەيرەتلىك ئىكەنسىز. تىرىشىپ ئوقۇڭ، يېزىمىزنىڭ تەرەققىياتى سىزدەك ياشلارغا ئېھتىياجلىق!

ــ رەھمەت، جاڭ شۇجى، مەن چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن! ــ دېدىم خەنزۇ تىلىدا.

جاڭ مۇئاۋىن شۇجىنىڭ كۆزى چوڭ ئېچىلدى.

ــ خەنزۇچىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەن بۇ قىز، ــ دېدى ئۇ شەرىپىدىن مۇدىر بىلەن خەلىچىخان مۇئەللىمگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ــ بىر شەرتىم بار، ئورۇنلىيالامسىز؟ ــ جاڭ مۇئاۋىن شۇجى ماڭا سىناش نەزىرىدە قارىدى.

ــ ھېلىغۇ بىر شەرتىڭىز ئىكەن، ئوقۇشۇم كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلا ئىش بولسا مىڭ شەرتىڭىز بولسىمۇ ئورۇنلىيالايمەن.

ــ قاراڭلار بۇ قىزنىڭ دادىللىقىغا، ــ جاڭ مۇئاۋىن شۇجى سىدىق شياڭجاڭغا يۈزلەندى، ــ مەن سىزگە دېگەنغۇ، بىز خاتا قىلمىدۇق دەپ، ئىستىقباللىق بالىلارغا قانچىلىك مەبلەغ سالساق ئەرزىيدۇ! مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساق تېخىمۇ كۆپ بالىلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقسۇن. شۇنىڭدىلا تەرەققىياتقا يول ئاچالايمىز، دۆلەتكە يۈز كېلەلەيمىز.

سىدىق شياڭجاڭ «شۇنداق» دېگىنىچە باش لىڭشىتتى. جاڭ مۇئاۋىن شۇجى ماڭا يۈزلەندى.

ــ شەرتىم كۆپ ئەمەس، پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن يېزىمىزغا كېلىپ خىزمەت قىلىسىز!

ــ چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

جاڭ مۇئاۋىن شۇجى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى.

ــ قاچان يولغا چىقىسىز؟

ــ ئەتە.

ــ ئەمىسە ماۋۇ مېنىڭ يوللۇقۇم بولسۇن، ــ جاڭ مۇئاۋىن

شۇجى پورتمىنىنى ئاختۇرۇپ يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ كىشىلەرنىڭ ئوقۇش پۇلۇمنى ھەل قىلىپ بەرگىنىمۇ مەن ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق ئىدى. يەنە ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئالسام قانداق بولار؟

— ئېلىڭ! — جاڭ مۇئاۋىن شۇجىنىڭ پوزىتسىيەسى كەسكىن ئىدى.

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— بايا دېگەن ئۈچ مىڭ كوي يېزىنىڭ بەرگىنى، ماۋۇ ئىككى يۈز كوي مېنىڭ يوللۇقۇم.

مەن تارتىنىپقىنا پۇلغا قول ئۇزارتتىم.

— رەھمەت!

ئاڭغىچە سىدىق شياڭجاڭمۇ ئىككى يۈز كوي تەڭلىدى. ئۇلارغا ئۇلىشىپ، نەدىندۇر پەيدا بولغان قادىر سېكرېتار، سېلىم مۇدىرلارمۇ ئەللىك كويدىن يوللۇق تۇتتى. ئىمام ئاخۇنۇممۇ مەيدە يانچۇقىنى كولاپ يىگىرمە كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ تەڭلىدى.

— يېنىمغا پۇل سېلىۋالماپتىكەنمەن، بالام، ئاز بولسىمۇ خىراجەت قىلغىن. كەچتە ئازادىخان ئاناڭ بىلەن بىللە باشقىدىن كېلىمەن.

مەن رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن سۇنۇلغان پۇللارنى ئالدىم. شۇ ئەسنادا شەرىپىدىن مۇدىرمۇ يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى ئالدى.

— بۇ مەكتىپىمىزنىڭ يوللۇقى!

ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىمنى باشقۇرالمىدىم. شۇ ئەسنادا خەلىچىخان مۇئەللىم يېنىك قۇچاقلاپ، قولىقىمغا پىچىرلىغاچ قولۇمغا بىر سومكىنى تۇتقۇزدى.

— بىر قۇر كىيىم تەييارلاپ قويدۇم. يەنە ياسىن كەنجىگىمۇ

خەت يېزىپ قويدۇم، بىر ىپلا تاپشۇرۇپ بەرگىن.
مەن باش لىڭشىتتىم.
— ئەمىسە يول بولسۇن، بىر ىپلا خەت يېزىۋەت.
— ماقۇل.
خەلىچىخان مۇئەللىم پېشانەمگە سۆيدى.
شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نە هالدا ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. ئوقۇش ئارزۇيۇم يوقىقا چىقاي دېگەندە كەلگەن بۇ ياردەم مېنى بىر تەرەپتىن هەيران قالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەس ـ هوشۇمنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتكەندى. سىدىق شاڭجاڭنىڭ «پۇلنى يېزا كادىرلىرى چۈشتىن كېيىن يەتكۈزۈپ بىرىدۇ» دېگەن گەپلىرى غۇۋا ئاڭلاندى.
جاهاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ قىزىق: تېخى بايىلا ئۇششۇك تەگكەن بىر تال خازان ئىدىم، مانا ئەمدى هەممىنىڭ نەزىرىدىكى هۆرمەت ساهىبىغا — پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئايلاندىم. تەقدىرگە رەهمەت، ئۇ ماڭا يوقسۇزلۇقنىڭ ئەلىمى بىلەن مېهىر ـ مۇهەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، خارلىق بىلەن ئەزىزلىكنىڭ پەرقىنى ئەقلىي هېس قىلدۇردى. بۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!



## ئىككىنچى باب

# كۆز يېشى ۋە تەبەسسۇم

### 1

ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ چۆرگۈلىنىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. بىكەت ئىچى يېزا بازىرىدەكلا قايناق ئىدى. قىستاڭچىلىقتا مىغىلداپ يۈرگەن ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى قۇلاقنى يەيتتى. ھەممە ئالدىراش، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە يول بەرگۈسى كەلمەيتتى. مەن ماشىنىلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئاران دىگەندە بىكەتنىڭ چىقىش ئىشىكىگە كېلىۋالدىم.

ناتونۇش شەھەر، ناتونۇش ئادەملەر ...

نېمىشقىدۇر ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىۋالغانىدى، ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك تىترەپلا تۇراتتىم، مېڭەممۇ تورمۇزلىنىپ قالغانىدى.

ــ ماشىنا لازىممۇ؟

مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى ئۈچ يىگىت ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى مەينەت، ساقاللىرى ئۆسۈك بولۇپ، نەزىرىمدىكى كىراكەشلەرگە تازا ئوخشاپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۈندىمەي جىم تۇرۇۋالدىم. يىگىتلەر مەندىن جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن باشقا ياققا كېتىشتى.

بىكەتنىڭ ئالدى ئىشىكى چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. چوڭ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىچىك ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەن يول بويىدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن باشقا يولۇچىلارنى دوراپ قولۇمنى كۆتۈردۈم. مېنىڭ قول كۆتۈرۈشۈمنى كۈتۈپلا تۇرغاندەك قىزىل رەڭلىك بىر ماشىنا كېلىپ يېنىمدىلا توختىدى.

— نەگە؟

— M ئۇنىۋېرسىتېتىغا.

— چىقىڭ.

مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

— چىقمامسىز؟

— سومكامنى ... — مەن يوغان سومكىنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتىم.

— بىرلا سومكىما؟

— ھەئە.

— ئىچىگىلا ئېلىۋېلىڭ.

مەن سومكىنى مىڭ تەستە ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزۈممۇ بىر يانغا قىسىلدىم. شوپۇر يان تەرەپتىكى ھەق ھېسابلىغۇچنى «تىت» قىلىپ بېسىپ قويغاندىن كېيىن قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى.

ماشىنا بىر قىزىل چىراغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئازراقلا مېڭىپ يولنىڭ يېنىدىكى ئازادە بوشلۇققا كېلىپ توختىدى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدىم. شوپۇر مىدىرلىماي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا بۇرالدى.

— چۈشمەمسىز؟

— كەلدۇقما؟

شوپۇر ھەيبارلىق بىلەن كۈلدى.

— ئەنە قاراڭ، سىز دېگەن مەكتەپ شۇغۇ؟

مەن شوپۇر كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. چوڭ دەرۋازىنىڭ يان تېمىدا «M ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن خەتلەر كۈچلۈك كۈن نۇرىدا

ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. خەتنى كۆرگەندىن كېيىن يېنىمدىكى تىن ئالدىم.

— نەچچە پۇل؟

— ئالتە كوي.

شوپۇر بايا بېسىپ قويغان ھەق ھېسابلىغۇچقا قاراپ قويدى. مەن ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ شوپۇرغا تەڭلىدىم. شوپۇر پۇل ياندۇرغاچ سورىدى:

— بۇ يىل قوبۇل قىلىنغانمۇ؟

— ھەئە.

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— خوتەندىن.

— مەكتەپتە خوتەنلىك باللار جىق، ھەرگىز ياتسىراپ قالمايسىز.

مەن سۈس كۈلۈمسىرىدىم.

— ئەمىسە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن!

— رەھمەت.

ماشىنا قوزغالدى. خۇددى ھەممە قورقۇنچلىرىم ماشىنىدا قالغاندەك بىردىنلا يېنىكلەپ قالدىم. پۇت - قولۇمغا قايتىدىن ماغدۇر كىرگەندەك بولدى. مەن مەكتەپ دەرۋازىسىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم، چاقىرىق قەغىزىگە بېسىلغان رەسىم بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى ...

بىسمىللا دەپ ئوڭ پۇتۇم بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدىم. ھاۋا ئىسسىق ئىدى، كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ ئادەمنىڭ كۆزىنى چېقىپ، يۈزىنى لازا سۈرگەندەك ئېچىشتۇراتتى. ئەتراپى ئېگىز بىنا، قويۇق ئارچىلار بىلەن قورشالغان چوڭ قورۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. قىرغاق بويلاپ بەش - ئون قەدەمدىن ئارىلىق تاشلاپ تىكلەنگەن ھاۋا رەڭ چېدىرلار ئاسمان بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. چېدىرلار فاكۇلتېتلارنى بىرلىك قىلىپ تىكىلگەن بولۇپ،

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چوققىسىغا ئورنىتىلغان چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزورلاردا كەسىپلەرنىڭ ئەۋزەللىكى سۈرەتلىك تونۇشتۇرۇلۇۋاتاتتى. سۈس سېرىق رەڭلىك ئۈستەللەر ئالدىدا رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملايتتى.

مەن نان ۋە گۆلە ـ قاقلار بىلەن چىڭدالغان ئېغىر سومكامنى بىر يانغا تىكلەپ قويۇپ، ئالدىراش چېپىشىپ يۈرگەن ئادەملەر توپىغا بىردەم ئۈنسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قىزدىن سورىدىم:

— تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تىزىملاش ئورنىنى ئىزدەيتتىم.

قىز يوغان كۆزئەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاغزىنى مىدىرلاتقاندەك قىلدى. ئىككى كۈندىن بېرى ماشىنىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى قۇلىقىمنى كاردىن چىقاردىمۇ ياكى قىزنىڭ تەلەپپۇزىدا مەسىلە بارمۇ، بىلمىدىم، شۇنچە دىققەت قىلىپمۇ ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭقىرالمىدىم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە قىز كۆزۈمدىن غايىب بولغانىدى. مەن ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە كىشىگە ئۈمىد بىلەن قارىدىم، ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ماڭا قارايدىغان ۋاقتى يوق ئىدى.

ماڭا تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تىزىملاش ئورنىنى ئۆزۈم ئىزدەپ تېپىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. شۇڭا، پۈتۈن كۈچۈمنى قولۇمغا يىغىپ تاشتەك ئېغىر سومكامنى كۆتۈرگەنچە چېدىرلارنى ئارىلاشقا باشلىدىم. فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، كومپيۇتېر، گۈزەل سەنئەت ... ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن جىق فاكۇلتېتلار بۇ؟ قولۇمدىكى سومكا بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى. تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تىزىملاش ئورنىنى شۇنچە ئىزدىسەممۇ كۆزۈمگە چېلىقمىغاندەك قىلمايتتى. مەن سومكامنى قويۇپ، چېكەمدىن ئېقىۋاتقان

تەرلىرىمنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئاخىرقى كۈچۈمنى يىغىپ سەپىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم. قولۇم ئۇزۇلۇپ كېتەي دېگەندە تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تاختىسى كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى چېدىر ئىدى. خۇداغا شۈكۈر، دېدىم سومكىنىڭ بېغى پېتىپ كەتكەن ئالىقانلىرىمنى ئۇۋۇلىغاچ. ئالىقىنىم قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، پىچاق بىلەن كەسسىمۇ بىر تېمىم قان چىقمىدىغاندەك قىلمايتتى.

ــــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كەلگەنمۇ؟

مەن ئىسسىق ۋە جىددىيلىشىش سەۋەبىدىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. ئالدىمدا يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى قوي كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان بۇرۇتلۇق بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن يىگىتنىڭ قامىتىگە لاپ قىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا يەرگە قارىۋالدىم. نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ئېغىپ، تىلىم گەپتىن قالدى. مەن ئۇندىمەستىن چاقىرىق قەغىزىنى يىگىتكە سۇندۇم. ئۇ چاقىرىقنى بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن سەدەپتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى.

ــــ خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمىز!

يىگىت چېدىردىكى باللارغا قارىدى.

ــــ ماھىنۇر، ئىلنۇر، بۇ قىزنى تىزىملىۋېتىڭلار!

ئىككى قىز ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار مودا كىيىنگەن، چاچلىرىنى سىرىق، قىزىل رەڭلەردە بوياپ، قېنىق پەرداز قىلىۋالغانىدى. قىزلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىرئاز ھەيرانلىق ھېس قىلدىم.

ــــ خۇش كەپسىز!

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي بېشىمنى لىڭشىتقاچ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشتىم. لېكىن، كۈلكەم ئۆزۈم ئارزۇ قىلغانغا ئوخشىماي قالدى.

مەن قىزلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چاقىرىق قەغىزى، كىملىك دېگەندەك ماتېرىياللارنى تاپشۇردۇم.

— ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوقۇغۇچىمۇ كىلىپ بولدى، ئەمدى چېدىرنى يىغىشتۇرساق بولارمىكىن؟

— شۇنچە تېزما؟

كۆك كۆز، ئايپاڭ باش، ئوبدانلا قورساق سالغان بىرسى ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ئېشەنمىگەندەك، قىزلارنىڭ ئالدىدىكى جەدۋەللەرنى ئېلىپ ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

— راست ئىكەن، ھەممىسى تىزىملىتىپ بوپتۇ.

ھېلىقى كىشى بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— خوتەندىن.

— ھىم ...

ئۇنىڭ سوغۇق نەزەردە قاراشلىرىدىن: «نېمانداق سۆرەم پايتىما قىز سىز، بالدۇرراق كەلگەن بولسىڭىز، بىزمۇ ئىسسىقتا قاق سېلىنىپ يۇرمەي چېدىرنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇپ ئارام ئالماسمىدۇق ...» دېگەندەك مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ مولۇندەك سۇرلۇك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي باشقا ياققا قارىۋالدىم. كونىلاردا «بىر ھارغانغا گەپ قىلماڭ، بىر ئاچقانغا» دەيدىغان گەپ بار. نەچچە مىڭ كىلومېتىر يەردىن «گۆر ئازابى» تارتىپ كەلگەندە، بىرەر ئېغىز تاتلىق گېپىمۇ يوققۇ بۇ كىشىنىڭ! ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك سوغۇق قاراشلىرىچۇ تېخى!

ئالىي مەكتەپ ھەققىدىكى ئېتىقادىمنىڭ پاكىز ئاسمىنىغا قارا بۇلۇتلار سايە تاشلاشقا باشلىدى. راست گەپنى قىلغاندا مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئون بىر يىللىق ئوقۇش مۇساپەمدە، ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن بىرەر ئېغىز قاتتىق ـ قۇرۇق گەپ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. مۇئەللىملەر مېنى

ئۆز قىزىدەك كۆرەتتى، مىھماندەك ئىززەتلەيتتى. مەنمۇ ئۇلارنى ئاتا ـ ئانامنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيتتىم. ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتىم. نەزىرىمدە ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېزا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك، تېخىمۇ كۆيۈمچان، تېخىمۇ ئىنسانپەرۋەر بولۇشى، بالىلارغا ئۆز پەرزەنتىدەك كۆيۈنۈپ، پەزىلىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى، مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ شەھەرگە مۇساپىر ئىدى. لېكىن، مۇنۇ كىشىنىڭ مۇئامىلىسى ...

شۇ ئەسنادا رەتلىك كىيىنگەن، باشلىق سۈپەت بىرسى ھېلىقى قاپىقى يامان كىشىنى چاقىرىپ قالدى.

— بالىلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئەھۋالى قانداقراق؟

— ھوي ... يا چۇجاڭغۇ بۇ، — قاپىقى يامان كىشى دىقماق قوللىرىنى سوزۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېتىلدى، — بەك ياخشى، سەكسەن ئىككى بالىنىڭ ھەممىسى تىزىملىتىپ بولدى، پۇل تاپشۇرۇپ ياتاققا ئورۇنلىشىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى مۇغەمبەرلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئەكسىچە شامالدا قالغان جىرىمدەك لەپپەڭشىپ، ئۆگىتىلگەن پىستە كۈچۈكتەك قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغاندى. بۇ تۇرقىغا قاراپ ئۇنى فاكۇلتېتنىڭ زاپخوزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. زاپخوزى مۇنداق چوڭچى بولسا، مۇئەللىملىرى، مۇدىرلىرى قانداقتۇر؟ بۇ مەكتەپكە خاتا كېلىپ قالدىممۇ نېمە؟ دېگەن خىيال كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

«زاپخوز» يا چۇجاڭ دېگەن كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئاغزى بېسىلماي ۋالاقلاشقا باشلىدى. «يا چۇجاڭ» بىزارلىقىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ، قىزىق شورپا ئىچكەندەك پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە تىنىمسىز باش لىڭشىتاتتى ...

— يۇرۇڭ، ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇپ ياتاققا ئورۇنلىشايلى !

مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدىم. يەنە شۇ يىگىتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى ...

مەن ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

— ئىسمىم مەردان، ئۆتكەن يىلى كەلگەن، — دېدى يىگىت مەيداندىن ئايلانمىغا قايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — مەنمۇ خوتەندىن!

— شۇنداقمۇ؟

ئاۋازىمنىڭ ئۈنلۈك چىقىپ كەتكىنىگە خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدىم.

— ئىسمىڭىز بەختىخان، شۇنداقمۇ؟

— قانداق بىلدىڭىز؟

— ئەتىگەندە تىزىملىكتىن كۆرگەن. سىزنى قوشقاندا فاكۇلتېتتىكى خوتەنلىك باللار بەشكە يەتتى. ئۈچ قىز، ئىككى ئوغۇل. بىز بۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداشلاردەك ئۆتىمىز.

ئىللىق بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمنى يېنىك سۆيۈپ ئۆتتى.

— سىنىپ مۇدىرىڭىزنىڭ ئىسمى ئەركىن، فاكۇلتېتتىكى ئەڭ ياش دوكتور، بەك ئېسىل مۇئەللىم. سىز كېلىشتىن ئون مىنۇت بۇرۇن ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتكەن.

مەن ئەركىن مۇئەللىمنى خىلمۇخىل سىياقلاردا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم.

— بايىقى كىشى ...

مەردان گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە مەقسىتىمنى چۈشىنىپ بولغانىدى.

— ئىسمى سۇلايمان، فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل، — دېدى ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، — سىزمۇ كۆردىڭىز، تۇرغان - پۈتكىنى شۇ، ئوقۇغۇچىنى كۆرسە قاپىقىنى تۈرۈپ، دىقماق قوللىرىنى شىلتىپ مىڭ شىرنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدىغان؛ ئۆزىدىن ئەمەلى چوڭلارنى كۆرسە، ئون مېتىر يەردىن

پۈكلىنىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدىغان چۈپەي ئادەم. بىز ئۇنى سۈلايمان سۇنۇۋۇكۇك، دەيمىز.

ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم. ماڭا قوشۇلۇپ مەردانمۇ كۈلدى.

— لەقىمى بەك قىزىق ئىكەن. لېكىن، جايىغا چۈشكەندەك قىلىدۇ.

— شۇنداق، جان بېقىشقا، ئىش يۈرۈشتۈرۈشكە كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق، سۇنۇۋۇكۇكنىڭ ئۆزى دەڭا. ئەگەر ئۇنىڭ سۇنۇۋۇكۇكدەك يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرەلەيدىغان ھۈنىرى بولمايدىغان بولسا، فاكۇلتېتتا پىروفېسسور، دوكتورلارنىڭ تولىلىقىدا ئۇنىڭغا ئەمەل نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز؟

مەن مەردانىنىڭ قىزىق گەپلىرىگە مەلىكە بولۇپ مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى تۇيماي قاپتىمەن.

— ئاۋۋال ئوقۇش پۇلىنى تۆلىۋېتەمدۇق؟ — مەردان ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى، — ئوقۇش پۇلىنى تۆلىمىسەك، ياتاققا خەت كېسىپ بەرمەيدۇ.

مەن سومكىغا قول سېلىپ پۇل بار تۈگۈنچەكنى ئالدىم.

ھەش - پەش دېگۈچە تۈگۈنچىكىم ئورۇقلاپ، قىزىل تىزىلار سۈت رەڭ تالونلارغا ئالماشتى.

كۈن قايرىلىشقا باشلىغاندا ياتاققا ئورۇنلاشتىم. ياتىقىمىز سەككىز كىشىلىك ئىكەن، ئاستىن - ئۈستۈن ياتىدىكەنمىز. ماڭا دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستى قەۋىتىدىن ئورۇن تەگدى.

— كەچتە سىنىپ يىغىنى بار ئىكەن، — دېدى مەردان يوتقان - كۆرپىلەرنى كارىۋاتقا ئېلىپ تۈزەشتۈرگەچ، — سىنىپىڭلار مەركىزىي ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە.

ياتاقداشلىرىم مەردانغا قاراشتى. ئۇلارنىڭ شۇ قارىشىدا بۇ كېلىشكەن يىگىتكە نىسبەتەن ھەۋەسمۇ، قىزىقىشمۇ، شۇنداقلا تارتىنىشمۇ بار ئىدى.

ـــ هازىر سائەت تۆت بولدى. بىر سائەتكىچە ياتىقىڭىزنى رەتلىۋېلىڭ، دەل سائەت بەش بولغاندا تاماققا چىقىمىز. يۇرتلۇق باللار سىزنى پەستە ساقلايمىز.

ئەمدى ياتاقداشلىرىمنىڭ نەزىرى ماڭا يۆتكەلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر نىگاھى مىڭ تۈرلۈك سوئال بىلەن تولغانىدى. مەن خىجىل بولۇپ، كۆزلىرىمنى ئۇلاردىن ئەپقاچتىم.

مەن گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالدىم. مەردان جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

سائەت ئىستىرېلكىسى بەشنى كۆرسەتتى. ياتاقداشلىرىممۇ كارىۋاتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بەزىلىرى ئاتا ـ ئانىلىرى، بەزىلىرى يۇرتلۇق باللار بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. ياتاقتا يالغۇز قالغاندىم. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىشنىڭ بىسمىللاسىدا ناتونۇش باللار بىلەن دوست تارتىشىپ سىرتلاردا يۈرسەم قانداق بولار؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. راست گەپنى قىلسام، مەن مۇشۇ چاغقىچە ئوغۇل باللار بىلەن سىرتلاردا بىللە تاماق يەپ باقمىغانىدىم.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىن باشلاپ سىنىپتىكى باللار يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار ھەر خىل ناملار بىلەن يىغىلىشلارنى قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئويۇننىڭ بېشى يوغىناپ چوڭ يىغىندا تەنقىدلەنگەن، ھەتتا جەمئىيەتتىكى كەلسە ـ كەلمەس كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، سەتچىلىكلەرنى يوشۇرالماي مەكتەپتىن ھەيدىلىپ كەتكەن باللارمۇ بار ئىدى. مەن شۇ چاغلاردىمۇ ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي ئۆگىنىشىمنى قىلغانىدىم. شۇ سەۋەبلىك كوللېكتىپ سورۇنلارغا قىزىقىشىممۇ، تەجرىبەممۇ يوق ئىدى. لېكىن، رېئاللىق مېنى شۇ ئىشلارغا مەجبۇرلاۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ناتونۇش شەھەردىكى ناتونۇش سىمالار ماڭا غېرىبلىق ۋە زېرىكىشنىڭ نادامىتىنى پۈرتىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۆيدىن

ئايرىلغىلى ئۈچ كۈن بولماستىلا مۈنچە بولۇپ كەتسەم، تۆت يىلنى قانداق ئۆتكۈزگۈلۈك؟ كۈنلەر ئۆزۈن. بۇ شەھەردە نامرات بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىمىز، يىراقراق بولسىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز يوق. ھەممىدە يۇرتلۇقلارغا، ساۋاقداشلارغا تايىنىدىغان، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ئۆزۈن كۈنلەرنى قىسقارتىدىغان گەپ. بۇ گەپنى خەلىچىخان مۇئەللىم دېگەن، ھازىر ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. كونىلار «ئادەم ئەتكەننى خان ئەت» دەپتىكەن، ھەرھالدا بۈگۈنچە يۇرتلۇق باللارنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي تاماققا چىقساممۇ چىقاي، كۆزۈم ئېچىلسىپ، جانغا ئەسقاتقۇدەك بىرەر دوست تېپىۋالسام ئەجەب ئەمەس، لېكىن چوقۇم دىققەت قىلاي. مەن باشقا باللارغا ئوخشىمايمەن. «يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى» دەيدىغان گەپ بار. «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىسام» بولمايدۇ.

مەن دېرىزىدىن پەسكە قارىدىم. مەردان باشلىق تۆتەيلەن — ئىككى قىز، ئىككى يىگىت بىنا ئالدىدىكى قارىياغاچ تۈۋىدە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئىنىقكى ئۇلار مېنى ساقلاۋاتاتتى. ئەمدى چىقمىسام ئادەمگەرچىلىككە توغرا كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۆزۈمنى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئىشىكنى تاقاپ بىنادىن چۈشتۈم.

ئىشىكتىن چىقىشىمغا مەردان باشقا باللارغا مېنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى ھەمدە ئۆزىمۇ مەن تەرەپكە قاراپ سىلجىدى.

— ياتاقنى تۈزەشتۈرۈپ بولدىڭىزمۇ؟

— ھەرھالدا، بىرەر قۇر ...

— كېيىمنى ئالدىرىماي تۈزەشتۈرۈۋالسىز.

مەن قەدىمىمنى توختىتىپ يەرگە قارىۋالدىم. ئاڭغىچە قىزلار يېنىمغا كېلىپ قولۇمدىن تۇتۇشتى.

— مېنىڭ ئىسمىم كاملە.

— مېنىڭ ئىسمىم تۇرسۇنگۈل، كاملە بىلەن بىر سىنىپتا.

— مېنىڭ ئىسمىم بەختىخان، — ئاۋازىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالمىدىم. نېمىشقىدۇر پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىۋالغاندى.

— بەك تارتىنچاق ئىكەنسىز، — دېدى كاملە چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرگەچ، — بۇ يەردە تارتىنچاق ئادەملەر جان باقالمايدۇ. ۋيەي، نىم بولدىڭىز؟ نېمىگە تىترەيسىز ؟

— تونۇشا - تونۇشماي ئېۋەن تېپىپ سوراقتا تارتقىلى تۇرساڭ تىترىمەمتى ئەمىسە؟ — دېدى سول تەرىپىمدىكى يىگىت، — مېنىڭ ئىسمىم ئىدرىس.

مەن تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتتىم.

— ماڭامدۇق؟ — دېدى مەردان ھەممەيلەنگە قاراپ.

— ماڭايلى.

— قايسىسىغا بارىمىز؟

— يەنىلا «تەبەسسۇم» غا يەتمەيدۇ، — دېدى تۇرسۇنگۈل.

بىز بىر توپ بولۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدۇق.

«تەبەسسۇم» دېگىنى مەكتەپنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بىر تېز تاماقخانىنىڭ ئىسمى ئىكەن. بىز ئەڭ تۆردىكى ئايرىمخانىغا جايلاشتۇق.

كۈتكۈچى قىز بىر چەينەك چاي، بىر دەستە پىيالىنى شىرەگە قويغاندىن كېيىن بىزگە يۈزلەندى.

— نېمە تاماق يەيسىلەر؟

قىزنىڭ تۇرقىدىن مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. خۇددى ئايرىمخانىغا كىرگىنىڭلارغا تۈشلۈق قانچىلىك تاماق بۇيرۇتالايسىلەر؟ دېگەندەك سوئال نەزىرىدە ھەممىمىزگە تەكشى قارايتتى.

— قېنى قىزلار، بىرنېمە دەڭلار، — دېدى مەردان ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — كۆڭلۈڭلار نېمە تارتسا تارتىنماي بۇيرۇتۇۋېرىڭلار، مەن مېھمان قىلىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى كاملە ھەييارلىق

بىلەن، — ھاكىمنىڭ ئوغلى تۇرغان يەردە بىزگە مېھماندارچىلىق نۆۋىتى نەدە تۇرۇپتۇ؟
— چاقچىقىڭنى قويۇپ تېزرەك تاماق بۇيرۇت، ۋاقىت قىس!
— ئەمىسە خوتەننىڭ قائىدىسى بويىچە يىگىتلەر بىرنېمە دېسۇن، بىز بويسۇنغۇچىلارمىز.
— مەسلىھەتنىڭلار پىشقاندا كېلەيمۇ؟ — كۆتكۈچى قىز مۇزدۇزنىڭ ئەسكى چوتكىسىدەك كۆتمەك قاشلىرىنى سوزۇپ سوئال نەزىرىدە تىكىلدى. يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ سۇلايمان مۇدىرنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆكۈچ كۆزلىرى سوغۇق نەزەردە پارقىرايتتى. تاماقنى تېزرەك بۇيرۇتمىساق قولىدىكى دەپتەرنى يۈزىمىزگە ئاتىدىغاندەكلا قىلاتتى.
— مەسلىھەت قىلغۇدەك ئىش يوق، قېنى يېزىڭ!
مەردان زەردە بىلەن بۇيرۇق قىلدى. كۈتكۈچى قىز سەل يەسكويغا چۈشۈپ قەلەمنى قەغەزگە توغرىلىدى.
— چارەكتىن بەش لەڭمەن.
— قانداق سەيدە؟
— ئەڭ ياخشىسىدا!
— توخۇ قورۇمىسى، يەرلىك توخۇدا بولسۇن، لازىنى ئازراق سالسۇن.
— چۆپمۇ سالامدۇ؟
— ياق!
— يەنە يېزىڭ، — مەردان تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى، — كاۋاپتىن ئون بەش زىخ، ماۋۇ قىزلارغا لەگپۇڭدىن بىر تەخسە، سامسىدىن ئون، گۆشناندىن ئىككىنى ...
قىز يېزىپ ئۆلگۈرەلمەي قالدى.
— ۋاي بولدى، نېمانچە جىق بۇيرۇتىسەن، — تۇرسۇنگۈل مەردانغا ئالىيىپ قويدى، — ئەتە قىيامەت قايىم بولمىغاندىكىن، يەپ بولۇشمىزغا بېقىپ بۇيرۇتايلى.
— پۇرچاق نارىندىن بىرنى قوشۇپ قويايمۇ؟ بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشايتتى، — دېدى كۆتكۆچى باشقىچە مۇلايىملىشىپ.

— قورساق ئامان بولسا شۇ تاماقلىرىنى يېگىلى يەنە بىر كېلەرمىز، خېنىم، — دېدى تۇرسۇنگۈل زەردىلىك قىلىپ، — ھېلىمۇ بۇ يىگىتنىڭ غۇرۇرىغا تېگمىدىغان گەپلەرنى قىلىپ بىر پاتمان تاماق بۇيرۇتتىلا، ئەمدى يېتەر. ماڭسىلا خېنىم، كۆزىمىزگە كىرىشنۇالماي غوجايىنلىرىدىن ئىسسىقىدا مۇكاپات ئالىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلسىلا!

— ئىككى يۈز ئاتمىش يەتتە كوي، — دېدى قىز مەردانىنىڭ ئالدىغا بىر ۋاراق قەغەزنى تاشلاپ. ھەممىيلەن تۇرۇپلا قالدۇق. مەردان پورتمانىدىن يۈز كويلۇق پۇلدىن ئۈچنى ئېلىپ كۆتكۆچىگە ئۇزارتتى.

— كۆۋاستىن بىر ئىستاكاندىن قوشۇپ قويۇڭ.

قىز پۇلنى ئېلىپ كەكلىك يورغىلىشىدا ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— سەت يۇندىپۇرۇش، — دېدى تۇرسۇنگۈل چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — خۇددى بىر يەرنىڭ ۋالىيسىدەك گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى! سورىقى يوق ئالەم بولسا، مۇشۇنداق غەرەز ئۇقماس يۇندىپۇرۇشلارنى تۆمۈر ساندۇققا سولاپ چوڭقۇر دېڭىزغا تاشلىۋەتسەم!

— بولدى قىلە تۇرسۇنگۈل، سېنىڭ مۇشۇ زىللىقىڭنىزە ...

— قاراپ تۇرۇپ ئادەم بوزەك قىلىمەن دېسە ...

تاماقلار كەينى ـ كەينىدىن ئەكىرىلدى.

— قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ ئۇ قىزمۇ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. قېنى خۇشال ئولتۇرۇپ ماۋۇ كاۋاپتىن بىر زىخ يېگىنە!

تۇرسۇنگۈل كۈلۈپ سالدى. مەردان ھەممەيلەنگە بىر زىختىن كاۋاپ تۇتقۇزدى.

— قېنى ئېلىڭلار، تارتىنماڭلار، بار ـ يوقى بىر يېرىم سائەتلا ۋاقتىمىز بار، تېز ـ تېز تۇتۇش قىلمىساق مۇزاكىرىگە

كېچىكىپ قالىمىز.

هايالشىماي چوڭ ئىستاكاندا سېرىق سۈيۈقلۇق كەلتۈرۈلۈپ ئالدىمىزغا قويۇلدى. يۈرىكىم سېلىپ، كاۋاپ يۈتۈۋاتقان گېلىم بوغۇلۇپلا قالدى.

— قېنى ھەممىڭلار كۈۋاسنى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار!

مەن شۇ چاغدىلا ئالدىمدىكى سۈيۈقلۇقنىڭ كۈۋاس دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. بۇ قانداق نېمىدۇر؟ ھەرقاچان ھاراقنىڭ بىر تۈرىدۇ تايىنلىق.

مەن يەرگە قارىغىنىمچە جىم تۇرۇۋالدىم.

— قېنى بەختىخان، ئالمامسىز؟

— بەختىخان دېسەك بەك چوڭ ئايالنىڭ ئىسمىدەك بىلىنىپ كېتىدىكەن، — دېدى تۇرسۇنگۈل ئالدىدىكى كۈۋاسنى قولىغا ئېلىپ ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، — بەختىخان دېمەي، بەختىگۈل دەپ ئاتىساق قانداق؟ شۇنداق دېسەك ھەم مەدەنىي، ھەم تارتىملىق ئاڭلىنىدىكەن. قانداق دېدىم، بالىلار؟

— توغرا، شۇنداق بولسۇن!

— تۇرسۇنگۈل ئۆمرىدە بىر قېتىم ئورۇنلۇق گەپ قىلدى، — دېدى سورۇنغا كەلگەندىن بېرى زۇۋان سۈرمەستىن كاۋاپ سىيرىۋاتقان ئىدرىس ئاغزىنى قەغەز بىلەن ئېرتىۋېتىپ، — خۇددى ھاڭگا ئېشەك تەخەيلىگەندەكلا ئىش بولدى دېسە.

— ماۋۇ مۈرىمەسنىڭ گەپلىرىگە نېمە دەي ئەمدى، — تۇرسۇنگۈل قەستەن خاپا بولغان قىياپەتتە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — شېرىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن پەرھادنىڭ كۆزى بىلەن قارىمىسا بولمىغاندەك، مېنىڭ بۇ تىل تۇمارىدەك ئېسىل گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈنمۇ جانان چىنىسىدەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان كاللا بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ چاغقىچە مېنىڭ گەپلىرىم سىلىگە ئورۇنلۇق بىلىنمىگەن گەپ!

— تۇرسۇنگۈل يەنە بىر قېتىم توغرا گەپ قىلدى، — دېدى ئىدرىس ئۆز گېپىدىن ھوزۇرلىنىپ «يالىقى يېرىلغان»

تۇرسۇنگۇلگە كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ـــ شېرىننى كۆرۈش ئۈچۈن پەرھادنىڭ كۆزى بولمىسا بولمىغاندەك، پەرھادنىڭ نىگاھىغا ئىلىنىش ئۈچۈنمۇ شېرىندەك لاتاپەت ئىگىسى بولمىسا بولمايدۇ!

ـــ ئىسىت، ساڭا گەپ قىلغان ئاغزىم، سەن بىلەن گەپ تالىشىشقۇ ئىتتىن سۆڭەك تالاشقاندەكلا بىر ئىش!

ـــ سەن ئۆزۈڭنى ئادەم دەپ ھېسابلىساڭ ئەڭ ياخشىسى ئىتتىن سۆڭەك تالىشىپ يۈرمە!

تۇرسۇنگۇلنىڭ ئاق سېرىق يۈزى ئۆپكىدەك ئېسىلدى. ئىدرىس ئەھۋالنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چىرايىنى كۈلكىگە زورلىدى:

ـــ مەندىن سۆڭەك تالىشىپ يۈرمەي ماۋۇ كاۋاپتىن ئالە، ـــ ئىدرىس كاۋاپتىن بىر زىخ ئېلىپ تۇرسۇنگۇلگە تەڭلىدى.

ـــ سېسىق گېپىڭگىلا تويۇپ قالدىم، ئۆزۈڭ يە ئۇ بىرنېمەڭنى.

ـــ خاپا بولمىغىنا.

... ...

ـــ ئىككىڭلارنىڭ جېدىلى تۈگىگەن بولسا، مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلايمۇ؟

تۇرسۇنگۇل قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى، ئىدرىس قەددىنى رۇسلىدى.

ـــ بۇ يەرگە جەم بولۇشىمىزدىكى مەقسەت ـــ بىرىنچىدىن، بەختىخان، ياق، بەختىگۇل بىلەن تونۇشۇۋېلىش، بۇ باسقۇچ تاماملاندى. ئىككىنچىدىن، مۇشۇ تونۇشۇش ئاساسىدا دوستلۇققا ئۇل سېلىش. مەن ئالدى بىلەن بەختىگۇلنىڭ فاكۇلتېتىمىزغا ئوقۇشقا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قۇتلۇقلايمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش مۇساپىمىزدە بىر - بىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىپ، بارنى تەڭ كۆرۈپ، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللاردەك يېقىن ئۆتۈشىمىزگە تىلەكداشمەن. قېنى خوشە!

ھەممەيلەن ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ ماڭا قاراشتى، مەن تۇرۇپلا قالدىم. مەردان ئالدىراپ چۈشەنچە بەردى:

— كۈۋاس ھەسەلدە ئىشلەنگەن ئىچىملىك، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئىسپىرت يوق، قورقماي ئىچىۋېرىڭ !

— مانا مۇنداق، — كامىلە كۈۋاستىن بىر ئوتلاپ قويۇپ ھەييارلىق بىلەن ماڭا قارىدى. تۇرسۇنگۈلمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ماڭا دوستلۇق قولىنى سۇنۇۋاتقان، يات شەھەردە مېنى دەپ چىقىمدار بولۇۋاتقان بۇ بالىلارنىڭ مېنى ئالدىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ... ئۇ بەرىبىر ئىچىملىك. رومانلاردا بىرەر ئىستاكان ئىچىملىككە ئېغىز تەگكۈزۈپ قويۇپ بارلىقىدىن ئايرىلغان قىزلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىلىرى يېتەرلىك سۆزلەنگەنىدى. ھەممە ئىش بىرىنچى قەدەمدىن — چىرايلىق گەپتىن، يۈز كېلەلمەسلىكتىن باشلىناتتى. بۇگۈن سېرىقىنى ئىچكەنلەرگە ئەتىسى قىزىلى تەڭلەنمەي قالمايتتى ... شۇڭا چايدىن باشقا ھەرقانداق ئىچىملىككە يېقىن يولىماسلىق قارارىنى چىقىرىپ، مەردانغا يۈزلەندىم.

— مەن يېزىدا چوڭ بولغان. راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ تەڭتۇشلىرىم بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىم تۇنجى قېتىملىق ئىش. ناتونۇش بۇ شەھەرگە قەدەم باسقان تۇنجى كۈنى سىلەردەك ئېسىل ئاكا ـ ئاچىلار بىلەن تونۇشۇپ، بىللە تاماقلىنىشىم ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرىپمۇ باقمىغان ئىشلار ئىدى. ھېلىمۇ مەن بۇ ئىشلارنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن. شۇڭا، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالسام، بۈگۈنمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماڭا ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇتىلىق ئىچىملىكلەرنى زورلىمىساڭلار.

— بەختىگۇل سەمىمىي گەپ قىلدى، مەن قوشۇلىمەن ! — دېدى مەردان بايا ئېگىز كۆتۈرگەن ئىستاكانىنى شىرەگە قويۇۋېتىپ، — بىز كۈۋاس ئىچەيلى، بەختىگۇل چاي ئىچسۇن !

ئـــستاكـانـلار بـر ـ بـرلەپ پـيـالەمگـە سـوقۇلدى. بـز بـردەمدىلا ئـچەركـشـپ كـەتتۇق.

... ...

سائـەت يەتتـدە سـنـپقا چـقتۇق، هايـالـشـمـاي سـنـپ مۇدىرـمـز ئـەركـن مۇئـەلـلـم كـرـپ كـەلـدى هـەمدە ئۆزـنى تونۇشتۇردى، مۇئەللمنـڭ تەلـپى بويـچە هەمـمـز ئۆزـمزنى قـسقـچە تونۇشتۇرۇپ چـقتۇق.

— بـەخـتـخـان ئۆزـنـى تـولـۇق تونـۇشـتـۇرمـدى، — دېدى مۇئەلـلـم تونۇشتۇرۇش نـۆۋـتى ماڭـا كـەلـگـەنـدە، يـپـتـرقـاش ئـلـكـدە بـر ـ بـرـنـى ئـوغـرلـقچە كـۆزـتـپ ئـولـتـۇرۇشـقـان بـالـلارغـا سـوئـال نـەزـرـدە قاراپ قـويـۇپ، — قـېـنـى كـم بـەخـتـخـانـنـڭ ئـۆزى تـلـغـا ئـالـمـغان يـەنـە بـر مـۇهـم سالاهـيـتـنى ئـېـيـتـپ بېرەلەيدۇ؟

بالـلار جـم بولـۇشتى.

— بـلـمەمـسـلەر ياكى تارتـنـپ قـېلـمـۇاتامـسـلەر؟

— بـەخـتـخان دېـگـەن يازغـۇچـى، «تارىم» ژۇرنـلـنـنـڭ 3 ـ سانـدا ئېلان قـلـنغـان «مۇڭگـۇ سـۇيى» نامـلـق هېـكـايـنـنـڭ ئاپتورى، — ئارقا تەرەپتـن بـر ئوغۇل بالـنـڭ جاراڭـلـق ئاۋازى كـەلدى.

— ئـسـمـڭ ؟

— ئۆمـەرجان.

— ئـۆمـەرجانـنـڭ دېگـنـى توغـرا، — دېدى مـۇئـەلـلـم مۇنـبـەردىن پـەسـكـە چۈشۈپ، — سـلـەر بۈنـگـدىن كـېـيـن ئـون يەتتـە يېشـدا «تارىم»دەك نوپۇزلۇق ژۇرنالدا هېكايە ئېلان قـلغان تالانت ئـگـسى بـلـەن بـللـە ئوقۇيسـلەر. بۇ سـلـەر ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ بـر شـەرەپ ! سـلـەر تـل ـ ئـەدەبـيـات كـەسـپـگـە قـوبـۇل قـلـنـدىڭلار. ئـەدەبـيـات سـلـەرنـڭ ئـۆمـۈرلـۈك كـەسـپـڭلار بولـۇپ قالـدۇ. ئـەدەبـيـات دېـمـەك — يـېزىقـچـلـق دېمـەكـتـۇر. ئـەدەبـيـات كـەسپـدە ئوقۇغان ئادەم بـرنـەرسـە يازالـمـسا، ئۇنـڭ جـەمئـيـەتـتـە

ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى بولمايدۇ. مەن ئىلگىرى ئەسەر يېزىپ باققان ساۋاقداشلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشىنى؛ يازمىغانلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدە، ھېچبولمىغاندا ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە بولسىمۇ ئۆزىنى سىناپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دەرۋەقە ئەدەبىيات تالانتقا موھتاج. لېكىن، تالانت شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ھۇرۇن مېھماننى مەڭگۈ ئۆز باغرىغا چىللىمايدۇ. ئۇ تىرىشچانلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر سىلەر چىن ئىخلاسىڭلار بىلەن بۇ يولغا قەدەم ئېلىشىنى خالىساڭلار فاكۇلتېتىمىزدا سىلەرنى يېتەكلەيدىغان، سىلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۆپ. بۇ جەھەتتە تولۇق خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ.

سىنىپتا پەس ئاۋازدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ھەممىنىڭ كۆزى مەندە ئىدى. مەن كۈتۈلمىگەن شەرەپتىن قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم ھەمدە مۇئەللىمنىڭ ماتېرىيال كۆرۈش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە ھەيران قالدىم. قاراڭ، ئۇنىڭ نەزىرىدىن مەندەك بىر بالا ھەۋەسكارنىڭ ئەسىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ ئەمەسمۇ؟

تونۇشتۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى سەل توختىتىۋالغاندىن كېيىن مۇئەللىمگە چاقماق تېزلىكىدە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. مۇئەللىم مەن بايا تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىن پەرقلىق ھالدا ئوتتۇرا بوي، مەڭزى تاش ئالمىسىدەك قىزىل، قويۇق كىرپىكلىرى قاپقارا كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، كىيىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، چىرايىدىن سەبىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان خۇش چىراي كىشى ئىكەن. ئۇنى مۇنداق بالا چىرايى بىلەن دوكتور، پىروفېسسور دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋاقىتلىق سىنىپ ھەيئەتلىرى تۇرغۇزۇلدى. مەن ئويلىمىغان يەردىن ئۆگىنىش

باشلىقلىقىغا سايلىنىپ قالدىم. بۇ مېنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىمغا قىلىنغان ھۆرمەت ـ ئىلتىپات ئىدى، ئەلۋەتتە.

بۇ ئىشلار بىر قۇر تاماملانغاندىن كېيىن مەكتەپ ۋە سىنىپنىڭ بىر قاتار قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئوقتۇرۇلدى. ئاخىرىدا «ئالىي مەكتەپ قانداق جاي» دېگەن تېمىدا بىر پارچىدىن تەسىرات ماقالىسى يېزىپ، ئەتە كەچتىكى مۇزاكىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ھەققىدە تاپشۇرۇق بېرىلدى.

## 2

ئەسلىي بۈگۈندىن باشلاپ ھەربىي مەشىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. مەشىق كېيىمىنىمۇ ئېلىپ بولغانىدۇق. لېكىن، ھەربىيلەرگە باشقا ۋەزىپە چىقىپ قالغان بولغاچقا، مەشىق كېيىنگە سۈرۈلۈپ، ئەتىدىن باشلاپ دەرس باشلايدىغان بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ باللار خامانغا چۈشكەن ئاق قۇشقاچلاردەك چۇرۇقلىشىپ سىنىپنى بېشىغا كىيدى.

سىنىپ ئىچى يىپ بازىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەممە تەڭ سۆزلەيتتى. كىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرغىلى بولمايتتى. ئۆيقۇغا قانمىغان كۆزلەردىن نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ ئەركىن مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. سىنىپ ئىچى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا كەتتى. ئەركىن مۇئەللىم باللارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ سىنىپ ئىچى يىپ بازىرىدەكلا بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟ ئاۋازىڭلار بىرىنچى قەۋەتكىچە يېتىپتۇ!

باللار يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇشتى.

— سىلەر تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدۇڭلار. بۇ، چوڭ بولدۇڭلار، ئادەم بولدۇڭلار

دېگەن گەپ. بۇ ئوقۇتۇش بىناسىدا سىلەردىن باشقا باللارمۇ ئوقۇيدۇ. كەچلىك بازارنىڭ ھۆپىگەرلىرىدەك خالىغانچە ۋارقىرىشىپ بازار قايناتساڭلار، باشقا سىنىپتىكى باللار قانداق دەرس ئاڭلايدۇ؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

باللارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— سەۋەبىنى بىر ئۇقۇپ باقاي، قېنى دەپ بېقىڭلار، نېمىگە شۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتىڭلار؟ !

باللاردا بايىقى گەپتانلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، سىنىپ ئىچى يىڭنە چۈشۈپ كەتسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. مۇئەللىم ھەممىسىگە بىر قۇردىن قاراپ چىققاندىن كېيىن سىنىپ باشلىقى تاھىرغا يۈزلەندى.

— ھە تاھىر، سەن دەپ باقە، نېمە ئىش بولدى زادى؟ !

تاھىر ئورنىدىن تۇرۇپ باللاردىن مەدەت تىلىگەندەك ئالدى - كەينىگە قاراپ قويدى.

— ھەربىي مەشىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتىكەن، شۇ ئىشقا... — تاھىر گەدىنىنى قاشلاپ يەرگە قارىۋالدى.

— شۇ ئىشمىدى؟ — مۇئەللىم مىيىقىدا كۈلدى، — بۇ سىلەر مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىشلار ئەمەس ئىكەنغۇ؟ — مۇئەللىم بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى، — ماڭا قاراڭلار، باللار، قاچان ھەربىي مەشىق قىلىش، قاچان دەرس باشلاش، قانداق چاغدا تەتىل قىلىش دېگەنلەر سىلى - بىزلەر كاللا قاتۇرىدىغان ئىشلار ئەمەس، مەكتەپتە مۇشۇ ئىشلارغا كاللا قاتۇرىدىغان مەخسۇس بۆلۈم ۋە ئادەملەر بار. بۇ ئىشلارنى سىلەر تارتىشۋالساڭلار ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مەن بىر ئىشنى تەكىتلەپ قوياي: ئادەم ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، يىراقتىكى، مەۋھۇم نەرسىلەرگە ئەمەس، كۆز ئالدىدىكى، ئەمەلىي نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ قىسقا ئۆمرىمىزدە ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. ئەڭ مۇھىمى زېھىن قۇۋۋىتىمىزنى بىھۇدە ئۇپرىتىۋېتىمىز ...

سىلەرنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىڭلار ئوقۇغۇچى، سىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاساسلىق ئىش ــ ياخشى ئوقۇش، ئەمەلىي نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق كەلگۈسىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس تۇرغۇزۇش! قالغان ئىشلار قوشۇمچە.

سىنىپنىڭ كەيپىياتى سەل يۇمشىدى. يۆتەلگەن، گېلىنى قىرغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ــ سىلەرگە نىسبەتەن بۈگۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان تېخىمۇ رېئال، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىش مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى، ئىككىنچىدىن، كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسىنى، ئۈچىنچىدىن، تاماق كارتىسىنى بېجىرىش، ماتېرىيال بۆلۈمىگە بېرىپ دەرسلىك كىتابلارنى ئاچىقىپ تارقىتىش، ــ مۇئەللىم ھەييارلىق بىلەن كۈلدى، ــ مانا مۇشۇلار سىلەرگە ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان ئىشلار!

مۇئەللىمگە قوشۇلۇپ بالىلارمۇ كۈلۈشتى.

ــ دەرسلىك كىتابلارنى ئاچىقىپ تارقىتىشقا تاھىر، ئۈچ خىل كىنىشكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك جەدۋەللىرىنى تولدۇرۇشقا بەختىگۈل مەسئۇل.

مۇئەللىم ئىسمىمنى «بەختىگۈل» دەپ ئاتاپ ئۆزىچە تۇرۇپلا قالدى.

ــ شۇنداق ئاتىساقمۇ بولامدۇ نېمە، بالىلار؟

ئويلىمىغان يەردىن بالىلار چاۋاك چېلىپ قوللاش پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈشتى.

ــ شۇنداق ئاتايلى، ھەم چىرايلىق، ھەم مەدەنىي ئاڭلىنىدىكەن.

ــ بەختىگۈل نېمە دەيدىكىن؟ ــ مۇئەللىم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويدى.

ــ بەختىگۈل بولسا بولسۇن، ــ دېدىم مەنمۇ مۇئەللىمگە دادىل يۈزلىنىپ، ــ بەختىمنىڭ گۈلى بولۇشمۇ خانى بولۇشقا

ئوخشاشلا كۆكۈللۈك ئىش !
بالىلار كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ئەمىسە بۈگۈندىن باشلاپ ئىسمىڭىز بەختىگۈلگە ئۆزگەردى، كەلگۈسىدە شارائىتىڭىز يېشىپ يېتىلگەندە خانلىقىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز، — مۇئەللىم بالىلارغا يۈزلەندى، — باشقىلار تۈنۈگۈن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىگەچ جەدۋەل تولدۇرۇشقا ماسلىشىڭلار. چۈشتىن كېيىن ئىختىيارىي پائالىيەت، سودىلىق بولسا قىلىپ، دەرسكە تەييارلىق قىلساڭلار بولىدۇ. ئەتە رەسمىي دەرس باشلىنىدۇ ...
مۇئەللىم ئۈچ ۋاراق جەدۋەلنى پارتامغا قويۇپ، توشتۇرۇش تەرتىپى ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. مەن بالىلارنى يېنىمغا چاقىرىپ جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشقا باشلىدىم ...
كەچتىكى مۇھاكىمە دەل ۋاقتىدا باشلاندى. بالىلار بۇ قېتىملىق مۇھاكىمىگە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشقانىدى. مەنمۇ «يازغۇچى» دېگەن نامىمغا يارىشا بەش ئارگىنال ماقالە تەييارلىغان، ماقالەمدە ئالىي مەكتەپنىڭ ئون ئىككى تۈرلۈك سۈپىتىنى ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن تىزىپ چىققان، ئاخىرىدا تەستە قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ۋەتەنگە، خەلققە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادە — قەسىمىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم.
مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىختىيارىي يوسۇندا ماقالە ئوقۇش باشلاندى. دەرۋەقە بالىلار ماقالىگە ئوبدانلا كۆچىگەن، ئالىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ رولىنى ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن كۆككە كۆتۈرۈپ، بۇ ئەزىز ماكاننىڭ مېھمىنى بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى.
مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ماقالىلەرگە دىققەت قىلدىم. نېمىشقىدۇر ماقالە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ تەلەپپۇزى ھەر خىل

بولغىنى بىلەن دەۋاتقان گېپىنىڭ ئورانى، مەزمۇنى بىرخىللا ئىدى:

— ئالىي مەكتەپ بىلىم بۇلىقى، بىز دېمەتلىك ياشلارنىڭ ئىستىقبال سەھنىسى. ئۇنىڭ ۋەسلىدە بۇلبۇل بولۇپ خەندان ئۇرۇش — قەلبىدە ئەزگۇ تىلەكلەر ئويغانغان ھەربىر ياشنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسى. ئالىي مەكتەپ ئىختىساسلىقلار باغچىسى، مىللەتنىڭ ئەقىل ئامبىرى. ئەزىز كىشىلىرىمىز توپلاشقان مۇقەددەس مەرىپەت بۇلىقى ... بىز، شەخسەن مەن بۇ ئەزىزلەر يۇرتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان سانايمەن. مەن تەستە قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەيمەن ...

مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدىم. چىرايى ئىپادىسىز — يا خۇش بولغىنىنى، يا رەنجىگىنىنى، يا مۇئەييەنلەشتۇرگىنىنى، يا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. سۆزلەش نۆۋىتى ماڭا يېقىنلاشقانسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: مەن كاللامنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ مىڭ جاپادا تىزىپ چىققان «دۇردانىلەر» مەندىن ئىلگىرى ماقالە ئوقۇغان باللارنىڭ گەپلىرىدە تولا تەكرارلىنىپ، ئاختارمىلىقىنىڭ چالمىسىدەك بىئەتىۋا نەرسىگە ئايلىنىپ بولغانىدى ...

ئالاھازەل ئوندەك ساۋاقداش ماقالىسىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە مۇئەللىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— ماقالىلەرنى ئاڭلىدۇق، ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھەققىدىكى يۈزەكىي تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. مېنىڭچە، ھېچكىم خاتا گەپ قىلمىدى. ئالىي مەكتەپ دەرۋەقە يۇقىرىدا ماقالە ئوقۇغان ساۋاقداشلار قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەندەك مۇقەددەس جاي، ئىستىقبال قەسىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. لېكىن، بۇلار ئالىي مەكتەپنىڭ كۆرۈنۈشتىكى، يەنى تاشقى سۈپەتلىرى، — مۇئەللىم بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن

پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى. بۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ تاش ئالمىدەك سۇزۇك چىرايى سەل قىزىرىپ ئەپسۇسلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولغانىدى، ــ كۆڭلۇمدىكى گەپنى قىلسام، نۇرغۇن ماقالىلەر ئوقۇلدى، لېكىن مەن كۇتكەن گەپ ھېچكىمنىڭ ئاغزىغا كەلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن رەنجىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سىلەر بۇ مەكتەپكە ئۇلۇشكۇن كەلدىڭلار. ئالىي مەكتەپ ھەققىدە ئەمەلىي چۈشەنچەڭلەر يوق. بۇنى توغرا چۈشىنىمەن. ئەگەر بۇ سوئالنى بەش يىلدىن كېيىن سورىغان بولسام ھەممىڭلارنىڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشىڭلاردا گەپ يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا سورالغان سوئالنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، كېچىكىپ ھېس قىلغاندىن ھېس قىلمايلا كەتكەن ياخشى. كونىلارنىڭ «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگىنى مۇشۇنىڭغا قاراپ ئېيتىلغان. سىلەر مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى، نېمە ئۈچۈن ئوقۇش پۈتكۈزىدىغاندا سورىلىدىغان سوئالنى ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا تاشلىغانلىقىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭلار ھەرقاچان ...

مۇئەللىم دېگەندەك ئۇنىڭ مەقسىتى بىزگە ئېنىق بولدى. بۇ سوئالدىن مۇئەللىمنىڭ بىزگە قانچىلىك جان كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. تەس كېلىۋاتقىنى مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆلچەملىك جاۋابنى تېپىش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بالىلارنىڭ ھەممىسى يەرگە قارىۋالغان، يۈرەكلىرى پوك ــ پوك ئىدى.

مۇئەللىم بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى:

ــ قېنى بەختىگۈل، نۆۋەت سىزگە كەلدى!

چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەمەلىيەتتە بايىقى تەرتىپ بويىچە بولغاندا ماڭا نۆۋەت كېلىشكە بىرئاز ۋاقىت بار ئىدى. بۇنىڭدىن مۇئەللىمنىڭ مېنىڭ قارىشىمنى ئاڭلاپ بېقىش،

دەيدنغىنىم باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسا، داستىخاننى مۇشۇ يەردە يىغىۋېتىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى. مەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن قولۇمدىكى ئارگىنالنى پارتىغا قويۇپ مۇئەللىمگە يۈزلەندىم:

— مېنىڭ يازغانلىرىمۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ ئوقۇپ يۈرمىسەممۇ بولار.

— بولىدۇ، ئولتۇرۇڭ، — مۇئەللىم تەستىق مەنىسىدە باش لىڭشىتتى.

ۋاقىت سوزۇلغانسېرى سوئالنىڭ جاۋابى تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ، يوشۇرۇن كۆز بېقىشلار، باش قاشلاشلار كۆپىيىشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا مۇئەللىم قولىغا بور ئېلىپ دوسكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇ يېزىقىدا: «ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش» دېگەن تۆت خەتنى يازدى.

— ئوقۇپ بېقىڭلار قېنى.

بالىلار دوسكىدىكى خەتنى ئېگىز ـ پەس ئاۋازدا ئىلگىرى ـ كېيىن ئوقۇپ چىقتى.

— كىم مەنىسىنى ئېيتىپ باقىدۇ؟

بالىلارنىڭ يېرىمى قول كۆتۈردى:

— مە، سىز ...

ھەكىمە ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش.

— توغرا، ئۆلچەملىك بولدى، ئولتۇرۇڭ، — مۇئەللىم ھەممەيلەنگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، — ساۋاقدىشىڭلار ھەكىمە دېگەندەك ئالىي مەكتەپ ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان جاي. بۇ يەردە سىلەر ئاساس، ئوقۇتقۇچى پەقەت يېتەكچى ۋە يول كۆرسەتكۈچى، خالاس!

خۇددى يېمەك ـ ئىچمەكنى تۈگەپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ

قالغان نىمجان سەيياھقا تۇزلۇق سۇ ئۇچرىغاندەك كەيپىياتتا لاسسىدە بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭچە بولغاندا، مۇئەللىمنىڭ جاۋابى مۇنداق ئاددىي گەپلەر بىلەن ئاخىرلاشماسلىقى، ئۇ ھېچبولمىغاندا ئۆلچەملىك جاۋابنى تاپالماي غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغان قەلبىمىزگە تەسەللى بولغۇدەك ــ ئۇلۇغۋار گەپلەر تىزمىسىدىن شەكىللەنگەن دەبدەبىلىكرەك جاۋاب بولۇپ چىقىشى لازىم ئىدى ...

ــ مەن كىيلەر ھەپتىگىچە كۇندە سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن. مەكتەپنىڭ ئەلمى ـ تەلىمنى بىلىپ، ئۆز ئىشىڭلارنى ئۆزۈڭلار قىلغۇدەك بولغان ھامان سىنىپقا كۆپ يولىمايمەن. ھەممە ئىشلار سىنىپ ھەيئەتلىرى ئارقىلىق يۈرۈشىدۇ. ھەممىدە ئاڭلىقلىققا تايىنىمىز. مېنىڭچە، ئاۋۇ دوسكىدىكى تۆت خەتنىڭ مەنىسىنى ئوبدان ھەزىم قىلىپ ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتەلىسەكلا، دىپلومدىن، ئىستىقبالدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ !

مۇئەللىم خاتىرىسىنى ئېلىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. سىنىپتا يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. مۇئەللىم نان بېرىدىغان گەپنى قىلغانىدى.

مەن دوسكىدىكى خەتنى خاتىرەمنىڭ باش بېتىگە كۆچۈرۈپ قويدۇم.

## 3

دەرس باشلاندى. بىزگە بۇ مەۋسۇم «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس»، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. دەرس سالمىقى ئېغىر، ۋاقتى زىچ بولۇپ، باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشكە، ئازراق بوش

ۋاقتىمىز بولسىلا كۇتۇپخانىغا يۈگۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ دەرسلەردىن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»نى سىنىپ مۇدىرىمىز ئەركىن مۇئەللىم ئۆتەتتى. مۇئەللىمنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئۇچۇرى مول، مېتودى جانلىق ئىدى، دەرسكە بىر كىرىشىپ كەتسەك، ۋاقىتنىڭ قانداق توشۇپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالاتتۇق. ئەكسىچە، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسىدە (ئۇنى سۇلايمان مۇئەللىم ئۆتەتتى) ۋاقىت توشتۇرۇش تولىمۇ مۇشكۇل ئىش ئىدى. ئىككى سائەتلىك دەرس ئىككى يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. مۇئەللىمنىڭ قورسىقى چوڭ بولغىنى بىلەن ئۇمىچى تايىنلىق ئىدى. دەرستە كىتابىنىڭ سىرتىغا چىقالمايتتى. ھەتتا بەزىدە دەرسلىك كىتابنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ چىققان تەييارلىقىنىمۇ راۋان ئوقۇيالماي، ۋاقىتسىز قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغدا دەرسنىڭ تېمىسى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئاتالمىش تارىخىنى تونۇشتۇرۇشقا يۆتكىلەتتى. مۇئەللىمنىڭ تارىخى بىر دۆلەتنىڭ تارىخىدىنمۇ ئۇزۇن ۋە «ئۇلۇغۋار» بولۇپ، شۇنچە سۆزلىسىمۇ تۈگىمەيتتى. نېمىشقىدۇر «تارىخ» سۆزلىنىۋاتقان چاغدا مۇئەللىمنىڭ قاچانلا قارىسا تاغ ئاسمىنىدەك تۇتۇلۇپ تۇرىدىغان سورلۇك چىرايى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ ئۆزگىچە ئوخشماي قالاتتى، نۇتقىمۇ بىردىنلا راۋانلىشىپ، پىستان چاقىدىغان ئەسكى مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇللىرى ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيىدا سۈرتۈلگەن تەخسىلىك پىلىموتقا ئايلىنىپ قالاتتى. «تارىخ» سۆزلەپ زېرىككەندە نەسىھەت باشلىناتتى. نەسىھەتلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئاغزى بىر ئېچىلسا، ھايات دۇردانىلىرى ئەپسۇن قاپىقىدىن سۇ تۆكۈلگەندەك بۇلدۇقلايتتى ... سائەت توشۇپ ئۇھ دەپ ئورنىمىزدىن تۇرغاندا كاللىمىزدا ھېچنېمە قالمايتتى. مەۋسۇم ئاخىرىدا زادى نېمىدىن (دەرستىنمۇ، مۇئەللىمنىڭ تارىخىدىنمۇ ياكى نەسىھەت دۇردانىلىرىدىنمۇ)، قانداق ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىمىزنى

بىلگىلى بولمايتتى. باشقا مۇئەللىملەرنىڭ دەرسى قەدىر ئەھۋال ئىدى، ئۇلاردىن باللارغا كۆيۈنمىدىغانلىرىمۇ، «سەللىسى يوغان بولغىنى بىلەن ئىمانى بوش»لىرىمۇ، ھە دېگەندە «پوقنى ئوسۇرۇقتا بېسىش» ئۇسۇلى بويىچە باللارغا ياخشىچاق بولۇپ، كۆن ئۆتكۈزۈش كويىدا يۈرىدىغان قورساق باقتىلارمۇ بار ئىدى.

ئىككى ھەپتىگە قالماي تۇرمۇشۇم ئىزىغا چۈشتى. سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا، كۇتۇپخانا، كومپيۇتېرخانا، چېنىقىش ئورۇنلىرى ... ئومۇمەن ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھەلەر تولۇق ھەم يۈرۈشلەشكەن بولۇپ، ئادەمنى ئالىي مەكتەپ تۇيغۇسىغا ۋە شادلىقىغا چۆمدۈرەتتى. غۇرۇرىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرەتتى. بۇلار ئىچىدە مېنى ئۆزىگە بەكرەك مەھلىيا قىلغىنى يەنىلا كۇتۇپخانا بولدى. مەن بىكار ۋاقىت تاپسىلا كۇتۇپخانىغا چاپاتتىم. كىتاب ــ ماتېرىياللار رەت ــ رېتى بىلەن تىزىپ قويۇلغان ئازادە، يورۇق خانىلاردا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، ئىلىم دېڭىزىدىن ئۈنچىلەرنى يىغاتتىم ... ئاشخانىنىڭمۇ ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى. تاماق تۈرلىرى كۆپ، تەممۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قاراپلا سالغان ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى، نەپسىنى تاقىلدىتاتتى. لېكىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ناچار بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا بۇ «ئاچچىق شاپتۇل»غا نەزىرىمنى سالماي، داغ چاي بىلەن قۇرۇق نان غاجىلاشقا مەجبۇر ئىدىم.

يەنە بىرسى، قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ھەققىدىكى تەسىراتىمدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. مەن ئىلگىرى ئالىي مەكتەپنى بىر غايىۋى سىيما ــ ياخشىلىق، گۈزەللىك بوستانى، پاكلىق زېمىنى دەپ خىيال قىلغانىدىم. بۇ يەردە ئاپپاق چاچلىق پىروفېسسورلار ھەممىگە غوجايىنلىق قىلاتتى. ھەممە كىشى بىلىم ئىگىلىرى، ئەخلاق ساھىبلىرى بولۇپ، ساختىلىق ۋە رەزىللىككە ئورۇن يوق ئىدى ... ئەپسۇس، كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ بەزىلىرى مەن خىيال قىلغاننىڭ ئەكسىچە

بولۇپ، ۋۇجۇدۇمدا كۆچلۈك سىلكىنىش پەيدا قىلدى. تەپسىلىي كۆزىتىش، قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ يەر يۇرۇشلەشكەن ئېگىز بىنالىرى بىلەن ئىلمىي مۇھىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن چوڭ بولغان مەھەللىدىن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن: بۇ يەردىمۇ قۇياش شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتىدىكەن، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ ئاشكارا بولىدىكەن. «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك، ئەخلاق ـ دىيانەت بىلەن ۋاپا ـ ساداقەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بەزى كىشىلەر كىچىككىنە مەنپەئەت ئالدىدا شۇ دەرىجىدە پەسلىشىپ كېتىدىكەنكى، ئۇلار ياتقان پەگاھتا ئىتمۇ ياتمايدىكەن. ئومۇمەن، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، ياخشى بىلەن يامان قوشكېزەك، يامانلارنىڭ نوخلىسى چوڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن، بېلى ئەۋرىشىم، پېشانىسى ئوچراق كېلىدىكەن. لېكىن، بىرنەرسىنىڭ ئورنى ھامان مۇقىم بولۇپ، ئاسانلىقچە سۈلكىتىدىن قالمايدىكەن. ئۇ بولسىمۇ ياخشىلار بىلەن ياخشىلىقنىڭ ھۆرمىتى!

دەرس باشلىنىشىغا ئىككى ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ياسىن كەنجى مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئىشخانىلاردا مۇئەللىملەرنى ئۇچرىتىش تەس ئىدى. ئۇلار دەرس بار چاغدا كېلىپ، باشقا چاغلاردا ئاساسەن ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. سەككىز سائەت ئىشخانىدا ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنمايدىكەن. قەدەمدە بىر يوقلىما قىلىپ مائاشىغا چاڭگال سالىدىغان، كۆزىگە كىرىشىۋالىدىغان ئىشلار يوق ئىكەن...

فاكۇلتېتنىڭ ئىشخانا بىناسىدىن چىقىۋېتىپ ئويلىمىغان يەردىن مەردان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

— بىرسىنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — سورىدى مەردان.

ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى.

مەردان فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى

بولغاچقا، كۈندە دېمىگەندىمۇ ئىككى كۈندە بىر ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. فاكۇلتېتىنىڭ تۇرلۇك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى مەردانىنىڭ ئاغزى، بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىنىپلاردا ئەمەلىيلىشەتتى. نېمىشقىدۇر مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۇرۇپلا ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ قالىدىغان، لېكىن كۆرسەملا تېنىمگە تىترەك ئولىشىپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— يا ... ياسىن كەنجى مۇئەللىمنى ئىزدەپ كەلگەن ...

— كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟ — مەردانىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ماڭا نىگاھىنى تاشلىدى. مەن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

— ياق.

— بۇ مەۋسۇم ياسىن كەنجى مۇئەللىمگە دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلماپتۇ. شۇڭا، چارشەنبە كۈندىن باشقا چاغدا كەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا ...

— بىرەر زۆرۈر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— بىر پارچە خېتى بار ئىدى.

— مەن يەتكۈزۈپ بەرسەممۇ بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — مەن لېۋىمنى بوش چىشلىگىنىمچە سۈس كۈلۈمسىرىدىم، — ئۆزۈمنىڭمۇ مۇئەللىم بىلەن بىر كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى.

— ياسىن مۇئەللىمنى ئۇستاز تۇتاي دەپسىز - دە؟

مەردان كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ بىرنەرسىنى پەملىگەندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى:

— يەتتىنچى، سەككىزىنچى سائەتتە دەرسىڭىز يوقمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداقتا مەن سىزنى ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي.

— يەنە سىزنى ئاۋارە قىلامدىمەن؟
— مېنى قاچان ئاۋارە قىلىپ باقتىڭىز؟
مەن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدىم.
— قولۇمدىكى مۇنۇ تىزىملىكنى جاڭ مۇئەللىمگە بېرىۋەتسەملا ئىشىم تۈگەيدۇ، — دېدى مەردان قولىدىكى بىر دەستە ماتېرىيالنى ئىما قىلىپ، — سىز ئاۋۇ سۆگەت تۈۋىدە بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ھايالشمايلا چىقىمەن.
مەردان بىناغا كىرىپ كەتتى. مەن مەردانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سۆگەت تۈۋىگە كېلىپ بىر خىل خىجىللىق تۇيغۇسىدا ئەتراپقا يوشۇرۇن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ھەممە نورمال، تۇيغۇمدا زاھىر بولغان گۇمانىي نەزەرلىك كۆزلەر ئەتراپتا يوق...
ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم. تېنىمنى چىرمىۋالغان تىترەك ئاستا ـ ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر جىددىيلىشىپلا تۇراتتىم. دېگەندەك بەش مىنۇتقا قالماي مەردانمۇ يېنىپ چىقتى.
— ماڭامدۇق؟
مەن باش لىڭشىتتىم.
ئىككىمىز ئەتراپى قارىياغاچلار سايە تاشلاپ تۇرغان ئاسفالت يولدا يانمۇيان مېڭىپ ئائىلىلىكلەر رايونىغا چىقتۇق.
— كەلگەندىن بېرى ھېكايە يازدىڭىزمۇ؟
— سىز مېنىڭ ھېكايە يازىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.
— سىنىپىڭىزدىكى باللار دەپ بەردى، — دېدى مەردان ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ھەپتىدىن بېرى بىكار ۋاقىت تاپساملا كۇتۇپخانىغا كىرىپ ھېكايىلىرىڭىزنى تېپىپ ئوقۇۋاتىمەن. ھازىرغىچە تۆت پارچە ھېكايىڭىزنى ئوقۇپ بولدۇم. ياخشى يازىدىكەنسىز. بولۇپمۇ «مۇڭگۇ سۈيى» دېگەن ھېكايىڭىز بەك ياخشى چىقىپتۇ. ھېكايىنىڭ تېمىسى يېڭى، پىكرى چوڭقۇر، ھېسسىياتى ئۆزىڭىزدەك سەمىمىي ئىكەن.

ئوقۇغان كىشىدە ئويلىنىش پەيدا قىلىدىكەن. مۇشۇنداق ھېكايىلىرىڭىزدىن يەنە بولسا ئوقۇي دېگەن.

خىجىللىقتىن يۈزۈم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— بەك يۇقىرى باھا بېرىۋەتتىڭىز. مەن مۇشۇ ساھەدە ئاز ـ تولا قەلەم تەۋرىتىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋاتقان ھەۋەسكار، خالاس. ئۇنداق يۇقىرى باھالارغا لايىق ئەمەس !

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى مەردان، — بۇ مېنىڭ گېپىملا ئەمەس، ياتىقىمىزدىكى باللارنىڭ ئورتاق پىكرى. بىز سىنىپتىكى باللار مۇشۇ ھېكايىڭىز ھەققىدە مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىۋاتىمىز. نۆۋىتى كەلگەندە سىزنىمۇ تەكلىپ قىلىمىز، سۆزلەپ بېرەرسىز.

يۈرىكىم سېلىپ ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى. بۇ ھېكايەم ھەققىدە ئىلگىرى مەتبۇئات يۈزىدە تالاش ـ تارتىشلار بولغان، مەخسۇس ئوبزورلارمۇ ئېلان قىلىنغان، لېكىن خەلىچىخان مۇئەللىمدىن باشقا بىرەر كىشى يۈزتۇرا بىرنەرسە دەپ باقمىغانىدى. ھېكايەم ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر بېسىقىپ، ھەممە ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندا، ئويلىمىغان يەردىن يۇقىرى يىللىقنىڭ باللىرى كونا خامانىنى سورۇماقچى بولۇۋېتىپتۇ. چاتاق يېرى مەن بۇ خامانغا ئىگىچى بولۇپ بېشىدا تۇرۇپ بېرىدىكەنمەن.

قەدىمىمنى توختىتىپ مەردانغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قارىدىم.

— ياتاقتا مۇنازىرە قىلساڭلا مەيلى، لېكىن مۇھاكىمە ئۆتكۈزىمىز دېمىسەڭلار. مەن بىر ئىشتا داۋراڭ سېلىشنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپكە كەلگىنىمگە ئەمدى ئىككى ھەپتە بولدى، ئۇياقتىن كېلىپ بولغۇچە بۇياقتىن ئالدىغا چىقىۋالسام تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ.

مەردان بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى چايقىدى.

— بىز سىزنى ئەمەس، ئەسىرىڭىزنى مۇھاكىمە قىلماقچى.

ئەسىرىڭىزنىڭ مۇھاكىمە ئوبيېكتى بولغىنى سىزنىڭ شەرىپىڭىز، مۇھاكىمە قىلىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز!

دەل شۇ چاغدا يان كوچىدىن سۇلايمان مۇئەللىم چىقىپ كەلدى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشقىنىمىزچە تۇرۇپلا قالدۇق.

— بۇ تەرەپلەرگە ئايىغىڭلار يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ گۆشلۈك لەۋلىرى كاچكۇلغا چۇشۇپ كەتكەندەك كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغانلىقىمىزدىن نارازى بولغاندەك قىلاتتى.

— ئەركىن مۇئەللىمنى ئىزدەپ ماڭغان.

— ھىم ...

سۇلايمان مۇئەللىم تاماكىسىنى زەردە بىلەن شوراپ يەرگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن گەپ قىلماستىن ئۆتۈپ كەتتى.

پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. نېمىشقىدۇر بۇ كىشىنى كۆرسەملا تېنىم شۈركۈنۈپ، گەپ - سۆزۈمنى تاپالماي پۇچىلىنىپ كېتەتتىم.

— تازىمۇ بىر، — دېدى مەردان سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ بىزدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى پەملىگەندىن كېيىن ئارقىسىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ، — توكۇر جىندەك نەگە بارسا شۇ يەردە پەيدا بولغان.

ئۇن - تىنسىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

— نېمىشقا ئەركىن مۇئەللىمنى ئىزدەپ ماڭغان، دەپ يالغان ئېيتىسىز؟ — دېدىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— بۇ ئادەمنىڭ ياسىن كەنجى مۇئەللىم بىلەن مىجەزى كېلىشمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— ياسىن مۇئەللىم بىلىمى مول، جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا ۋاي دەپ كەتمەيدۇ. ئۇ بولسا

ئەمىلىنى پەش قىلىپ، ياسىن مۇئەللىمگە كۆن بەرمەيدۇ. بۇ مەۋسۇم ياسىن مۇئەللىمگە دەرس ئورۇنلاشتۇرماسلىقمۇ شۇ سەۋەبتىن بولۇۋاتقان ئىش، بولمىسا دەرسكە كەلگەندە ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئۆتمىدىغىنى يوق !

— فاكۇلتېت مۇدىرىچۇ؟ مۇنداق ناھەقچىلىكلەرگە فاكۇلتېت مۇدىرى ئارا تۇرۇشى كېرەكقۇ؟

مەردان ئەتراپقا قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:

— فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئىشى جىق ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغرىقچان، ئون كۈن خىزمەتتە بولسا، يىگىرمە كۈن دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. ئىنچىكە ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ يۇقىرىدا يۆلەنچۈكى، تۆۋەندە ئىلگۈنچەكلىرى كۆپ. تۇرغان ـ پۈتكىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن توشۇپ كەتكەن، شۇڭا فاكۇلتېت مۇدىرىمۇ ئېھتىيات قىلىسا كېرەك.

مەن ئەلەم بىلەن بېشىمنى چايقىدىم.

— فاكۇلتېتتا ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىشلار كۆپ، بىر كۈنلەردە بۇ ئىشلارمۇ ئوڭشىلىپ كېتەر.

مەن گەپ قىلمىدىم. لېكىن، ياسىن مۇئەللىمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— بەزى ئىشلارنى كېيىنچە چۈشىنىپ، شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ھېسسىياتقا كېلىپمۇ قالىسىز، — دەپ سۆز باشلىدى مەردان گەپنى چاقچاققا يۆتكەپ، — ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ دەيسىز؟

مېنىڭچە بولغاندا مۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ياسىن مۇئەللىمدەك كىشىلەر ئەتىۋارلىنىپ مۇھىم ئىشلارغا قويۇلۇشى، ھېچبولمىغاندا ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى لازىم ئىدى. ئەدناسى بىزنىڭ توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئاشۇ سەھرادا خەت ساۋاتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلىنىدۇ. سورۇنلاردا تۆردىن ئورۇن بېرىلىدۇ. بۇ بىر ئالىي

بىلىم يۇرتى تۇرسا !

— بۇلار بىز تالاش ـ تارتىش قىلىپ ھەل قىلالايدىغان ئىشلار ئەمەس، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ پارتىيىنى قىلىشايلى.

مەن گەپ قىلمىدىم.

— كەلدۇق، — دېدى مەردان مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايىمغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — ياسىن مۇئەللىمنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، بۇ ئەلپازدا كىرسىڭىز قورقۇپ كېسىلى قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ...

مەردان ماڭا ھەييارلىق نەزىرىدە تىكىلدى. مەن كۈلۈپ سالدىم.

ئىشىك ئېچىلىپ، كېلىشكەن بىر ئايال كۆرۈندى.

— ياسىن مۇئەللىمنى ئىزدەپ كەلگەن.

— بار، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار.

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قويۇپ ئىشىك تۈۋىدە ئايىغىمىزنى سالدۇق. ئايال ئىچكىرىگە بويۇندىدى.

— ياسىن ... بۇياققا چىقىڭ، مېھمان كەلدى !

ئۆيدىن سادا چىقمىدى.

— يېزىقچىلىق قىلىۋاتاتتى، — دېدى ئايال بىزگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — يېزىقچىلىقتا بىر كىرىشىپ كەتسە، قۇلىقىغا گەپ كىرمەيدۇ بۇ ئادەمنىڭ ! — ئايال شۇنداق دەپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

— تازا بىئەپ چاغدا كەپتىمىز، — دېدىم مەن مېھمانخانىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان ئەينەك ئىدىش ئىچىدىكى بېلىقلارنى تاماشا قىلىۋاتقان مەردانغا يەر تېگىدىن قاراپ، — باشقا چاغدا كېلەمدۇق يا؟

— مۇئەللىم دائىم شۇنداق، — دېدى مەردان بېلىقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي بىپەرۋا ھالەتتە، — مۇئەللىم ئادەتتە تاماق يېگەن، دەرس ئۆتكەن ۋاقىتتىن باشقا چاغلارنىڭ ھەممىسىدە يا كىتاب كۆرىدۇ، يا يېزىقچىلىق قىلىدۇ. بولمىسا توم ـ توم

كىتابلار نەدىن چىقىدۇ؟

مەن قايىل بولۇپ باش لىڭشىتتىم.

ـــ ھە راست، ـــ دېدى مەردان شىرەدىكى كەمپۇتتىن بىرنى سويۇپ ئاغزىغا سېلىپ ھۇزۇرلىنىپ شورىسۇەتكەندىن كېيىن ماڭىمۇ بىر تال تەڭلەپ، ـــ مۇئەللىمنىڭ كىتابلىرى بەك كۆپ. بىر ئۆينىڭ ھەممىسى كىتاب، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا يوق كىتابلارمۇ بار تېخى، ئەگەر خالىسىڭىز كۆرسىتىمەن.

ـــ خالىمامتىكىن، لېكىن ...

ـــ ئۇنى ماڭا قويۇڭ !

مەردانىنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ياسىن مۇئەللىم بىلەن خېلى چوڭقۇر تونۇشلۇقى باردەك قىلاتتى.

ـــ ھوي مەردانغۇ سەن ! قانداق ئەھۋالىڭ؟ يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟

ـــ ئوقۇش باشلىغاندىن بېرى سەل ئالدىراش بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ يېڭىدىن بىر ئەسەرگە تۇتۇش قىلىۋاتقىنىڭىزدىن خەۋىرىم بولغاچقا، ئاۋارە قىلماي دېدىم. سىنىپتىكى بالىلارنىڭمۇ سىزنى بەك كۆرگۈسى كەلدى، كۈندە گېپىڭىزنى قىلىشىمىز.

ـــ كېلىۋەرسەڭ بولاتتىغۇ، داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ تېنى ساقتۇ؟

ـــ ساق، سىزگە دورا ئەۋەتكەنىنىڭ گېپىنى قىلغان، تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ؟

ـــ ئالدىم، تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئىچىۋاتىمەن.

رەسىمدىكىنىڭ ئەكسىچە ئوتتۇرا بوي، چاچلىرى پاختىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر ئۇلۇغۋار سىيما ئالدىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ـــ بۇ قىزىمىز؟ ... ـــ مۇئەللىم شۇنداق دەپ ماڭا يۈزلەندى.

ـــ ئىسمى بەختىگۈل، بۇ يىل كەلدى، ئەركىن مۇئەللىمنىڭ

سىنىپىدا ئوقۇيدۇ.

— خەۋىرىم بار، خەۋىرىم بار، ئەركىن ماڭا گېپىنى قىلغان. ئۇنىڭسىزمۇ ئەسەرلىرى ماڭا تونۇش، پەقەت يۈز كۆرۈشمىگەن يېرىمىز بار شۇ. شۇنداققۇ قىزىم؟

— شۇنداق، — مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ئولتۇرۇڭ، تارتىنماڭ.

مەن ئاستا ئولتۇرۇپ مۇئەللىمگە يۈزلەندىم.

— مەن سىلىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى خەلچىخان مۇئەللىمنىڭ سىنىپىدا ئوقۇغان.

— شۇنداقمۇ؟ مۇئەللىم ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— خەلىچەم ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟

مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى ئانىسىنى كۆرگەن بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدەك چوغلىنىپ كەتتى. خەلچىخان مۇئەللىممۇ ھەر قېتىم ياسىن مۇئەللىمنىڭ گېپىنى قىلغاندا مۇشۇنداق ھاياجانلىنىپ كېتەتتى.

— ئوبدان، سىلىگە سالام بىلەن قوشۇپ مۇنۇ خەتنى ئەۋەتتى.

مەن سومكامدىن كونۋېرتنى ئېلىپ مۇئەللىمگە سۇندۇم. مۇئەللىم خەتنى ئېلىپ ئالدىرىمىزدىلا ئاۋايلاپ ئاچتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئورۇق قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى.

خەت بىر بەتلا يېزىلغانىدى. مۇئەللىم خەتنى تېزلا ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى.

— خەلىچەمنىڭ بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟

— مۇئەللىم توي قىلمىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياسىن مۇئەللىم يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئارىنى بىرھازاغىچە گۆرستان جىمجىتلىقى قاپلىدى.

— يېڭى رومانىڭىز پۈتەي دەپ قالغاندۇ؟ — ئاريدىكى جىمجىتلىقنى مەردان بۇزدى. مۇئەللىم شېرىن ئۇيقۇسى بۇزۇلغان ئادەمدەك چۆچۈپ ئەترايقا قارىدى.

— ھەئە ... ئاز قالدى.

ئاڭغىچە ئايالى كىرىپ شىرەگە بىر چەينەك چاي بىلەن ئۈچ پىيالىنى قويدى.

— ھە باللار، نېمە يەيسىلەر؟

— تاماقتا باشقا بىر كۈنى كېلەرمىز، — دېدى مەردان.

— كەچلىك تاماق ۋاقتى بولاي دەپ قالدى، سىلەرسىزمۇ بەربىر تاماق ئېتىدىغان گەپ. شۇڭا، تارتىنماي يېگۈڭلار بارنى دەڭلار، ئۆي تامىقىنىمۇ سېغىنىدىڭلار ھەرقاچان، — ئايال پىيالىلەرگە چاي قۇيدى.

— تارتىنماڭلار، ئۆز ئۆيىمىز دەپ بىلىڭلار ! — مۇئەللىم قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى.

— پىدىگەندە ئەتكەن لەڭمىنىڭىز بەك ئوخشايدۇ سىزنىڭ.

— يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ، — دېدى ئايال مەردانغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — سۆزۈڭدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ، تەلەپمۇ بار، ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىياتچىغا خاس پۇراق بار. مەن مۇشۇنداق گېپى ئوچۇق ئادەملەرگە ئامراق !

ئايال ئاۋۋال ماڭا چاي تۇتتى:

— بۇ قىزىمىز كىم بولىدۇ؟ ئەجەب ئىلگىرى كۆرمەپتىكەنمەنغۇ؟

— ئىسمى بەختىگۈل، بۇ يىل كەلدى.

— مېھرى ئىسسىق، تارتىنچاق قىز ئىكەن، خۇدا بەختىڭىزنى بەرسۇن !

— رەھمەت، ئاچا.

— مېنىڭ ئىسمىم مېھرىبان، — دېدى ئايال پەتنۇسنى مۇئەللىمگە سۇنۇۋېتىپ، — ماۋۇ كۆز مونچاقنىڭ بىرىنچىدىن مېھرىبان ئايالى، ئىككىنچىدىن قىزغىن كىتابخانى. ئەڭ

مۇھىمى ئەسەرلىرىنىڭ تۈنجى ئوقۇرمىنى ۋە رەھىمسىز ئوبزورچىسى !

مېھرىبان ئاچا ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي بولۇپلا قالماستىن يەنە قىزىقچى ئىدى. ھەربىر گېپى مەنىلىك، ئوبرازلىق بولۇپ، ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇراتتى.

— ئەمىسە تاتلىق - تۈرۈملارغا باققاچ پاراڭلىشىپ تۇرۇڭلار، تاماق ھازىرلا تەييار بولىدۇ.

مېھرىبان ئاچا ئىچكىرىگە ماڭدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— مەنمۇ ياردەملىشەي.

— بۈگۈنچە سىز مېھمان، — دېدى مېھرىبان ئاچا يەنە شۇ خۇشخۇيلۇقى بىلەن ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — مېھماننى ئىشقا سېلىش مۇسۇلماندارچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۈگۈنچە مېھمانلىق ھوزۇرىنى سۈرگەچ تۇرۇڭ، كېلەر قېتىم كەلگىنىڭىزدە قازان بېشىنى ئۆتچە تاشلاپ بېرىمەن سىزگە.

ھەممەيلەن كۈلۈشتۇق. مېھرىبان ئاچىنىڭ خۇشخۇيلۇقى ئارىدىكى تارتىنىشنى بىردەمدىلا بېسىقتۇرۇپ بىر خىل ئىللىق كەيپىيات ھاسىل قىلدى. مەن تۇرۇپلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ياراتقۇچىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ! «توكۇرنى پۈتىدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، خۇدايىم فاكۇلتېتتا تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بۇ سۆيۈملۈك ئۇستازغا مېھرىبان ئاچىدەك كۆيۈمچان بىر ئايالنى ھەمراھ قىلىشنى ئۇنتۇماپتۇ. مۇئەللىمنىڭ شۇنچە بېسىم ئىچىدىمۇ يەنىلا روھىنى چۈشۈرمەي مەردانە ياشىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭغا كۈچلۈك بىر ئايال يار - يۆلەكتە بولۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ !

مەن مېھرىبان ئاچىنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىش نىيىتىگە كېلىپ بۇ خىيالىمدىن ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كەتتىم. دېمىسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ ياخشىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىللەتلىرىممۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئاساسلىقى بەك تارتىنچاق،

جۇرئەتسىز، يېزىقچىلىقتىن باشقا ئىشلارغا تازا ئېپىم يوق، ھەممىدە تىترەپلا تۇرىمەن. كۆڭلۈمدىكىنى سىرتقا چىقىرالمايمەن، باشقىلارنى يا كۆلدۈرەلمەيمەن، يا يىغلىتالمايمەن. مانا مېھرىبان ئاچىغا قاراڭ: ئۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق، كۆڭلىدە نېمە بولسا ئاغزىدا شۇ. گېپىمۇ تاتلىق، قىلغان ئىشلىرىمۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق...

— مەكتەپكە كۈنۈپ قالغانسىز؟

ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ياسىن مۇئەللىم بۇزدى.

— كۈنۈپ قالدىم. ئۆگىنىش شارائىتى بەك ياخشى ئىكەن. لېكىن ...

مەن يەرگە قارىۋالدىم. مۇئەللىم كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ بولغانىدى.

— يېزىقچىلىققا ۋاقىت چىقىرالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇ نورمال ئەھۋال، — دېدى مۇئەللىم پىيالەمگە چاي لىقلىغاچ، — بىرىنچى يىلىغا ساپلا قىيىنلىق دەرىجىسى سەل يۇقىرى كەسپىي دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا پەرق زور. ماسلىشىپ بولۇشقا سەل ۋاقىت كېتىدۇ، ئىككى ئايغا قالماي ماسلىشىپ كېتەلەيسىز. ئۇ چاغدا يېزىقچىلىققىمۇ ۋاقىت چىقىرالايسىز.

مەن ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغان ئادەمدەك بىردىنلا يېنىكلەپ قالدىم.

— مەن سىز ئېلان قىلغان ھېكايىلەرنى ئوقۇغان. لېكىن، سىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىڭىزدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن. راست گەپنى قىلسام، مەن ھېكايىلىرىڭىزدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كەڭلىكى ۋە پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ سىزنى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى سىياقىدا پەرەز قىلغان. كېيىن تەھرىر

بۈلۈمىدىكىلەردىن سىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ ھەيران قالدىم. مانا ھازىر بىزگە ئوقۇشقا كىرىپ سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىۋاتىسىز. سىزدەك بىر تالانت ئىگىسىنىڭ فاكۇلتېتىمىزغا ئوقۇشقا كىرىشى بىزنىڭ بەختىمىز، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەختى! فاكۇلتېتىمىز تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بولغىنى بىلەن ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى يازغۇچى ـ شائىرلىققا ماتېرىيال بولغۇدەك بىرەر ئوقۇغۇچى چىقماي بېشىمىز چۈشۈپ كەتكەندى. بۇ بوشلۇقنى سىز تولدۇرىدىغان بولدىڭىز!

مەن قولاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

— يېزىقچىلىققا قاچاندىن باشلاپ كىرىشكەن؟

— تولۇقسىزغا چىققاندىن باشلاپ مەشىق ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلىغان. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا خەلىچىخان مۇئەللىمنىڭ ياردىمىدە تۇنجى ئەسىرىم «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ مەنمۇ ئەسەر ئېلان قىلسام بولىدىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ يېزىقچىلىققا بېشىمچىلاپ كىرىشىپ كەتتىم.

— مېنىڭمۇ تۇنجى ئەسىرىم «تارىم غۇنچىلىرى»غا چىققان. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىكى ئىش. بۇ جەھەتتە سىز مەندىن ئىلگىرى تۇرىدىكەنسىز، — دېدى مۇئەللىم ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويۇپ، — بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا يېتىشىپ چىققان مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاپتورلارنىڭ تۇنجى ئەسىرى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ ژۇرنال كۆزۈمگە بەك ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. ھازىرمۇ مۇشتەرى بولۇپ كېلىۋاتىمەن.

مەردانىنىڭ كۆزى يەنىلا پىلتىڭلاپ ئۆزۈۋاتقان بېلىقلاردا ئىدى. مەن ئۇنى بوش نوقۇپ قويدۇم.

— ئوقۇش يېزىشنىڭ ئاساسى، — دېدى مۇئەللىم بىردىنلا روھلىنىپ، — يېزىقچىلىقتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى كۆپ

ئوقۇش ! يازغۇچى ئاۋۋال بىلىملىك ئادەم بولۇشى كېرەك. داڭلىق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇماي، تەتقىق قىلماي، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتمەي تۇرۇپ ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ھەمدە ئىجادىيەتنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

مەن باش لىڭشىتىپ قايىللىقىمنى بىلدۈردۈم.

— سىز ھازىرغىچە قانچە پارچە رومان ئوقۇدىڭىز؟

— ئوتتۇز پارچىغا يېتەرمىكىن.

— ئاز ئەمەس ئىكەن، — دېدى مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتىپ، — لېكىن بۇ يېتەرلىك ئەمەس. زوردۇن سابىرنى بىلەمسىزغۇ؟

— مەن ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى دېگۈدەك ئوقۇپ چىققان.

— ياخشى، بۇ كىشىنىڭ يىگىرمە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

مەن يەرگە قارىۋالدىم. راست گەپنى قىلسام، مەن بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالا قويماي ئوقۇغان، يېزىقچىلىق سۈرئىتى ۋە دىتىغا ھەيران قالغان. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇنى قولىنى شىلتىپ قويسىلا قەلىمىدىن ئەسەر تۆكۈلىدىغان بۈيۈك زات تەرىقىسىدە خىيال قىلىپ، ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا ئىشەنگەن. لېكىن، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىش خىيالىمغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى.

— زوردۇن سابىرنىڭ شۇنچە كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىنىڭ سەۋەبى ھەر تەرەپلىمە، ئاساسلىقى ئىجادىيەت تەييارلىقى بىلەن بىلىم ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى ! ئۇ سىزدەك چېغىدا ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ مەقسەتلىك ھالدا ئۈچ يۈز پارچىغا يېقىن رومان ئوقۇغان.

ئۈچ يىلدا ئۈچ يۈز پارچە رومان ئوقۇش بۇ نېمىدېگەن زور

www.uyghurkitap.com

سان ـ هە ! مەن زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ غەيرىتىگە ھەيران بولدۇم. ئۇستازغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى.

— ئازات سۇلتانمۇ شۇنداق، — دېدى مۇئەللىم ماڭا سىناش نەزىرىدە قاراپ قويۇپ، — ئۇ يازغۇچى ئەمەس، ئەدەبىياتشۇناس. ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بولغۇچە ئېلىمىز ۋە چەت ئەلنىڭ ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان يۈز پارچىغا يېقىن رومانىنى ئوقۇپ ھەزىم قىلىپ بولغان. ئۇ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇيغۇرچە ئوقۇغان. نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغاندا، تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇماي بىۋاسىتە كەسىپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان. بىۋاسىتە كەسىپ ئوقۇش دېگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئوقۇش دېگەن گەپ. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان بىر ياش ئۇچۇن بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالايسىلەر ... ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەنلەر تازا ئىككىلىنىپ قىلالماي ئازات سۇلتان بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەن. ئازات سۇلتاننىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى مول بىلىمى، بولۇپمۇ ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكى سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغان. ئۇلار بىر دەك: ئازات سۇلتان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە كەسىپ ئوقۇسا تامامەن بولىدىكەن، دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى نەق مەيداندا تەستىقلىغان.

— بۇ ئىككى ئۇستازنىڭ بۈگۈنكىدەك كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدە ياش چېغىدا ئوقۇغان كىتابلىرى ئاساسلىق رول ئوينىغان. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم.

مۇئەللىم ماڭا: «سىزچۇ؟ سىزمۇ شۇنداق قىلالامسىز؟» دېگەن مەنىدە يەر تېگىدىن قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يېزىقچىلىقتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۆزىنى

بېغىشلاش، جاپاغا چىداش روھى بولۇش. بەزىلەر يېزىقچىلىقتا تالانت ئاساس، دەيدۇ، بۇ خاتا ئەمەس. لېكىن، تالانت ھۇرۇن مېھماننى ھەرگىزمۇ ئۆز باغرىغا چىللىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى بېغىشلاش ئاساسىدىكى تىرىشچانلىق بىلەن چەمبەرچاس بىرلىشىشى لازىم. بىز ئەدەبىياتقا ئۆزىمىزنى بېغىشلىساق، تەبىئىي يوسۇندا ئەدەبىياتمۇ بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ. بىز ئەڭ سەمىمىي ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەدەبىياتنى تاللىساق ۋە ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلساق، ئەدەبىياتمۇ بىزنى تاللايدۇ. ئەدەبىيات بەك سەزگۈر، بەك پاكىز كەسىپ، ئۇ قىلچىلىك ساختىلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئەدەبىياتقا سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماي، شۆھرەت پەلەمپىيىنىڭ شوتىسى قىلىشقا ئۇرۇنۇپلا قالساق، بۇ شوتىدا تۇنجى بولۇپ موللاق ئاتىدىغىنى ئۆزىمىز بولۇپ قالىمىز. يەنە بىرى، يازغۇچى بولۇشنى ئويلىغان كىشىدە چوقۇم جاپاغا چىداش روھى ۋە پۇختا ئىدىيەۋى تەييارلىق بولۇشى لازىم. ئەدەبىياتنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن. ئۇ چىم تېرىشقا، قوي بورداشقا ئوخشىمايدۇ. چىمنى تېرىپ ھەپتە ـ ئون كۈندىن كېيىن نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قوي بورداشمۇ شۇنداق. لېكىن، ئەدەبىياتتا نەچچە ئون يىللاپ كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئون يىللاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ تۈزۈكرەك نەتىجە قازىنالماسلىقى مۇمكىن. مەن بىر پارچە ماقالەمدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئوخشاتقانىدىم. بۇ قارىشىم تازا قوبۇل قىلىنىپ كەتمىدى، لېكىن مەن يەنىلا شۇ قاراشتا ! سىزمۇ بىلىسىز، مارافونچە يۈگۈرۈشتە، سەپنىڭ بېشىدا مىڭلاپ ئادەم تەڭ يەللىدىن چىقىدۇ، لېكىن ئاخىرىغا يېتىپ بارالايدىغىنى قانچىلىك؟ بارماق بىلەن سانىغۇدەك بىرنەچچىلا ئادەم، خالاس. شۇڭا، چىدامسىز ئادەملەر بۇ سەپكە قېتىلىپ ۋاقتىنى زايە قىلمىغىنى تۈزۈك !

مۇئەللىم يېنىنى ئاختۇرۇپ، بىر تال تاماكىنى لېۋىگە

قىستۇرغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئوت تۇتاشتۇرماي جايىغا سېلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇچىنچىسى، جاپالىق مەشىق. ھەممە ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بار. ئۇلار خۇش بولغاندا ياكى قاتتىق ئازابلانغاندا بىرەر پارچە ئەسەر ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىگۈسى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىدىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلغۇسى، ھېسسىيات جەھەتتە باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كېلىدۇ. بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت. ھەتتا بەزىلىرى بىر كېچىدە بىر پارچە روماننىڭ تېزىسىنى تۈزۈۋېتىدۇ. لېكىن، ئەتىسى قولىغا قەلەم ئالغاندا بىر جۈملىمۇ يازالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۇلار يېتەرلىك يېزىقچىلىق مەشقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. شۇڭا، يېزىقچىلىقنى كەسىپ قىلماقچى بولغان ئادەم چوقۇم مەشىققە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. قەلەم يېزىش جەريانىدا تېزلىشىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پىكىرمۇ راۋانلىشىدۇ ... بىلىشىمچە سىز ئون پارچىغا يېقىن ئەسەر ئېلان قىلدىڭىز، ئەدەبىياتتا مەڭگۈ يوقىرى پەللە بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا سىز يەنىلا ھەۋەسكار، مەنمۇ شۇنداق! بىر ئىشنى بىلمەي قىلغاندىن، بىلىپ قىلغان ياخشى. سىز ھازىر سىستېمىلىق ئەدەبىيات تەربىيەسى ئېلىۋاتىسىز، بۇ «ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەكلا ياخشى ئەھۋال ... مەن تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. مېنىڭ ئەدەبىياتقا، بۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان ياشلارغا مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتىم بار. مەن سىزگە بۈگۈندىن كېيىن ئالدىڭىزغا كېلىدىغان بەزى ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بەزى بېشارەتلەرنى بەردىم، مەقسىتىم — ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ بېقىشقا، بەزى ئىشلارنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئەگرى يولنى ئاز بېسىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ سىزگە پايدىلىق ...

مۇئەللىم چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ سۆزىنى ئۇلىدى:

— خەلچەم مېنىڭ سىزنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، يارامسىق بىر يازغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمنى تاپىلاپتۇ. ئېنىقكى يازغۇچىلىق شاگىرتقا كىرىپ ئۆگەنگىلى، شاگىرت قوبۇل قىلىپ ئۆگەتكىلى بولىدىغان كەسىپ ئەمەس، ھەممىدە ئۆزىمىزنىڭ دىتىغا، تىرىشچانلىقىغا تايىنىدىغان گەپ. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرۈپ پىكىر بېرىش، خالاس. قالغىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىلكىدە!

مۇئەللىمنىڭ دەۋاتقانلىرى مەن نەچچە يىلدىن بېرى كۆپ ئويلانغان، لېكىن تازا ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن ئەڭ كېرەكلىك گەپلەر ئىدى. مەن يازغۇچى بولۇشنى ئىستەيتتىم، بۇ يولدا ھەممىگە تەييار ئىدىم. لېكىن، بۇ ئىستەكلىرىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىدە نىشانىممۇ، يولۇممۇ گۇڭگا ئىدى، ئالۋۇندەك تۇتۇق بەرمەيتتى. ھەممىدە قارىسىغا ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر ئىدىم. شۇ سەۋەبلىك تىرىشچانلىقىمغا تۇشلۇق نەتىجەم يوق ئىدى. ھازىر بۇ ئالۋۇنلار سوزۇلۇپ، بۈيۈك ئارمانلىرىم بىلەن ئىنتىلىشچان ئەمەلىيىتىم ئارىلىقىغا يول ئېلىنىپ ئىزتىراپلىق قەلبىمگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىندى. بۇ يول ئايدىن يورۇق، كۆندىن نۇرلۇق بولۇپ، بەل قويۇۋەتمىسەملا، مېنى ئىستىقبال قەسرىگە يەتكۈزەلىشىگە ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

— رەھمەت، مۇئەللىم، گېپىڭىزنى قۇلىقىمدا چىڭ تۇتىمەن، — دېدىم مەن ھاياجىنىمنى تەستە بېسىپ، — مەن چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىپ يۈزىڭىزنى يورۇق قىلىمەن. بۇ جەھەتتە ئەقىدە ـ ئېتىقادىممۇ، غەيرەت ـ شىجائىتىممۇ بار. مەن دېھقان بالىسى، جاپادىن قورقمايمەن، مەن چوقۇم تىرىشچانلىقىم، سەمىمىي، ساداقىتىم ئارقىلىق سىلەرگە جاۋاب قايتۇرىمەن ...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مۇئەللىمگە ھۆرمىتىمنى بىلدۈردۈم.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، دېگىنىڭىز كەلگەي. نەتىجە ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ، بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. سىز تىرىشىشىڭىزلا چوقۇم كۆزلىگەن مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز!

**4**

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. ياسىن مۇئەللىم سوۋغا قىلغان «ئېغىر تىنىقلار» رومانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ ئەركىن مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى مۇئەللىم قول ئىشارىتى قىلىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن مۇزاكىرە ئارىلىقىدا كىرسەم ئورنۇڭلاردىن تۇرمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ھەممىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرساڭلار دىققەت چېچىلىپ، ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىپ قالىدىكەن.

ھەممەيلەن مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا قاراشتۇق.

— باشقا گەپ ـ سۆز يوق، ئۆگىنىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، شۇنداق دەپ مۇئەللىم تاھىرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— باللار تولۇقتۇ؟ — دەپ سورىدى پەس ئاۋازدا.

— ئىپارگۈل زۇكامداپ قاپتىكەن، ياتاقتا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، باشقىلار تولۇق.

— ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ئۇنى بىلمىدىم، — دېدى تاھىر ئادىتى بويىچە گەدىنىنى سىلاپ قويۇپ، — ياتاقداشلىرى شۇ گەپنى قىلدى.

مۇئەللىم تاھىرغا نارازىلىق كەيپىياتىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى:

— سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق، — دېدىم مەن مۇئەللىمنىڭ نارازىلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى ئەپقېچىشقا تىرىشىپ، —

مەنمۇ ھازىر ئوقۇتۇم.

مۇئەللىم ئىپارگۈلنىڭ ياتاقداشلىرىغا گۇمانىي نەزەردە بىر قۇر قاراپ چىقتى. لېكىن، گەپ قىلمىدى. نېمىشقىدۇر قىزلار ئىمكان بار مۇئەللىمنىڭ قاراشلىرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىشقا تىرىشاتتى. مۇئەللىم بىردەم ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى.

— سىز سىرتقا چىقىڭ، سۆزلىشىدىغان ئىش بار.

مەن مۇئەللىمگە ئەگىشىپ كارىدورغا چىقتىم. مۇئەللىم بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىچە خورسىنىپ قويۇپ پەلەمپەينى ئىشارەت قىلدى.

— پەستە پاراڭلىشايلى.

مەن مۇئەللىمگە ئۈن - تىنسىز ئەگەشتىم.

— مەردان بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمغا توقماق تەگكەندەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم.

— بۇ ... مەن ...

— بايا مەردان بىلەن نەگە بارغان؟

— ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بارغان.

— سۇلايمان مۇئەللىمگە بىزنىڭ ئۆيىگە بارىمىز دەپتىكەنسىلەرغۇ؟

يالغانچىلىقىمىزنىڭ مۇنچە تېز ئاشكارىلىنىپ، ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سىنىپ مۇدىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي گاراڭ ھالەتتە يەرگە قارىۋالدىم.

— بايا سۇلايمان مۇئەللىم چاقىرتىپتىكەن، — دېدى ئەركىن مۇئەللىم ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — ئىشخانىسىغا كىرىشىمگە چالۋاقاپ خاپا بولۇپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، سىز مەردان بىلەن ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا سۇلايمان مۇئەللىمگە ئۇچراپ قالغان ئوخشايسىلەر. سىلەرنى كۆرۈپ مۇئەللىمنىڭ

كەيپى ئۇچۇپتۇ.

ئەركىن مۇئەللىم تاماكا ئىلىپ تۇتاشتۇردى.

— سىز بەلكىم بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، سۇلايمان مۇئەللىم مۇھەببەتلەشكەن بالىلارغا بەك ئۆچ. بىلىپلا قالسا بەك خاپا بولۇپ كىتىدۇ.

— مۇئەللىم، مەن ...

مەن بولغان ئەھۋالنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە دەپ ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولدۇم، لىكىن ئاغزىمغا گەپ كىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بەلكىم سۇلايمان مۇئەللىم خاتا پەرەز قىلغاندۇ، — دىدى ئەركىن مۇئەللىم تاماكا قالدۇقىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋىتىپ، — لىكىن سىز قىز - ئوغۇل مۇناسىۋىتىگە كەلگەندە بەك دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى، قىزلارنىڭ بىشى. ھەممە بالىلار، بولۇپمۇ قىزلار سىزگە قارايدۇ. سىز سۆز - ھەرىكەتتە شۇنداقلا قىيىپ كەتسىڭىز، بىرىنچىدىن، بالىلار ئالدىدا گىپىڭىز ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئىككىنچىدىن، سىنىپنىڭ ئومۇمىي ئىستىلى بۇزۇلۇپ، ناچار كەيپىيات باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ.

مۇئەللىم ماڭا يەر تىگىدىن قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:

— مەكتەپ مۇھەببەتلىشىشنى چەكلىمەيدۇ. چۈنكى، سىلەر ئون سەككىزدىن ئاشقان بالىلار، شۇنداقلا تەشەببۇسمۇ قىلمايدۇ. فاكۇلتىتىمىزغا كەلسەك، ئەھۋال باشقىچىرەك: بايا دەپ ئۆتتۇم، سۇلايمان مۇئەللىم بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ تۆۋەن يىللىقنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە قەتئىي قارشى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار مۇھەببەتلەشسە دەرستە چىكىنىپ كىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزدىمۇ «بالدۇر ئىچىلغان گۈل بالدۇر توزۇيدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مۇئەللىمنىڭ گىپىنىڭمۇ ئاساسى بار، شەخسەن مەنمۇ بۇ قاراشنى ياقلايمەن ...

— ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىم ياسىن مۇئەللىمگە

بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاشقا تىرىشىپ، — ياسىن مۇئەللىمنىڭ دەرسى بولمىغاچقا ئىشخانىسىغا كەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۆيىگە ...

مېنى ئىچ - ئىچىمدىن يىغا تۇتتى.

— بولدى، مەن چۈشەندىم، — دېدى مۇئەللىم بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، — سىزگە ئۇۋال بولغىنى ئېنىق. لېكىن، بۇ چۈشەندۈرۈش تەس بىر ئىش. سەۋەبى: سىلەر سۇلايمان مۇئەللىم نەگە ماڭدىڭلار دەپ سورىسا، ئەركىن مۇئەللىمنىڭكىگە دەپ، جاۋاب بېرىپسىلەر ئەمەسمۇ؟ بايا ئىشخانىغا كىرگىنىمدە سۇلايمان مۇئەللىم: مەردان بىلەن بەختىگۈل دېگەن قىز ئۆيىڭىزگە باردىمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئىشنىڭ باش - ئاخىرىدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا، ياق، دەپ جاۋاب بېرىپتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى. مۇشۇ ئىشقىمۇ بەك رەنجىپ كەتتى. ھەتتا ئىككىسىنى سىنىپ ھەيئەتلىكىدىن ئېلىۋېتىش كېرەك، دەپ بىرھازا قايناپ كەتتى ...

«يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن شۇ - دە ! شۇنچىكى دەپ قويغان بىر ئېغىز گەپ ئايلىنىپ كېلىپ بېشىمىزغا بالا بولغانىدى. يا «بۇ گەپنى مەن ئەمەس، مەردان دېگەن» دەپ بىر ياقىقا چىقىپ تۇرغىلى بولمىسا؟ مەن شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە، بۇنىڭدىن كېيىن كاللا كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ يالغان سۆزلىمەسلىكنى نىيەت قىلدىم.

— بەك قورقۇپمۇ كەتمەڭ، بەلكىم سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئەتىگىچە ئاچچىقى يېنىپ بولدى قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس. مەنمۇ بېرىپ ئىشىمنى ئىشلەي.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان يەنە بىر ئىش — ئىپارگۈلنىڭ ئىشى. بايا سىنىپتا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم، لېكىن ھەممىنى بىلىپ تۇردۇم: ياتاقداش قىزلار يالغان ئېيتتى، ئىپارگۈل كېسەل ئەمەس، ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەن. كەچتە

مۇشۇ ئىشقا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويۇڭ.
ـــ ماقۇل.
ـــ ئەمىسە خوش.
مۇئەللىم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى.

سىنىپقا چىقىش نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى، يىغىدىن قاپاقلىرىم ئىششىپ كەتكەن، ئاۋازىممۇ تومۇ تەگكەن ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك غاراڭلاپ قالغانىدى. بالىلار مېنى بۇ هالدا كۆرسە، خىلمۇخىل ئويلاردا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، يېقىنىلا يەردىكى تۇرۇبىدا يۈزۈمنى يۇيۇۋېتىپ، ئالمىلىق باغقا كىرىپ ئولتۇردۇم.

پۇت ـ قولۇم ئېغىر ۋە كالانپاي، كاللام سىستېمىسى يۇيۇلۇپ كەتكەن كومپيۇتېردەك قۇپقۇرۇق ئىدى. تۇرۇپ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ قانغۇچە يىغلىغۇم، تۇرۇپ قاقاهلاپ كۈلگۈم كېلەتتى. جاهاننىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن قىزىق: تېخى نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا ئارامبەخش ناۋاسى بىلەن ئانا كەبى ئەركىلەتكەن هايات بىردەمدىلا تاز كېپىنىنى كىيىپ ئىت كەبى تالىغىنىنى!

قوڭغۇراق چېلىنىپ بەش مىنۇتقا قالماي ئالمىلىق باغنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. مۇزاكىرىدىن چۈشۈپلا ئالدىراش مۇشۇ تەرەپكە جۆنەشكەن جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەر باش بېكەتتە ئاپتوبۇسقا چىققان يولۇچىلاردەك بىر ـ بىرىنى سۈرەشكىنىچە باغ ئىچىدىن ئالدىراش ئورۇن ئىگىلەشكە باشلىدى. مەن كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم. هايالشىماي بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىن پىچىرلاشقان، پىخىلداپ كۈلۈشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىلگىرى بۇ باغدا بىرنەچچە قېتىم ئولتۇرغانىدىم. ئەتراپى پاكار ئارچىلار بىلەن ئىهاتىلەنگەن ئىككى مو كۆلەمدىكى ئالمىلىق باغ مەكتەپنىڭ ئەڭ تارتىملىق يېرى ئىدى. مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارنىڭ شېرىن ھىدى

دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قۇشلارنىڭ ناۋاسى قوشۇلۇپ، تۈگىمەس دەرس ۋە تاپشۇرۇقلار دەستىدىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋۇجۇدىمىزغا ئانا تەبىئەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ ھاردۇقىمىزنى چىقىراتتى. بۇ ئەلۋەتتە قۇياش پارلاپ تۇرغان كۈندۇزدىكى مەرھەمەتلەر ئىدى. ئۇنىڭ يورۇقلۇق يوقىغان ھامان ئەسەبلىرى قوزغىلىپ ھېچنەرسە كۆرمەيدىغان بىر توپ ھايۋانلارنىڭ مەينەتچىلىك باسقان رەزىل ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىدىم. تۇرۇپلا تېنىمگە قورقۇنچ كىرىۋالدى. يۈرىكىم سېلىپ نەپەسمۇ ئالالماي قالدىم. بىر قارا قول ماڭا قاراپ سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. يەنە ئۇندىمەي ئولتۇرىۋەرسەم بوغۇلۇپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتىم. نەدىن كەلگەن كۈچ بىلمىدىم، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم ... ياتاققا كىرىپمۇ ئۆزۈمگە قايتالمىدىم.

— ۋىيەي، نېمە بولدى ساڭا، چىرايىڭ تاتىرىپ كېتىپتۇغۇ؟

بۇ زىباگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ بىر ئىشنى مۇبالىغە قىلىپ سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان كىچىككىنە ئىشمۇ قار پومزىكىدەك يوغىناپ چوڭ ئىشقا ئايلىناتتى. شۇڭا، سىنىپتىكى بالىلار ئۇنىڭ يېنىدا گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، قاپىقىمۇ مۇشتتەك ئىششىپ كېتىپتۇ !
— كۆزىمۇ بەقەمدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ !
— مۇئەللىم ئاچچىقلىدىمۇ؟
— بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ يا؟

بىردەمدىلا سوئاللار دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپلا قالدىم.

— ھېچ، ھېچ ئىش يوق، — دېيەلىدىم ئارانلا، — ئاشقازىنىم ئاغرىپ ...

مەن يېرىم سائەت ئىلگىرى يالغان ئېيتماسلىق ھەققىدە ئەھدە قىلغانىدىم. ئامالسىز يەنە يالغان ئېيتىشقا توغرا كەلدى.

شۇنداق دېمىسەم بالىلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش قىيىنغا توختايتتى. لېكىن، بۇ گېپىمگە ھېچكىم ئىشەنمىدى.
— بايا سىنىپتىن بىر ئوبدان چىقىپ كەتكەنىدىڭغۇ؟
— شۇ ئەمەسمۇ؟
— ھەرقاچان ئىپارگۈلنىڭ ئىشى بىلەن مۇئەللىم تەنقىدلىگەن گەپ.
— ئىشنى ئىپارگۈل قىلسا، گەپنى بەختىگۈل ئىشتىسە توغرا بولمايدۇ ـ دە؟ ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيۈشى كېرەك!
— شۇنداق!
— بۇ خېنىممۇ ئۆزىنى بىلمەيدىكەن!
— قارىسىغۇ بىر ئوبدان قىزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، قىلغان ئىشلىرى ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدۇ.
— ئىككى ھەپتە بولا ـ بولماي يۈزىمىزنى تۆكۈپ بولغىلى تۇردى، تۆت يىلغىچە ئىش باردەك قىلىدۇ بىزگە.
— كىم كىمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپتۇ؟ ھەممىڭلارنىڭ يۈزى ئۆز جايىدا ساق ـ ساق تۇرىدۇ ئەنە!
چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. بالىلار ئاغزىنى تۇتۇشۇپ جىم بولۇپ قالدى. ئىشىك تۈۋىدە ئىپارگۈل يىرتقۇچ شىردەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى.
— كەلدىڭىزما؟
مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىپارگۈل ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن بويىندا شاپتۇل قاقتى.
— كەلدىم، كەلمەي نەگە باراتتىم؟!
شۇ ئەسنادا ياتاقتىكى تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.
— ۋەي، بار، بار، — گۈزەلنۇر ماڭا يۈزلەندى.
— بەختىگۈل، سىزگە كەپتۇ، ئەركىن مۇئەللىم ئىكەن.
بالىلار جىم بولۇشتى. مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم.

— مەن بەختىگۈل.
— ئىپارگۈل كەلدىمۇ؟
— كەلدى.
— تېلېفوننى بېرىڭ.
مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئىپارگۈلگە تەڭلىدىم.
— مۇئەللىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.
ئىپارگۈل توك سوقۇۋەتكەن ئادەمدەك سىلكىنىپ كەتتى. نەچچە جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.
— مەن ئىپارگۈل.
تېلېفون ئۈزۈلدى. ئىپارگۈل تۇرۇپكىنى تۇتقىنىچە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدا بايىقى كۆرەڭلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئەكسىچە يېڭى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسىدە بولۇپ قالغانىدى.
ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدۇق. مەن مۇئەللىم ئىپارگۈلگە ئاچچىقلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى. پەقەت ئۇنىڭ ياتاققا قايتىپ كەلگىنىگە ئىشەنچ قىلغان ھامان خاتىرجەم بولۇپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. لېكىن، بىرنەرسە ئېنىق بولدى: مۇئەللىم بىزگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا، مەن: «ئىپارگۈل قايتىپ كەلدى» دېگىنىمدىلا بولدى قىلىپ ئۇنى تېلېفونغا چاقىرتىپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئىچىم يەنە ئاچچىق بولدى ...

4

تۆت - بەش كۈنگىچە قويغان - تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراڭ ھالەتتە يۈردۈم. ئەركىن مۇئەللىم تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن چېغى، سۇلايمان مۇئەللىم قايتا زىغىرلاپمۇ يۈرمىدى، ئەكسىچە ئويلىمىغان يەردىن دەرسكە كىرسىلا ئۆزىچە يېقىنچىلىق

قىلىدىغان، ھە دېگەندە مېنى داڭلاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئىشنى چىڭغا چىقىرىپ قالغان بولسا، فاكۇلتېتتا باش كۆتۈرۈپ يۈرمىكىمۇ تەسكە چۈشەتتى. ئەركىن مۇئەللىمنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ بىر مەسىلە ئىدى، بەختىمگە يارىشا ئەركىن مۇئەللىم بېيجىڭغا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كەتكەن بولغاچقا، دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولمىدى.

ئارىدا مەردان ئىككى قېتىم ئۇچراپ تاماققا تەكلىپ قىلدى، ئوتتەك بارغۇم كەلدى، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. ئادەمگە يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش بەك ئېغىر كېلىدىكەن، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىق مېنى ئۇبدانلا ھالسىزلاندۇرغان، «ئارغامچىدىنمۇ قورقىدىغان» قىلىپ قويغانىدى.

ئىچىم تىتىلداپلا تۇراتتى، بىرسىگە دەردىمنى تۆكۈپ ئۆزۈمنى ئاقلىغۇم كېلەتتى، شۇنداق قىلالىغان بولسام بەلكىم سەل يېنىكلەپ قالغانمۇ بولار ئىدىم. لېكىن، بۇ دەردىمگە ئارا تۇرالىغۇدەك دوستلىرىم يوق ئىدى. مەكتەپتىكى بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم مەردان ئىدى. لېكىن، ئۇ مەندىكى بىر تۇيغۇلا ئىدى، خالاس. بىز تېخى ئىچ ـ باغرىمىزنى تۆكۈشكۈدەك يەرگە كەلمىگەنىدۇق. شۇڭا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدىم. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تاماققا چىقسام، سۇلايمان مۇئەللىمگە يەنە ئۇچراپ قالمايمەن دېگىلى بولمايتتى. ئالىمادىس شۇنداقلا بولۇپ قالسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلاتتى، قوشلاپ ھېساب بېرىشكە توغرا كېلەتتى. مۇنداق ئېغىر دەردلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم.

دەرسلەر قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. كىتاب ئوقۇسام زېھنىم چېچىلىپلا تۇراتتى. ھەتتا تاماق يېيىشمۇ خۇشياقمايتتى.

شۇنداق چاغلاردا ئاتا ـ ئانام بىلەن خەلىچىخان مۇئەللىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ئۇلار مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم ئىدى. مەن ئۇلارنى مېنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى ۋە ئوقۇتۇپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى مېنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇلار يېنىمدا بولغان بولسا، بويىنىغا گىرە سېلىپ قانغۇچە بىر يىغلىۋالغان بولسام ...

مەن تەنھالىق كوچىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۆزۈمنى بەك ئاجىز، بەك بىچارە سېزىشكە؛ ئاشۇ جان كۆيەرلىرىمنى، خۇشاللىقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ ئۇن ـ تىنسىز باغرىغا سىڭدۈرۈۋېتىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپلا تۇرىدىغان قەدىمي مەھەللەمنى شۇنچە سېغىنىشقا باشلىدىم ...

— سوئال چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟

— چۈشىنىشلىك بولدى ! — باللار تەڭ توۋلاشتى.

— ئەمىسە قايسىڭلار جاۋاب بېرىسىلەر؟

بىرنەچچەيلەن تەڭ قول كۆتۈرۈشتى.

— ياخشى، ياخشى، قولۇڭلارنى چۈشۈرۈڭلار، يوقلىمىدىن ئىسمىڭلارنى چاقىراي.

پەرھات مۇئەللىم كۆزئەينىكىنى تاقاپ يوقلىمىغا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

— بەختىگۈل !

باللارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشتى. لېكىن، مەن يەنىلا خىيالدا ئىدىم.

پەرھات مۇئەللىمنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغان ئاۋازى يەنە بىر قېتىم ئاڭلانغاندەك بولدى.

— سىزنى چاقىرىۋاتىمدۇ.

پارتىدىشىم گۈلجامال بىقىنىمدىن بوش نوقۇدى. مەن چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— قېنى جاۋاب بېرىڭ.

مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئەتراپقا قارىدىم. كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى.

مۇئەللىم كۆزئەينىكىنى رۇسلاپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— سوئال چۈشىنىشلىك بولمىدىما؟

مەن گەپ قىلمىدىم. مۇئەللىم مەندىن گەپ ئالالماسلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن يوقلىمىغا قايتىدىن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

— ئىپارگۈل!

ئىپارگۈل چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن جاۋاب بېرەلمىگەن بولساڭ ماڭا بۇ خاپىلىق يوق ئىدى» دېگەن مەنىدە ماڭا قاراپ بىر ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن يەرگە قارىۋالدى.

— خوش، سىزمۇ قۇرۇق قول كەلدىڭىز؟

ئىپارگۈل بېشىنى ئۇستۇن قىلماي جىم تۇرۇۋالدى.

— قانداق گەپ بولدى بۇ ئۆزى، — مۇئەللىم قولىدىكى كىتابنى مۇنبەرگە پاققىدە تاشلىدى. كىتاب مېنىڭ يۈزۈمگە تەگكەندەك تولغىنىپ كەتتىم، — سىنىپتا يوقمىكىن دېسە بار، چۈشەنمىگەن يەر بارمۇ؟ دەپ سورىسا، يوق دەپ ۋارقىراشقان. سوئال سورىسا بىر ئېغىز گېپىنىڭ تايىنى يوق ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك پۇشۇلداپ تۇرغان. قېنى ئىككىڭلار دەپ بېقىڭلار، سىلەر ئالىي مەكتەپكە نېمىشقا كەلگەن؟ سىلەرنىڭ ئوقۇشتىن باشقا ۋەزىپەڭلەرمۇ بارمۇ يا؟ ... ئالىي مەكتەپكە كەلگۈچە موللا مۇشۇك، كېلىۋېلىپلا ئۆزۈڭلارنىڭ بىلگىنىنى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھالىڭلار بىلەن ئاتا - ئاناڭلارغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارغا قانداق يۈز كېلەلەيسىلەر؟ ئادەمدە ئاز - تولا ۋىجدان بولۇشى كېرەك. سىلەر نەچچە مىڭ باللار ئىچىدىن تاللىنىپ كەلگەن سەرخىللار. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار شۇ تۇرسا، باشقىلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ ...

پەرھات مۇئەللىم ئۆزىنى تۇتالماي قايناپلا كەتتى. ماڭا بۇ بىر سائەت بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

## 5

— رومان ئوقۇۋاتامسىز؟

چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. يېنىمدا مەردان تۇراتتى.

— ھەئە.

— يىغلاپسىزغۇ؟

مەن ئالدىراپ كۆزۈمنى سۈرتۈپ يەرگە قارىۋالدىم.

— نېمە بولدى، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

— ياق.

ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى.

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەيپىياتىڭىز تازا ياخشى ئەمەس، قاچانلا قارىسا جىملا يۈرىسىز، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم. گەپ قىلساملا ھۆڭرەپ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم.

— ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپسىز - ھە؟ بۇ يېڭى كەلگەن باللارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدىغان ئىش. مەنمۇ مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرغان تۇنجى كۈنى كەچتە كارىۋىتىمدا دۈم يېتىپ تازا يىغلىغان ... دەرس باشلىغان كۈنى كىتابىمنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىغا: «تەتىلگە قويۇپ بېرىشكە يەنە بىر يۈز ئون ئۈچ كۈن قالدى» دەپ يېزىپمۇ قويغان، قىسقىسى كۈن ساناپ بەك قىينىلىپ كەتكەن. مانا ھازىر ئەھۋال باشقىچە، بەزىدە ئۆيدىكىلەر سېغىنىپ تېلېفون قىلمىسا، بىرنەچچە كۈنگىچە خىيالىمىزغىمۇ كېلىپ قويمايدۇ.

ئەمدى گەپ قىلمىسام ئەخلاقسىزلىق بولاتتى.

— سىزمۇ يىغلىغانما؟

— يىغلىمايچۇ؟ قاراڭ، مانا مۇنداق ... ھۇ ... ھۇ ...

مەردان چىرايىنى غورا يېگەن تازدەك سەت پۈرۈشتۈرۈپ يىغلىغان ھالەتنى دورىدى. ئۇنىڭ تۇرقى بەك كۈلكىلىك ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم. ھەپتىدىن بېرى كۈلۈپ باقمىغاچقىمۇ، چىرايىم تارتىشىپ باشقىچىلا بولۇپ قالدى.

— بارا - بارا كۆنۈپ قالىسىز، — دېدى مەردان مېنىڭ ئېچىلغىنىمغا خۇش بولۇپ، — كېلەر يىلىدىن باشلاپ مانا بىزگە ئوخشاش يۇرتىڭىز قېتىپ، پۇل لازىم بولغاندىن باشقا چاغلاردا ئۆيىڭىزدىكىلەر ئانچە خىيالىڭىزغا كىرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولۇپمۇ كەتمەس؟

— باغلىنىشىمەن !

مەردان قولىنى تەڭلىدى. مەن ئەترايىقا قاراپ قويدۇم. ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن، لېكىن مەن قولۇمنى تەڭلەشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

— ئۇتتۇرۇپ قويغۇم يوق.

مەردان ئوڭايسىزلىنىپ قولىنى ئاستا چۈشۈرۈۋالدى. مەن يەنە ئەترايىقا ئەنسىز قاراپ قويدۇم. «سۇتتە ئېغىزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ناھەق ئەدەپلەنگەن شۇ كۈندىن باشلاپ يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانىدىم. يالغۇز ئولتۇرغىنىمدىمۇ تۇيۇقسىز سولايمان مۇئەللىم يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدا ئارامسىزلىنىپ ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتىم. مەرداننىڭ بۇ دىشۋارچىلىقلاردىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ھېچنېمە خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. كەلگۈلۈك ماڭىلا ئىدى ...

مەرداننىڭ يېنىمدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى، شىكەستىلەنگەن دىلىمغا قىزىق پاراڭلىرى بىلەن تەسەللى بېرىشىنى تىلەيتتىم، لېكىن تۇيغۇلىرىم ئۇنىڭ يېنىمدىن تېزرەك كېتىپ ماڭا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىغا تەقەززا ئىدى.

— مەن سىزگە دېگەن ھېلىقى ئىشنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا قىلىدىغان بولدۇق، تەييارلىق قىلىپ قويارسىز؟

— قايسى ئىشنى؟
مەردان ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
— ھېكايىڭىز ھەققىدە مۇھاكىمە ئۆتكۈزىدىغان ئىشنىچۇ؟
يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى.
— مەن سىزگە دېگەنغۇ، بۇ ئىشنى قىلماڭلار دەپ.
— سىزغۇ دېگەن، لېكىن بالىلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇلىدىغان ماقالىلەرمۇ تەييار بولۇپ بوپتۇ ئەمەسمۇ؟
ئوق ساداقتىن، كۆز چاناقتىن چىقىپ كەتكەنىدى، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. شۇڭا، ئارتۇقچە قارشىلاشمايلا بېشىمنى لىڭشىتتىم ...
مۇھاكىمە بىرلەشمە سىنىپقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەن ئون مىنۇت بۇرۇن يولغا چىقتىم. مەردان باشلىق تۆت بالا ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.
— قېنى مەرھەمەت!
مەن مەردانىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سىنىپقا قەدەم ئالدىم. نېمىشقىدۇر پۇت - قولۇم تىترەپلا تۇراتتى. يۈزۈم ئۆيۈشۈپ قالغاندەك ئىپادىسىز ئىدى.
سىنىپ ئىچى يۇقىرى يىللىقنىڭ بالىلىرى بىلەن لىق تولغانىدى. مېنى كۆرۈپ ھەممە بالىلار گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. پۇت - قولۇم بوشىشىپ، ئۆزۈمنى قويارغا جاي تاپالماي قالدىم.
قايسى رەت ئىكەنلىكىنى ئىلغىيالمايمەن، نەچچە يۈز جۈپ كۆزنىڭ نازارىتىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇھ، دېدىم. شۇنداق قىلالمىغان بولسام، يىقىلىپ چۈشۈشۈم تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئاستا - ئاستا چاۋاكمۇ بېسىقتى. مەن سەل ئەسلىمگە كېلىپ ئەتراپقا ئوغرىلىقچە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم. كۆزۈم تونجى بولۇپ ئەركىن مۇئەللىمنى غۇۋا

ئىلغىدى. مۇئەللىم ماڭا قاراپ باش لىڭشىتتى. مەن كۆزۈمگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي مۇئەللىمگە قاراپ جاۋابەن كۈلۈمسىرىدىم ...

مۇھاكىمىگە مەردان رىياسەتچىلىك قىلدى. بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزىدىن كېيىن ماقالە ئوقۇش باشلاندى. بۇ چاغدا مېنىڭ جىددىيچىلىكىم بېسىقىپ ئاساسەن ئەسلىمگە كېلىپ بولغانىدىم. بالىلارنىڭ نەزىرىمۇ مەندىن ماقالە ئوقۇغانلارغا يۆتكەلگەنىدى. شۇڭا، دىققىتىمنى يىغىپ دېيىلىۋاتقان گەپلەرگە زەن سالدىم.

بالىلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيەسى يۇقىرى، تەھلىلى خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەربىر نۇقتىئىنەزەرنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. ھېكايەم كافكا دەمدۇ، گارسىيە ماركوز دەمدۇ، ئىشقىلىپ، مەن تېخى ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، يېزىش ئۇسۇلۇمدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى.

ھېكايەم ھەققىدە چىقىرىلغان ئاخىرقى يەكۈننى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلاندىم. ماقالە ئوقۇغۇچىلار ھېكايەمگە: «مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان مۇنەۋۋەر ھېكايە» دېگەن باھانى بەرگەنىدى. راست گەپنى قىلسام، مەن ھېكايىنى يېزىشتىن بۇرۇن مودېرنىزم دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلىش تۇگۇل ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم ...

ماقالىلەر ئوقۇلۇپ، سوئال ـ جاۋابلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەردان مۇنبەرگە چىقىپ بالىلارغا يۈزلەندى:

— بايا تۆت نەپەر ساۋاقداش ماقالە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ «مۇڭگۇ سۈيى» ناملىق ھېكايە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆت نەپەر ساۋاقداشنىڭ خالىس ئەجرىگە رەھمەت!

قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى.

— بىزنىڭ تەلەيلىك يېرىمىز شۇكى، — دەپ سۆز باشلىدى

مەردان ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — بۈگۈنكى يىغىلىشىمىزغا بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «مۇڭگۇ سۈيى» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى، ئۇمىدلىك ياش يازغۇچى بەختىگۈلمۇ قاتناشتى. بىز يۇقىرىدا بىر يېرىم سائەتتەك پايپېتەك بولۇپ «مۇڭگۇ سۈيى»نىڭ تەنتەنىسىنى قىلدۇق. قەلەم ئىگىسىنىڭمۇ بىر - ئىككى كەلىمە سۆزىنى ئاڭلىمىساق بولماس، قانداق دېدىم، باللار؟

— شۇنداق قىلايلى!

باللار تەڭ چۇقان سېلىشتى.

— ئەمىسە بەختىگۈلنى سۆزگە تەكلىپ قىلىمىز!

مەن قىزغىن چاۋاك ساداسى ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. بايا مۇھاكىمىنىڭ گېپى بولغاندا، مېنىڭ سۆزلەيدىغانلىقىم ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن بولغاچقا كاللامدا بىر قۇر تەييارلىق قىلىۋالغانىدىم. شۇڭا، ئارتۇقچە قىينالمايلا گېپىمنى باشلىۋالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، ئاكا - ھەدىلەر، ساۋاقداشلار، ھەممىڭلارغا سالام! ھېكايەم ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرى بىلەن ئىجادىيىتىمدىكى ئۇتۇق - كەمچىلىكلەرنى تونۇپ يېتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان ماقالە ساھىبلىرىغا ئالىي ئېھتىرام!

دۇنيادا جاپالىق ئەجىرنىڭ شېرىن مېۋىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، شان - شەرىپى ئاتا قىلغان لەززەتنى دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشتەك خۇشاللىنارلىق ئىش بولمىسا كېرەك. مەن بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن شۇ شەرەپ، شۇ لەززەتكە ئېرىشتىم، خۇشاللىقىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن.

بىزدە «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دەيدىغان ھېكمەت بار. بايا ساۋاقداشلىرىم ھېكايەم ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى ئوقۇۋاتقاندا، بىر بۈيۈك سىيما باشتىن - ئاخىر

كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ مۇشۇ سورۇندا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، شان ـ شەرىپىم ئاتا قىلغان لەززەتتىن تەڭ بەھرە ئېلىشىنى بەك ئارزۇ قىلدىم. لېكىن، بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. چۈنكى، ئۇ بەك يىراق، بەك يىراقتا! راست گەپنى قىلغاندا، مېنىڭ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشىشىمدە ئۇنىڭ تۆھپىسى زور ئىدى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، تەقدىرىم باشقىچە بولغان، مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ شەرەپ مۇنبىرىدە ئەمەس، بەلكى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن قوناقلىقتا ئوت ئوتاۋاتقان ياكى بىر ئۆينى بېشىمغا كىيىپ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە جان قاقشىتىۋاتقان بولار ئىدىم ... مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ساۋاقداشلىرىم بەلكىم مەندىن: «سەن شۇنچە چوقۇنىدىغان بۇ كىشى زادى كىم؟ ئاناڭمۇ، داداڭمۇ ياكى باشقا بىرسىمۇ؟ » دەپ سورىشى مۇمكىن. شۇنداق، ئۇ كىشى ئالدى بىلەن مېنىڭ مېھرىبان ئانام ھەم دادام! ئۇلار مېنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشۇمغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. يەنە بىرسى مېنىڭ تەلەپچان ئۇستازىم، ئۇ مېنى تۇنجى بولۇپ يېزىقچىلىقنىڭ سىرلىق قەسرىگە باشلاپ كىرگەن، ناچار يازمىلىرىمنى ئېرىنمەي تۈزىتىپ، مەتبۇئاتلارغا ئۆز قولى بىلەن سۇنۇپ بۇگۈنۈمگە ئۇل سالغان ... شۇڭا مەن پۈتكۈل سورۇن ئەھلى ئالدىدا شۇنى يۈرەكلىك جاكارلايمەنكى، مېنىڭ بۈگۈنكى شەرىپىم ئەڭ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سۆيۈملۈك ئۇستازىم خەلىچىخان مۇئەللىمگە مەنسۇپ!

چاۋاك ئاۋازى ئۇزاقىچە بېسىقمىدى.

— مەن يىراق سەھرادا، تولىمۇ مۇشەققەتتە چوڭ بولدۇم. تۇغۇلمىشىم ھەققىدە سۆزلەپ ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغۇم يوق ... ئەڭ ياخشىسى ئىجادىيەتكە كىرىشىشىمگە تۈرتكە بولغان ئىشلار ۋە «مۇڭگۇ سۈيى» ھېكايىسىنىڭ يېزىلىش جەريانى ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي.

ئۆيىمىز قۇملۇققا يېقىن يەردە ئىدى. تۆگە لوككىسىدەك قۇم

بارخىنى مەھەللىنى ئوراپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر كۆل بولۇپ، ئۇنى بىز غوجامنىڭ كۆلى دەپ ئاتايتتۇق. بۇ پۈتۈن كەنتنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ئىدى. ئادەملەرمۇ، مال ـ ۋارانلارمۇ مۇشۇ كۆلدىن سۇ ئىچەتتى ...

كەنتىمىز بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىقى ئون يەتتە كىلومېتىر بولۇپ، يولنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى غىلتاڭ سايلىق ئىدى. كۇنبويى بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكۈچە يېزا بازىرىغىمۇ بېرىپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، جاھاننىڭ ھەممىسى ياقائىرىق دەپ بىلەتتىم. دەرسلىك كىتابلاردا، مۇئەللىملەرنىڭ ئاغزىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان چوڭ شەھەرلەر ماڭا بەكمۇ يوچۇن تۇيۇلاتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى مۇقىم بىر سىياقتا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ ئاددىي — بىر خىللا ئىدى: تاڭ سۈزۈلمەستە ئەرلەر مەسچىتكە، ئاياللار قازان بېشىغا جۆنەيتتى. قورساقنى بىر قۇر ئەستەرلەپ، مال ـ ۋارانلارنىڭ گېلىنى بېسىقتۇرۇپ بولغۇچە كۈن تىكلىنەتتى. بۇ چاغدا ھەممە كىشى كەتمەنلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئېتىزغا مېڭىشاتتى. ئىشتىن بوشىغان ھامان ئاياللار قازان بېشىدا پايپېتەك بولسا، ئەرلەر كەنت كومىتېتى ئۇدۇلىغا جايلاشقان ئىمىن گۇدۇڭنىڭ بوتكىسى ئالدىغا يىغىلىپ قارت ـ قاتار ئوينىشاتتى ... مەھەللىنىڭ يەرلىرى قۇمساڭغۇ بولغاچقا، ئۇنۇمسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ قىس بولغاچقا، دېھقانلار شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ ئالدىغىنى تايىنلىق بولاتتى. بەزى يىللىرى سالغان ئۇرۇقنىمۇ ئالالماي تاش چىشلەپ قالاتتى، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۈمىدۋار ئىدى. ئەتىياز كىرگەن ھامان كەتمەنلىرىنى قاقتۇرۇپ ئېتىزغا چىقىشاتتى.

باللارنىڭ ئارزۇ بويى چىققان ھامان تويىنى قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، يۇرت كۆرۈپ كۆزىنى ئېچىش دېگەنلەر ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

كىگىزچىنىڭ بالىسى كىگىزچى، ياغاچچىنىڭ بالىسى ياغاچچى بولاتتى، مەھەللە مىقياسىدا تىپىلغان ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ جېنىنى جان ئېتەتتى. لېكىن، مەندە باشقىچە بىر تۈيغۇ بار ئىدى. بۇ تۈيغۇ مېنى مەھەللىنى ئوراپ تۇرغان قۇم بارخىنىدىن ھالقىپ، جاھاننىڭ باشقا جايلىرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىشقا ئۈندەيتتى.

مەن كىچىكىمدىلا كىتابقا ئامراق ئىدىم. كەنتتە كىتابخانىمۇ، مەندە كىتاب ئالغۇدەك پۇلمۇ بولمىغاچقا، كۆپ ھاللاردا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا مەجبۇر ئىدىم. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارمۇ ساناقلىقلا ئىدى، كۆپ قىسمى سىياسىي كىتابلار ئىدى. شۇڭا، بىر كىتابنى نەچچە رەت ئوقۇشقا مەجبۇر ئىدىم ... كىتاب مېنى ئۆزگەرتتى. كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇغانسېرى مەھەللىدىكى تەئتۇشلىرىم بىلەن بولغان ئارىلىقىم شۇنچە يىراقلاپ كەتتى. گەپ ـ سۆز، غايە ـ ئېتىقاد، يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتلەردە پىكرىمىز بىر يەردىن چىقمىدى، پىكرىدىكى ئوخشىماسلىق مېنى تەنھالىق كوچىسىنىڭ سوغۇق مېھمىنىغا ئايلاندۇردى، تەپەككۇرۇمنى تاۋلىدى. مەن كىچىك تۇرۇپ خېلى چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولدۇم.

ئادەمدە شۇنداق بىر تۈيغۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى ئىپادىلەش. مەندىكى پىكىر جۇغلانمىسى يېشىمىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كەلكۈندەك ئۇلغىيىپ ئىچىمگە پاتمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى چىقىرىۋېتىش لازىم ئىدى. بولمىسا پارتلاپ كېتىشىم، ھېچ دېمىگەندە نېرۋامدىن چاتاق چىقىشى مۇمكىن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تەئتۇشلىرىمدىن پىكىرداشلىرىم يوق، ئەگەر بولسىدى، ئۇنى دەۋالسام قورسىقىم بوشاپ قالار ئىدى. دادام بىلەن ئانامۇ شۇ خىل تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن شۇكۇر ـ قانائەتچان ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئىلىم مەسىلىلىرى ھەققىدە پىكىرلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس

ئىدى ... رېئاللىق بىلەن غايەم ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن ئاشۇ كۈنلەردە، تۇيۇقسىز قولۇمغا قەلەم چىقىپ قالدى. توغرا، كۆڭلۈمدىكىنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەش كېرەك! مەن يېزىشقا باشلىدىم. يازغانلىرىم چىن يۈرىكىمدىن چىققان گەپلەر ئىدى، يازغانسېرى يازغۇم كېلەتتى. نېمىشقىدۇر قەلىمىم دەپتەرگە تىركەلگەن شۇ مىنۇتلاردا بەك راھەتلىنىپ كېتەتتىم ...

پىكىرلەر قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ قەلىمىم تازا راۋانلاشقان شۇ چاغلاردا تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۇنجى قېتىم يېزا بازىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. يۇرت ئاتلاش ئۈمىدىم تولۇق ئەمەلگە ئاشقاندەك ھېسسىياتتا كۆكسۈمگە تولدۇرۇپ نەپەس ئالدىم. تەقدىر مېنى يېزا بازىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر بىلەنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى خەلىچىخان مۇئەللىم بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇ مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ، بىر قوللۇق تەربىيەلەشكە باشلىدى. مەن خەلىچىخان مۇئەللىمنىڭ ياردىمىدە پارتىزانلىق جېڭىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ـ تەرتىپلىك ئىجادىيەت باسقۇچىغا قەدەم ئالدىم.

ئەمدى «مۇڭگۇ سۈيى» ھېكايىسىگە كەلسەك، ئۇ مېنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈشۈمنىڭ مەھسۇلى.

بايا دەپ ئۆتكىنىمدەك، مەھەللىمىزنىڭ ياشاش شارائىتى بەك ناچار ئىدى. ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق بولۇپ، بىر يىلنىڭ يېرىمىدا بوران ئۇشقىرتىپ تۇراتتى. ئەتىياز مەزگىلىدە سۇ قاندىنمۇ ئەزىز بولۇپ كېتەتتى، سۇ تالىشىپ جېدەللىشىدىغان، ھەتتا قان تۆكۈلىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ ھال مەندە يېڭى سوئاللارنى تۇغدۇراتتى. «ئەجەبا يۇرتىمىز ئەلمىساقتىن مۇشۇنداق قاقىرام، نامرات يۇرتىمىدۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئەجدادلىرىمىز دەسلەپىدىلا بۇ يۇرتقا يېقىن يولىمىغان بولاتتى. ھەر ئىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. بۇ يەردە چوقۇم بىر سىر بار ...»

لېكىن، سوئالىم جاۋابسىز ئىدى. ئامالسىز دادامدىن سورىدىم:

— دادا، مەھەللىمىز بۇرۇندىن مۇشۇنداق ئاۋارە يۇرتمىدى؟

دادام ماڭا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقتى.

— ئەجەب بۇ ئىشنى سوراش خىيالىڭىزغا كىرىپ قاپتۇغۇ بالام؟

— ئۆزۈمچە.

— ئېسىمنى بىلسەم، كەنتىمىز ئەتراپى قويۇق توغراقلار بىلەن قاپلانغان ئەلۋەك يۇرت ئىدى. كەنتنىڭ شەرق تەرىپىدە كىچىك بىر دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى. بىز شۇ دەريا ئەتراپىدا پادا باقاتتۇق، سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناياتتۇق ... — بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا دادامنىڭ كۆزلىرى ئالاھىدە نۇرلىنىپ كەتتى، — كېيىن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دەيدىغان بىر ھەرىكەت چىقتى. پولات تاۋلايمىز، دەپ جىمى توغراقلار كېسىلىپ ئاللىقاياقلارغا توشۇپ كېتىلدى. ئارقىدىن بوز يەر ئاچىمىز دەپ جىغانلارغا ئوت قويۇلدى ... بىرنەچچە ئايغا قالماي ھەممە كۆلگە ئايلىنىپ، مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر تال تۇخۇم قويسا، بۇ تەرىپىدىن كۆرۈنىدىغان قاقىراملىققا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھال تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردىمۇ قانداق، ئۇزاق ئۆتمەي دەريامۇ قۇرۇپ تىنىپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ ...

دادامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاچچىق بولدى.

— ھەرھالدا ئۇن نەچچە يىل مابەينىدە قايتىدىن جىرىم سېلىنىپ، ئۇنى كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ چوڭ قىلىپ، مەھەللىنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن بولدۇق.

— ھازىر يېقىن ئەتراپتا توغراقلار بارمۇ؟

— بىر كۆنلۈك يىراقلىقتىكى يەرلەردە بار، لېكىن ئۇمۇ ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغاندەك قىلىدۇ.

مەن دادامغا سوئال نەزىرىدە قارىدىم.

— يېقىندىن بۇيان شۇ يەرلەردىمۇ توغراقنىڭ سۇيىنى

ئالىمىز دەپ پالتا ـ كەكىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرىدىغانلار پەيدا بولۇپ قاپتۇدەك. بىزنىڭ مەھەللىدىنمۇ تۆت ـ بەشتەك ياشلار بار ئوخشايدۇ.

ــ توغراقنىڭ سۈيىنى نېمە قىلىدىكەن؟

ــ توغراقنىڭ سۈيى ئادەتتە «مۈڭگۈ سۈيى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەل ئارىسىدا ئۇنى ئىچكەن ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئۇزۇن ياشىغۇسى بارلارغا ساتىدىغان ئوخشايدۇ.

ھەممە ئايان بولدى. ئادەملەرنىڭ نادانلىقى بىلەن ئاچ كۆزلۈكى بۇ ئەزىز يۇرتنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئادەملەر بۇ ئىشلاردىن تېخىچە ساۋاق ئالمىغان، ئەكسىچە ئازراق پۇلنى دەپ ئەڭ ئاخىرقى توغراقلارغىمۇ ئىبلىس قولىنى سوزغانىدى ...

بىردىنلا تەپەككۇرۇم قوزغىلىپ، كۆز ئالدىمدىن يۇرتىمىزنىڭ ئەسىرلىك تارىخى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى: ھەر خىل قۇشلار ناۋا ئەيلەپ تۇرغان بۇك ـ باراقسان ئورمانلىق، ئورمانلىق ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئەلۋەك دەريا، باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي ھەر تەرەپكە ئىرغاڭلاپ تۇرغان بۇغدايلار، سېمىزلىكىدىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي ئېغىناپ ياتقان قوي پادىلىرى ... خۇددى ئاتا قىساسى باردەك دەرەخلەرگە زەردە بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان پالتا ـ كەكىلەر، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان چاتقاللار، كېچە ئاسمىنىنى كۇندۇزدەك يورۇتۇپ، مۇدھىش تىللىرىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ نەرە تارتىۋاتقان ئوت يالقۇنى، ھەممە تەرىپى تاقىرلىققا ئايلىنىپ، يېتىم ئارالغا ئوخشاپ قالغان غېرىب مەھەللە ... يەنە شۇ مۇدھىش پالتىلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇپ تاپ ئىزدىگەن تۈلكىدەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئاچ كۆز ئادەملەر، ئۇلارنىڭ خۇنخور قوللىرىدا يىلىكى تارتىلىپ ئارمان بىلەن يەر چىشلىگەن ئەڭ ئاخىرقى توغراقلار ...

مەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

مەن بۇ يازمام ئارقىلىق ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى،

تەبىئەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق ماھىيەتتە ئۆزىگە قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى گۇمرانلىق بىلەن تۈگەللىنىدۇ، تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئۇ ئىنسان بولمىسىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ، لېكىن ئىنسانلار تەبىئەتسىز ياشىيالمايدۇ، دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدۇم. كېيىنكى ئىنكاسلار بۇ مەقسەتكە يەتكەنلىكىمنى دەلىللىدى.

گېپىم تەسىر قىلغان چېغى، باللار قېتىپلا قالغانىدى.

مەن گېپىمنى قىرىپ قويدۇم:

— ئىككى ئېغىز گەپ قىلىمەن دەپ ئۆزۈمنى چاغلىماي بىر تاغار سۆزلەپ ۋاقتىڭلارنى ئالغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن.

باللار بىردىنلا ئەسلىگە كېلىپ چاۋاك چالدى.

— ئاخىرقى يەكۇنۇم شۇكى، ئىنسان ئۆز غايىسى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا، ھامان كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىكەن. تىرىشچانلىق ۋە سۇنماس ئىرادە ئادەمنىڭ تەقدىرىنى، ھېچ دېمىگەندە ئۇنىڭ ئاچچىق تەرەپلىرىنىڭ مەلۇم ھالقىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايدىكەن. ھەممەيلەنگە تىرىشچانلىق ۋە سۇنماس ئىرادە يار بولغاي!

سىنىپتىن يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك چاۋاك ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ ھۆرمىتىم ۋە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم. شۇ ئەسنادا ئوتتۇرا رەتتە ئولتۇرغان تۇرسۇنگۈل ئالدىمغا كېلىپ، خوتەننىڭ ئەتلەس شارپىسىدىن بىرنى بوينۇمغا سېلىپ قويدى ھەمدە يېنىك قۇچاقلىغاچ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— مۇبارەك بولسۇن، خوتەنلىكنىڭ ئىناۋىتىنى بىر كۆتۈرۈپ قويدىڭىز، رەھمەت سىزگە!

تۇرسۇنگۈلنىڭ گېپى ماڭا تازا يېقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ جاۋاب قايتۇرغان بولدۇم. ئەمەلىيەتتە، بۇ سورۇندا ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەپ قاراش قايىنىتىشنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

— رەھمەت !
ئاڭغىچە بىر قۇچاق گۈلنى كۆتۈرۈپ كاملە كەلدى.
— مۇبارەك بولسۇن !
— رەھمەت.
بىز يېنىك قۇچاقلاشتۇق.
— تېخىمۇ تىرىشىڭ، سىز بىزنىڭ پەخرىمىز !
چاۋاك ئاۋازى ئۇزاققىچە بېسىقمىدى ...

**6**

ھالال ئەجىر بەدىلىگە كەلگەن شان ـ شەرەپ ئادەمنى غۇرۇرلاندۇرۇپ، ئىشەنچ پەيدا قىلىدىكەن. بۇ خىل غۇرۇر ۋە ئىشەنچ ئۆز نۆۋىتىدە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە زېھنىڭنى ئۇرغۇتۇپ سېنى يېڭى مەنزىللەرگە باشلايدىكەن.

يىغىندىن تارقاپلا ياتىقىمغا قاراپ يول ئالدىم. قۇچىقىمدا بىر دەستە گۈل، خۇش ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. قولاق تۈۋىمدە يەنە شۇ قىزغىن چاۋاك ئاۋازى، ئۇنىڭ لەززىتى چەكسىز. پۇت ـ قولۇم پەيدەك يېنىك، ۋۇجۇدۇم بەخت تۇيغۇسىدا مەست ۋە ئەلەس ...

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم !

ياتىقىمغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتا ئانام بىلەن دادام قاداق باسقان قوللىرىنى كەڭ يايغىنىچە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋۇجۇدۇم توك تەپكەندەك سىلكىنىپ، دەماللىققا نېپەس ئالالماي قالدىم.

— بىل ... بىللە بولسۇن.

دادام يەنىلا چەبدەس، چاققان ئىدى. ئۇ كېلىپلا پېشانەمگە سۆيدى.

— بىزنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز، قىزىم !

دادامنىڭ كۆزى يەنىلا نۇرلۇق ئىدى، سۇس چىراغ يورۇقىدا

چوغدەك يېلىنجايتتى.

مەن قولۇمدىكى ئەتىرگۈلنى دادامغا تۇتتۇم. دادام ئەتىرگۈلنى ئېلىپ شەھەر ئالغان سانغۇندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— رەھمەت، قىزىم، ئىنسابىڭىزغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، خۇدايىم يولىڭىزنى ئوچۇق قىلسۇن !

ئانام ئىتائەتمەن ئايال ئىدى، ھەرقانداق ئىشتا دادامنىڭ كۆزىگە قارايتتى، ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىغان، گېپىگە قوشۇق سالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى.

مەن دادامغا قارىدىم. ئۇ خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ئانا؟ سىزنى بەك سېغىندىم !

مەن تاقەت قىلالماي ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئانامۇ مىشىلداپ يىغلىغىنىچە مېنى باغرىغا چىڭ باستى.

— ئاچ - توق قالماي ئوبدان تۇردۇڭمۇ، جىگىرىم، كۆز نۇرۇم؟ ...

ئانام ئىككىمىز بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتۇق.

ئانام ئوبدانلا ئورۇقلىغان، جۇغىمۇ تارتىلغان بولۇپ، كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۆرتۈپ چىققان ئوقرەك سۆڭەكلىرى مەيدەمگە بىگىزدەك سانجىلاتتى، لېكىن ئۇ ماڭا ئاغرىق ئەمەس، ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى.

قوللار سەل بوشىغاندا، يانچۇقۇمدىكى شارپىنى ئېلىپ ئانامنىڭ بوشىشىپ كەتكەن ياداڭغۇ بويىنىغا سېلىپ قويدۇم.

— رەھمەت، قىزىم !

... ...

— ھوي، بۇ بەختىگۈلغۇ؟ !

تونۇش ئاۋاز، تونۇش چىرايلار ...

مەن شېرىن چۈشتىن ئويغانغان ئادەمدەك چۆچۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. شۇ ھامان دادام بىلەن ئانامنىڭ تېخى قېنىشقا

ئۆلگۈرمىگەن نۇرانە چىرايى كۆز ئالدىمدىن غايىب بولۇپ، ئورنىغا ياتىقىمدىكى قىزلارنىڭ سوئال بەلگىسى شەكلىدە تىكىلىپ تۇرۇشقان سوغۇق چىرايلىرى ئالماشتى.

— يۇقىرى يىللىقنىڭ بالىلىرىدىن ئاڭلىدۇق، ھېكايەڭ ھەققىدە مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، — دېدى ئايتۇرسۇن قولۇمدىكى گۈلگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، — بىزگىمۇ ھايت دەۋەتكەن بولساڭ، قۇچىقىڭنى گۈلگە توشتۇرۇۋېتەتتۇق.

— شۇ ئەمەسمۇ، شۇنچە چوڭ ئىش ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغىنىڭ نېمىسى؟!

— بەختىگۈل بىزگە ئىشەنمەيدۇ؟

— بىزنى ياراتمىغان گەپ!

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاشقا تىرىشىپ، — مەنمۇ تېخى بايىلا ئاڭلىدىم. ئەگەر بۇرۇنراق ئاڭلىغان بولسام، چوقۇم سىلەرگە خەۋەر قىلاتتىم.

بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا ياتاقداشلىرىمغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە تەلمۈردۈم.

ياتاقداشلىرىم مەندىن رەنجىگەندى، ئېنىقكى سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلىرىمنىڭ رەنجىگەنلىكىدە گەپ يوق. بىردىنلا ئىچىم ئاچچىق بولدى.

بىز ئۈن - تىنسىز ياتاققا قاراپ يول ئالدۇق. مەن قولۇمدىكى گۈلنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن تازىلىقىمنى قىلىپ بالدۇرلا كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم. ياتاقتا بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ھېچكىمنىڭ گەپكە تاۋى يوق ئىدى. ھايالشىماي چىراغ ئۆچۈرۈلدى.

ئۆزۈمگىمۇ ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ جىممىدە ياتتىم. لېكىن، ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم.

— ئۇخلىيالمىدىڭمۇ؟ — سورىدى گۈزەلنۇر.

— ھەئە، سەنمۇ ئۇخلىماپسەنغۇ؟

مەن گۈزەلنۇرنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.
— سەن تولا ئۆرۈلۈپ ئارامىلىق بەرمىسەڭ، قانداق ئۇخلىيالايمەن؟
— ئەمدى ئۆرۈلمەي جىم ياتىمەن.
— سەن بالىلارنىڭ گېپىگە مۇنچە پۇچىلىنىپ كەتمە، ئۇلار ساڭا كۆڭلىنى يېقىن تۇتقاچقا شۇنداق قىلىشىۋاتىدۇ. تاڭ يورۇسا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ.
— مەن ...
— بولدى، بولدى، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋەرمە، سەندىمۇ نېمە ئامال؟ دېدىمغۇ، بىر كېچە ئۆتسە ھەممە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ، قالغىنىغا مەن بار. چۈشەنمىگەنلەرگە مەن ئاستا ـ ئاستا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. دەرستە بوش بولغىنىم بىلەن مۇنداق ئىشلارغا خېلى ئېپىم بار مېنىڭ!
— رەھمەت.
— ئەمىسە ئۇخلا.
مەن دېرىزىنى يېرىم يېپىپ قويۇپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم. ئۇيقۇ مەندىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى. پۇت ـ قوللۇم كۆيۈشەتتى، ئىچىم تىتىلداپ، ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. بۇ زادى قانداق تۇيغۇ؟ مەن ھېچ قىلىپمۇ تېگىگە يېتەلمىدىم.
— مۇئەللىم، ماڭا يەنە ئون بەش كۈن مۆھلەت بەرسىلە، ئوقۇش پۇلىنى شۇ چاغدىمۇ تاپشۇرالمىسام، ئەلھۆكمىلىللا دەپ تەقدىرىمگە تەن بېرىمەن. مەن ئوقۇشنى دەپ بەك جاپا تارتقان، ئۇنى سىلى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايلا، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن!
بۇ گۈلقەلەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتۈم. سۇتتەك ئاي نۇرى ياتاق ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ياتاق ئىسسىق بولغاچقا، بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى يوتقىنىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

— ئوقۇش پۇلىنى پاختا پۇلىدا تاپشۇرىمەن، دەپ ۋەدە بەرگىنىم راست، لېكىن لەنتى بوران پاختىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ياتقۇزۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئاكام بىلەن ئىككى ئاچام ئاقسۇغا پاختا تەرگىلى كەتكەن، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. شۇلار كەلگەن ھامان پۇل ئەۋەتىپ بەرمەكچى، شۇڭا يەنە ئون بەش كۈن تەخىر قىلىپ بەرسىلە.

مەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ قۇرتتەك تۈگۈلۈۋالغان گۈلقەلەمنىڭ يېنىغا كېلىپ پېشانىسىنى يېنىك سىلىدىم. گۈلقەلەم تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ جىم بولۇپ قالدى. مەن گۈلقەلەمنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم. بىردىنلا ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ ياتاقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

بۇ يىل يېزا رەھبەرلىرى بىلەن مۇئەللىملىرىمىزنىڭ ياردىمىدە ھەرھالدا ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇشتەك بۇ ئېگىز داۋاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتىم. كېلەر يىلى قانداق قىلغۇلۇق؟ گۈلقەلەمگە كەلگەن بۇ دەردلەرنىڭ كېلەر يىلى مېنىڭ بېشىمغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېنىمنى سوغۇق تەر باستى. ساتىدىغاننى سېتىپ بولدۇق. ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى. ئۇلار ئاچ - يېلىڭ قالماي جېنىنى جان ئەتسە شۇمۇ چوڭ ئىش. ئۇلاردىن بۇنىڭدىن ئارتۇق مەرھەمەت كۈتكىلى بولمايدۇ ... گۈلقەلەم ھازىرچە قىيىنچىلىقتا قالغىنى بىلەن يەنىلا مەندىن تەلەيلىك ئىكەن، ئۇنىڭ نېمىلا بولسۇن پاختا تېرىپ پۇل جايلاپ بېرەلىگۈدەك ئاكا - ئاچىلىرى بار ئىكەن، مېنىڭچۇ؟ ئىسسىق جان، ساپ كۆڭۈلدىن باشقا نېمەم بار؟

بېشىم قېيىپ كارىۋىتىمغا چىقىپ يېتىۋالدىم. ماڭا ئۆزۈمگە تايىنىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگىنىشنى ئەھدە قىلغانىدىم. مەقسىتىم: ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ ئوقۇشۇمنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. لېكىن، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن جەريانىدا ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئوقۇشماسلىقلار زېھنىمنى خورىتىپ، كاللامنى

گاڭگىرىتىپلا قويغانىدى. ئەگەر مەن مۈشۈ تەرزدە ماڭىدىغانلا بولسام، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، سىنىپ كۆچۈشۈممۇ بىر گەپ ئىدى ...

مەن ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم. ئۆزۈمنى پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان مىشچان قىز ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ قىسىلچاقلىرىدا ئوبدانلا پىشقان تەمبەل ئەر سانايتتىم. ئەگەر شۇنداق بولمىغىنىمدا بۇگۈنگە ئۇلىشالىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن بىر قېتىملىق زەربە مېنىڭ روھىي قورغانلىرىمنى بىردەمدىلا يىمىرىپ توپىسىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ھېس قىلدىمكى، ئىرادەم چىڭ بولغىنى بىلەن پىسخىك جەھەتتە خېلىلا ئاجىز ئىكەنمەن.

بەختىمگە يارىشا يۇقىرى يىللىقنىڭ بالىلىرى ماڭا قايتىدىن ئۆزۈمنى تېپىۋېلىش پۇرسىتى بەردى. روھىي خارلىقتا تېنەپ قالغان بىر ناتىۋاننى خان ئېتىپ بېشىدا كۆتۈردى.

پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن كىرگەن سوغۇق بېشىمغا قاراپ سۈرۈلدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىلمىدىم، بىر چاغدا بېشىم بىردەم چىڭقالغاندىن كېيىن لاسسىدە بوشاپ پەيدەك يېنىكلەپ كەتتىم. يۈرىكىمنى تۇتۇپ باقتىم. يۈرىكىم نەچچە ھەسسە چوڭىيىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. قەلبىمدىكى غەم ـ ئەندىشە ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇلىرى بىراقلا تازىلىنىپ، يېڭى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندىم.

مەن قاسراق تاشلىغاندىم. بۇ، مەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

## 7

تاڭ سۈزۈلدى. مەن ھەممىدىن بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇردۇم. كاللام سەل ئېغىر بولغىنى بىلەن پۇت ـ قولۇم يېنىك ئىدى. مەن بالىلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سۇخانىغا چىقىپ يۈز ـ كۆزۈمنى يۇغاندىن كېيىن

كىتابىمنى قولتۇقلاپ سىرتقا ماڭدىم.
دىجورنى ئايالنىڭ ئەمدىلا ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشى ئىكەن، مېنى كۆرۈپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى.
— ئۆگىنىشكە ماڭدىڭىزمۇ؟
— ھەئە.
— ئوبدان قىپسىز، قىزىم، كىچىككىدىن تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، چوڭ بولغاندا پۇشايمان قىلىدىغان گەپ. سىزنىڭ مۇشۇنداق سەھەر تۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاتا ـ ئانىڭىز بىلسە، قانچە خۇش بولۇپ كېتەر؟
مەن كۈلۈپ قويدۇم.
— خالمۇرات مۇدىرنى تونۇيدىغانسىز؟
— ياق، تونۇمايدىكەنمەن.
— ھە، سىز يېڭى بولغاچقا تازا تونۇپ كەتمەيسىز. ئۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پىروفېسسور. مەن ئۇنىڭ بىلەن تولۇقسىزغىچە بىللە ئوقۇغان. ئۇ ياخشى ئوقۇغاچقا مۇدىر بولدى، مەن ياخشى ئوقۇمىغاچقا ئىشىك باقار بولدۇم. مۇشۇ كۈنگە ئېرىشمىكىممۇ ئاسانغا چۈشمىدى مېنىڭ ...
مەن ئايال بىلەن خوشلىشىپ، پۇتبول مەيدانىغا كەلدىم. بۇ يەردە ئالتە ـ يەتتىدەك ئوغۇل بالا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېكىست يادلاۋاتاتتى. دىمەك، مەندىنمۇ سەھەر تۇرىدىغانلار بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ئەتىگەندە تېخىمۇ بالدۇر ئورنۇمدىن تۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، بۇ خىيالىمدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن باللار توپىغا سىڭىپ كەتتىم ...
ئەتىگەندە سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ دەرسى بار ئىدى. قوڭغۇراق چېلىنىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ مۇئەللىم دەرسكە كىرمىدى. فاكۇلتېتتا، مۇئەللىملەر بەش مىنۇتقىچە دەرسكە كىرمىسە، كاتىپقا مەلۇم قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە بار ئىدى، سۇلايمان مۇئەللىمنى ئون مىنۇتتەك ساقلىدۇق، مۇئەللىمنىڭ ئۆزى تۇگۈل سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، شۇڭا كاتىپنى ئىزدەپ

فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا كىردىم.
— سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ دەرسى بار ئىدى، كىرمىدى، — مەن كاتىپقا تۇنجى بولۇپ تىك قاراپ گەپ باشلىدىم، — يەنە بىر دەم ساقلامدىمىز ...
كاتىپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا جىددىيلىك تەپكەندى.
— ئاپلا ماۋۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى قاراڭ، — دېدى ئۇ بۇرنىغا چۈشۈپ قالغان كۆزئەينىكىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ چېكىسىگە ئۆرۈپ قويغاندىن كېيىن، — سۇلايمان مۇئەللىمگە ئەتىگەندە يىغىن چىقىپ قالغاچقا دەرسنى چۈشتىن كېيىن ئۆتمەكچى بولغان. ئىشنىڭ تولىلىقىدا سىلەرگە دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟ ھەرھالدا كەلگىنىڭىز ئوبدان بولدى، باللارغا شۇ بويىچە ئۇقتۇرۇش قىلىڭ، ھازىر ئۆز ئىشىنى قىلىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە سىنىپقا كەلسۇن، دەرس شۇ چاغدا ئۆتۈلىدۇ.
مەن سىنىپقا قايتىپ باللارنى ۋاقىپلاندۇردۇم. نېمىشقىدۇر باللار خۇش بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مەن ماتېرىياللىرىمنى ئېلىپ كۇتۇپخانىغا چىقتىم.
تېخى ئەتىگەن بولغاچقا كۇتۇپخانىدا بەشلا بالا كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. مەن بۇلۇڭدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ھازىرقى پىلانىم كېچىدىن ئويلاپ بىر قۇر مۇقىملاپ چىققان ئۆگىنىش پىلانىمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم:
بىرىنچى، ئەتىگەن سائەت تۆت يېرىمدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يىگىرمە مىنۇت ئىچىدە تازىلىقىمنى تۈگىتىپ مەيدانغا چىقىپ بولىمەن. ئون مىنۇت يۈگۈرۈپ ھەرىكەت ئىشلىگەندىن كېيىن سائەت ئالتىگىچە تېكىست يادلايمەن. ئالتىدىن يەتتىگىچە دەرس تەكرارلايمەن. يەتتىدە ياتاقتا قايتىپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن دەرسكە چىقىمەن؛ ئىككىنچى، دەرسكە تولۇق قاتنىشىمەن، زېھىن قويۇپ ئاڭلايمەن، ھەربىر سائەتلىك دەرستىن كونسپېكت

يازىمەن؛ ئۈچىنچى، چۈشتىن كېيىنلىك دەرس تۈگىگەن ھامان كۇتۇپخانىغا چىقىپ، ھەر خىل ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ توپلاملىرىنى كۆرۈپ خاتىرە قالدۇرىمەن؛ تۆتىنچى، كەچلىك تاماقنى يەپ بولغان ھامان سىنىپقا چىقىپ تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن. تاپشۇرۇق يوق چاغلاردا رومان ئوقۇيمەن. ھەر ھەپتىدە بىر پارچە رومان ئوقۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن؛ ئالتىنچى، كەچلىك مۇزاكىرىدىن يېرىم سائەت كېيىن چۈشىمەن، ياتاققا چىققاندىن كېيىن پارچە - پۇرات گەپ - سۆزلەرگە ئارىلاشماي رادىيو ئاڭلاپ خەنزۇچە ئاڭلاش سەۋىيەمنى ئۆستۈرىمەن؛ يەتتىنچى، سائەت ئون بىردە ئۇخلايمەن؛ سەككىزىنچى، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ بولغان ھامان كۇتۇپخانىغا چىقىپ يېزىقچىلىق قىلىمەن. نىشانىم: ھەممە پەنلەردە سەكسەن بەشتىن يۇقىرى نومۇر ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىش. خەنزۇ تىلىدا 8 - دەرىجىدىن ئۆتۈپ، كېلەر يىلىدىن باشلاپ خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيەگە يېتىش. ئىجادىيەت جەھەتتە، يېزىلىپ بولغان ئۈچ پارچە ھېكايىنى تۈزىتىپ مەتبۇئاتقا بېرىش، يېڭى يىلغىچە ئىككى پارچە ھېكايە پۈتكۈزۈش، پوۋېست يېزىشقا تەۋەككۇل قىلىپ بېقىش ...

پىلانىم خېلى ئەتراپلىق تۈزۈلگەندى، ئۇنىڭدا ئۆگىنىش ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىبارغا ئېلىنغان، ۋاقىتمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. پىلانىنى يېزىپ بولۇپ سەل ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. سەۋەبى، پىلانىمدا دەم ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرىلمىغانىدى. ئۆزۈمگە رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىم چىقىپلا تۇراتتى. پىلاننى يولغا قويماي تۇرۇپلا ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يەكشەنبە كۈنى يېرىم كۈن دەم ئالسام قانداق بولار؟ ياق! يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى؟ سەن باشقا بالىلارغا ئوخشىمايسەن، ئىشنى باشلىماي تۇرۇپ راھەتكە ئىنتىلىشنى كۆزلىسەڭ، بۈيۈك غايىلىرىڭنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرالايسەن؟

ئوقۇش پۇلىنى نېمە بىلەن تاپشۇرىسەن؟ تۇرمۇشۇڭنى نېمە بىلەن قامدايسەن؟ ھېلىمۇ مەكتەپتىن بەرگەن ئازغىنا تاماق پۇلىغا ئوقۇش پۇلىدىن ئاشقان ئىككى يۈز يەتمىش كوينى يانداپ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدۈڭ. كېلەر يىلى ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالمىساڭ، تاماق پۇلى توختىتىلىدۇ. ئۇ چاغدا قۇرۇق نان غاجاش پۇرسىتىمۇ بولمايدۇ ساڭا ...

مەن يەكشەنبە كۈنىدىكى يېرىم كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن ئىككىلەنمەستىن ۋاز كەچتىم. پىلانىم تېزلا كۈچىنى كۆرسەتتى. باسقۇچلۇق ئىمتىھاندا ھەممە پەنلەردىن توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئاغزاكى تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم. دېمەك، مەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش بۇيۇك مۇساپىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىم.

نەتىجەمنى كۆرۈپ پەرھات مۇئەللىم كەچۈرۈم سورىدى.

— سىزنى بىكار ئەيىبلەپتىمەن، ئەسلىدە سىز بالىلارنىڭ خۇۋەيىنىسى ئىكەنسىز ئەمەسمۇ؟

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

— دەپ بېقىڭا، شۇ چاغدا نېمە بولغان سىزگە؟

— ھېچ، ھېچنېمە، كۆڭلۈم سەل پاراكەندە ئىدى شۇ.

— مۇنداق دەڭ، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز پاراكەندە بولىدىغان چاغلىرىڭىز بولىدىكەن ــ ھە؟

مۇئەللىم ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ مۇئامىلىسىمۇ باشقىچە ئىدى، مېنى پات ــ پات ئىشخانىسىغا چاقىرىپ تاپشۇرۇق نومۇرلىرىنى خاتىرىلەتتى، ئىشخانىسىنى تازىلىتاتتى. ئەركىن مۇئەللىم ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ئىدى. بالىلارغا ئۆز ئىنى ــ سىڭىللىرىدەكلا كۆيۈنەتتى. ياسىن مۇئەللىم رومانىنى تېزرەك تاماملاش بىلەن ئالدىراش ئىدى ...

بىر كۈنى بىنادىن چۈشۈۋېتىپ مەردان بىلەن دوقۇرۇشۇپ

قالدىم. ئۇنى كۆرمىگىنىمگە بىرنەچچە كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. نېمىشقىدۇر ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن جەريانىدا مۇزاكىرە ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈپ سىنىپىمىزغا كىرمىگەنىدى.

— ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، بەختىگۈل، — دېدى ئۇ مەندىن يۈزىنى ئەپقېچىپ.

— بار، — دېدىم مەن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — ئۆزىڭىزمۇ يوقاپلا كەتتىڭىز.

مەردان جىم بولۇپ قالدى.

— مۇزاكىرىنى تەكشۈرۈپ سىنىپقىمۇ كىرمىدىڭىز، ئىشمۇ ئورۇنلاشتۇرمىدىڭىز.

نېمىشقىدۇر مەردان گەپتالىشقتىن قالغانىدى. شۇ ئەسنادا مەرداننىڭ ئۆمىسە بولۇپ قالغان چىرايىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئەتراپى كۆكىرىپ قالغان، جاۋغىيى جاراھەتلەنگەنىدى.

— ۋىيەي، يۈزىڭىز باشقىچىلىغۇ؟

— شۇ ... پەلەمپەيدىن يىقىلىپ... — دېدى مەردان دۇدۇقلاپ.

— نەدە؟

— ياتاق بىناسىدا.

— ئاۋايلاپ ماڭسىڭىز بولماسمىدى؟

— مەنغۇ قاراپ ماڭغان، لېكىن مۇشۇ پۇتۇمنىمىزە ... پۇتۇمنىڭ كۆزى بولمىغاندىكىن نىشاننى پەرق ئېتەلمەي يىقىلىپ چۈشتۇم شۇ.

مەن كۈلۈپ سالدىم.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — سورىدى مەردان.

— كۇتۇپخانىغا.

— قاچانلا قارىسام كۇتۇپخانىدا ئولتۇرىسىز، ئارام ئېلىشقىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىڭ.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۆگىنىشنى دەپ جاننى سېلىپ بەرسەك بولمايدۇ. «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دەپ بىكار ئېيتمىغان كونىلار.

مەن ئارتۇق گەپ قىلماي كۇلۇپ قويدۇم.

— خۇش خەۋەر بار، ئاڭلامسىز؟

— ئەلۋەتتە.

— ياسىن مۇئەللىمگە ئەسەر بەرگەنمۇ؟

— بەرگەن.

— نەچچە پارچە ئىدى؟

— ئۈچ پارچە ھېكايە.

— مۇئەللىم ھەممىسىنى تۈزىتىپ ژۇرناللارغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ، پات ئارىدا چىققۇدەك.

— راستما؟

— راست بولمايچۇ؟ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن تۇرسا.

— ھەقىقەتەن خۇش خەۋەر ئىكەن.

— سۆيۈنچىسىچۇ؟ — دېدى مەردان ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ.

شۇ چاغدا يەردىن ئۈنگەندەك يېنىمىزدا تۇرسۇنگۇل پەيدا بولدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايى سەل تاتارغان بولۇپ، سوغۇق نەزەردە قارايتتى.

— ئىككىڭلار يېڭىدىن مۇھەببەتلەشكەن ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئىچەركىشىپ كېتىپسىلىغۇ؟

بۇ گەپتىن قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

— نېمە كارىڭ؟ — دېدى مەردان قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىردەم پاراڭلاشتۇق شۇ، قانداق، بولماپتۇما؟

— بوپتۇ، تازا ياخشى بوپتۇ.

— ئەمىسە يولۇڭغا ماڭ!

— نېمانداق قاتتىق تېگىسەن ئادەمگە؟

— ساڭا قاتتىق تەگمىسە، ئادەمنىڭ شىلىلىسىگە

مىنىۋالىسەن.

— مەن شۇنداق ئەسكىما؟

— كىم سىنى ئەسكى دېدى؟

تۇرسۇنگۈل ئاۋۋال تامدەك تاتىرىپ، ئارقىدىن چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتى.

— مېنى تازا خالاپ كەتمەيدىغاندەك قىلىسىلەر، شۇڭا ئابدۇللا شاتۇردەك ئاراڭلارغا قىسىلىپ كەيپىڭلىنى ئۇچۇرغۇچە، ئاستا يولۇمنى تېپىۋالاي، خوش!

— ئەنە، يول ئوچۇق!

تۇرسۇنگۈل دوقۇسلىغىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. ئايغىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. ئارىمىزنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى.

— نەدىن پەيدا بولدى بۇ ۋىتۇلداق، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ...

مەردان يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ لېۋىگە قىستۇرۇپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۇتاشتۇرماستىن قېپىغا سېلىپ قويدى.

— بايا پاراڭلىشىپ نەگە كەلگەنىدۇق؟

— سۆيۈنچىگە.

— توغرا، سۆيۈنچىگە نېمە بېرىسىز؟

مەردان بىردىنلا ئەسلىدىكى خۇشخۇيلۇقىغا قايتىپ كۆزۈمگە قارىدى. ئۇنىڭ گېپى ئىككى بىسلىق، قاراشلىرى مەنىلىك ئىدى. مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— سىزدىن گەپ چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن دېسەم قانداق؟

— قېنى دەپ بېقىڭ.

— كەچتە ئاچچىق ـ چۈچۈك لەڭمەن بىلەن مېھمان قىلىڭ!

يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. «بالا بەش، نان تۆت»، يانچۇقىنىڭ تېگى بوش سەۋەبلىك قۇرۇق نان، موما، شوۋىگۈرۈچ، خام سەيلەر بىلەن قورساقنى گوللاپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقىنىمغا نەچچە

كۇنلەر بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بۇ ئاچچىق لەتمەن يانچۇقۇمنى قۇرۇقداپ قويسا، ئۇزاققا قالماي شوۋىگۇرۇچ بىلەن خام سەيگە چىقىنالىشىممۇ بىر گەپ ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىز مېھمان قىلىسىز، پۇلىنى مەن تۆلەيمەن !

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۇلۇپ سالدىم.

— سىزنى مېھمان قىلماي قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك، — دېدىم مەن قەستەن گەپتانلىق قىلىپ، — ئەمىسە سائەت ئالتىدە دەرۋازا ئالدىدا كۆرۈشەيلى.

نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ ئاچچىق لەڭمەننى بىر تېتىپ باققۇم كېلىپ قالغانىدى. قېنى بىر تېتىپ باقاي، قىممەت بولسا ئون كويدۇر، ئىككى قاچا تاماققا يىگىرمە كوي كېتەر. ئاي ئاخىرى بولۇپ قالدى، ئەتە - ئۆگۈنلەردىن تاماق پۇلى بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بەرمەي قالسىمۇ ھېچقىسى يوق، يەنە ئىككى كۈن قۇرۇق نان غاجارمەن شۇ !

دەل سائەت ئالتىدە دەرۋازا ئالدىغا چىقتىم. مەردان دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى يېنىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا يېنىمغا كەلدى. ئۇ ساقىلىنى پاكىز قىرىپ، زىغىر رەڭ كاستۇم كىيىۋالغان بولۇپ ئېگىز بەستىگە خوپ ياراشقانىدى. تۇجۇپىلەپ مايلانغان قارا خۇرۇم ئايىغى پارقىراپ تۇراتتى. ئىككىمىزنىڭ كىيىنىشىمىز ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.

— ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟

— ياق، سىز دەل ۋاقتىدا چىقتىڭىز، — دېدى مەردان سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — مېنىڭ نەپسىم تاقىلداپ بالدۇر كېلىۋالغان يېرىم بار شۇ، — مەردان ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىمگە قارىدى.

— ئۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام بالدۇرراق چىقارىكەنمەن.

— ھېلىمۇ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز.
مەردانىنىڭ كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتتى، مەن يەرگە قارىۋالدىم. دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلار كۆپ ئىدى. ئالىمادىس بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالساق، ھېلىقى تىراگېدىيەنى قايتا تەكرارلانمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. بىردىنلا بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى.
— مەن بۇ يەرنىڭ ئاچچىق لەگمىنى تۇگۇل تاتلىق لەگمىنىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، شۇڭا ...
مەردان مەقسىتىمنى دەرھال چۈشىنىپ ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئوق يولنىڭ قارشى تەرىپىنى كۆرسەتتى.
— يىراق ئەمەس، ئاۋۇ قوشماق بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشخانا شۇ.
ھازىرلا كۇتۇپخانىدىن چىققان بولغاچقا، كۆزلىرىم تورلىشىپلا تۇراتتى. شۇڭا، دەماللىققا مەردان كۆرسەتكەن نىشاننى تازا ئېنىق ئىلغىيالمىدىم.
مەن ئىككى مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ مەردانغا ئەگەشتىم. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، يولدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. قارشى تەرەپكە ئۆتىدىغان پىيادىلەر يولى بولمىغاچقا، تەتۈر مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ھە دېگەندە ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر توپى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتۇق. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈچە ئۈچ ئادەمگە سوقۇلۇپ كېتىپ قورقۇپ كەتتىم، لېكىن ئۇلار مۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك بولسا كېرەك، ئاچچىقلىنىپ كەتمىدى. ئەكسىچە «كەچۈرۈڭ» دەپ قويۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى ...
بەش مىنۇتتا قالماي ۋىۋىسكىسى چوڭ بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ئاشخانا ۋىۋىسكىسىغا «ئاچچىق لەگمەن پادىشاھى» دەپ يېزىلغانىدى. مەن سەل جىددىيلىشىپ يانچۇقۇمنى سىلاپ قويدۇم. يانچۇقۇمدا ئاران يىگىرمە ئالتە كوي بار ئىدى. بۇ پۇلغا «پادىشاھ»لىقتىن ئىككى قاچا ئاش كېلەرمۇ؟

خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مەردانىنىڭ ئالدىدا شەرمسار قىلمىغايسەن ...

مەن مەردانىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاشخانىغا كىردىم. ئىچى مەن ئويلىغاندەك ئۇنچە ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى. ئىتتىنىڭ ئۇچىيىدەك ئۇزۇن تارچۇققا ئىككى كىشىلىكتىن ئىككى رەت ئۇستەل تىزىلغانىدى. ئاشخانا بېسىق ئىدى، جۈپ - جۈپ قىز - ئوغۇللار پاراڭلاشقاچ تاماق يېيىشىۋاتاتتى. تۇرقىدىن قارىغاندا ھەممىسى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدەك قىلاتتى. كۇتكۇچى بالا بىزنى تۆردىكى بوش ئورۇنغا باشلىدى.

— ھازىر بۇيرۇتامسىلەر؟ — دېدى ئۇ قولىغا دەپتىرىنى ئېلىپ، — لەڭمەن، سومىيەن، كاۋاپ، سامسا، لەڭپۇڭ، نېمە يېسەڭلار شۇ بار.

مەن مەردانغا قارىدىم.

— ئېيىق تاپىنىدىن بارمۇ؟ يولۋاسنىڭ يۈرىكى بولسىمۇ بولىدۇ.

كۇتكۇچى بالا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىمۇ چىقىرىشنى ئويلاشقان، لېكىن بۇ جانىۋارلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

مەردانمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويدى.

— ئاچچىق - چۈچۈك لەڭمەندىن ئىككىنى، كاۋاپتىن تۆت زىخ، سامسىدىن ...

مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ۋارقىرىۋەتتىم.

— ۋاي بولدى، نېمانچە جىق بۇيرۇتىسىز؟

— لەڭپۇڭدىن بىرنى قوشۇۋېتىڭ!

مەردان يانچۇقۇمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئەندىشىلىرىم خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. مەن گېلىمغا يىغىلىپ قالغان ئاچچىق سۆيۈقلۇقنى تەستە يۇتۇۋەتتىم.

— ھەممىسى قىرىق يەتتە كوي!

قۇلىقىمغا ئىشەنمەي تولغىنىپ كەتتىم. مەن كۆرۈشنى

خالىمىغان قورقۇنچلۇق رېئاللىق كۆز ئالدىمدا يۈز بەردى. قولۇمنى يانچۇقۇمغا ئۇزارتتىم. ئاڭغىچە مەردان ئەللىك كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ كۇتكۇچىگە تەڭلىدى.
— تاماق تېزرەك چىقسۇن، ئىشىمىز ئالدىراش.
كۇتكۇچى بالا ئىككىمىزگە قاراپ قويۇپ پوكەي تەرەپكە ماڭدى.
— پۇلنى يەنە سىز تۆلىدىڭىزغۇ؟ — ئىچىمدە خۇش بولغان بولساممۇ ئاغزىمدا شۇنداق دەپ قويدۇم.
— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى مەردان چاي قۇيۇۋېتىپ، — سىز مېھمان قىلىدىغان، پۇلنى مەن تۆلەيدىغان بولغانغۇ؟
مەن گەپ قىلالماي جىم بولۇپ قالدىم.
ھېلىقى بالا بىر تەخسە لەڭپۇڭ كۆتۈرۈپ كەلدى. لەڭپۇڭنىڭ مۇچ - ئاچچىقسۇلىرى ئوبدان تەڭشەلگەن بولۇپ، پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇشى بىلەن ئاغزىمغا سۇ يىغىلىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. مەن بارلىق قىزلارغا ئوخشاش لەڭپۇڭغا ئامراق ئىدىم. يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان چاغلىرىمدا قولۇمغا پۇل كىرسىلا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئەمەتاخۇن چاتاق دېگەن كىشىنىڭ لەڭپۇڭخانىسىغا كىرىپ، ئۆيدىن ئەكەلگەن ناننى لەڭپۇڭغا چىلاپ يەيتتىم. بۇ مېنىڭ بىر ۋاخلىق مەززىلىك تامىقىم بولۇپ قالاتتى ...
— ئېلىڭ، — دېدى مەردان بىر جۈپ چوكىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، — باشقا تاماقلار ھازىرلا چىقىدۇ.
مەن تارتىنىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تەخسىگە چوكا سالدىم ...
ھايالشىماي ئاچچىق لەغمەنمۇ كەلدى. لەغمەننى كۆرۈپ ئىشتىھايىم بىراقلا ئېچىلدى، راست گەپنى قىلسام دەرس باشلىغاندىن بېرى ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە بىر قاچا لەغمەن يېگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئەتىۋارلىق تاماققا ئېغىز تېگىپ باقمىغانىدىم. بىر چوكا يەپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئاچچىقمىكەن؟

مەردان تۇجۇپىلەپ قاتلانغان پۇراقلىق قەغەزدىن بىر تال ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئۆلۈككە يېگۈزسە تىرىلىپ قوپقۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق ئىكەن !

مەن قەغەز بىلەن كۆزلىرىمنى سۇرتتۇم.

— شۇنچە ئاچچىق بولسىمۇ نېمىشقىدۇر ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتىپلا تۇرىدۇ.

— شۇنداق.

— ئەمسە تارتىنماي ئېلىڭ، كۆز ياشلىرىڭىزنى سۇرتۇشكە مەن تەييار !

مەردانىنىڭ تەلەپپۇزى باشقىچە ئىدى، ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا نېمىشقىدۇر ئاۋازى تىترەپ، يۇزى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ گېپى ئارقىلىق مەن ئاللىبۇرۇن سەزگەن، خىيالىمنى بۆلگەن، لېكىن ئاخىرىغىچە ئويلاشتىن قورقىدىغان بىر خىل بۈيۈك ئىنتىلىشتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مېنىڭ دەردىممۇ، كۆز يېشىممۇ بەك كۆپ، — دېدىم مەن مەردانغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — سىز بەرىبىر ئاخىرىغىچە سۇرتۇپ بولالمايسىز.

— بۇلار ماڭا سىر ئەمەس.

— بىز تونۇشقىلى ئاران ئىككى ئاي بولدى.

— ئىككى ئاي قىسقا ۋاقىت ئەمەس.

مەن مەردانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى چوغدەك يېلىنجاپ كەتكەنىدى. مەن بىلىپ ـ بىلمەي ئەڭ پىنھان سىرلىرىمنى ئاشكارىلاپ قويغانىدىم. خىجىلچىلىقتا يۈزۈم ئوت ئېلىپ كەتتى. يەنە مۇشۇ تەرزدە پاراڭلىشىدىغان بولساق، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى، شۇڭا گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولۇپ قەستەن چىرايىمغا كۈلكە

يوگورتتۇم:

— قېنى تاماقىا بېقىڭ، تېزرەك يېمىسەك مۇزاكىرىگە كېچىكىپ قالىمىز.

مەن چوكىغا قول ئۇزارتتىم. ئاش سوۋۇپ تەمىدىن كەتكەنىدى ...

يەتتىگە ئون مىنۇت قالغاندا ئاشخانىدىن چىقتۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ روھى سولغۇن ئىدى، مەردان تاماكا چەككىنىچە ئۈنسىز كېتىۋاتاتتى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق ...

## 8

مەردان خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ئىككى ئايغا قالماي ئۈچ پارچە ھېكايەم ئارقا ــ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ھېكايەمنىڭ بىرسى «تارىم»غا، بىرسى «تەڭرىتاغ»قا، يەنە بىرسى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بېرىلگەنىدى. خۇشلۇقتا بېشىم ئاسمانغا تاقاشتى. نەچچە كۈنگىچە مەستخۇش ھالەتتە يۈردۈم. لېكىن، يانچۇقۇمنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇش پۇلىدىن ئاشقان ئىككى يۈز ئاتمىش يۈەن ئالدىنقى ئاينىڭ بېشىدىلا تۈگىگەنىدى، ئۆيدىن ئەۋەتكەن يۈز يۈەننىڭ يېرىمىنى خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىغا تىزىملىتىشقا تاپشۇردۇم، يىگىرمە يۈەنگە خاتىرە ــ دەپتەر سېتىۋالدىم، قالغىنىنى مەكتەپتىن بەرگەن تاماق پۇلىغا قوشۇپ كۈندىلىك خىراجىتىمگە ئىشلىتىپ كەلگەنىدىم. بۇ پۇلنىڭمۇ قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى، يەنە ئۈچ كۈنگىچە پۇلنىڭ ئامالى بولمىسا، ئاچ قالاتتىم.

پىلاندىكى ئۆگىنىش ۋەزىپەم ئېغىر ئىدى. كۈندە ئون نەچچە سائەتلەپ ئۆگىنىش قىلاتتىم. موما بىلەن شوۋىگورۇچ، خام سەيلەرنىڭ قانچىلىك كۈچى بار دەيسىز؟ شۇڭا يېقىندىن بېرى

كەم ماغدۇر بولۇپ قالغانىدىم، بەزىدە بېشىم قېيىپ ئولتۇرغان يېرىمدىن قوپالماي قالاتتىم. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى، لېكىن قورساقنىڭ ئىشى مېنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. مەن تاماقتا كەلگەندە بەك تۇجۇپىلىك ئىدىم. بىر موچەننىمۇ ئارتۇق چىقىم قىلمايتتىم. ماڭا نىسبەتەن ئاشخانىغا كىرىش تاماقتىن لەززەتلىنىش ئەمەس، بەلكى قورساق تويدۇرۇش ئۈچۈنلا ئىدى، خالاس. لېكىن، شۇ تەلپىمنى قاندۇرۇشۇممۇ تەس ئىدى.

كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىرگەندە شۇ دەرىجىدە پوچىلىشىپ كېتەتتىكى، خۇددى بىر يەرنىڭ ئامبىلىدەك بىر ۋاخلىق تاماقنى ئۈچۈن ھەممە كۆزنەكنى بىر قۇردىن ئارىلاپ چىقاتتى. تېتىسا يەيتتى، تېتىمىسا كۆزنى مىت قىلىپ قويماستىن ئىدىشلارغا تۆكەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئورنۇمدا ئولتۇرالماي قالاتتىم. بەزىدە: مۇنداق ئېسىل قورۇمىلارنى تۆكۈۋەتكۈچە ماڭا بەرسە نېمە بولار؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، شۇ ھامان ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ كېتەتتىم. لېكىن، خىيالىم يەنىلا ئىدىشلارغا تۆكۈلگەن تاماقلاردا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ناچار قىلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمەيتتىم.

باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ناشتىدا مەن بىر قولۇم بىلەنلا نان ئوشتۇغانىدىم، نان قاتتىقراق بولغاچقا نەچچە پارچە بولۇپ داستىخانغا چېچىلدى. بۇنى كۆرۈپ دادامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— بۇ قانداق قىلىق ئەمدى؟ نان دېگەننى ئىككى قولىمىز بىلەن ئوشتۇيمىز، قىزىم، يەيدىغان نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلىۋەتسەك گۇناھ بولىدۇ.

مەن دادامنىڭ مۇنداق ئاچچىقلىنىپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، شۇ ھامان ئانامغا قارىدىم. ئاناممۇ دادامنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

— دادىڭىز توغرا دەيدۇ، قىزىم، ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنىمۇ ئىسراپ قىلساق بولمايدۇ.

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ بىر قولۇمدا نان ئوشتۇپ باقمىدىم.

يەنە بىر كۈنى زاغرا بىلەن چاي ئىچتۇق. نېمىشقىدۇر بۈگۈن زاغرىغا تازا تاۋىم يوق ئىدى، شۇڭا تازا كۆڭۈلشىمىدىممۇ نېمە، ئالدىمغا نان ئۇۋاقلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ دادامنىڭ يەنە قوشۇمىسى تۈرۈلدى. مەن دادامنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ يەرگە قارىۋالدىم. دادام گەپ قىلماستىن نان ئۇۋاقلىرىنى پاكىز تېرىپ كاپ ئەتتى.

— تائامنى خارلىغانلىق ئۆزىمىزنى خارلىغانلىق بىلەن باراۋەر. پەيغەمبىرىمىز بىر قېتىم ئات ئۈستىدە تاماقلىنىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تال نان ئۇۋىقىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىكەن، ئاتتىن چۈشۈپ نان ئۇۋىقىنى ئىزدەپتۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن ساھابىلىرىگە نان ئۇۋىقى چۈشكەن يەرگە تام چۆرۈۋېتىشنى تاپىلاپتىكەن. قاراڭ، پەيغەمبىرىمىز بىر تال ئۇۋاق ئۈچۈن ساراسىمىگە چۈشۈپ جان كۆيدۈرگەن يەردە، بىز قاراپ تۇرۇپ ناننى خارلىساق قانداق بولىدۇ؟

مەن دادامنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ نان يېگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان، يىغىننىڭ ئۈچىدەك ئۇۋاق چۈشۈپ كەتسىمۇ تېرىپ ئاغزىمغا سالمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندىم. دادام بىلەن ئانام مەكتەپ ئاشخانىسىدىكى بۇ ئىسراپچىلىقلارنى كۆرسە قانداق بولۇپ كېتەر؟

بىر كۈنى ئاشخانىدىن يېنىپ كېتىۋېتىپ گۈلقەلەمدىن سورىدىم:

— بەزى باللار ئاش ـ ناننى بەك ئىسراپ قىلىدىكەن، باللار تاشلىۋەتكەن شۇ تاماقلارنى ئاشخانىدىكىلەر قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغاندۇ؟

— قانداق قىلاتتى، — گۈلقەلەم پەرۋاسىزلارچە جاۋاب

بەردى، — بورداقچىلار ئەكىتىپ چارۋىلىرىنى باقىدۇ شۇ.

مەن جىم بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمچە شۇ چارۋىلارغا ھەۋىسىم كېلىپ قالدى، ئۇلار قورساقتا كەلگەندە مەندىن كۆپ بەختلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار مەن يېمىگەننى يېيەلەيتتى. مەكتىپىمىزدىكى «بايۋەچچە» باللار ئۇزۇلۇپلا قالمىسا، ئۇلار قورسىقىدىن غەم قىلمىسىمۇ بولاتتى ...

مەن تۇرمۇش پۇلۇمنى غەملەش ئۈچۈن ئاۋۋال مەكتەپ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى شەخسىي ئاشخانىلارنى بىر قۇر ئارىلاپ ئىش ئىزدىدىم. قولۇمدا ھۈنىرىم بولمىغاچقا، تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس ئىدى: قاچا يۇيىدىغان، تازىلىق قىلىدىغان، كۆكتات ئادالايدىغان، ئومۇمەن مەن قىلالايدىغان ئىشلا بولسا، ياق دېمەي ھەممىسىنى قىلىشقا تەييار ئىدىم.

تۇنجى بولۇپ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كىچىك ئاشخانىنى نىشان قىلدىم.

— كېلىڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى سېمىز ئايال ئىشىك يېنىدىكى ئۈستەلنى ئىما قىلىپ، — قېنى سەن مولازىم؟ مېھمانغا چاي!

— مانا، مانا ... ئىچكىرىكى خانىدىن بىر بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئايال مېنى تاماق يېگىلى كەلگەن مېھمان دەپ ئويلاپ قالغانىدى. شۇڭا، دەرھال چۈشەنچە بەردىم:

— مەن ئىش ئىزدەپ كەلگەن، ئاچا، — ئاۋازىمنى ئۆزۈم ئاران ئاڭلىيالىدىم.

— نېمە؟! ئىش ئىزدەپ كەلگەن دېدىڭىزما؟

— ھەئە.

ئايالنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ خالتىلىشىپ كەتكەن چىرايىدا بايىقى قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— جالال، ئىشىڭنى قىلىۋەر!

چاي كۆتۈرۈپ چىققان بالا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — ئايال بالىغا ھۆرپەيدى، — بۇ مېھمان تاماق يېمەيدىكەن، ماڭ، ئىشىڭنى قىل!
بالا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكىگىنىمچە ئاشخانىدىن يېنىپ چىقتىم.
مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتىم. دېيىشتۇرالغاندەك ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئوخشاش ئىدى:
— ئادىمىمىز تولۇق، باشقا ئاشخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بېقىڭ!
ئۈمىدىم سۇغا چىلاشتى، ئۆزۈمچە خورلۇق ھېس قىلدىم، مېنىڭ ھالال ئەجرىم بەدىلىگە نان يېيىش ئارزۇيۇمۇ رېئاللىق تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلمىگەنىدى. بەدىنىم تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلاپ كەتتى. كۆزۈمنىڭ ماڭ يېرىدىن يىغا قايناپتتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

... ...

— جاھاندا ھەممىدىن نېمە قاتتىق؟
— تاش قاتتىق!
بالىلار تەڭ ۋارقىراشتۇق.
خەلىچخان مۇئەللىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭلار.
— كالىنىڭ مۈڭگۈزى قاتتىق!
— تۆمۈر قاتتىق!
— پولات قاتتىق!
— ئالماس قاتتىق!
— شەيدۇل دادامنىڭ ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى قاتتىق!

... ...

سىنىپتىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. بالىلار جاھاندىكى جىمى قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىر قۇردىن ئاتاپ چىقتى.

نىمىشقىدۇر مۇئەللىمنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئىپادىسى كۆرۈلمىدى.

— تەن ئالدىڭلىمۇ؟

ھەممىمىز يەرگە قاراشتۇق.

— يوقسۇزلۇق قاتتىق !

باللار بىر - بىرىگە مەنلىك قاراشتى ...

شۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ گىپىنىڭ تېگىگە يەتمىگەنىكەنمەن. بېشىمغا كەلگەندە ھەممە ئايان بولدى. تونۇپ يەتتىمكى، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقلىرى ئالدىدا تاش، پولاتلار نەگە تارتسا رايىشلىق بىلەن سوزۇلىدىغان قۇيماق خېمىرى ئىكەن، خالاس !

— كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭسىڭىز بولامدۇ؟

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. كۆز ئالدىمدا ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇراتتى. ئايىغىمىزدا شوخلا، پىياز، سەۋزىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. مەن بىر قاراپلا ئىشنىڭ جەريانىنى مۆلچەرلەپ بوۋايغا يېلىنىش نەزىرىدە قارىدىم.

— خاپا بولمىسىلا، ئاكا، مەن ...

مەن چېچىلغان كۆكتاتلارنى تېرىپ يالتىراق خالتىغا سېلىشقا باشلىدىم. مويسىپىتنىڭ تۈرۈلگەن قاپىقى سەل ئېچىلىپ ماڭا ماسلاشتى.

— يول ماڭغاندا بەك دىققەت قىلىڭ، قىزىم، ھازىرغۇ ماڭا سوقۇلۇپ ھېچ ئىش بولمىدى، ئالىمادىس ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

مويسىپىت بىرھازا تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى.

— ئۇھ، — دېدىم كۆكرىكىمنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنى تۇتۇپ قويۇپ، — ھەرنېمە بولسا غەرەز ئاڭقىرىدىغان ئادەمگە سوقۇلۇپتىمەن، بولمىسا كۆرىدىغىنىم بار ئىدى. ئەگەر

مويسىپىتنىڭ قولىدىكى كۆكتات بولماي، بىرەر قىممەت باھالىق نەرسە بولۇپ قالغان بولسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بەدىنىم بىر تەرلەپ سوۋۇدى. مويسىپىتنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۇم. مەن پۇتۇمنىڭ مەيلىگە بېقىپ شەھەرنىڭ ئەڭ قايناق رەستىلىرىدىن بىرسى بولغان ئوي بازارغا كېلىپ قالغانىدىم.

مەن ئوقۇش باشلاش ھارپىسىدا يوتقان تېشى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە بىر قېتىم كەلگەنىدىم. ئۇ چاغدا ئاز بولسىمۇ يانچۇقۇمدا پۇلۇم بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بازار ماڭا مېھرىلىك بىلىنگەنىدى. بۇ قېتىم ئەھۋال باشقىچە ـــ يانچۇق قۇرۇق، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق. مۇنداق ئەھۋالدا بازار مېنى ئىلگىرىكىدەك خۇش چىراي قارشى ئالارمۇ؟

مەن ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

بازار ئاۋات، ھەممە ئۆز تىرىكچىلىكى، ئۆز ئېھتىياجى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن پۇت قويغۇدەك يەر تېپىشمۇ قىيىن ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىك يايمىلاردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلاتتى. بولۇپمۇ پىششىق توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، تاتلىقياڭيۇ، لەڭپۇڭ، راڭپىزا، گازىر ـ پۇرچاق، ئۆپكە ـ ھېسىپ، كاللا ـ پاچاق دېگەندەك تەييار يېمەكلىكلەرنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك ئىدى. ھۆپىگەرلەر تەييارلاپلا ئۈلگۈرسە، ئالارغا ئادەم تەييار ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى.

بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئوق يولدا ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بېكەتمۇ يېقىن ئىدى، مىنۇتتا بىر ئالمىشىپ تۇرىدىغان كوچا ئاپتوبۇسلىرى بازارنىڭ رىتىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بازارنىڭ ئەتراپى بىر ـ بىرىدىن ئېگىز، سۆلكەتلىك بىنالار بىلەن قورشالغانىدى، بىنالارنىڭ ئېگىزلىكىدىن بازارغا يىل

بويى كۆن چۈشمەيتتى، ياندىن قارىسا ئادەمگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بۇ قايناق بازارنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن بىنالارنىڭ ۋۇجۇسكىلىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. پۇلى كۆپ ئىدارىنىڭ بىناسى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولىدىكەن، خۇددى پۇلى بار ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭ، ئاۋازى ئۈنلۈك، نەزىرى ئۈستۈن بولغاندەك.

بىنالارغا قارىغانسېرى ئۆزۈمنى تېخىمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك سېزىشكە باشلىدىم.

«قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك، بانكىلار كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈندى. سودا سارايلىرىغا ئېھتىياجىم بار ئىدى. كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغاچقا سوغۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. خەلىچىخان مۇئەللىم يوللۇق تۇتقان بىر قۇر كۈزلۈك كىيىمنى سالماي كىيىۋاتقىنىمغىمۇ ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى، بىر قۇر قىشلىق كىيىم ئاش ـ تاماقتا ئوخشاشلا زۆرۈر ئىدى. لېكىن، پۇلۇم بولمىغاچقا سودا سارايلىرىمۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك مېھرىلىك بىلىنمىدى.

يۈرىكىمنى تۇتۇپ باقتىم، مەن بازارغا خاتا كېلىپ قالغانىدىم، بۇ يەردە مەن قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى، شۇڭا ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكىگىنىمچە مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. يولدا ئادەملەر كۆپ ئىدى، كۆپ قىسمىنىڭ قولىدا سومكا ياكى نەرسە قاچىلانغان يالتىراق خالتىلار بار ئىدى، ئۇلارغا تېگىپ كېتىشكە بولمايتتى. شۇڭا، مويسىپىتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يولنىڭ چېتىدىن ئېھتىيات بىلەن ماڭدىم. ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئېگىز بىنالىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەكتەپنىڭ بىنالىرىنى كۆرۈپ پۇت ـ قولۇمغا قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى.

تۇيۇقسىز بۇرنۇمغا ئىسسىق گىردىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم، يېقىنلا يەردىكى كوچا دوقمۇشىدا نان

پەشخۇنغا چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان چوڭ ـ كىچىك گىردىلەر كەچكى شەپەق نۇرىدا ئوتقاشتەك جۇلالىناتتى. ناننى كۆرۈپ ئاغزىمغا يەنە سىرىق سۇ يىغىلدى.

يانچۇقىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالاي دېگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا تاماق يېمەي بولمايتتى. مەن ئەڭ ئاخىرقى ئون كوينى ئېلىپ ئالدى ـ كەينىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ناۋايخانىنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— ناندىن ئىككىنى بەرسىلە.

ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان بوۋاي ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىرىپ پىشقان ئىككى ناننى يالتىراق خالتىغا سېلىپ بەردى. مەن پۇلنى تەڭلىدىم.

— پارچە پۇل يوقمىدى؟ — بوۋاي سوئال نەزىرىدە ماڭا قارىدى.

— يوق ئىدى.

ئۆزۈمچە بوينۇمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. بوۋاي بار ـ يوق پۇلۇمنىڭ مۇشۇ ئون كويلا ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

بوۋاي ياندۇرۇپ بەرگەن پارچە پۇللارنى ئېلىۋېتىپ ناۋايخانىنىڭ يان تەرىپىدە يولدىن ئۆتكەنلەرگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان يەتتە ـ سەككىز دەك باللارغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. باللار خۇددى ھۆكۈم ئېلان قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان جىنايەتچىلەردەك مەيدىسىگە قەغەز تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئالدىدىن ئۆتكەنلىكى كىشىلەرگە قولىدىكى قەغەزنى كۆرسىتىپ پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەيتتى. مەن ئۇلاردىن ئىككىسىنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. ئۇلار بىزنىڭ مەكتەپنىڭ باللىرى ئىدى. مەن بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم: بۇ نېمە كارامەت ئەمدى؟ ئۇلار قايسى گۇناھى ئۈچۈن مەيدىسىگە قەغەز چاپلاپ كوچىدا تۇرغۇزۇپ قويۇلغاندۇ؟ مەن باللارغا ئاستا يېقىنلىشىپ قولىدىكى قەغەزگە كۆز يۈگۈرتتۈم. قەغەزگە: «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. شۇ ئەسنادا تونۇش چىرايدىن بىرسى سۇس

كۆلۈمسىرىدى، مەنمۇ جاۋابەن كۈلۈمسىرىدىم.
— سىز ...
تونۇش چىراي يىگىت مەن تەرەپكە سۈرۈلدى:
— ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرمۇش پۇلىنى غەملەيلى دەپ چىققان.
بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرمۇش پۇلىنى غەملەش ئىشى نېمىشقا بالدۇرراق كاللامغا كەلمىگەندۇ؟ كونىلارنىڭ «نامرات بولساڭ شەھەر كۆر» دېگىنى راست ئىكەن، ئوقۇش باھانىسى بىلەن بۇ شەھەرگە كەلمىگەن بولسام، «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن گەپنى ئۆمۈر بويى ئاڭلىماي ئۆتۈپ كېتەر ئىكەنمەن. ھەقىقەتەنمۇ چوڭ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى بار ئىكەن ... بايا ئۆي بازارنى ئايلانغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلغانىدىم، ھازىر خۇش بولدۇم. بۇنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ چۈشەنسەم بولارمۇ؟
پۇت ـ قولۇمغا قايتىدىن جان كىردى. خۇددى گۈزەل ئىستىقبال ماڭا يەنە بىر قېتىم قول پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك خۇشلۇقتا مەكتەپكە قاراپ تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتىم.

## 9

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەن ھامان ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەيدانغا چىقتىم. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھاۋا تۇتۇق ئىدى. ئاسماننى قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلىۋالغانىدى. ئىزغىرىن شامال ئادەمنىڭ دولىسىنى قورۇيتتى. مەن ئادىتىم بويىچە ئاۋۋال مەيداننى تۆت قېتىم ئايلىنىپ ھەرىكەت ئىشلىدىم، كۆزۈم بىرنەرسىنى ئوبدان ئىلغىغۇدەك بولغاندا تېكىست يادلىدىم. سائەت يەتتە بولغاندا سىنىپقا چىقىپ تۈنۈگۈن كەچتە تەييارلاپ قويغان ئاق قەغەزگە «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن خەتنى يازدىم. يازغان خېتىمدىن رازى بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئاۋايلاپ بىر پارچە ژۇرنالنىڭ

قېتىغا سالدىم.

بۈگۈن شەنبە بولغاچقا دەرس يوق ئىدى. شۇڭا، ياتاققا چىقىپ تۈنۈگۈن ئېشىپ قالغان گىردە بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن ياتاقتىن چىقتىم.

ئون مىنۇتقا قالماي ناۋايخانا ئالدىغا كېلىپ قالدىم. ناۋاي ئۇستام ئالدىبۇرۇن نېنىنى چىقىرىپ بولغانىكەن، مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەنمۇ جاۋابەن كۈلۈمسىرىدىم. تېخى ئەتىگەن بولغاچقىمۇ كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. تۈنۈگۈنكى بالىلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن ئالدىراقسانلىق قىلىپ بەك ئەتىگەن كېلىۋالغىنىمنى ھېس قىلىپ ئۆزۈمچە خورسىنىپ قويدۇم.

كۈن نەيزە بويى ئىگىلىنىپ، شامال سەل بېسىقتى. كوچىلاردا ئادەملەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. مەن باشتىن ـ ئاخىر بوۋاينىڭ ناۋايخانىسىغا دىققەت قىلدىم. بوۋاينىڭ سودىسى ئوبدان ئىدى. نان چىقىپ ئۈلگۈرىسىلا خېرىدارلار ئۈكسۈمەيتتى. تۇرۇپلا بوۋايغا مەستلىكىم كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن، بولۇپمۇ قورساقتىن غېمى يوق. ئورنى ۋە ئەجرى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، مەندەك ھالال ئەجرى بەدىلىگە ياشاشقا پۇرسەت تاپالماي غەم ئىچىدە يۈرمەيتتى. ئادەملەرنىڭ ھۈنىرىلا بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم يېيىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

سائەت ئون ئەتراپىدا تۈنۈگۈنكى بالىلاردىن ئىككىسى كېلىپ جاي ئىگىلىدى. مەنمۇ ئۈچىنچىسى بولۇپ قاتارغا تىزىلدىم. ھەممىمىز بىر كېمىنىڭ يولۇچىلىرى ئىدۇق، كالىدەك پۈشقۇرۇپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. شۇڭا، يېنىمدىكى قىزغا يېقىنچىلىق قىلىپ باش لىڭشىتىپ قىزغىنلىقىمنى بىلدۈردۈم، ئەپسۇس، قىز مەن ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىپ قاراپ قويدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئۈجۈقۈپلا كەتتىم، سالامغا جورۇغان تەبەسسۇمۇم چىرايىمدىلا

قېتىپ قالدى ...

هايالشىماي توپىمىز غولداپ ئۇن نەچچىگە يەتتى. ۋاقىت جۇۋاز كالىسىدەك ئالدىرىماي ئۆتمەكتە. بىر سائەت، ئىككى سائەت ... كۈن چۈش بولدى. ئارىدا ئىككى بالىغا «خېرىدار» چىقىپ خۇشال هالدا توپىمىزدىن ئايرىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ماڭا بىرەر هاجەتمەننىڭ نەزىرى چۈشمىدىغاندەك قىلمايتتى.

تۇرۇپلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم.

— سىز قايسى كەسىپنىڭ؟

ئالدىمدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ماڭا قاراپ تۇراتتى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم سىلىپ كەتتى.

— ئەدەبىياتنىڭ!

هېلىقى كىشى ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ماڭا ماتېماتىكا بىلەن خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى لازىم ئىدى.

يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسىدە بولۇپ قالدىم. شۇ ئەسنادا يېنىمدىكى قىز ئالدىراش ئېغىز ئاچتى.

— مەن ماتېماتىكىنىڭ، خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، خەنزۇچىنىمۇ تەكرار قىلىپ بېرەلەيمەن.

قىز تاللاندى. ئۇ شەھەر ئالغان گېنېرالدەك مەغرۇر ئىدى. تۇرۇپلا قىزغا مەستلىكىم كېلىپ قالدى. ئەگەر مەنمۇ ماتېماتىكا ئوقۇغان بولسام ...

مەن سەلدەك ئېقىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويدۇم.

قورسىقىم يەنە خەقشىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇسسۇزلۇقمۇ يامان ئىدى. تۇرۇپلا هاۋا تۇتۇلۇپ، شامال ئەدەشكە باشلىدى.

— سىز ئەدەبىياتتا ئوقۇيدىكەنسىز - هە؟ — دېدى يېنىمدىكى سېرىق چاچلىق يىگىت. ئۇمۇ كۈتىۋېرىپ زېرىككەن

بولسا كېرەك، ئېغىر خورسىندى.

— ھەئە.

— مەن بىئولوگىيەدە ئوقۇيمەن.

مەن باش لىڭشىتىپ قىزغىنلىقىمنى بىلدۈردۈم. لېكىن، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا تەبەسسۇمۇم چىرايىمغا چىققاندەك قىلمىدى.

— سىز بىكار ساقلىغاندەك قىلىسىز.

مەن ئەجەبلىنىپ يىگىتكە قارىدىم.

— مەن بۇ يەردە تۇرغىنىمغا ئۈچ كۈندىن ئاشتى، ئىش تاپقانلارنىڭ ھەممىسى ماتېماتىكا بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ بالىلىرى، ئىنگلىز تىلىنىڭمۇ بار. مەندىن بىرەر كىشى گەپ سوراپمۇ قويمىدى. ھەي ... قارىغاندا بىز كەسپىنى خاتا تاللاپ قويغان ئوخشايمىز.

مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم.

يىگىت يەنە قوشۇمچە قىلدى:

— بۇگۈنمۇ ئىش تاپالمىسام، كەسپىمنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى قىلىمەن!

يىگىتنىڭ: «كەسپىمنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى قىلىمەن» دېگەن گېپى كاللامغا قاتتىق تەسىر قىلدى. توغرا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىكى مەقسەت — كەلگۈسىدە ياخشىراق خىزمەت تېپىپ، قەدىر ـ قىممەتلىك ياشاشقا ئۇل سېلىش ئۈچۈندۇر. خىزمەت بولمىسا، ئارمانلىرىڭ ھەرقانچە بۈيۈك بولغىنى بىلەن ھەممىسى قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەتتا مەندەك قورسىقىڭنىمۇ باقالماي جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن.

مەنمۇ كەسپىنى خاتا تاللىغاندىمەنمۇ؟ مەن ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقمىغانىدىم. مەن ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتىم. نەزىرىمدە ئەدەبىياتنىڭ ئورنى ئەڭ يۈكسەك ئىدى. سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي: ئۇ ماڭا تىل پاساھىتى بىلەن كۆڭۈل

ئازادىلىكى ئاتا قىلغانىدى. تەڭتۇشلىرىم بىلەن دىل بىرلىكىگە ئېرىشەلمەي تەنھالىق كوچىسىغا تاشلانغان ئاشۇ يىللاردا، ئۇ ماڭا سېخىيلىق بىلەن قول ئۇزاتقانىدى. ئىللىق باغرىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بەرگەن؛ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىمغا داۋا، دىل رەنجىلىرىمگە شىپا بولۇپ، پىسخىك تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشتۈرگەنىدى.

— ئاچا، ماڭا ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېرەمسىز؟

قولىقىمغا ئىشەنمەي ئالدىراش ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئالدىمدا ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى قارىقۇمچاق بىر بالا ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— ماڭا ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېرەمسىز؟

بالا بايىقى گەپنى يەنە تەكرارلىدى. مەن بالىغا زەن سېلىپ قارىدىم: بالا شۇمۇپ تاشلىنىۋەتكەن قىلتىرىقتەك ئورۇق ئىدى. كۆز جىيەكلىرىنىڭ ئەتراپى قارىمۇچ خالتىسىدەك كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، نۇرسىز كۆزلىرى جىنچىراغدەك پىلىلدايتتى. مەڭزىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە روشەن جاراھەت ئىزى بار ئىدى. تىزلىرى سۈرۈلۈپ كەتكەن پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كۆل رەڭ بوغما چاپىنى ئۇنىڭغا چوڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

— يەتتىنچى باشلانغۇچتا.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— زەمىرجان.

— قايسى پەندىن يېتەكلەيمەن؟

— ئەدەبىياتتىن.

كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. بايىقى خىياللىرىمدىن ئۆزۈمچە نومۇس قىلىپ قالدىم.

— ئوقۇتقۇچى ئوقۇشقىلى ئاتا ـ ئانىڭىز كەلمەپتۇغۇ؟

زەمىرجان بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كىملەردىندۇر

مەدەت تىلىگەندەك يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئەنسىز قاراپ قويغاندىن كېيىن بىردىنلا ئىسسىنى يىغىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

— مېنىڭ ئانام يوق، دادامنىڭ مىجەزى بولمىغاچقا مېنى ئەۋەتتى.

زەمىرجان يەرگە قارىۋالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ماقۇل، مەن سىزگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېرەي.

زەمىرجان بايىقى ھەرىكەتنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. مەن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئۇ قارىغان تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتۇم. بىر قارا گەۋدە قارىشىمغىلا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالدى.

— ماڭامدۇق؟

— ئۆيىڭىز نەدە؟

— يىراق ئەمەس، نىمكەش ماللار بازىرىنىڭ يېنىدىلا.

راست گەپنى قىلسام، مەن نىمكەش ماللار بازىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتىم. مەن سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. زەمىرجان مېڭىشقا تەييار بولۇپ ماڭا سوئال نەزىرىدە قارىدى. مەن سىرىق چاچلىق يىگىتكە خوش دەپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىئارام ئىدى، يۈرىكىم ئېغىپلا تۇراتتى.

بىز ئون مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن ئېگىز بىر بىنانىڭ يېنىدىن سولغا قايرىلدۇق. كۆز ئالدىمدا تار بىر كوچا سوزۇلۇپ ياتاتتى. كوچا تار بولۇشىغا قارىماي پاتقاق ھەم مەينەت بولۇپ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ھاجەتخانىلاردىن تارقىغان سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇراتتى. كىچىك ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىچۇ تېخى، يول بەرمىسەڭ سىگنال چېلىپ ئارام بەرمىگەن، يول بېرەي دېسەڭ زەيدەپ كەتكەن تاملارغا زاماسكىدەك چاپلىشىپ قالغان ...

بىز خېلى ماڭدۇق. لېكىن، مەنزىلگە ھېچ يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارىدىغانغاندەك قىلمايتتۇق.
كۆن قايرىلىشقا باشلىغانىدى. زەمىرجان مەندىن ئون مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر خىل تەرزدە كېتىۋاتاتتى. خۇددى كەينىدە كۆزى باردەك، قەدىمىنى چوڭراق ئالسام، شۇ هامان قەدىمىنى تېزلىتەتتى، ئاستىلىسام ئۇمۇ ئاستىلايتتى.
ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن يول ئېگىزلەپ، ئۆيلەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. مەن ئەتراپقا سىنچىلاپ كۆز يۈگۈرتتۈم. بىز تاغ قاپتىلىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ قالغانىدۇق. مەن قەدىمىنى توختاتتىم، زەمىرجانمۇ توختىدى.
— بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز دەۋاتاتتىڭىز، مېڭىۋېرىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدۇققۇ؟
— ئاز قالدۇق، ئاۋۇ بىنا ئۆي شۇ.
مەن زەمىرجان كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. ئىككى يۈز مېتىرچە يىراقتا بىر تەرەپكە سەل قىيسىيىپ قالغان بىر كونا بىنا تۇراتتى. مەن سەل ئىككىلىنىپ كەينىمگە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن زەمىرجاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.
— كەلدۇق، — دېدى زەمىرجان ئىككى كورپۇسلۇق بىنانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقېچىپ. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى تازا قولاشمايتتى، — ئۆ ... ئۆيىمىز تۆتىنچى قەۋەتتە.
قېنى يول باشلا، دېگەن مەنىدە زەمىرجانغا قارىدىم. زەمىرجان مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي، ئالدىمدا يول باشلاپ بىناغا كىردى.
زەمىرجان تۆتىنچى قەۋەتكە چىققاندا ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويۇپ، سول تەرەپتىكى ئىشىكنى چەكتى. ھايالشىماي ئىشىك ئېچىلىپ بىر ئەر كىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى.
— قېنى كىرىڭلار، — دېدى ئەر قىزغىن كەيپىياتتا ماڭا ئاچ كۆزلەرچە قاراپ قويۇپ. مەن ئايىغىمنى سېلىپ ئۆيگە قەدەم باستىم. شۇ ئارىلىقتا ئەر بىلەن زەمىرجان بىر - بىرىگە

مەنلىك قاراشتى. ئەر زەمىرجانغا مەمنۇن بولغان قىياپەتتە كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— قېنى سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

مەن ئەر كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئەر بىلەن زەمىرجان ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۆي ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتىم. ئۆي ئىچىدىكى جابدۇقلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە زادىلا ماسلاشمايدىغان كونا نەرسىلەر بولۇپ، ھەممىلا يېرىدىن مەينەتچىلىك بىلىنىپ تۇراتتى. بىر بۇلۇڭدا قۇرۇقدالغان بوتۇلكىلار دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. تۇرۇپلا تېنىمنى سۇر باستى. مەن ئۆي ئىچىنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ بالىسىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بېرىدىغان ئاتا - ئانىلارغا خاس بەلگە ئۇچرىتالمىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي ئەر بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەرگە سوغدىشىپلا چىققان زەمىرجاننىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ماڭا باشقا نەزەردە قارايتتى. ئەر ئىككى پىيالىگە چاي قۇيدى.

— قېنى چايغا بېقىڭ.

— رەھمەت.

مەن پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم. شۇ ئارىدا زەمىرجان تالاغا ماڭدى.

— ئايال كىشى يوق ئۆي مۇشۇنداق بىسەرەمجان بولىدىكەن، قاراڭ، — دېدى ئەر سەل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە، — قورسىقىڭىزمۇ ئاچتى ھەرقاچان، كەچتە يەرمىز دەپ بازاردىن پىششىق توخۇ ئەكېلىپ قويغان، پارچىلاپ چىقاي، سىز چاي ئىچكەچ تېلېۋىزور كۆرگەچ تۇرۇڭ.

ئەر تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. توخۇ گۆشىنىڭ كېپىنى ئاڭلاپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى. ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرىممۇ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. مەن ئەرگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن قولۇمغا

پىيالىنى ئالدىم. چاي پۇراقلىق ئىدى، شۇ ئارىدا ئەر پىيالىگە ئۇمتۇلۇپ قاراپ قويدى. پىيالىگە قارىغىنىمدا نىمىشقىدۇر بۇغدىيىكى لىكىلداپ چىرايىغا جىددىيلىك تەپتى. مەن چىپپىدە توختىدىم.

«چايدا بىھوش قىلىش دورىسى بولمىسۇن يەنە !» بۇ خىيالىنىڭ كاللامغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. توغرا، دىققەت قىلىش كېرەك. مەن ئىلگىرى ئەرلەرنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلار تۇتقان بىر پىيالە چاي بىلەن بارلىقىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ كەتكەن بىتەلەي قىزلار ھەققىدە يېزىلغان تالاي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان، شۇ بەختسىز قىزلار ئۈچۈن ئۆزۈمچە ياش تۆككەن چاغلىرىم بولغانىدى. مەن ئىچىمدە بۇ خىلدىكى ئەرلەرگە بەك نەپرەتلەنگەنىدىم.

مەن كاللامنى سىلكىۋېتىپ بايىدىن بېرى يۇز بەرگەن بەزى ئىشلارنى بىر قۇر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم: تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بالا، ئارقا كوچا، ناتونۇش ئەر، سىرلىق بېقىشقان كۆزلەر، بىسەرەمجان ئۆي، دۆۋىلىنىپ كەتكەن بوتۇلكىلار ...

مەن بۇ ئۆيگە خاتا كېلىپ قالغىنىمنى ھېس قىلىپ شۇ ھامان پىيالىدىكى چاينى سافانىڭ ئاستىغا تۆكىۋەتتىم.

شۇ ئەسنادا ئەر بىر تەخسىدە پارچىلانغان توخۇ گۆشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدا پەيدا بولدى. تەخسىدىكى گۆش ئۆز گۆشۈمدەك بىلىنىپ كەتتى.

— قېنى ئېلىڭ، تېخى ئىسسىق ئىكەن.

ئەر بىكارلانغان پىيالىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ لەشتەك تارتىشىپ تۇرغان خۇنۇك چىرايىدا تەبەسسۇم ئىزنالىرى پەيدا بولغانىدى.

— زەمىرجان كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ دەرس تەكرارلاشنى باشلاي دېگەن.

— قايسى زەمىرجان؟

مەن چۆچۈپ ئەرگە تىكىلدىم.

— بايىقى بالىچۇ؟ ئۇ سىلىنىڭ بالىلىرى ئەمەسما؟

— ھە، شۇنداق ... زەمىرجان، مەن بىر ئىشقا بۇيرۇغان، ھازىرلا كېلىدۇ.

ئەر دۇدۇقلاپ قالدى. ھەممە بەش قولدەك ئايان بولدى، بالىمۇ، ئەرمۇ ئالدامچى! ۋادەرىخ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— كەچتە مۇزاكىرە بار ئىدى، ئۇلگۇرۇپ بارمىسام بولمايدۇ، ئارىلىق خېلى بار ئىكەن، زەمىرجانىنىڭ كېلىشىنى كۈتسەم بەك كەچ قالغۇدەكمەن، شۇڭا ئەتە بالدۇرراق كېلىپ تەكرارنى باشلىسام، مەن شۇنداق دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— نەگە ئالدىرايسىز، زەمىرجان ھازىرلا كېلىدۇ، — دېدى ئەر يولۇمنى تورىغاچ، — ئۇ كەلگۈچە بىز قورساقنى ئەستەرلىگەچ تۇرايلى.

مەن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئەقلىمنى جورۇتۇشقا باشلىدىم.

— سەت بولدى، مەن ئادەتتە توخۇ گۆشى يېمەيمەن، بۈگۈن بىر ئوبدان تونۇشۇۋالدۇق، خۇدانىڭ كۈنى تېخى ئۇزۇن، بىللە تاماق يەيدىغانغا پۇرسەت كۆپ، مەن يەنە كېلىمەن ئەمەسمۇ؟

— تولا ياسالمىلىق قىلماي ئولتۇرە پاسكىنا! — ئەر بىردىنلا بۆرە تېرىسىنى كىيىپ قولىنى شىلتىدى. ئۇنىڭ ناسىۋال خالتىسىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قىسماق كۆزلىرى قان پۇرىغان ئىتنىڭ كۆزىدەك قىزىرىپ كەتكەندى.

— نېمانداق ئادەم تىللايسىز؟ مەن تىل ئىشتىكىلى ئەمەس، بالىڭىزغا دەرس ئۆتكىلى كەلگەن!

— بۈگۈن دەرسنى مەن ساڭا ئۆتىمەن! — ئەر قولۇمنى كۈچەپ سىلكىشلىگىنىچە مېنى سافانىڭ يان تەرىپىگە تارتتى، مەن يۈلقۇندۇم.

— دورا تەسىر قىلغاندەك ئەمەسقۇ بۇ پاسكىنىغا؟

ئەر قولۇمنى بوغقۇچلاپ قايرىپ هاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزىنى بوينۇمغا سۇركىدى. مەن يىلان چېقىۋالغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئەرنىڭ قولى كۈچلۈك ئىدى، شۇنچە كۈچەپمۇ قولىدىن ئاجرىيالمىدىم.

— ئوبدان ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ، مەن سىزدىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم خۇش بولۇپ كېتەي، سىزنىڭمۇ سىڭلىڭىز باردۇ؟

ئەر سەل بوشىدى.

— مۇنداق چىرايلىق گەپلىرىڭنى هېلى قىل، تېز كىيىمىڭنى سال ! بولمىسا ...

ئەر تېلېۋىزور يېنىغا قويۇپ قويغان پىچاققا قاراپ قويدى.

— خۇدانىڭ ھەققىدە خۇش بولۇپ كېتەي.

— بۇ گېپىڭنى ماڭا دېمە !

«مەلئۇن» گەپ يەيدىغاندەك قىلمايتتى. شۇنچە يالۋۇرۇشلىرىممۇ ئۇنى رەزىل نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا قادىر بولالمىغانىدى. ئېنىقكى، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى. شۇڭا، ئەقلىمنىمۇ، كۈچۈمنىمۇ تەڭ ئىشقا سېلىش نىيىتىگە كېلىپ بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

— ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك قىلاي.

ئەر غەلىبىسىدىن خۇش بولۇپ قولۇمنى سەل بوشاتتى.

— بالدۇرراق شۇنداق قىلىدىغان ئىش ئىدى، تېز بول ...

مەن بارلىق كۈچۈمنى تىرناقلىرىمغا يىغىپ مەلئۇننىڭ يۈزىگە چاڭگال سالدىم.

— ۋايجان ! ...

مەلئۇننىڭ يۈزى قىپقىزىل قانغا بويالدى. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشىك تەرەپكە سىلجىدىم. قاس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. مەن سافاغا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەر يۈزىدىكى قاننى ئېرتىۋېتىپ ئۈستۈمگە تاشلاندى.

— ھۇ پاسكىنا، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ھىيلە - مىكىرلىرىڭ كۆپكىنە سېنىڭ، سەن مېنى تازا دەڭسەپ بولالمىدىڭ تېخى،

ھېلى كۆرسىتىمەن كۆرگۈلۈكۈڭنى، ــ ئەر چىچىمدىن تارتىپ ئۆرە قىلدى.

ــ بۇ ئۆيدىن ھېچكىم ساق چىقىپ كېتەلمىگەن!

ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ كەتتىم.

ــ شۇنداقمۇ! ــ دېگىنىمچە ئەرنىڭ چاترىقىغا كۈچەپ بىرنى تىزلىدىم. «ئېھ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەر ئىككى پۈكلىنىپ قالدى. يەنە بىرنى تىزلىدىم، بۇ قېتىم تىزىم ئۇنىڭ قورسىقىغا تەگدى. كۆزۈمگە قان قۇيۇلغانىدى. قولۇمنى يانغا ئۇزارتقانىدىم، بىر بوتۇلكا چىقتى. پۈتۈن كۈچۈمنى بىلىكىمگە يىغىپ بوتۇلكىنى ئەرنىڭ بېشىغا ئۇردۇم. تاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بوتۇلكا پارە ـ پارە بولۇپ يەرگە چېچىلدى. دەقىق ئۆتمەي ئەر سەنتۈرۈلۈپ پولغا يىقىلدى. مەن پىچاقنى قولۇمغا ئالدىم.

ئەر پولدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەن سەل دېمىمنى ئېلىپ، پولدا سۇنايلىنىپ ياتقان ئەرگە نەپرەت بىلەن قارىدىم ... ئۇنىڭدىن سادا يوق ئىدى.

«ئۆلگەنمىدۇ؟» قورقىنىمدىن جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. مەندە بايىقى ئەسەبىي كۈچتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. گاراڭ ھالەتتە خېلى ئۇزاق ئولتۇردۇم. بىر چاغدا ئەرنىڭ بوش ئىڭرىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ئۆلمەپتۇ!

پۈت ـ قولۇمغا قايتىدىن ماغدۇر كىرگەندەك بولدى. مەن كىرىسلوغا يۆلىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇ چاغدا ئەر تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بېشىنى مەن تەرەپكە بۇراپ ئاغزىنى ئۈمەللىدى. لېكىن، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. مەن پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ قەددىمنى رۇسلىدىم. ئەر قولۇمدىكى پىچاقنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. مەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئەر تەرەپكە بىر قەدەم سىلجىدىم. ئەر ماڭا پىچاق تىقىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى بولغاي، بېشىنى تىنىمسىز چايقىغىنىچە كۆزلىرىمگە ئۆتۈنۈش نەزىرىدە تىكىلدى ...

مەن پىچاقنى ئىشكاپنىڭ كەينىگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئايىغىمنى كىيىپ سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

## 10

ياتاققا كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ياتاقتا گۈزەلنۇر كەشتە تىكىپ ئولتۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپ ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە بولدى بەختىگۈل، چىرايىڭ باشقىچىلىغۇ؟

ئەپسىم يېتىشمەيتتى، يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى، بېشىم چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك پىرقىراپلا تۇراتتى.

— مىجەزىڭ يوقما؟

مەن ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم، لېكىن ئاۋازىم چىقمىدى.

— بىرەرسى بوزەك قىلدىمۇ يا؟

مەن باش لىڭشىتتىم. كۆز يېشىم يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.

— قايسى دۆيۈز ئۇ سېنى بوزەك قىلغان؟ — گۈزەلنۇرنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالدى، — مەردانما؟

— ياق ! مەن ئالدىراش باش چايقىدىم.

— ئەمىسە كىم؟

مەن بېشىمنى تۆۋەن سالدىم. گۈزەلنۇر مۇرەمدىن بوش قۇچاقلاپ ياشلىرىمنى سۈرتتى.

— قېنى دېگىنە، نېمە ئىش بولدى مۇنچىلىك بىسەرەمجان بولۇپ كەتكۈدەك؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. گۈزەلنۇر ماڭا جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان تولۇقۇناق سوئالدىن بىرنى قويغانىدى. يالغان ئېيتىشقا ئاغزىم بارمايدۇ، راست گەپ قىلسام سىرىم ئاشكارا بولىدۇ. نېمە دېسەم بولار؟

مېنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ گۈزەلنۇرمۇ جىم بولۇپ قالدى.

— باشقا باللار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — دېدىم مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ. گۈزەلنۇر ئىغىر خورسىنىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— بۇگۈن ئىپارگۈلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، تەبرىكلىگىلى رېستورانغا كەتتى.

— سەن بارماپسەنغۇ؟

— بىلىسەنغۇ، مېنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشۇم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپارگۈل بىلەنمۇ تازا مىجەزىم كېلىشىپ كەتمەيدۇ. مىننەتلىك تاماقنى يەپ قەرزدار بولغۇچە، سىڭگەن نېنىمنى يەپ گۈل تىكىپ ئولتۇردۇم شۇ.

گۈزەلنۇر بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ماڭا تەڭلىدى.

— قېنى چاي ئىچ، لەۋلىرىڭ گەز باغلاپ كېتىپتۇ.

مەن پىيالىنى ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم. گۈزەلنۇر مەندىن رەنجىگەندەك قىلاتتى. مەن چوغقا دەسسىۋالغان ئادەمدەك ئولتۇرالماي قالدىم.

— ماڭا ئىشەنمەيسەن ـ ھە؟

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۇم. گۈزەلنۇرنىڭ كۆزىدىن مەيۈسلۈك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق ئەمەس.

— ئەمىسە نېمىشقا مەندىن سىر تۇتىسەن؟ دەردىڭنى ئېيتساڭ بەلكىم يېنىكلەپ قالار ئىدىڭ.

— راست گەپنى قىلسام ھەممە گېپىمنى ساڭا دەپ ئىچىمنى بىراقلا بوشىتىۋالغۇم بار، — دېدىم مەن مەيۈس قىياپەتتە، — لېكىن ... دەردلىرىم بەك تولا، قايسىبىرىنى دەرمەن ساڭا؟ — مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— ئىككىمىزنىڭ بىر ياتاقتا يېتىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ ئايدىن ئاشتى، — دېدى گۈزەلنۇر بىكارلانغان پىيالىگە چاي لىقلاپ قويۇپ، — يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام مېنىڭ سەن بىلەن دوست بولغۇم بار ئىدى. نېمىشقا دېسەڭ، ھەر ئىككىلىمىز ياقا

يۇرتتىن، دېھقان بالىسى، مىجەزىمىزمۇ كېلىشىدۇ. لېكىن، سەن ماڭا ئىزچىل تۇتۇق بەرمەي كەلدىڭ. يۇرتتىكى چېغىمدا دوستلىرىم بەك كۆپ ئىدى، گۈزەلنۇر دېسە گۈزەلنۇر دەپ تېگىشمەي قالاتتىم. بۇ يەردە كۆزگە سۆرتەي دېسەممۇ يوق. ياتاقتىكى باشقا قىزلار بىر ـ بىرىدىن ئاقسا، مەنمەنچى، دوستلۇققا يارىمايدۇ، ھە دەپ قويساڭ، شىللەڭگە مىنىمەنلا دەيدۇ، — گۈزەلنۇر ئۆزىچە ئۇھسىنىپ قويدى، — مەنمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى ساڭا ئوخشاش ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇغان. بىر ياتاقتىكى ئون قىز ئاچا ـ سىڭىللاردىن ئۆتە ئىجىل ئۆتەتتۇق، پاراڭلىشىپ ـ كۈلۈشۈپ قانمايتتۇق. بەزىدە گېپىمىز بىر باشلىنىپ كەتسە تاڭ ئاتقىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتۇق. يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىز ئاددىي، لېكىن كۆڭلىمىز توق، خۇشال ئىدۇق. بۇ يەردە ھەممە نېمە باشقىچە، بەزى ئىشلار ئادەمنىڭ كۆزىگىمۇ سىغمايدۇ. بۇ تەرزدە تۆت يىلنى ئۆتكۈزمەكمۇ ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ...

مەن گۈزەلنۇرنىڭ چىرايىغا تەپسىلىي قاراپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئالمىدەك سۈزۈك چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغان، قوشۇمىسى سەل تۈرۈلگەن بولۇپ، يۈرىكىدىكى گەپلەرنى قىلىشقا ئاتقانلىقىغا گۇمان كەتمەيتتى.

— كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلدىڭ، — دېدىم مەن گۈزەلنۇرنىڭ دېھقان قىزلىرىغا خاس چوڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، — ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئىدى. سەن تېخى بىلمەيسەن، مەن كىچىكىمدىلا ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانامنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققۇچە يېزا بازىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. مېنىڭ ئالدىمدا ئىككىلا يول بار ئىدى: بىرسى سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتكۈزگەن ھامان كەتمەننى قولۇمغا ئېلىپ دېھقان بولۇش، ئارقىدىن توي قىلىپ بىر ئۆينى باشقا كىيىش. بۇ نان يەپ قورساق تويغاندا بىرنى

كېكىرىۋەتكەندەكلا ئاددىي ئىش ئىدى، ئۇنىڭغا كاللا قاتۇرۇش كەتمەيتتى. يەنە بىرسى، ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش، شۇنىڭ ھىممىتىدە قەدىر ـ قىممەتلىك ياشاش ! نەزىرىمدە پەقەت ئالىي مەكتەپلا مېنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ قولدىن كەتكەن بەختىمنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىر ئىدى. شۇڭا، ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، كەرەملىك ئاللا ئىخلاسمەن بەندىسىنى نائۈمىدتە قويمايدىكەن، تىرىشقىنىمغا تۇشلۇق ئارمىنىمغىمۇ يەتتىم. لېكىن، ئىشلار ھە دېگەندە مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. ئۈچ ئايدىن بېرى ئىشلىرىم تازا يۈرۈشمىدى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ناچار بولغاچقا، ئەل قاتارى توپقا قېتىلالماي دەككە ـ دۈككىدە يۈردۈم. شۇ سەۋەبتىن سىنىپنىڭ دوستلۇق ئىلتىجالىرىغا تازا كۆڭۈلشىمىگەن ئوخشايمەن.

— ھېس قىلغان بولساڭلا بولدىغۇ.

— مېنى ھېس قىلمىدى دەمسەن، مەنمۇ ئادەمغۇ ئاخىر، — مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، — مەنمۇ ساڭا ئوخشاش دوستقا، مېھىر ـ مۇھەببەتكە موھتاج !

ئىككىمىز چىڭ قۇچاقلاشتۇق.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، سەن ئىزدەۋاتقان ھەقىقىي دوست مانا مەن شۇ !

گۈزەلنۇر بوينۇمغا تېخىمۇ چىڭ گىرە سالدى. بىر خىل ئىللىق سېزىم ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە كەلتۈردى. مەن تەسۋىرلىگۈسىز مەستخۇشلۇق ئىلكىدە گۈزەلنۇرنىڭ ھىدىغا قوشۇلۇپ كەتتىم ...

— كەچتە تاماق يېمىدىڭ ھەرقاچان؟

مەن «ھەئە» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتىم.

— سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرەمدۇق؟

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان، يېنىمدا پەقەت ئالتە كويلا پۇلۇم بار، بۇنى بىراقلا خەجلىۋەتسەم، ئەتىگە يوق !

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى ...

مەن يەرگە قارىۋالدىم. گۈزەلنۇر سائىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن شىرە تەرەپكە يۈزلەندى.

— دېگىنىڭىزمۇ راست، بۇ چاغ بولغاندا ئاشخانا تاپماقمۇ ئاسان ئەمەس. خالىساڭ، بىللە چاي ئىچەيلى. ئۆيدىكىلەر نان ئەۋەتىپتىكەن، چايغا سالساقلا ئۆپكىدەك يۇمشايدۇ.

مەن باش لىڭشىتتىم. گۈزەلنۇر تولۇپىلەپ چاي دەملەپ، شىرەگە گېزىت سالدى. ئارقىدىن ئىشكاپنى ئېچىپ قىزىرىپ پىشقان توقاچتىن ئۈچنى ئېلىپ بىرسىنى ئوشتۇدى.

— قېنى مەزەگە باق !

مەن نانغا قولۇمنى ئۇزارتتىم. ئاڭغىچە گۈزەلنۇر شىرە ئۈستىنى مېغىز، گۈلە - قاقىلار توشتۇرۇۋەتتى.

— بىزنىڭ باغنىڭ نېمەتلىرى، تارتىنماي ئالغىن.

مەن نېمەتلەرگە قول ئۇزارتتىم.

نان بەك تەملىك ئىدى، ئېغىزغا سالغان ھامان شۈررىدە ئېرىپ كېتەتتى. چايمۇ پۇراقلىق بولۇپ ئىچكەنسېرى ئىچكۈسى كېلەتتى.

— نان بەك تەملىك ئىكەن، — دېدىم مەن ھېسسىياتىمنى يوشۇرالماي، — مۇنداق تەملىك نان يەپ باقمىغىلى ئۇزاق بوپتىكەن.

— ئانام ياققان نان دېگىنە !

مەن جىم بولۇپ قالدىم. گۈزەلنۇر كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولۇۋاتقىنىنى بىلىۋالدى بولغاي، ئۆزرە سورىغاننىڭ ئورنىدا پىيالەمگە چاي لىقلاپ قويدى.

— ئۆيدىكىلەر تىنچلىقتۇ؟

مەن گۈزەلنۇرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. ئۇ بۇ سوئالى ئارقىلىق بايىقى بىسەرەمجانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى بارلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ مەھەللىدە تېلېفون يوق، چوڭ دادام بىلەن چوڭ

ئانام ساۋاتسىز، ئۇلار بىلەن توققۇزىنچى ئايدا خوشلاشقانچە.
— ئەمىسە ...
يەنە تۆمۈر تىرناقلىق قىلىپ تىل چايناشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. شۇڭا، بايا بولغان ئىشلارنى گۈزەلنۇرغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردىم.
— خۇدا بىر ساقلاپتۇ سېنى، — دېدى ئۇ ياقىسىنى چىشلەپ، — ھەرھالدا سەنمۇ بوش كەلمەپسەن. ئاشۇ چاينى بىر ئىچىپ سالغان بولساڭ ... ھەي، بۇنىڭدىن كېيىن بەك دىققەت قىلغىن.
— ئۆزۈممۇ بەك قورقۇپ كەتتىم، بۇرنۇمغىمۇ سۇ كىردى، ئەمدى مۇنداق كېچىككە ھەرگىز كىرمەيمەن.
— پۇلدىن قىسىلساڭ ماڭا دېگىن، بارىنى تەڭ كۆرىمىز. بىر يىل چىداشلىق بېرەلىسەڭ، كېلەر يىلدىن باشلاپ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ھەممە ئىشىڭنى يۇرۇشتۇرۇپ كېتەلەيسەن.
— ئالالارمەنمۇ؟
— دەرسلەردە سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغان كىم بار؟ — گۈزەلنۇر سوئال نەزىرىدە ماڭا تىكىلدى، — ھېچكىم!
— شۇنداقتىمۇ ...
— خاتىرجەم بول، سەندىن ئاشقىنى باشقىلارنىڭ!
مەن باغلام ـ باغلام پۇللار كۆز ئالدىمدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەندەك خۇشلۇقتا گۈزەلنۇرغا قارىدىم.
— ئەگەر شۇ كۈنلەرگە ئۇلىشىپلا قالسام بىرىنچى بولۇپ سېنى مېھمان قىلىمەن!
— مەردانىچۇ؟
— ئۇنىمۇ قوشۇۋالىمەن، — مەن تۇنجى قېتىم مەردانىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلدىم، — يەنە تاھىرمۇ بار!
گۈزەلنۇر ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى.
— قېنى.
— ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇشقا يۈرىكىڭ چىدامدۇ؟

گۈزەلنۇر راستلا يۈرىكىدىن سوراپ يىغىۋاتقاندەك بىردەم ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى:

— ئىنشائاللا، شۇ كۈنلەرگە ئۇلاشقايمىز ...

پارىكىمىز تازا ئەۋجىگە چىققاندا كارىدوردا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ هايالشماي ياتاقداش قىزلار كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەيپى چاغ، خۇشاللىقىدىن ئىغىزلىرى يۇمۇلماي قالغانىدى. بىز ئەدەپ يۈزىسىدىن ئورنىمىزدىن تۇردۇق، لېكىن ئۇلار بىزگە قاراپمۇ قويماستىن پارىكىنى داۋاملاشتۇرغاچ يېشىنىشكە باشلىدى. قىزلارنىڭ يۈزلىرى ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، گۈپۈلدەپ هاراق پۇرىقى كېلەتتى. ھەممەيلەننىڭ قولىدا بىردىن يالتىراق خالتىغا سېلىنغان كوروپكا بار ئىدى. مەن ئەجەبلىنىپ گۈزەلنۇرغا قارىدىم. گۈزەلنۇر «مەنمۇ بىلمىدىم» دېگەن مەنىدە مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— مەن مۇشۇ يىشىمغىچە مۇنداق كاتتا سورۇننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى زىباگۈل قولىدىكى كوروپكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — شىرەنىڭ چوڭلۇقى، نېمەتلەرنىڭ مولλۇقىنى بىر دېمە.

— مۇزىكىسىنىڭ ئېسىللىقىچۇ تېخى!

— ساھىبخانىنىڭ مەردلىكىچۇ، قىزلار، — ئايتۇرسۇن ماش رەڭ كوپتىسىنى سېلىپ چاچلىرىنى يېنىك سىلىكىدى. ئۇنىڭ هاياجىنى تېخى بېسىلمىغاندەك قىلاتتى، — ئانام كۆرمىگەن نېمەتلەرنى يېگۈزۈپ، بولدى دېگۈچە ئويىنىتىپ ئاخىرىدا ھەربىرىمىزگە سوۋغا بەردى دەڭلا تېخى. ئىپارگۈلنىڭ بەختى بار ئىكەن. مۇنداق مەرد يىگىتلەر ئاز تېپىلىدۇ بۇ جاھاندا!

— شۇ ئەمەسمۇ!

تېخى بىر ئاي ئىلگىرى ئىپارگۈلدىن نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىپ ئارىغا ئالمىغان قىزلارنىڭ بىردىنلا ئۇنى داڭلاپ ئۇچۇرۇپ كېتىشلىرى ھېچ قىلىپمۇ ئەقلىمگە سىغمىدى.

— ئېيتىڭلار قىزلار، كوروپكىدىكى نېمىدۇ؟
— قورچاق.
— كالاڭنى ئىشلىتىپ گەپ قىله، — دېدى زىباگۈل نارازى بولغاندەك قىياپەتتە، — قورچاق سوۋغا قىلغىلى يا بىز بەش ياشلىق كىچىك بالا بولمىساق.
— شۇ ئەمەسمۇ؟
— ئەمىسە سەن دەپ باقە!
— مېنىڭچە كىيىم.
— ياق، پەرداز بۇيۇملىرى.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— چوقۇم شۇنداق!
— ئاچساقلا بىلگىلى بولىدۇغۇ؟
— ئەمىسە ئاۋۋال سەن ئاچ.
— ئاچسام ئاچتىم، — ئايتۇرسۇن ئاۋايلاپ كوروپكىنى ئاچتى، — ۋاھ، دېمىدىممۇ كىيىم دەپ!
قىزلارنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كېتىشتى.
— راست كىيىم ئىكەن!
— بىر يۈرۈشمۇ نېمە؟
— شۇنداق بولمايچۇ؟!
ئايتۇرسۇن غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئېسىللىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان بىر قۇر كىيىمنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن بويىغا چەنلىدى.
— جىڭ مال ئىكەن، ماركىلىق دەڭلا تېخى.
— قايسى ماركىدىن ئىكەن؟
— گېدى، توغرا، گېدى ماركىلىق ئىكەن. ئاڭلاپ باققانمۇ؟
... ...
قىزلار ئالدىراش كوروپكىلىرىنى ئېچىشتى. ھەممەيلەننىڭ ئوخشاش ئىدى ... شۇ ئارىدا بىر قوچاق گۈلنى كۆتۈرۈپ تولىمۇ

بەختىيار هالدا ئىپارگۈل كىرىپ كەلدى. قىزلار قوللىرىدىكى كىيىمنى قويۇپ ئىپارگۈلگە تەلمۈرۈشتى.

— كىرىۋاتقىنىمۇ گۈل، قۇچاقتىكىمۇ گۈل، — زىباگۈل سىمىز بەدىنىگە ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئىپارگۈلگە يېپىشتى، — تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە يەنە بىر قېتىم مۇبارەك بولسۇن، چىرايلىقىم. مۇمكىن بولسا كۈندە بىر قېتىم تۇغۇلۇڭ!

بەدىنىم تىكەنلىشىپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم. گۈزەلنۇرمۇ ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— ھەرقاچان سىزنىڭ سوۋغىتىڭىز بىزنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېسىل!

— شۇنداق بولمايچۇ؟

ئىپارگۈل بىردىنلا ياتاقنىڭ خانىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ جىقراق ئىچىۋالغان بولسا كېرەك، قىزلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماستىن كارىۋىتىغا كېلىپ يانپاشلاندى. پۈرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر ئايتۇرسۇن ساپما كەشنى توغرىلاپ ئۈلگۈردى.

ھايالشىماي سالا ـ سۇلھىلەر ئىچىدە ئىپارگۈلنىڭ كوروپكىسىمۇ ئېچىلدى. كىيىم ئوخشاش، ئوخشىمايدىغىنى كىيىم ئۈستىگە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك قويۇلغانىدى. قىزلار ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۈزۈككە يېپىشتى ...

مەن گۈزەلنۇرغا كۆز ئىشارىتى قىلدىم. گۈزەلنۇر مەقسىتىمنى چۈشىنىپ ئىشىك تەرەپكە سۇرۇلدى. ئىككىمىز لۆڭگە ـ سوپۇنلىرىمىزنى ئېلىپ سۇخانىغا ماڭدۇق.

— كۆزۈمگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، بەختىگۈل، — دېدى گۈزەلنۇر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جومەك ئەتراپىغا جايلاشتۇرغاچ، — بۇ قىزلارنىڭ كۆڭلى نېمىدىگەن پەس. قىلىۋاتقان ئىشىدىن نومۇس قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۇيالماستىن ياتاقتا بازار قايناتقىنىنى دەيمىنا ئۇلارنىڭ.

— شۇنى دېمەمسەن. ھاراقمۇ ئىچىپتۇ تېخى.
— «بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دەپ بىكار ئېيتمىغان كونىلار. ئۇ بايۋەچچە غوجاملار بۇلارنى ھەرگىزمۇ بىكارغا مېھمان قىلمايدۇ.
— مېھمانمۇ قىلىپ، سوۋغاتمۇ بېرىپتۇ. ئىشقىلىپ، بۇنىڭ ياخشىلىقىدىن يامانلىقى تولا.
— نەسىھەت قىلىپ قويامدىمىز يا؟
— نېمە ... نېمە دېدىڭ؟ !
گۈزەلنۇر ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى سوپۇن ماغزىپىدا قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەندى. مەن گۈزەلنۇردىن كۆزۈمنى ئەپقاچتىم.
— سېنىڭزە ... ئۇلار مۇشۇ تۇرقىدا سېنىڭ نەسىھەتىڭنى ئاڭلارمۇ؟ ھەي ... سېنىڭ دەرسكە كاللاڭ ئىشلىگەن بىلەن خام يەرلىرىڭ جىق - دە تېخى، ماڭا قارا، بەختىگۈل، — دېدى گۈزەلنۇر ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويۇپ جىددىي قىياپەتتە، — كۆڭلۈم بىر كېلىشمەسلىكنى سېزىپ تۇرىدۇ. پەممىچە بۇ ئىش مۇشۇ قېتىملىقى بىلەن تۈگىمەيدۇ. چاتاق يېرى، ئىككىمىز ئۇلارنىڭ مەينەتچىلىكلىرىگە شاھىت بولۇپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاشكارا بولۇپلا قالسا، بىزدىن كۆرىدىغىنى ئېنىق، شۇڭا بەك ئېھتىيات قىلايلى، ئاغزىمىزغا چىڭ بولايلى.
مەن باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. سۇخانىدىن ياندىغان چاغدا گۈزەلنۇر قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:
— ئىلاج قىلىپ باشقا ياتاققا يۆتكىلىپ كېتىدىغاننىڭ يولىنى قىلايلى ...

## 11

ھەر يەكشەنبە كەچتە سىنىپ يىغىنى ئېچىلاتتى. بۇ چاغدا تاھىر سىنىپىنىڭ بىر ھەپتىلىك تەشكىللىي ئىنتىزام

ئەھۋالىدىن، مەن بالىلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىش ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىراتتۇق. مۇئەللىم خۇلاسىمىزگە ئاساسەن ھەپتىلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى.

مەن سىنىپقا كىرىپلا بالىلارنى بىر قۇر يوقلىما قىلىپ چىقتىم. ئىپارگۇل باشلىق تۆتەيلەننىڭ ئورنى بوش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە ئولتۇرۇشقا كەتكەنلىكىدىن خەۋىرىم بولغاچقا سەل جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. ئەركىن مۇئەللىمنىڭ سائەت توشماستا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. قوڭغۇراق چېلىنىسىلا سىنىپقا كىرەتتى.

شۇ ئارىدا تاھىر يېنىمغا كېلىپ:

— ياتىقىڭىزدىن تۆتەيلەن كەلمەپتۇ، خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى پەس ئاۋازدا. نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟

— مەن كۇتۇپخانىدا ئۆگىنىش قىلغان، شۇ يەردىن ئۇدۇل سىنىپقا چىقتىم، سەل كۈتەيلى، مۇئەللىم چىقىپ بولغۇچە كېلىپ قالار، — دېدىم تاھىردىن كۆزۈمنى ئەپقېچىپ.

— بۇ قىزلارنىزە، گەپ قىلساڭ رەنجىگەن، گەپ قىلمىساڭ ئۆزىنى بىلمىگەن، ھەي ...

تاھىر بېشىنى چايقىغىنىچە دېرىزىدىن قاراپ قويدى.

قوڭغۇراق چېلىندى. بالىلارنىڭ كۆزى ئىككىمىزدە ئىدى. تاھىر يەنە بىر قېتىم دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا بويۇنداپ قاراپ قويدى.

ئەركىن مۇئەللىم سىنىپقا كىردى. ھەممەيلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتۇق.

— ئولتۇرۇڭلار!

مۇئەللىم بالىلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنبەر ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ ئوخشاش كىيىنگەن تۆت قىز ھاسىرىغىنىچە سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

مۇئەللىم بىردە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغان باللارغا، بىردە تويغا جابدۇنغان بىر تۇغقانلاردەك ئوخشاش كىيىنگەن تۆتەيلەنگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— كىچىكىپ قالدىڭلارغۇ؟

قىزلار ئىرناق تاتىلاپ يەرگە قارىشىپلىشتى.

— ئىككى كۆنلۈك دەم ئېلىشمۇ يەتمىدىما سىلەرگە؟

قىزلاردىن سادا چىقمىدىغاندەك قىلمايتتى.

— ئولتۇرۇڭلار!

قىزلار جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. سىنىپ ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك ئىمتاسلىقتا چۆمگەندى. مۇئەللىم بىردەم ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن تاھىرغا يۈزلەندى.

— قېنى تاھىر، خۇلاسىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ!

ئاۋۋال تاھىر، ئارقىدىن مەن ھەپتىلىك ئەھۋالدىن قىسقىچە خۇلاسە چىقاردۇق. سىنىپىنىڭ دەرىجىسى ئالدىنقى ھەپتىگە قارىغاندا خېلىلا چۈشۈپ كەتكەندى. شۇڭا، كۆڭلۈمدە مۇئەللىم ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغاندىم. لېكىن، مۇئەللىم خۇلاسىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يا ئاق، يا كۆك دېمەي، مۇنبەرگە قويۇپ قويغان خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى:

— بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمەس، ئەتىدىن كەچكىچە كەينىڭلاردىن يۈرىدىغان. مەن دەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى دەسلىپىدىلا دەپ قويغان. سىلەر قۇشقۇنغا ئولتۇرغىنىمىز ئولتۇرغان، بولۇشىمىز مۇشۇ، دېسەڭلا ئىختىيارىڭلار. بۇمۇ بىر خىل تاللاش، ئارتۇقچە گېپىم يوق. لېكىن، بىرنەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ھەممىمىز ئەجرىمىزگە يارىشا نېسىۋە ئالغۇچىلارمىز. قوناق تېرىپ بۇغداي ئالىدىغان ئىش يوق بۇ جاھاندا!

مۇئەللىم بىزگە قېيىدىغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. مۇئەللىم باللارغا بەك كۆيۈنەتتى. ئالىي مائارىپنىڭ تەلىپى بويىچە باللارنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا

يېتەكلەشكە تىرىشاتتى. كىچىككىنە نەتىجىسىدىن ئالەمچە خۇشلۇققا چۆمەتتى ...

سىنىپىنىڭ دەرىجىسىنى كىملەرنىڭ ئارقىغا سۈرۈۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، سىنىپىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن خورسىنغان، چىشلارنىڭ غۇچۇرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى ...

«ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، تۆت قىزنىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ئولتۇرالماي قېلىشقانىدى.

يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەگە ھە بولىدىغان بالىلار ئىدى، گەپ ئاڭلايتتى، سىنىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرەتتى. سېۋەتتىكى ئالمىنى بۇزۇۋاتقانلار ساناقلىقلا بولۇپ، ئۇلارغا ئازراق تەگكۈزۈپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق ئىدى. ياخشىلار ھە دېگەندە قارىغا كەتسە بولمايتتى.

مەن ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم. شۇ ئەسنادا كەينىمدە ئولتۇرغان گۈزەلنۇرنىڭ «جىم» دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

مەن ۋىجدانىمغا خىلاپ ھالدا ئاغزىمغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم ...

سىنىپ ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى. مۇئەللىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ، مۇنبەردىن پەسكە چۈشتى:

ــ راست گەپنى قىلسام سىلەرگە گەپ قىلغۇممۇ يوق ئىدى، لېكىن مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ئىكەن، يەتكۈزۈپ قويىمىسام بولماس.

ھەممەيلەن يەرگە قارىۋالدۇق.

ــ ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن مەكتەپ بويىچە خالىس قان تەقدىم قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئەھۋالى يار بېرىدىغانلار مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا بېرىپ قان تەقدىم قىلساڭلار بولىدۇ.

باللار تەشۋىشلىك كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. بىرنەچچەيلەن قىسقا يىغىن ئېچىپمۇ ئۈلگۈرۈشتى.

— قان تەقدىم قىلىش نورمال ئىش، — دېدى مۇئەللىم باللارنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك، — سالامەتلىككە جىق تەسىرى يوق. مەنمۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەندە قان بەرگەن، بەدىنىمدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. ھەتتا بەزى باللارنىڭ ئۆششاق كېسەللىرى ساقىيىپمۇ كەتكەن. جەمئىيەتتە ھەقلىق قان بېرىپ جان باقىدىغان ئادەملەرمۇ بارغۇ؟ شۇڭا ئارتۇقچە تەشۋىشلىنىپ كەتمەڭلار.

— ھەقلىق قان بېرىش!

يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. «توغرا، نېمىشقا بۇ ئىش بالدۇرراق ئەقلىمگە كەلمىگەندۇ؟»

مۇئەللىمنىڭ باشقا گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى.

... ....

ياتاقتا بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا، ياتاقتا كىرىپلا تازىلىقىمنى قىلىپ بالدۇرلا كارىۋىتىمغا چىقىۋالدىم. ئويلىمىغان يەردىن قىزلار بىر - بىرىگە تاپا قىلىشقا باشلىدى.

— بالدۇرراق ماڭايلى دېسەم ئۇناشمىدىڭلار، — دېدى زىباگۈل يۈزىگە ماي سۈركىگەچ، — بەش مىنۇت بۇرۇن ماڭغان بولساق، بۇ كۈنگىمۇ قالمايتتۇق.

— ئەينى چاغدا سەندىن ئۇنداق ئىنچا كەلگەندەك ئەمەسقۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئويناڭ دېسە سورۇننى بېشىغا كىيگەن، ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپكە چىديالماي تاپا - تەنىنىڭ چوڭىنى قىلغان. مۇئەللىم قاتتىقراق گەپ قىلغان بولسىغۇ ئىش بار ئىكەن.

بۇ ئايتۇرسۇننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئوينىغىنىم راست، لېكىن بالدۇرراق يولغا چىقايلى دېگىنىممۇ يالغان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىباگۈل ئادىتى بويىچە ئۇزۇن چېچىنى سىلىدى.

— بالدۇرراق مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم ئاز ـ تولا مىدىرلايدىغان گەپ، چاپلىشىپ قالغاندەك چىڭ ئولتۇرۇۋالماي.

— سىلىمۇ سىرتىدا ئەمەس!

— شۇڭا مەن تاپا قىلمىدىم.

— بولدى قىلىڭلار، — ئىپارگۈل غەزەپ بىلەن ئالايدى، — بولار ئىش بولدى، ئەمدى تاپا قىلغانغا ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلساق بولىدۇغۇ؟!

ھەممەيلەن جىم بولۇشتى.

— دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا ئويۇن قويۇپ نېمە كەپتۇ بىزگە؟ — دېدى ئىپارگۈل قوشۇمچە قىلىپ.

«دوست كىم؟ دۈشمەن كىم؟ ئىپارگۈل بىزگە، ئېنىقراقى ماڭا قارىتىپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ قاغا پۈتى گەپلىرى ئارقىلىق بىزگە ئاغزىمىزنى چىڭ يۇمۇپ يۈرۈش ھەققىدە تەنبىھ بېرىپ، «پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپماقچى» بولۇۋاتاتتى. بۇ قانداق مەنتىق ئۆزى؟ ئويۇننى ئۇ ئوينىسۇن، گەپنى بىز ئىشىتەيلى. بۇنىڭغا قانائەت قىلماي يەنە سېسىقىنى چىقىرىپ ئادەم قورقۇتسا بولامدۇ؟ نامرات بولغانلىقىم ئۈچۈنلا بوزەك قىلىنسام ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟ خۇددى بۆشۈكۈمنى تەۋرىتىپ قويغاندەك كۆكەرمىلىك قىلىۋاتىدا ماۋۇ كۆڭلى پەس!

يەنە گەپ قىلمىسام، ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيتتىم. شۇڭا، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— گەپ قىلمىساق بىزنى گاچىمىكىن دەپ قالدىڭىزمۇ، ئىپارگۈل؟ كەلگىلى ئۈچ ئاي بولماي تۇرۇپ دوست ـ دۈشمەننىڭ گېپىنى قىلىشىپ كەتمەيلى. نېمىلا دېگەنبىلەن بىز ساۋاقداش، شۇنداققۇ؟

— ساڭا گەپ يوق، مۇشۈككە بەز!

— سېنىڭ بولمىسا، مېنىڭ بار! — مەنمۇ سەنلەپ چۈشتۈم.

— ياتاقتا يەتمىش ـ سەكسەن ئادەم يوق، سەككىز بىمىز بار. ھەرقايسىلىرى ھەربىي بولسىلا گۈزەلنۇر بىلەن مەن دۈشمەن بولۇپ چىقمىز شۇ. شۇڭا، بارچە ئويۇننى سىلى ئويناپ، دەردلىرىنى بىز تارتساق توغرا بولماس. گەپ قىلغاندا سەل ئېھتىيات قىلارلا.

— خۇددى دادامدەك «ئېھتىيات قىلارلا» دەپ كەتكىنىنى ماۋۇ قوتۇر ئاكتىپىنىڭ. ماڭا تەنبىھ بەرگۈدەك قانچىلىك نېمىدىڭ سەن؟ — ئىپارگۈل ئېشەك سۈيدۈكى پۈرىغان ھاڭگىدەك چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈردى.

— سەنچۇ؟

مەن كارىۋاتتىن چۈشتۈم. ئىپارگۈل كەينىگە بىر قەدەم داجىدى.

— گېپىڭ چوڭغۇ؟

سەللا بوش تۇرسام ئىپارگۈل ماڭا ئېتىلىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— توختا، گەپنى بۇرىماي تۇر، — مەن ئىپارگۈلنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدىم، — مەنغۇ قوتۇر ئاكتىپكەنمەن، سەنچۇ؟ سەن نېمە؟

— مەن قانداقكەنمەن؟

— ئۆزۈڭنىڭ قانداقلىقىڭنى تېخىچە بىلەلمىدىڭمۇ؟

— نومۇسۇمنى كەلتۈرمىگىنە !

— سەن نومۇسنى بىلەمسەن؟ دۇنيادا سېنىڭمۇ نومۇسۇڭ كېلىدىغان ئىشلار بارمۇ؟

ئىپارگۈلنىڭ بىردىنلا تىلى مەلتوكلىشىپ، مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپتىكى «شايكىلىرى» غا قارىدى.

— نېمە بولدى سىزگە، بەختىگۈل؟ تۇرۇپلا ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالدىغۇ؟

بۇ زىباگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن زىباگۈلگە غەزەپ بىلەن ئالايدىم:

— ھازىرچە بۇ يەردە سېنىڭ ئىشىڭ يوق، نۆۋىتىڭنى كۈتۈپ

تۇر !

زىباگۇل تىپىك يىگەن كۈچۈكتەك جىم بولۇپ قالدى. مەن ئىپارگۇلنىڭ ئەتراپىغا ۋاقىتسىز قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان ئەلەس كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدىم.

— ھە گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— مېنىڭ سەندەك ئادەملەرگە قىلىدىغان گېپىم يوق !

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى مانا، ھەممە ئىش خىلى بىلەن بولىدۇ، گەپمۇ شۇنداق !

— بىر نوچىلىق قىلىۋالدىڭ ھە؟

ئىپارگۇل شەھەرنى ماڭا بەرگەندى. بۇ ھۆججۇمغا ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم مەن «بولدى قىل» دېگەن مەنىدە پېشىمنى تارتىۋاتقان گۈزەلنۇرغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — نوچىلىقنى ئاۋۋال سەن قىلدىڭ، مەن پەقەت قىڭغىر كەتكەن يېرىنى ئازراق تارتقۇشلاپ قويدۇم شۇ.

ئىپارگۇل جىم بولۇپ قالدى. مەن گۈزەلنۇرنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— چىدىماسلىقتىن بولۇۋاتقان ئىشقۇ بۇ؟ — دېگىنىمچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئىپارگۇل كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئېلىپ، — بۇگۇن شەھەرنى ساڭا بەردىم، لېكىن كېيىن ئۇنداق بولمايدۇ !

— مەن نېمىگە چىدىماپتىمەن؟ — مەنمۇ جاۋابەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، — غاجىغان شاپاقلىرىڭغىما؟

ئىپارگۇل تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— ماڭا قارا، ئىپارگۇل، مەنمۇ ئايال زاتى، سەندە بار ھەممە نەرسە مەندىمۇ بار، چىرايىممۇ سەندىن قېلىشمايدۇ. ھايت دېسەم، كەينىمدىن سوكۇلداپ يۈرگەن ئوغۇللار ئاز ئەمەس. لېكىن، مەن ساڭا ئوخشىمايمەن. مېنى يېزىدىن كەلدى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار، ئەل قاتارى يۈرەلمەيدۇ، دەپ بوزەك

قىلىش قەستىدە بولساڭ بولمايدۇ. مەندىمۇ كۆڭۈل بار، غۇرۇر بار. بايا ئەركىن مۇئەللىم دېدىغۇ، جەمئىيەتتە ھەقلىق قان بېرىپ جان باقىدىغان ئادەملەر بار دەپ، مەن ئاشۇ ئادەملەردەك بېرىپ، بىرەر قاچا تاماق، بىر ـ ئىككى قۇر كىيىم، بىر دەملىك ئويۇن ـ تاماشاغا ۋىجدانىمنى ساتمايمەن!

ھەممەيلەن جىم بولۇشتى. تۇساتتىن گۈلقەلەم پاڭڭىدە يىغلىدى.

— يەنە بىر گەپ بار، ئۇنىمۇ دەپ قوياي، — دېدىم مەن ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان گۈلقەلەمگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، — نېمىلا بولسۇن، مەن باللار قول كۆتۈرۈپ سايلىغان سىنىپ ھەيئىتى. مېنىڭ يامان ئىشلارنى توسۇش — بارنى بار، يوقنى يوق دېيىش، يامانغا يان تاياق بولماسلىق مەجبۇرىيىتىم بار. بايا ھەرقايسىڭنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بۇ مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم. شۇ سەۋەبلىك ئەركىن مۇئەللىم باللاردىن رەنجىدى. رەنجىگەندىمۇ بوش رەنجىمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆتنى ئۆتقانلار ھەرقايسىلىرى ئىدىڭلە، ئويلىمىغان يەردىن باشقا باللارنىڭمۇ قولى كۆيۈپ قالدى. يادىڭلاردا بولمىسا يەنە دەپ بېرەي: پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ بويىچە لېكسىيە بولغان، تۆتىلىرى قاتناشمىدىڭلا، ئۇيۇشمىنىڭ باللىرى تۆت ئادەم قاتناشماپتۇ، دەپ قىرىق نومۇر تارتتى. دەرسكە قاتناشمىغان ۋاقىتلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن سىنىپ فاكۇلتېت بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچى بولدى. ھەتتا ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان سىنىپلارنىڭمۇ كەينىدە قالدى. بۇ ئىشتا باشقا باللارنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق ئىدى، لېكىن ئۇلارمۇ قوشۇپ جازالاندى. شۇ سەۋەبلىك باللارنىڭ ھەرقايسىلىرىغا پىكرى بار. ئەمدى مۇنداق ئىش تەكرارلىنىۋەرسە بولمايدۇ، ئۆتنى كىم ئۆتسا، شۇنىڭ قولى كۆيۈشى كېرەك!

ئىپارگۈل جىم بولۇپ قالدى. زىباگۈل بىلەن ئايتۇرسۇن يەرگە قارىۋالدى. گۈلقەلەم يىغىدىن توختاپ ئىسەدەۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

دېمەك، گېپىم تەسىر كۆرسەتكەن، «نوچىلىقىم» نەتىجىسىز قالمىغان، ھېچ دېمىگەندە سىنىپتىكى قىزلار ئارىسىدا ۋابادەك يامراش ئالدىدا تۇرغان «ئويۇن ـ تاماشا» كېسىلىگە ئۈنۈمسىز بولسىمۇ «ۋاكسىنا» ئۇرۇپ قويغانىدىم. گەرچە مەن بۇ «نوچىلىقىم» بەدىلىگە دۈشمەنلىرىمنى كۆپەيتىۋالغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىنىپتىكى يۇقۇملىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان باشقا قىزلارنى يار ئېغىزىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە پايدىسى زور ئىدى. مەن توغرا قىلغانىدىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا باشقا ساۋاقداشلىرىمغىمۇ، مۇئەللىمگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ يۈز كېلەلەيتتىم.

ئىپارگۈلدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم. باشقا قىزلارمۇ بىر ـ بىرلەپ كارىۋىتىغا چىقىشتى.

ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم. ئەتە سەھەر تۇرۇپ تېكىست يادلىشىم، ئۆگىنىش قىلىشىم، ئەڭ مۇھىمى ئازراق پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ قورساقنىڭ پەريادىغا داۋا ئىزدىشىم لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بالدۇرلا ئۇخلىمىسام بولمايتتى. لېكىن، قېرىشقاندەك ئۇيقۇ مەندىن يۈز ئۆرۈگەنىدى ...

كېچە ماڭا تولىمۇ ئۇزاق بىلىندى. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بېرى ئۆگىنىش ۋاقتىم بەك زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ھاردۇقچىلىقتا خىيالدىن يىراقلاپ كەتكەنىدىم. بېشىمنى ياستۇققا قويسامىلا ئۇيقۇغا كېتەتتىم.

كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. بايىقى «نوچىلىقىم» ئىپارگۈلگە بەك ئېغىر كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇخلىيالماي ئۆرۈلۈپلا چىقتى. ئۇ پات ـ پات ئۇھ تارتاتتى، ئېغىر خورسىناتتى. ئۇھلىرى، خورسىنىشلىرى قۇلىقىمغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قايىل بولمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. پەقەت جېدەلنىڭ چوڭىيىپ، ئىشلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا ماڭا يول قويغانىدى. مەنمۇ پەيتنى جايىدا تاللىغانىدىم. باشقا چاغلار بولغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ شەھەرنى

ماڭا تارتتۇرۇپ قويمايتتى.

ئىپارگۇل بىلەن بولغان دۈشمەنلىشىشىمىز يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىنىشقا ئۆتكەنىدى. مۇنداق كۈنلەرنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئالدىن بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، مېنىڭ تۇتقان يولۇم توغرا ئىدى، پاكىز ئىدى، بالىلارمۇ، مۇئەللىممۇ ھىمايە قىلاتتى. ئىپارگۈلنىڭ تۇتقان يولى تۈيۈق يول، پەسكەشلىك يولى بولۇپ، ئۇ ئالىي مەكتەپ قىزلىرىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيتتى، شۇ سەۋەبلىك ھەممە ئۇنى ئەيىبلەيتتى. شۇڭا، ئارتۇقچە ۋايىم يەپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. لېكىن، ئىپارگۈلنىڭ ھازىر ئارىلىشىۋاتقان ئادەملىرى ساپلا ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان داشقاللار بولۇپ، ئۇلارغا سەل قاراشقىمۇ بولمايتتى. ئۆزۈمگە پۇختا بولمىغاندا ھەر بالاغا قېلىشىم، ھەتتا جىسمانىي بىخەتەرلىكىمگە كاپالەتلىك قىلالماسلىقىممۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ يەرلىرىنى ئويلاپ ئۆزۈمچە قورقۇپ قالدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن مەن بىر قىز بالا ئىدىم ــ ئاجىز ئىدىم. مەكتەپ تەشكىلى ۋە ساۋاقداشلىرىمدىن باشقا ھىماتچىلىرىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى تۈنۈگۈنلا بىر مەلئۇننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدىم. ئۇنىڭ شەھۋەت ۋەسۋەسىسىدە پارقىراپ كەتكەن ھاياسىز كۆزلىرى بىلەن پولدا سۇنايلىنىپ ياتقان يىرگىنچلىك سىياقى تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەنىدى. ئۇنى ھەر ئويلىسام تېنىمنى سۇر باساتتى. بۇ مەلئۇننىمۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىپ جىم بولۇپ قالىدۇ، ئۆچ ئالمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى.

«دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسىمۇ شامال جىم تۇرغۇزمايتۇ» دېگەندەك، ئۆزۈمنى پىنھان تۇتۇپ، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشماي، ئەقەللىي ئېھتىياجلىرىم ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنسېرى ئىشلىرىم تەتۈرىگە مېڭىپ دۈشمەنلىرىم كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ رېئاللىقتىن ئارزۇ قىلىدىغانلىرىم بەكمۇ ئادەتتىكى نەرسىلەر بولۇپ، ماڭا قورساق تويغۇدەك ئاش ـ نان،

www.uyghurkitap.com

توخۇپ قالمىغۇدەك كىيىم بولسىلا كۇپايە ئىدى. ئەپسۇس، بۇ ئەقەللىي تەلەپلىرىممۇ مەقبۇل كۆرۈلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ھە دېگەندە چوماقلا ئۇسۇپ، ساق بېشىمنى يارا قىلىۋاتاتتىم. ماڭا ھايات بەكمۇ ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتاتتى. ۋادەرىخ، بۇ دەردلەرگە نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

ئادىتىم بويىچە سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەيدانغا چىقتىم. ھاۋا سوغۇق بولۇپ، نېپىز كىيىملىرىم سوغۇققا دال بولالايدىغاندەك قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مەيداننى بەش قېتىم ئايلاندىم. تېنىم سەل ئىللىغاندەك بولغاندا تېكىست يادلىدىم. ئارقىدىن بۇگۇن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى تەكرار قىلدىم. مەيداندىكى باللار ئەتىگەنلىك تەكرارنى تۈگىتىپ ئاشخانىغا ماڭغاندا مەن ئۇدۇل سىنىپقا ماڭدىم. سەۋەبى، بىر تال ھورنانغا تۇشلۇقمۇ پۇلۇم قالمىغانىدى ...

تۆت سائەتلىك دەرس تۆت يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قورساق ئاچ، ئەڭ مۇھىمى يانچۇقۇمدا بىر پۇڭنىڭ پۇچۇقىمۇ بولمىغاچقا، ئۇمىدمۇ، ئىشەنچمۇ يوق. مۇئەللىملەرنىڭ شۇنچە جاپادا سۆزلىگەن دەرسلىرى قۇلاققا كىرىدىغاندەك ئەمەس.

قوڭغۇراق چېلىندى. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. باللار سومكىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سىنىپتىن ئالدىراش چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇللا ئاشخانىغا بارىدىغانلىقى ئېنىق. ھەتتا بەزىلىرى مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ تاماقلىرىنى ياراتماي سىرتقا تاماققا چىقىدۇ. مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئېسىل ئاشخانىلاردا خالىغىنىنى بۇيرۇتۇپ مەزە قىلىشىدۇ. مەنچۇ؟ نەگە بارىمەن؟ مەن ئۈچۈن نەگىلا بارسام ئوخشاش !

سىنىپتا يېرىم سائەتتەك ئولتۇردۇم. نېمىشقا ئولتۇردۇم، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئولتۇرالامدىمەن؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ماڭا تونۇگۇن مۇزاكىرە ۋاقتىدا

خىيالىمغا كىرگەن، كېچىچە ئارام بەرمىگەن شۇ ئىشنى قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. مەن ئۇچۇن ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم ئىدى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرالايتتىم. بىچارە دادام، ئىتائەتچان ئانام، خەلىچىخان مۇئەللىم، سىدىق شاڭجاڭ ۋە لىيۇ شۇجىلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالايتتىم.

مەن دوختۇرخانىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتىم. يېرىم سائەتكە قالماي دوختۇرخانىنىڭ ئازادە سەيناسىدا ئۆزۈمنى كۆردۈم. سەينا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. بىر - بىرىدىن ئالدىراش كىشىلەر موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەن ئۇدۇل مۇلازىمەت پوكىيىغا كەلدىم.

— قان بۆلۇمى قايسى تەرەپتە؟

ماسكا تاقىۋالغان مەن دېمەتلىك بىر قىز چىرايىمغىمۇ قارىماستىن ئىككىنچى قەۋەتنى ئىشارە قىلدى.

مەن ئالدىراش ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتىم. ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇتتەك سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ قان ئالىدىغان يەرنى تاپتىم.

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ھازىر ئوپېراتسىيەخانىدىن O تىپلىق قانغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنىنى ئېيتقان، سىزنىڭ قېنىڭىز دەل O تىپلىق ئىكەن.

مەن سۈس كۈلۈمسىرىدىم.

— تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى.

— چۈشتە تاماق يېگەنمۇ؟

— يېگەن.

مەن يالغان ئېيتتىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تاماق يېيەلىگۈدەك ئەھۋالىم بولغان بولسا، بۇ ئىشنى قىلىپمۇ يۈرمەس ئىدىم.

— قېنى ئورۇندۇققا چىقىڭ.

مەن كۆرسەتمە بويىچە ئورۇندۇقتا چىقىپ ياتتىم. بىلىكىمگە يىڭنە سانجىلدى. مەن دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بارماقلىرىمنى توختىماستىن يۇمۇپ ئاچتىم.

بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت ... مەن ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدىم. كۆزۈمنىڭ ماڭ يېرىدە ئۇيقۇ قايناۋاتتى. خۇددى ھەممە دىشۋارچىلىقلىرىم قان بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بىر شىرىنلىك ئىلكىدە بوشىشىپ كەتتىم. ئاۋۋال كۆكسۈم سىقىلدى، ئارقىدىن چېكەمدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلدى. قولۇمنى مىدىرلىتالماي قالدىم ...

— كۆزىنى ئاچتى !

بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن پۈتۈن دىققىتىمنى كۆزۈمگە يىغىپ ئەتراپقا زەن سالدىم. لېكىن، بېشىمدا ئېسىقلىق تۇرغان كۆكۈچ سۇيۇقلۇق بىلەن بىرنەچچە جۈپ كۆزدىن باشقا بىرنەرسىنى تازا ئىلغاپ كېتەلمىدىم. بۇ قەيەر؟ ماڭا نېمە بولدى؟ مەردان يېنىمدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— بەختىگۈل، بۇ مەن.

يۇمشاق بىر قول چېكەمنى سىلىدى.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ مەن ئەركىن مۇئەللىم !

مەن يېنىك قىمىرلىدىم. شۇ ھامان كۆزلىرىمدىن ئىككى تامچە ياش ئېتىلىپ چىقىپ قۇلىقىم ئەتراپىغا سىڭىپ كەتتى. ھېلىقى قول مۇزدەك كۆز يېشىم ئىز سالغان يەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، — دېگەن ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى، — قان بېسىمىمۇ نورماللاشتى. شۇغىنىسى تېنى بەك ئاجىز ئىكەن، ئۇيدانراق ئوزۇقلاندۇرمىساڭلار ئاسان ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ.

يەنە شۇ يېپىشىنىڭ ـ ئوزۇقلىنىشنىڭ گېپى ! مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.

— ھەممە سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى، — دېدى ئەركىن

مۇئەللىم غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا، ــ مەن سىنىپ مۇدىرى بولغاندىكىن بەختىگۈلنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىشىم، ياردەمدە بولۇشۇم، ئەھۋالنى مەكتەپكە ئىنكاس قىلىپ قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار سىياسىتىدىن بەھرىمەن قىلىشىم لازىم ئىدى. بىچارە قىز بەك جاپا تارتىپتۇ. لېكىن، مۇشۇ كۆنگە كەلگۈچە چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمەپتۇ. ھەي ... مەن تېخى خام ئىكەنمەن، كىچىك ئىكەنمەن ...

— مۇئەللىم ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، ــ دېدى گۈزەلنۇر، ــ بەختىگۈل نامرات بولغىنى بىلەن ئىچى كۆچلۈك قىز. مەن بىر ياتاقتا تۇرۇپ بۇ ھالدا جاپا تارتىۋاتقىنىنى ھېس قىلالىمىغان يەردە سىز قانداقمۇ بىلەلەيسىز؟ ــ گۈزەلنۇر شۇنداق دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

مەن ھەممىنى تۈيۈپ تۇراتتىم. لېكىن، گەپكە گەپ قاتقۇدەك مادارىم يوق ئىدى.

— بۇ ئىشنى يەنە كىملەر بىلىدۇ؟

بۇ ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەمىسە، ــ ئەركىن مۇئەللىم بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. ئارىدا ئۈچەيلەننىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ جىمىپ قالدى. ئېنىقكى ئۇلار كارىدورغا چىقىپ كەتكەنىدى. نېمە گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلىيالمىغان بولسامىمۇ پەرەز قىلالايتتىم. كۆيۈمچان مۇئەللىم مېنىڭ غۇرۇرۇم ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتاتتى.

ھەممە ئىشلار بىر قۇر ئېسىمگە كېلىشكە باشلىدى. خىجىللىقتا ئۆزۈمنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالدىم. مۇئەللىممۇ، گۈزەلنۇرمۇ ئۆز ئادەم، يامان يېرى مەردانىنىڭ بىلىپ قېلىشى. ئۇنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمەن ئەمدى؟ لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە خۇش ئىدىم. قاراڭ، مەن ئۆزۈمنى

يەككە ـ يېگانە سانىغىنىم بىلەن مېنى ياخشى كۆرىدىغان، غېمىمدە پايپېتەك بولىدىغان، غۇرۇرۇمنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملىرىممۇ ئاز ئەمەس ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم ... بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىق يېشى ئىدى !

كەچ كىرگەندە گۈزەلنۇر بىلەن مەردانىنىڭ قايتا ـ قايتا ئىلتىجاسىغا ئاساسەن ئەركىن مۇئەللىم مەكتەپكە قايتتى. مەردان بىلەن گۈزەلنۇر يېنىمدا قالغانىدى. مەن گەپ قىلالمىغان بىلەن قۇلىقىم ساق، ھوشۇم جايىدا ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئېنىق سېزىپ تۇراتتىم.

ئوكۇل سۈيۈقلۇقى ئۈزۈكسىز ئالماشتۇرۇلاتتى. يۈرەك ئۆلچىگۈچ تىنىمسىز سىگنال تارقىتىپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. مۇھەببەتلىك قوللار پۇت ـ قولۇمنى سۇجۇيتتى، چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرەتتى، ياشلىرىمنى سۈرتەتتى ...

ـــ سىز ئاۋۇ كارىۋاتتا بىردەم يېتىۋېلىڭ !

بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ـــ مەن قاراي، سىز يېتىڭ.

بۇ گۈزەلنۇرنىڭ قەلب سۆزى ئىدى.

ـــ كېچە تېخى ئۇزاق، سىز بىردەم كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىڭ، نۆۋەتلىشىپ قارايلى.

گۈزەلنۇر كارىۋاتقا يانپاشلىنىپ ئۇزاققا قالماي يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يېنىمدا پايپېتەك بولۇپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا مەردان چوڭ چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋات بېشىمدىكى چىراغنى ياندۇرۇپ قويدى. گۈزەلنۇرنىڭ ئۇخلىغىنىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قولۇمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ئىللىق سېزىم ۋۇجۇدۇمنى شامدەك ئېرىتىۋەتتى.

ـــ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەكمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ پەس

ئاۋازدا، — مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز.
مەن جاۋابەن بېشىمنى مىدىرلاتتىم، لېكىن قولۇمنى تارتمىۋالمىدىم.
— سىز بەك قارام ئىكەنسىز، سىزگە قول قويدۇم.
— شۇغىنىسى ئالدىڭىزدا بەك سەت ئىش بولدى.
مەن بىردىنلا زوۋانغا كەلدىم. مەردان زوۋانغا كەلگىنىمدىن خۇش بولۇپ قولۇمنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى.
— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، بىز ئۆز ئادەمغۇ؟
— سىز شۇنداق قارامسىز؟
— ئەلۋەتتە.
مەردان جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نەپەسى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
— مەن سىزنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى دەپ كەلدىم. سىزنى ئويلىمايدىغان، خىيال قىلمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. لېكىن، سىز ھېچنېمىدىن بىخەۋەردەك مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپلا يۈردىڭىز.
مەن جىم بولۇپ قالدىم.
— ھەتتا چۈشلىرىمدىمۇ سىزنى كۆرىمەن.
— مانا ھازىر ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەنغۇ؟
بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم.
مەردان توك سوقۇۋەتكەن ئادەمدەك سىلكىنىپ كەتتى.
— رەھمەت سىزگە، مەن مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى كېچە - كۈندۈز ئارمان قىلىپ كەلگەن. خۇدا تىلىكىمگە يەتكۈزدى. لېكىن، مەن بۇنىڭ چۈشۈم ياكى ئوڭۇم ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيۋاتىمەن، — مەردان ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.
— بۇ ئوڭىڭىز ...
مەردان قولۇمنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى. مەن ئاغرىققا

بەرداشلىق بىرەلمەي توۋلىۋەتكىلى تاس قالدىم.

شۇ ئارىدا ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ سېستىرا كىرىپ كەلدى. مەردان شۇ ئان قولۇمنى قويۇۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەڭ ئاخىرقىسى، — دېدى سېستىرا ھارغىن قىياپەتتە، — چۈشۈپ بولغاندا خەۋەر قىلارسىز.

— ماقۇل.

سېستىرا چىقىپ كەتتى. مەردان يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى. خۇددى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئىشەنمىگەندەك پات - پات قولۇمنى سىلاپ قوياتتى.

— سىز بىردەم ئۇخلىۋېلىڭ، ئوكۇلغا مەن قاراي.

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. تېنىمگە ھاردۇق يەتكەنىدى. پۇت - قولۇم ئېغىر، بەدىنىمدە كۈچ دىدارى يوق ئىدى. لېكىن، روھىم پەيدەك يېنىك ئىدى، تۇرۇپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم، تۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلىغۇم كېلەتتى. ۋۇجۇدۇم شامدەك ئېرىپ كەتكەنىدى. تەسۋىرلىگۈسىز لەززەت ۋە بىر خىل شېرىنلىك ئىلكىدە ئەللەيلىنەتتىم. كۆڭلۈمدە مەڭگۈ تالڭ ئاتماسلىقنى، مەردانىنىڭ خۇددى مەن بىر يەرگە قېچىپ كېتىدىغاندەك چىڭ گىرە سېلىۋالغان كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن تارىغان ھارارەتتىن بىر ئۆمۈر بەھرىلىنىشنى ئىستەيتتىم ...

# ئۈچىنچى باب

# سوغۇق تومۇز

## 1

مەن ھەممە ھەۋەس قىلىدىغان بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ يەنىلا تۇرمۇشتىن جىق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىمىدىم. مەكتىپىمىزدىكى باللار ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان كومپيۇتېر، يانفون، ماركىلىق كىيىم، رېستوران، دىسكوخانا، تورخانىلارنى ئەمەس، قورسىقىم تويغۇدەك تاماق، ئۈچام ئىللىغۇدەك كىيىمنىڭ بولۇشىنىلا ئارمان قىلدىم. مۇشۇلا بولسا، مەن خاتىرجەم ئوقۇيالايتتىم. بۇ كەنتىمىزدىكى ئەڭ نامرات دېھقانىنىڭ ھاياتلىق تەلىپىدىنمۇ كۆپ تۆۋەن تۇراتتى. لېكىن، رەھىمسىز رېئاللىق بۇ ئاددىي تەلىپىمگىمۇ كۈلۈپ باقمىدى. بۇيۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان بىر غايىلىك ياش بىر ۋاخ تاماق ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان قورساق بەندىسىگە ئايلىنىپ قالدىم. بومۇ مەيلى، ئىشلىمەي يەيدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ شۇڭا مەن بوش ۋاقتىمدا ئىشلەپ، ئەجرىم بەدىلىگە نان يېيىش قارارىغا كەلدىم: مەكتەپداشلىرىم، ساۋاقداشلىرىم كۈندە تاماق يەيدىغان ئاشخانىدا قاچا يۇياي، كۆكتات ئاقلاي، شىرە تازىلاي، يۇندى تۆكەي ... ئىشقىلىپ، قانداق ئىش بولسا ياق دېمەي قىلاي، دېدىم. تەلىپىم ئۆزۈمدەكلا ئاددىي، ئەجرىم بەدىلىگە بىر ـ ئىككى ۋاخ تاماق بەرسىلا مەيلى

ئىدى. بۇ تەلەپلىرىمنىڭ چىرايلىق رەت قىلىنىدى. ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولاي دېدىم، بۇ ئاشخانىدا ئىشلىگەندىن كۆپ ياخشى ئىدى. مەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولسام ھەم ئۆز ئارتۇقچىلىقىمنى جارى قىلدۇرالايتتىم، ھەم بالىلار ئالدىدا خار ـ زەبۇن بولۇپ يۈرمەيتتىم. بۇ ئىشىمنىڭ بىسمىللاسىدىلا سوغا چىلاشتى، سوغا چىلاشتىلا ئەمەس، قەلبىمدە مەڭگۈ ئۆچمەس داغ قالدى ... نەچچە كۈن ئاچ يۈردۈم، شۇڭا ئاخىر ھەقلىق قان بەردىم، بۇ ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. «بىتەلەي سوغا چىقسا، ئېرىققا كالا تېزەكلەپتۇ» دېگەندەك ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىمنىڭ خەيرلىك بولمىدى، قورساق مەسىلەمنى ھەل قىلىمەن دەپ ئويلىمىغان يەردىن دوختۇرخانىغا بىر پاتمان قەرزگە بوغۇلدۇم، ھەرھالدا مەۋسۇم بېشىدا سوغۇرتىغا قاتنىشىپ قويغانىكەنمەن، بولمىسا بۇ پۇللارنى قانداقمۇ تۆلەپ بولار ئىدىم؟ ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى، ئۆزۈمنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ تەڭ بىسەرەمجان قىلدىم، ۋىجدان، كۆڭۈل قەرزىگە بوغۇلدۇم، ئەڭ مۇھىمى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىم ئالدىدا «قان ساتقان يالاڭ تۆش»كە ئايلاندىم ...

«مەن قان ساتتىم، لېكىن ۋىجدان ساتمىدىم؛ مەن قان ساتتىم، لېكىن غۇرۇرۇمنى ساتمىدىم !»

مەن ئۆز ئىسمىمدەكلا يادا بولۇپ كەتكەن بۇ كۆڭۈل خىتابىم ئارقىلىق شىكەستىلەنگەن دىلىمغا، خاكسار بولغان غۇرۇرۇمغا تەسەللى ئىزدىدىم، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ روھىي بېسىمدىن قۇتۇلالمىدىم. يول يۈرسۈۋېتىپمۇ، دەرس ئاڭلاۋېتىپمۇ، كۇتۇپخانىدا ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپمۇ بىر خىل خىجىللىق تۇيغۇسىدا ئۆرتەندىم. خۇددى مەكتەپتىكىلەر، ھەتتا كۆللى جاھان بۇ قاملاشمىغان ھېكايەمدىن خەۋەردار بولۇپ كەتكەندەك بىئاراملىق ۋە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈردۈم ...

خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق قوشكېزەك ئىكەن، بىر مەزگىللىك بىئاراملىق، دىشۋارچىلىقلاردىن كېيىن تۇرمۇشۇم

ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۈچ پارچە ھېكايەمگە توققۇز يۈز ئوتتۇز يۈەن قەلەم ھەققى كەلگەنىدى. بۇ، مەن ئۈچۈن غايەت زور پۇل ئىدى، بۇ پۇل دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «قۇۋۋەتلىنىك تاماقلىنىنىشىم» غىلا ئەمەس، قىشلىق تەتىللىك بېرىپ ـ كېلىش كىرايىمغىمۇ، سەللا تېجىسەم يەنە دادام بىلەن ئانامغا سوۋغا ئېلىشقىمۇ يېتەتتى. ئىقتىسادىي غېمىم ھەل بولغاندىن كېيىن قايتىدىن كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. يەنە ھەپتىدىن كېيىن سىناق ئىمتىھانلار باشلىناتتى. شۇڭا، ئىلگىرىكى پىلانىم بويىچە ئۆگىنىشكە بېشىمچىلاپ كىرىشىپ كەتتىم ...

مەردانغا ئوبدانلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ روھىمنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەس ـ خىيالىمنىمۇ ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇنى كۆرگۈم كېلىپلا تۇراتتى، يۇمۇرلۇق گەپ ـ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيتتى. لېكىن، بىللە بولسامىلا نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالاتتىم، ھەممە ئادەم بىزگە قاراۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئارامسىزلىناتتىم. ئەكسىچە ئۇ ئەركىن ئىدى، دەرس ـ مۇزاكىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا داۋاملىق بىللە بولۇشنى ـــ بىللە تاماق يېيىشنى، بىللە بازار ئايلىنىشنى، كۇتۇپخانىدا بىللە ئۆگىنىش قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كۆزۈمگە كىرىۋالاتتى، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم كېلەتتى، لېكىن سالاھىيىتىم ۋە قىزلىق ئەخلاقىم بۇنىڭغا يول قويمايتتى. مەن ئالىي مەكتەپكە مۇھەببەتلەشكىلى، جورا تاپقىلى ئەمەس، ئۆگەنگىلى، ئىستىقبال ئىزدىگىلى كەلگەنىدىم. تەستە قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى مۇھەببەت زەنجىرىدىكى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىۋەتسەم، ئۆزۈمگىمۇ، مېنى جاپادا ئوقۇتۇۋاتقان ئاتا ـ ئانامغىمۇ، ئوقۇش پۇلىدا ياردەم قىلغان يېزا رەھبەرلىرىگىمۇ، مەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ مەنىۋى جەھەتتىن مەبلەغ سېلىۋاتقان خەلىچخان مۇئەللىم، شەرىپىدىن مۇدىر، ياسىن مۇئەللىم، ئەركىن مۇئەللىم قاتارلىق

ئۇستازلىرىمغىمۇ يۈز كېلەلمەيتتىم. مەردانىنىڭ كۆڭلىنى دېسەم، كۆپىنىڭ كۆڭلى قالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، فاكۇلتېتنىڭ، شۇنداقلا سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئۆزگىچە تۈزۈملىرىمۇ بۇنىڭغا يول قويمايتتى. ھەر ئىككىمىز سىنىپ ھەيئىتى، ئۇيۇشما ھەيئىتى تۇرۇپ، «غېرىب – سەنەم» بولۇپ يېتىلىشىپ يۈرسەك ئوقۇغۇچىلىق ئەخلاقىغىمۇ توغرا كەلمەيتتى، باللار ئارىسىدىكى تەسىرىمۇ ياخشى بولمايتتى ...

— ئۇنىڭغىمۇ ياق، بۇنىڭغىمۇ ياق، قاچانلا قارىسا باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ خۇدۇكسىرەپلا يۈرگەن، مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ ئەمدى؟ !

مەردان ئۆزىچە چالۋاقاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇنداق ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ باقمىغاندىم، شۇڭا، يۈرىكىم سىلىپ يەرگە قارىۋالدىم.

ئاي نۇرى مەكتەپ ئىچىنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. مۇزاكىرىدىن قايتقان باللارنىڭ غاچ – غۇچ قىلغان ئاياغ تىۋىشلىرى، قار ئېتىشىۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ – چۇرۇڭ، قىيقاس – چۇقانلىرى ھەممە يەردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەردان تاماكا تۇتاشتۇردى، ھاسىراپ تۇرۇپ قېنىپ – قېنىپ شورىدى، ئارقىدىن ئۆزىچە بوغۇلۇپ ئۇزاققىچە يۆتىلىپ كەتتى.

— بولدى چەكمەڭ !

مەن تاماكىغا قول ئۇزارتتىم، مەردان قارشىلىق قىلمىدى. مەن يېرىمدالغان تاماكىنى مەردانىنىڭ قولىدىن ئېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتىم. شۇ ئەسنادا مەردان كۆزۈمگە بىردەم ئۇنسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كاپلا قىلىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى. مەن تولا سوقۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم، لېكىن قولۇمنى تارتىۋالمىدىم.

— مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟

— ياق، لېكىن سەل قورقتۇم.

ئاۋازىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالمىدىم. مەردان قولۇمنى تېخىمۇ

چىلىڭ سىقتى.

— مەن چىدىيالمىدىم، — دېدى مەردان قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن ئەپقېچىپ، — سۆيگىنىمنىڭ بارمۇ، بار، لېكىن ھەپتىدە بىرەر قېتىممۇ مۇڭدىشالمىغان، بىر فاكۇلتېتتا تۇرۇپ دىدارىغىمۇ قانالمىغان ... مەن ساراڭ بولايلا دېدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ.

— مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن.

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— سىز ماڭا بەك قاتتىقلىق قىلىۋاتىسىز.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم مەن مەردانىنىڭ كۆزلىرىگە تۇنجى قېتىم دادىل تىكىلىپ، — مەن ھەممە گەپنى سىزگە دېدىم، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم سىز بىلەن بىللە يۈرگۈم كېلىدۇ، لېكىن بىز ئوقۇغۇچى، بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز ئوقۇش! ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىدۇ، شۇ چاغدا ... توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!

— مەنمۇ شۇ ...

مەردان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلىدى.

— توڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئازراق.

مەردان كۆزۈمگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مېنى ئۆزىگە تارتتى، مەن ئۇنىمىز بويسۇندۇم. تىنىقلىرىمىز بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

— قاتتىق سىياستىڭىز قاچانغىچە داۋاملىشار؟ — مەردان پەس ئاۋازدا سورىدى.

— ئۇزاق ئەمەس، ئاران ئۈچ يېرىم يىل!

مەردان جىم بولۇپ قالدى.

— ئۈچ يېرىم يىل!

— شۇنداق.

— ئازراق قىسقارتقىلى بولماسمۇ؟
— ھېلىمۇ جىق قىسقارتىۋالدىڭىز، — مەن مەردانغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتىم، — ھېلىمۇ تۆت يىللىق مۇساپىنى تۆت ئايدا تاماملىۋالدىڭىز!
— گەپتانلىقىنى.
مەردان پېشانەمگە لېۋىنى ياقتى.
— ئەسلىدە سىز ماڭا تۇتۇق بەرمەي تۆت يىل سوكۇلداتماقچى ئىكەنسىز ـ دە؟
— شۇنداق بولغان بولسا تېخىمۇ مەنىلىك بولاتتى.
— تاش يۈرەك!
... ...
مەردان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىۋالغىنىمدىن خۇش ئىدىم، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا بۈيۈك ئارزۇلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرالايتتىم.
... ...
— سىزنى سۇلايمان مۇئەللىم چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى تاھىر ئەمدىلا كۇتۇپخانىغا كىرىپ ماتېرىياللىرىمنى رەتلەپ تۇرۇشۇمغا، — جىددىي ئىش بار ئوخشايدۇ، تېز كەلسۇن، دەيدۇ.
سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىساملا ئۆزۈمچە جىددىيلىشىپ كېتەتتىم. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى: تۇرۇپلا يۈرىكىم ئېغىپ، تىلىم كالۋالىشىپ، قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلەلمەي بەزگەكتەك تىترەپ كەتتىم. قانداق جىددىي ئىشتۇ؟ مەردان بىلەن بولغان ئىشنى ئۇقۇپ قالغانمىدۇ يا؟ ئەگەر شۇنداقلا بولۇپلا قالسا ئىش چاتاق: مەردانغىمۇ، ماڭىمۇ ياخشى كۈن يوق!
— ئىشخانىسىغا بارامدىمەن؟
— ھەئە.
تاھىر ئەجەبلىنىپ بىشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى:

— نېمە بولدىڭىز؟
— ھېچ... ھېچنېمە.
مەن ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.
ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ ئۆزۈمنى سەل تۇختىتىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتىم.
— كىرىڭ!
مەن ئىشخانىغا كىرىپ بېشىمنى سالغىنىمچە بىر چەتتە قاراپ تۇردۇم. سۇلايمان مۇئەللىم كومپيۇتېردا خەت ئۇرۇۋاتقانىكەن، مېنىڭ كىرگىنىمنى تۇيدىمۇ يا تۇيسىمۇ قەستەن تۇيماسقا سالدىمۇ، بىرەر مىنۇتقىچە خەت بېسىشنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى.
— كەلدىڭىزما؟
مەن باش لىڭشىتتىم.
— قېنى يېقىنراق كېلىڭ!
مەن ئالدىمغا ئىككى قەدەم سىلجىدىم.
— يېقىندىن بۇيان ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟
— ياخشى.
— ھىم ...
سۇلايمان مۇئەللىم ئالدىرىماي تاماكا تۇتاشتۇردى.
— دوختۇرخانىدا داۋالانغان ئوخشايسىز؟
ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ بۇنى قانداق بىلگەندۇ؟
— شۇنداق.
— نېمە كېسەل بىلەن؟
— ماغدۇرسىزلىق ... — مەن بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.
— قان سىيىپ!
مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ چەكچىيىپلا تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرى ماڭا مىختەك

تىكىلگەنىدى.

— قاچان ئادەم بولارسىز؟

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— ھەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز دەيمەن؟ قىيىنچىلىقتا قالغان بولسىڭىز سىنىپ مۇدىرىڭىز ياكى فاكۇلتېت تەشكىلىگە دېسىڭىز مۇۋاپىق ھەل قىلمايمىزمۇ؟ ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ!

— مۇئەللىم، مەن ...

سۇلايمان مۇئەللىم قولىنى قىلىچتەك شىلتىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بايا مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ: «خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلىمەپسىلەر، بىر داڭدار ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرمۇش پۇلىنى غەملىيەلمەي قان ساتسا، بىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەيدىمىزگە مۇشتلاپ توپا سورۇپ يۈرسەك قانداق بولغىنى؟ ھازىر ئۇچۇر دەۋرى، بۇ ئىشلار ئالىمادىن تورغا چىقىپ كەتسە ياكى بىرەر مۇخبىرنىڭ قولىغا يېتىپ قالسا، بىز يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز؟ ...» دېگىنىچە بىرھازا تەنقىدلەپ كەتتى.

چوققامدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت تاپىنىمغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئىشلارنى مەكتەپ مۇدىرى قانداق ئۇققاندۇ؟ ئەركىن مۇئەللىم، مەردان، گۈزەلنۇر ... بۇ ئىشنى پەقەت مۇشۇ ئۈچەيلەنلا بىلەتتى، ئۇلار دەپ قويغانمىدۇ؟ ياق، مۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!

تۇرۇپلا بېشىم قېيىپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن ئاستا سۈرۈلۈپ ئۈچ كىشىلىك سافانىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئەھۋالىمنى كۆرۈپ سۇلايمان مۇئەللىم سەل پەسكويغا چۈشتى.

— يەنە بېشىڭىز قېيىۋاتامدۇ؟

— ھېچ، ھېچ ئىش يوق، بىردەمدىلا ئوڭشىلىپ قالىمەن.

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. سۇلايمان مۇئەللىم قەغەز ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— بۇ ئىشلارنى يەنە كىملەر بىلىدۇ؟

مەن تۇرۇپلا قالدىم. ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشقا بولمايتتى، چىقىرىپلا قالسام، سۇلايمان مۇئەللىم مەكتەپ مۇدىرىدىن ئاڭلىغان ئاھانىتىنىڭ دەردىنى ئەركىن مۇئەللىمدىن چىقىرىۋالماي قويمايتتى، شۇنداقلا بولۇپ بولسا، ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەندەكلا ئىش بولاتتى ـ دە، ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا قالاتتىم. مەردانىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشقا تېخىمۇ بولمايتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى چىقىپلا قالسا، سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئۆتى يېرىلىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئىشلار بولماي قالمايتتى. شۇڭا، گۈزەلنۇرنىڭلا ئىسمىنى چىقىرىش قارارىغا كەلدىم. گۈزەلنۇر مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم دوستۇم بولغاچقا، ئارتۇقچە گەپ كەلمەيتتى.

— گۈزەلنۇر بىلىدۇ.

— قايسى گۈزەلنۇر؟

— بىزنىڭ سىنىپتىكى.

— ئۈچىنچى پارتىدا ئولتۇرىدىغان قارىمۇتۇق قىز شۇما؟

— ياق، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئاق سېرىق، كېلىشكەن قىز.

— ھىم ...

— يەنىچۇ؟

— باشقىلار بىلمەيدۇ.

— يەنە ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

— ئويلانغۇدەك ئىش يوق، — دېدىم مەن سەل تېرىكىپ، — توغرا، يەنە بىر ئادەم بىلىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇ كىم؟

— مەكتەپ مۇدىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان ئادەم. مېنىڭچە، گۈزەلنۇر مۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرمەيدۇ!

— گۈزەلنۇرغا بەك ئىشىنىدىكەنسىز ـ ھە؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ مېنىڭ دوستۇم تۇرسا !

— مۇنچە ئىنچىكىلەپ سوراپ كېتىشىمدىكى سەۋەب، — سۇلايمان مۇئەللىم سەل خاتىرجەم بولغاندەك تۇيغۇدا ماڭا يۈزلەندى، — بۇ گەپنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ! ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قان بېرىشى نورمال ئىش، بەلكى مەجبۇرىيەت ! لېكىن تۇرمۇش يۈلىنى غەملىيەلمەي قان سېتىشى ئاتوم بومبىسى پارتىلاتقاندەك چوڭ ئىش. بۇ گەپ تارقىلىپلا كەتسە، سىزگىمۇ، ماڭىمۇ، مەكتەپكىمۇ ياخشى ئەمەس !

— مەنمۇ شۇ خىل ھېسسىياتتا.

— دېمەك، بۇ ئىشنى سىرتتىن ئىككىلا ئادەم بىلىدۇ، دەڭ؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

— خاتىرجەم بولساق بولغۇدەك.

مەن سۇلايمان مۇئەللىمگە سوئال نەزىرىدە قارىدىم.

— گۇزەلنۇرغا سىز خىزمەت ئىشلەڭ، يەنە بىر شاھىتقا گەپ كەتمەيدۇ، ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قىزى، ئۇ دادىسىنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇششاق گەپ قىلىپ يۈرمەيدۇ.

— مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قىزى؟

— شۇنداق ! — سۇلايمان مۇئەللىم تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى، — سىز بىلمەيسىز ھەرقاچان، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قىزى سىز قان بەرگەن دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ. قان بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى !

مۇئەللىمنىڭ تەلەپپۇزى سەل يۇمشىدى. ئۇنىڭ «سىز قان ساتقان» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «سىز قان بەرگەن» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكىنىلا ئاچچىقىنىڭ يانغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى.

— ئارخىپىڭىزنى قايتىدىن بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم، — دېدى سۇلايمان مۇئەللىم چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئاتا - ئانىڭىز نامرات دېھقان ئىكەن، ئوقۇش پۇلىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى يېزىدىن تولۇقلاپ بېرىپتۇ. ھەممىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇنىڭدىن كېيىن قىيىنچىلىقتا قالسىڭىز دوختۇرخانىنى

ئەمەس، بىزنى ئىزدەڭ. ئاۋۋال تەشكىل بار، تەشكىل ھەل قىلالمىسا، مانا مەن بار. سىزلا خالىسىڭىز، ھېچنېمىدىن غەم قىلماي، ھەتتا ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ، پۇلنى غازاڭدەك خەجلەپ بايۋەچچىلەردەك ئوقۇش پۈتكۈزۈشىڭىزگە مانا مەن كېپىل!

مۇئەللىم كۆزۈمنىڭ تېگىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— باشقا ئىش بولمىسا مەن چىقاي، — دېدىم مۇئەللىمنىڭ سېمىز قوي گۆشىدە قىلىنغان شورپىدەك پارقىراپ كەتكەن بىھايا كۆزىدىن كۆزۈمنى ئەپقېچىپ، — ئۆگۈنلۈككە ئىمتىھانىم بار ئىدى.

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ ئىمتىھاندىنمۇ شۇنچە قورقۇپ كەتكەن بارمۇ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ، گېپىم تېخى تۈگىمىدى.

مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— ئىككىنچى ئىش، — دېدى سۇلايمان مۇئەللىم ئورۇندۇقىنى لەپەڭشىتىپ قويۇپ، — باسقۇچلۇق ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈپ قويغان، نەتىجىسىنى جەدۋەلگە خاتىرىلەپ بېرىسىز.

مەن قەلىمىمنى تەييارلاپ مۇئەللىمگە قارىدىم. مۇئەللىم مەقسىتىمنى چۈشىنىپ قوشۇمچە قىلدى.

— قەغەز ئۆيدە، يېرىم سائەتتىن كېيىن، — مۇئەللىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى، — دەل سائەت تۆتتە ئۆيگە بېرىڭ!

مەن تۇرۇپلا قالدىم.

— قەغەزلەرنى ئەتە ئالغاچ كەلسىلە، نومۇرنى شۇ چاغدا خاتىرىلىۋېتەي.

— بولمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم كەسكىن قىلىپ، — كونىلار «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دەپ ناھايىتى توغرا

ئىپتىقان، مېنىڭ ئىشنى سوزغان ئادەمگە تازا خۇشۇم يوق.

مەن گەپ قىلمىدىم.

— بىرسى بىلەن دېيىشىپ قويغانمۇ يا؟

مەن قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك پۇچىلىنىپ كەتتىم.

— ئىمتىھان ئىشى جىددىي ئىش، پىرىنسىپ بويىچە بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنى قەغەزگە يېقىن كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. مەن سىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈنلا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا يالغۇز بېرىڭ، بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمىسۇن! ئۆيىنى بىلىسىزغۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

— ئون ئىككىنچى بىنا، ئۈچىنچى كورپۇس، 101 ـ ئۆي.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ياسىن كەنجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى ئۆي.

مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ئۇرغۇلۇق ئىدى. ئۇ ياسىن كەنجى مۇئەللىمنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق مەردان بىلەن ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بارغان ھېلىقى «تارىخ»نى قايتىدىن ئەسلىتىپ، بۇ ئىشنى تېخى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ مەن بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە ئىشخانىدىن يېنىپ چىقتىم. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن نېمىدېگەن شور پېشانە؟ ئىشلىرىم بىر قۇر يۇرۇشۇپ ئەمدىلەتىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن كۆڭۈل سورۇقچىلىقى يەنە باشلاندى. مېنىڭ بۇ خىل تۇيغۇغا ئېرىشكىنىمگە تېخى ھەپتىمۇ بولمىغاندىغۇ؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. باراي دېسەم مۇئەللىمنىڭ پەيلى سەل يامان. بارماي دېسەم، مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ قەدەمدە بىر تىكىنىنى سانجىپ يۈرەك زېدىسى قىلىۋېتىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ...

مەن يەنىلا بېرىش قارارىغا كەلدىم. بەلكىم ئۆيدە ئايالى، بالىلىرى باردۇ، ئۇلار بار يەردە قىلىقسىزلىق قىلىپمۇ يۈرمەس.

دەل سائەت تۆتتە ئىشكىنى چەكتىم. سۇلايمان مۇئەللىم

ئىشىك تۇۋىدىلا ساقلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، قولۇم پەسكە چۈشۈپ بولغۇچە ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلدى.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز.

مەن ئايىغىمنى سېلىپ بىر خىل ۋەھىمىلىك ھېسسىياتتا ئۆيگە قەدەم ئالدىم. ئاڭغىچە مۆئەللىم ئىشىكنى يېپىپ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان زىيادە قىزغىنلىق ۋە يېشىغا ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن ئالدىمدا پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

— قېنى، مېھمانخانىغا مەرھەمەت!

مەن مۆئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە گىلەم سېلىنغان كارىدوردىن ئۆتۈپ جىگەر رەڭ خۇرۇم سافاغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— قېنى تاتلىق - تۈرۈملارغا باققاچ ئازادە ئولتۇرۇڭ.

مۆئەللىم تەكەللۇپ قىلغانسېرى مەن قورۇنۇشقا باشلىدىم.

— ھوي، گۈلنارقىز بارمۇ سىز، مېھمان كەلدى، چاي ئاچىقىڭ!

— مانا ھازىر.

ئۆيدىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭدىلا كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى.

ھايالشىماي قىرىق بەشلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان ئورۇق بىر چوكان چىقىپ سالام قىلغاندىن كېيىن چاي قويدى.

— چايغا بېقىڭ.

— رەھمەت.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم.

— باشقا ئىش بولمىسا مەن ماڭاي.

ئايال پەتنۇسنى شىرەگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئالدىراش سۇلايمان مۆئەللىمگە قارىدى، مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۆيگە قەدەم بېسىشىمغا ئايالىنىڭ تالاغا ماڭغىنى نېمىسى؟ تۇرۇپلا زەمىرجان كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى، ئۇمۇ مۇشۇ ئايالدەكلا بىر ئىشلارنى قىلغان — مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇپلا

تالاغا چىقىپ كەتكەنىدى ...

سۇلايمان مۇئەللىم باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى، مىنۇت ئۆتمەي ئايال مېغىز رەڭ خۇرۇم سومكىسىنى قولتۇقلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئايالنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەسەيگەن ھامان بەدىنىمگە يەنە قورقۇنچ كىرىۋالدى. نېمانداق سىرلىق؟

مەن مۇئەللىمنىڭ زورلىشى بىلەن تاتلىق - تۈرۈملارغا قول سوزدۇم، لېكىن چايغا قاراپمۇ قويمىدىم.

— قەغەزلەرنى ئېلىپ بەرسىلە، نومۇرلارنى خاتىرىلىۋېتەي.

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ — دېدى مۇئەللىم چېيىمدىن بىر ئوتلام ئىچىۋېتىپ، — نومۇرنى قاچان ئالساق بولىۋېرىدۇ، قېنى چايغا بېقىڭ.

مەن پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم. قېنىق دەملەنگەن چاي يېتىرقاپ تۇرغان بىچارە كۆزۈمگە ئۆزۈمنىڭ قېنىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن پىيالىنىڭ لېۋىگە ئاغزىمنى تەگكۈزۈپ قويدۇم.

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن، شۇڭا ئاۋۋال ئوخشىتىپ بىر مانتا قىلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن خاتىرىلىسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز ئۇ نومۇر دېگەننى.

مەن ئامالسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— مانتا ئېتەلەيدىغانسىز؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم كۆزۈمنىڭ تېگىگە قاراپ، — مەن پېتىر مانتىغا بەك ئامراق. قانچىلىك بولسا كۆردۈم دېمەي سوقۇۋېتىمەن!

«نومۇسسىز ئوغرى! — دېدىم ئىچىمدە، — ئەخلاقتىن گەپ قىلىڭ دېسە ئادەمنىڭ قولىقىنى پاك قىلىۋېتىدۇ، دەۋاتقان گېپىنىڭ لاۋزىلىقىنى، ئادەمنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قاراشلىرىچۇ تېخى؟ كونىلارنىڭ ‹موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما› دېگىنى بىكار ئېيتىلمىغان ئىكەن - دە؟!»

مۇئەللىمنىڭ مېنى «نومۇر خاتىرىلەشكە چاقىرتىش»تىكى مەقسىتى ئاساسەن ئاشكارا بولۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ مېنى ئۇندەكمە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، بۇ مۇدھىش قىسماقتىن بىخەتەر قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش نىيىتىدە ئالدىراش پىلان تۈزۈشكە باشلىدىم.

— تاماق ئېتىش جەريانىدا تەمتىرەپ قالماسلىقىڭىز ۋە بەزى ئىشلاردىن دەماللىققا قورقۇپ كەتمەسلىكىڭىز ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆي ئىچىنى، ئائىلە ئەزالىرىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ چىقاي.

مۇئەللىم مېنى يېتەكلەپ ئاۋۋال ياندىكى چوڭ ئۆينى كۆرسەتتى.

— بۇ ياتاق ئۆي.

مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدۇم. ئۆي خان ئوردىسىدەك ئېسىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى.

— بۇ ...

مۇئەللىم ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىراغنى ياندۇردى. كارىۋاتتا بىر «ئىسكىلىت» ئۇنسىز ياتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ تىلىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى.

— بۇ ئانام، يەتتە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق يېتىۋاتىدۇ.

مەن ئاغزىمنى تۇتۇپلا قالدىم.

— ئايالىم ئۇنى بېقىشتىن زېرىكىپ ئۈچ يىل بۇرۇن خېتىنى ئالدى، ئۈچ يىلدىن بېرى بايىقى چوكان ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. ئېيىغا تامىقىنى كۆتۈرۈپ بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەندىن ھەق بېرىۋاتىمەن.

— ئۆز ھاجىتىدىن چىقالامدۇ؟

مۇئەللىم سوغۇق كۈلۈپ:

— يېيىش - چىقىرىشى جايىدا، لېكىن باشقا سېزىمى يوق، ھەتتا مېنىمۇ تونۇمايدۇ.

مەن جىم بولۇپ قالدىم. تۇرۇپلا مۇئەللىمگە ئىچىم ئاغرىپ

قالدى.

— بەك جاپادا قاپسىز، مۇئەللىم!

— جاپا ئەمەس، — دېدى مۇئەللىم سۇس كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا دادامدىن ئايرىلىپ قالغان. دادام رەھمەتلىك ئىدىتلىق، ئادەم ئىدى، ماڭا بەك كۆيەتتى، بارلىق ئۈمىدىنى ماڭا باغلىغانىدى. لېكىن، رەھىمسىز تەقدىر ئۇنى بەك بۇرۇن ئېلىپ كەتتى، ھەتتا يۈزىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئۇنىڭ «كەپتەر» ماركىلىق بىر ۋېلىسىپىت مىنگۈسى بار ئىدى، ھەر قېتىم قوشنىمىزنىڭ ۋېلىسىپىتىنى كۆرگەندە ئۇزاققىچە قاراپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك پۇچىلىنىپ كېتەتتىم. مەن شۇ چاغلاردا ئوقۇش پۇتكۈزۈپ خىزمەتكە چىقسام، تۇنجى ئايلىق مائاشىمغا دادامغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىمەن، دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، لېكىن ... ھەي، نېمىسىنى دەيسىز، مەن دادامنىڭ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىگە ۋېلىسىپىت تۇگۇل پايپاق تۇشلۇق بىرنەرسە ئېلىپ بېرەلمىدىم، راست گەپنى قىلسام، ئۇ چاغدا مەندىمۇ يوق ئىدى. مەكتەپ بەرگەن تاماق پۇلىغا تايىنىپ ئاران كۈن ئۆتكۈزەتتىم. مانا ھازىر كۈنۈم ياخشى، قولۇمنى نەگە سوزسام يېتىدۇ، «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلىسىپىت تۇگۇل «پاسات» ماركىلىق ماشىنا دېسىمۇ ئېلىپ بەرگۈدەك ئىقتىسادىم بار، لېكىن دادام يوق! ... خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، ھازىر ھوشى بولمىسىمۇ ئانام بار، ئۇنى كۈندە كۆرۈپ تۇرالايمەن. ئانامنىڭ سىيماسى ئارقىلىق دادامنىڭ ئوتىنى باسىمەن ...

— سەۋر قىلىڭ، مۇئەللىم، — دېدىم مەن بىردىنلا پىلىدەك يۇمشاپ، — كاستيۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ مەغرۇر يۈرسىڭىز سىزنى پەقەت دەردى يوق ئادەم ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. خاتالىشىپتىمەن، سىزنىڭمۇ دەردىڭىز ئاز ئەمەس ئىكەن.

— ھەممە ئادەمنىڭ، ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىدۇ، بەختىگۈل، — دېدى مۇئەللىم بىردىنلا

ئەسلىدىكى كۆرەڭ ھالىتىگە قايتىپ ۋەزمىن تەلەپپۇزدا، ــ گەپ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا!

مەن پەشتامنى تارتىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتىم. مۇئەللىم مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

خورۇچلار تەييار ئىكەن، بىرەر سائەتكە قالماي مانتا پىشتى. مەن مانتىنى لېگەنگە ئېلىپ نەپرەت بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن مېھمانخانىغا كىردىم، كىردىم ـ يۇ تورۇپلا قالدىم: ئۆي ئىچى ئىسسىقا تولغان، شىرەدە يېرىمدالغان بوتۇلكا، مۇئەللىم سافاغا قىيسايغىنىچە خىيالغا كەتكەن، هاراق بىلەن تاماكا ئىسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان ئاچچىق پۇراق ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىدۇ ... مۇئەللىم بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ ئەسلىي ھالىتىگە ــ كالا دۆلىكىگە قايتقانىدى.

مەن مانتىنى شىرەگە ئاستا قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. شۇ ئەسنادا قولۇم تېلېۋىزورنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ كېتىپ تىرىقىدە ئاۋاز چىقىپ قالدى، مۇئەللىم بىرسى كومانىدا بەرگەندەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

ــ تاماق تەييار بولدى.

ــ شۇنداق تېزما؟

ــ ھېلىمۇ ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەن ئەمدى قايتاي!

ــ نېمىگە ئالدىرايسىز؟ ئاۋۋال بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيمىز، ئارقىدىن، ئارقىدىن ... ــ دېدى مۇئەللىم كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، ــ ئارقىدىن قول ـ قولچە نومۇرنى خاتىرىلەيمىز.

مەن سافاغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

ــ قېنى تارتىنماي ئېلىڭ، سوۋۇپ قالسا تەمدىن كېتىدۇ.

مۇئەللىم قاچامغا ئىككى مانتا ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزى لېگەنگە قول سوزدى.

ــ بەك ئوخشاپتۇ ... ھې ـ ھې ـ ھې ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن غىققىدە بولۇپ قالدىم.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە لېگەن قۇرۇقدالدى. مۇئەللىم بىر پىيالە چاينى دۇم كۆمتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گارتىمدە كېكىرىۋېتىپ، ماڭا يۈزلەندى:

— قولىڭىز بەك تەملىك ئىكەن، مەن خاتا تاللىماپتىمەن.

مەن تۇرۇپلا قالدىم. مۇئەللىم يېرىمدالغان بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ، رومكىغا لىق قىلىپ قۇيغاندىن كېيىن ماڭا قارىدى.

— كېيىنكى ھەمكارلىقىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن خۇشە !

مەن گەپ قىلمىدىم. مۇئەللىم ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن چايدىن ئوتلىدى.

— ئەمدى مەن ماڭاي !

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ بۈگۈن كەچلىك مۇزاكىرە يوققۇ؟ ئولتۇرىمىز تېخى، قانغۇچە ئىچىپ، ئويناپ ...

مۇئەللىم تىزگىنەكنى قولىغا ئېلىپ سىنقويغۇنى ئاچتى. ھايالشىماي يېنىك ساكسوفون مۇزىكىسى باشلاندى.

— قېنى بەختىگۈل، تانسىغا مەرھەمەت !

مۇئەللىم سەنتۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە قولىنى تەڭلەپ ئالدىمغا كەلدى.

مەن تەتۈر قارىۋالدىم.

— قوپۇڭ، تانسا ئوينايمىز !

— مەن تانسا ئۇقمايمەن !

— ئۇقمىسىڭىز ئۆگىتىمەن !

— مېنىڭ ئۆگەنگۈم يوق !

— قوپۇڭ دەيمەن، نېمانداق جاھىللىق قىلىسىز؟

مۇئەللىم قولىنى سوزدى، مەن چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

— مۇئەللىم سىلى ...

— مەن ھازىر مۇئەللىم ئەمەس !

— تـوغرا دەيلا، هازىـر سىلى مـۇئەللىـمگە تازا ئـوخشمـاي قىلىـۋاتىلا ! — مەن شـۇنداق دەپ مۇئـەلـلىمـگـە غەزەپ بىـلـەن ئالايدىم.

مەن سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ كەڭ ئېچىلغان قولىنى بىر ياققا قايرىۋېتىپ مۇشۇ ۋاقىت ئـۇچۇن ئەپلـىك يەرگە قـويۇپ قويغـان چاپىنىمنى ئالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم ...

پەلەمپەيدىن قانداق چۈشكىنىـمنى بىـلمەيمـەن، شۇنداق تېـز يۈگـۈردۈمكى، بىـردەمدىلا كۆتـۈپخانا بىـناسىـنىڭ كـەيـنىدىـكى ئارچىزارلىققا كېلىپ قاپتىمەن.

— بەختىگۈل !

تونۇش ئاۋاز، ئۇ، مەردانىنىڭ ئاۋازى !

مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدىم. يېقىنلا يەردە مەردان ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— مەردان !

مەن ئۇقتەك ئېتىلىپ بارغىنىمچە مەردانغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مەردان نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— مەردان !

— بەختىگۈل ! سىزگە نېمە بولدى؟

مەن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىمچە مەردانىنىڭ بويىنىغا چىڭ گىـره سالدىم.

مەردان يېنىك پەپىلىگەچ چاچلىرىمنى سىلىدى.

— سىزگە نېمە بولدى زادى، بىرەرسى بوزەك قىلدىما؟

مەن سەل ئەسلىمگە كېلىپ ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، بەش مېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىنى ئىلغا قىلغىلىمۇ بولمايتتى. مەن خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدا مەردانىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتىم.

— يۈرۈڭ، كۆل تەرەپكە بېرىپ ئولتۇرايلى.

مەردان مېنى يۆلەشتۈرۈپ قىرغاققا چۈشۈردى ۋە ئاۋايلاپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى.

— نەگە باردىڭىز، بەختىگۈل؟ سىزنى ئىزدەپ مەكتەپنى قېزىۋەتتىم. يەنە بەش مىنۇتقىچە تاپالمىغان بولسام، گېزىتكە ئېلان بېرەتتىم.

مەردان مۇزدەك سوغۇق قوللىرىمنى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، مەن سەل ئەسلىمىگە كەلدىم. مەردانغا جاۋاب بېرىشىم لازىم ئىدى. ئەھۋالىنى ئەينەن دېسەم بۇنى مەردان كۆتۈرەلمەيتتى ھەمدە جېدەلنىڭ چوڭى چىقماي قالمايتتى. ئۇ چاغدا ماڭىمۇ، مۇئەللىمگىمۇ، مەردانغىمۇ ياخشى بولمايتتى. دېمەي دېسەم سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ قىلىقلىرىنى ھېچ قىلىپمۇ كۆڭلۈمگە سىغدۇرالمايۋاتاتتىم. ئەڭ مۇھىمى ھەممىنى ئىچىمگە سىغدۇرۇپ سۇلايمان مۇئەللىمگە مۇشۇنداق بوزەك بولۇپ بېرىۋەرسەم، ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭدىن چوڭ ئويۇننى كۆتۈرۈپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. مەن بۈگۈن جەزملەشتۈرۈپ بولدۇم، سۇلايمان مۇئەللىملا بولىدىكەن، ئىككىمىزگە ياخشى كۈن يوق ئىدى. ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟

مەردانغا قارىدىم، ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى مەندىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى. مەن يەنىلا سالاۋات قىلىش قارارىغا كەلدىم.

مەن كۆزۈمنى يۇمۇپلا يالغاندىن بىرنى توقۇدۇم.

— بايا سىنىپ بەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولغاچقا مەكتەپنىڭ كەينىدىكى باغقا چىقىپ ئۆگىنىش قىلغان، كىتاب بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن، بىر چاغدا كۆزۈم خەتلەرنى تازا ئېنىق كۆرەلمىدى، بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئالدىراش ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇردۇم - دە، مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. نېمىشقىدۇر خېلى ئۇزاق مېڭىپمۇ باغدىن چىقالمىدىم، تېنىمگە قورقۇنچ ئولاشتى. دەل شۇ چاغدا ئورمانلىق ئارىسىدىن يىگىرمە ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئۈچ ياش چىقىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ سەت ۋارقىراشقىنىچە ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى، ئىش چاتاق دېدىم -

ده، ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي قاچتىم، قاچە، قاچە، بىر چاغدا ئۆزۈمنى سىزنىڭ قۇچىقىڭىزدا كۆردۈم. بولغان ئىش مۇشۇ ...
مەردان كۈلۈپ قويدى، ئۇ ھېكايەمگە ئىشەنگەندەك قىلاتتى.
— ئۇ مەستلەرنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟
— ياق.
— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق يەرلەرگە بارماڭ، بىرىشقا توغرا كەلسە مېنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ!
— ماقۇل.
مەن ئۆزۈم توقۇغان يالغانغا ئۆزۈممۇ ئىشىنىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.
— ھە راست، بايا سىزنى ئىزدەپ سىنىپىڭىزغا كىرگەنىدىم، تاھىر سىزنى سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى، دېگەندەك قىلغان، كىردىڭىزمۇ؟
مەردانىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى.
— كىردىم.
— نېمىگە چاقىرتىپتىكەن؟
— يەنە شۇ تاپشۇرۇق نومۇرىنى خاتىرىلەش بولمامدۇ؟
مەن يەنە يالغان ئېيتتىم.
مەردان بىردەم ئۈنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى:
— بەختىگۈل!
مەن لىككىدە بېشىمنى كۆتۈردۈم.
— بىر گەپ قىلسام رەنجىپ قالارسىزمۇ؟
— قېنى دەڭ.
— سۇلايمان مۇئەللىم ئانچە دۇرۇس ئادەم ئەمەس، — دېدى مەردان كۆزىنى مەندىن ئەپقېچىپ، — چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە جۇباجېدەك ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە قۇيرۇق تۇتقۇزماي كېلىۋاتىدۇ. پەرىزىمچە، ئۇ سىزنى نىشانغا ئالغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا ئېھتىيات قىلىسىڭىز.
مەن «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتىم.

## 2

ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ، ئەتە تەتىلگە ماڭىمىز دېگەن كۈنى نومۇرلىرىمىز ئېلان قىلىندى. مەن بۇ مەۋسۇمدا ئۆتۈلگەن ئالتە پەننىڭ بەشىدىن سەكسەن يەتتىدىن يۇقىرى نومۇر ئالغان، پەقەت سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ دەرسى — «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»دىلا ئەللىك سەككىز نومۇر بىلەن قايتا ئىمتىھانغا قالغاندىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم.

سۇلايمان مۇئەللىم دېگىنىنى قىلغان — سىنىقتا كىرمىگەنلىكىم، «نومۇرنى كۆڭلىدىكىدەك خاتىرىلەپ بەرمىگىنىم» ئۈچۈنلا ئەڭ نومۇسسىز ئۇسۇلدا ئۆچ ئالغاندى. ھەممە بالىلارنىڭ كۆزى مەندە ئىدى. باللار ئادەتتە «ئىش ئۇقمايدىغان تەنتەكلەر»دەك كۆرۈنگىنى بىلەن ھەرھالدا ئاق - قارىنى پەرق قىلالايتتى. ئۇلار كۈن غەربتىن چىقىپتۇ، دېسە ئىشەنسە ئىشىنەتتىكى، مېنىڭ ئەللىك سەككىز نومۇر بىلەن قايتا ئىمتىھانغا قالىدىغانلىقىمغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى.

سۇلايمان مۇئەللىم ئۇچۇن ئۆچ ئېلىش كوزىرى بولغان بۇ ئەللىك سەككىز نومۇر مەن ئۇچۇن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھاقارەت ۋە ئاھانەت بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ ھاياتىمنىڭ قاتىلى ئىدى، ئۇ كۆرۈنمەس تەسىرى بىلەن ئىمجان تەقدىرىمنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۇستۈن قىلىۋەتكەن — مېنىڭ مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئارزۇيۇمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئادەمنى ئەڭ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت بىرلا دەرستە ئون ئالتە سائەت دەرس قالدۇرغان، بىرەر قېتىممۇ تاپشۇرۇق ئىشلەپ باقمىغان، باشقا پەنلەرنىڭ بىرەرىدىنمۇ قىرىقتىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ باقمىغان ئىپارگۈل سىنىپ بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغاندى. كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىققا زادىلا ئىشەنگۈم

كەلمەيتتى. مەن يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم. پۇت ـ قولۇمدا جان دىدارى يوق، كاللام قۇپقۇرۇق، چىشلىرىم غەزەپتىن كىرىشىپ كەتكەن ... ۋادەرىخ، مۇئەللىم شۇنداق بولامدۇ؟

مەن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتىم ... سىنىپتا بىردىنلا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— كىگىزدەك ئۆتۈپ بىگىزدەك ئالغان.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ دەرستە سۆزلەنگەن مەزمۇنلاردىن بىرمۇ سوئال يوق، ساپلا ئەپقاچتى گەپلەر.

— سۇلايمان مۇئەللىم دەرس سۆزلىگەندەكقۇ قىلمىغان.

— توغرا، ئەڭ ئىچىلىپ سۆزلەيدىغىنى ئۆز تارىخى بىلەن پەند ـ نەسىھەت ... ۋاقىت توشتۇرالمىسا چۆچەك ئوقۇش ...

— بىزغۇ مەيلى، بەختىگۇلنىڭ ئەللىك سەككىز نومۇر ئالغىنى پەقەت قاملاشماپتۇ.

— سەن نەچچە ئاپسەن؟

— يەتمىش سەككىز !

— مۇنداق دە؟

— ئۆزۈممۇ ھەيران، بىرەر سوئالغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب يېزىپ باقمىغاندىم بولمىسا.

— بەختىگۇلنىڭ نومۇرى خاتا جەملىنىپ قالغانمىدۇ يا؟

— ئۇنداق بولۇشى ناتايىن.

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار.

— ئۆگىنىش باشلىقى قايتا ئىمتىھانغا قېلىپ، ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئىككى يېنىغا قارىماي توغرا دەپ بېرەلمەيدىغان ئىپارگۇلنىڭ توقسان ئىككى ئالغىنىغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

— شۇنى دەيمەن.

— بوشراق گەپ قىلىڭلار ... ئىپارگۇل ئاڭلاپ قالسا ئالەمنى مالەم قىلىدۇ ھېلى.

— سىنىپتا بولسا ئاڭلىمامدۇ ئۇ تاۋى نازۇك؟
— ئۇ ھازىر بىرەر رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدا ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ ھەرقاچان.
— شۇنداق.
— بەختىگۈل سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ قەغىزىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا قانداق بولاركىن؟
— مېنىڭچىمۇ شۇنداق قىلسا بولىدۇ.
— لېكىن ئۇ ئادەم مۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالارمۇ؟
— قۇلاق سالىدۇ. بۇ بەختىگۈلنىڭ ھوقۇقى!
— شۇغىنىسى سۇلايمان مۇئەللىم تۈنۈگۈن ئىچكىرىگە ئۆگىنىشكە كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟
— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟
— ئىپارگۈل شۇنداق دېگەندەك قىلغان.
— ما ئىشنىڭ تەتۈر كەلگىنىنى قارىمامدىغان؟
— ھەي، بەختىگۈلگە ئۇۋال بولدى!
— بىزگىمۇ شۇ، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسىدىن ھېچقانداق نەپ ئالالمىدۇق ئەمەسمۇ؟
... ...
بالىلار مېنىڭ غېمىمنى يەپ سەدپارە ئىدى، لېكىن قۇلىقىمغا گەپ كىرىدىغاندەك، كىرسىمۇ ئۇنى ئىدراك قىلالايدىغاندەك ئەمەس. مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكىگىنىمچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم.
ئەتىسى مەردان، ئىدرىس، كامىلە تۆتىمىز بىر ئاپتوبۇستا يۇرتقا قاراپ يول ئالدۇق. مەن تۇرسۇنگۈلنىمۇ بىز بىلەن بىللە ماڭىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ يوقىلاڭ ئىشتىن بىرنى باھانە قىلىپ ياتىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ مەردان ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلگەندىن بېرى ماڭا تازا قاپاق ئاچمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى

بولغىنى، بىر ئاپتوبۇستا بىر ـ بىرىمىزگە كۆچ كۆرستىپ، ماي تارتىشىپ ئولتۇرساق تازا ئوبدان بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەردانىنىڭ گىپى ئوچۇق، مىجەزى ئىتتىك بولغاچقا، تۇرسۇنگۇلنىڭ قىيمىلىق گەپلىرى ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ كۆڭۈل ئاغرىقىغا سەۋەب بولمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. مېنىڭ بۇ ھالىمدا خەقنىڭ ياپتا گەپلىرىنى ئاڭلىغۇدەك ماجالىممۇ يوق ئىدى.

ئۆيدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش خۇشاللىقى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا كەيپىياتىم تۆۋەن ئىدى. ئەللىك سەككىز نومۇر گويا كۆرۈنمەس سىرتماقتەك گېلىمنى بوغۇپ تىنىق ئالدۇرمايتتى. ئۆزۈمنى مەكتەپ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقاندەك تۇيغۇدا تولىمۇ بىچارە سېزەتتىم. دەرۋەقە ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دىشۋارچىلىقلار مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىمنى تامامەن بىتچىت قىلىۋەتكەنىدى. ئەڭ مۇھىمى مەن ئەللىك سەككىز نومۇرنىڭ كاساپىتى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئالالمىسام، ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇشقا مادارىم يەتمەيتتى، بىردىنبىر ئۈمىدىم شۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدا ئىدى.

بۇ ئىشلاردىن مەردانىنىڭمۇ ئازراق خەۋىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇمۇ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ ئارتۇقچە شوخلۇق قىلماي جىم ئولتۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى، قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. تۇرمۇشتا تاۋى چېكىلىپ باقمىغان، ھەممە ئىشقا ئويۇن تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىدىغان، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتسا، تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان» بۇ بىغەم يىگىتنىڭ قۇياش پارلاپ تۇرغان، ئانا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان شۇنداق چىرايلىق كۈندە سۆيگىنىگە كەينىنى قىلىپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرالىشى ئاسانمۇ؟

— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. سىرتتا ھاۋا تۇتۇلۇپ قار ئۇچقۇنداشقا باشلىغانىدى. ئاپتوبۇس دېرىزىسىگە چۈشكەن قار توزۇندىلىرى بىردەمدىلا ئېرىپ دەردمەنىنىڭ كۆز يېشىدەك توختىماستىن سىيرىلىپ چۈشەتتى. ماشىنا ئىچىمۇ ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى.

— قار يېغىپتۇ ھە؟

— خېلى بولدى.

— بايا تېخى قۇياش پارلاپ تۇراتتى، بىردەمدىلا ... ھېچنېمىنى سەزمەپتىمەن.

— ئۇخلاپ قالغان تۇرسىڭىز.

مەردان يوتقىنىمنى تارتىپ تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

— توڭلىدىڭىزمۇ؟

— سەل توڭلىدىم، سىزچۇ؟

— توڭلىمىدىم، — مەردان چاپىنىنى ئۇستۈمگە يېپىپ قويۇپ ئاياغ تەرىپىدىكى يالتىراق خالتىنى ئالدى، — سوغۇق دېگەن جۇۋۇلىقنى توڭلىتىدۇ، بىزدەك ياشتىكىلەرنىڭ يېنىغا كېلىشتىن قورقىدۇ.

— پوچىلىقنى.

— ئۇيقۇنىمۇ بىر ئوبدان ئۇخلىۋالدىڭىز، ئەمدى قورساقنىڭ غېمىنى قىلامدۇق؟ ئۇيقۇغىمۇ كۈچ بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى مەردان سولياۋ خالتىنى يېشىپ.

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى.

مەردان خالتىنى جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ يۈتىنى تارچۇققا ئالدى.

— ئەمىسە دەڭا، نېمە ئىش قىلىمىز؟

— ماشىنا ماڭىدۇ، بىز جىم ئولتۇرۇپ مەنزىلىمىزنى كۈتىمىز.

— ما گەپنىڭ بەلەنلىكىنى، مېنى ئىچى سىقىلىپ ئۆلسۇن دەپسىز - ھە؟ قورقماڭ، بىز ھازىر ئەركىن ئادەملەر، يېنىمىزدا

سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان سۇلايمان مۇئەللىم يوق.

سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سىلىپ يىرگىنچ تۇيغۇسى گىلىمغا كىلىپ تاقالدى.

— كەچۈرۈڭ، مۇشۇ ئاغزىمنىزە ... — مەردان ئاغزىغا پاق قىلىپ ئۇرۇپ قويدى.

— مەن ...

مەن گەپ قىلمىدىم. مەردانمۇ جىم بولۇپ قالدى.

مەرداننىڭ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر گەپكە تاۋىم يوق ئىدى.

— خۇش خەۋەر ئاڭلامسىز؟

مەن مەردانغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدۇم.

— مەن سىزنى خاپا قىلىپ قويغاندا گۇناھىمنى يۇيۇشنىڭ دەستىكى قىلارمەن دەپ يەنە بىر يانچۇقۇمغا خۇش خەۋەردىنمۇ سىلىۋالغان، ھەئە دېمىسىڭىز چوقۇم پۇشايمان قىلىسىز، — مەردان يانچۇقىغا قول سىلىپ بىرنەرسىلەرنى ئىزدىگەندىن كېيىن ماڭا قارىدى، — قېنى تېز بىر قارارغا كىلىڭ، بولمىسا پۇشايماندا قالىسىز!

بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ، شەيتاننىڭ ئۆزىدە بۇ؟!

— قېنى دەپ بېقىڭ، خۇش خەۋەر بولماي قالسا بارلىق دەردىمنى سىزدىنلا ئالىمەن!

— خوپ!

مەردان كارتۇات ئايغىغا ئەپچىلگىنە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان كىچىك سومكىسىنى ئىلىپ سىيرىتمىسىنى ئاچتى. ئارقىدىن ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ بىر ژۇرنالنى ئالدى.

— ھېكايىڭىز چىقىپتۇ!

— راستما؟ — مەن ژۇرنالغا قولۇمنى سوزدۇم.

— راست بولمايچۇ؟

مەن ژۇرنال مۇندەرىجىسىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم. بىرىنچى قۇردىكى ئىسمىمغا كۆزۈم چۈشكەن ھامان ۋۇجۇدۇم

ئىختىيارسىز لەرزىگە كەلدى.
— قانداق، خۇش خەۋەرمىكەن؟
— ھەئە، ھەقىقەتەنمۇ خۇش خەۋەر ئىكەن.
— بىرىنچىدىن ھېكايىڭىز باش بەتكە بېرىلىپتۇ، ئىككىنچىدىن، ھېكايىڭىزگە ئۇلاپلا بىر پارچە تەقرىزمۇ بېرىلىپتۇ.
— شۇنداقمۇ؟
— تەقرىزنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭما قېنى؟
مەن باش چايقىدىم.
— ياسىن مۇئەللىم!
— ياسىن مۇئەللىم؟
مەن ئەجەبلىنىپ سورىدىم. ئاۋازىم سەل ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مەردانىنىڭ كەينىدىكى كارىۋاتتا ياتقان ئىدرىس بېشىنى كۆتۈردى.
— ئىككىڭلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىسىلەر؟ خامانغا چۈشكەن قۇشقاچلاردەك چۇۋۇرلىشىپلا كەتتىڭلىغۇ؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ مەردانىنىڭ يېنىغا قىستىلدى، — ئاران بىر ئۇخلىغاندا ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، ئايىمىنىغىراق ئولتۇرامسەن؟ — ئىدرىس كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى، — يېنىغا مېھمان كەلسىمۇ غېمىدە يوق ئولتۇرغىنىنى ماۋۇ ئېگىز تۇرانىڭ!
مەردان نارازى بولۇپ بىر تەرەپكە سۈرۈلدى. ئاڭغىچە كامىلە كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، يېنىمغا كىردى، — توڭلاپ كەتتىم، ئۈستى بەك سوغۇق ئىكەن.
مەن بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ كامىلەگە ئورۇن بوشاتتىم.
— ۋيەي، يوتقىنىڭ نېمانچە ئىسسىق؟ ئىچىگە مەش قويۇۋالمىغانسەن ـ ھە؟
كامىلە ئۇبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن يوتقاننىڭ ئۈستىدىن

يېپىپ قويۇلغان مەردانىنىڭ چاپىنىغا كۆز يۈگۈرتتى، — نېمىشقا ئىسىسقكىن دېسەم، يوتقانىنىڭ سىرتىغا مەش قويۇلغانىكەن ئەمەسمۇ؟ — كاملە ھەييارلىق بىلەن چاپاننى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — ھەي بەختىگۈل، ھەي بەختىگۈل، بەختىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ! مەن توڭلاپ قالسام ئۈستۈمگە چاپان يېپىپ قويۇش ماۋۇ گونداززنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

ئىدرىس كاملەگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— مەنغۇ يېپىپ قوياي دېگەن، لېكىن ئۆزۈممۇ توڭلاپ تۇرۇۋاتسام ...

ھەممەيلەن تەڭ كۈلۈشتۇق.

— بايا بىر ھېكايىنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرگەندەك قىلغان، كىمنىڭ ھېكايىسى ئىكەن ئۇ ئىككىڭلىنى جىم ئولتۇرغۇزمىغان؟ — دېدى ئىدرىس.

— بەختىگۈلنىڭ! — مەردان پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بېشىنى تىكلىدى.

— قېنى؟ مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

ئىدرىس ژۇرنالغا يېپىشتى، — مەن بەختىگۈلنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا بەك ئامراق! ئۇنىڭسىزمۇ تازا زېرىكىپ تۇراتتىم، ھى - ھى - ھى ... — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قولۇمدىن ژۇرنالنى ئېلىۋېلىپ، ئالدى - كەينىگە قارىماستىن كارىۋىتىغا چىقىپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى.

ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ھەي گونداز، بىزمۇ ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپ باقمىغان تېخى!

ئىدرىستىن سادا كەلمىدى. مەردان ئامال يوق، دېگەن مەنىدە ئىككى دولىنى چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن يالتىراق خالتىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى.

— ئۇ ھېكايە ئوقۇسۇن، بىز كاۋاپ يەيلى!

كاۋاپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىدرىس بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

كاۋاپ نانغا ئورالغان بولغاچقا تېخى سوۋۇپ قالمىغانىدى. ئۈچىمىز كاۋاپقا تۇتۇش قىلدۇق.

— نېمىدېگەن تەملىك كاۋاپ بۇ؟ ئىككىنچى دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى كېرىيەلىكنىڭ كاۋىپى ئىكەن ھە، مەردان؟ كۆمەچمۇ بار دېگىنە تېخى ...

كاملە قەستەن ئاغزىنى ماچىلدىتىپ ئىدرىسنىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى.

— ژۇرنالنى تۆتەيلەن تەڭ ئوقۇغىلى بولمىغان بىلەن كاۋاپ بىلەن كۆمەچنى تەڭ يېگىلى بولىدۇ، — دېدى ئىدرىس. ئۇنىڭ كاۋاپ بىلەن كۆمەچنىڭ مەززىلىك پۇرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگىنى ئېنىق ئىدى.

— «تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بويىنىنى سوزۇپتۇ» دەيدىغان گەپ بار، كاۋاپقا مەيلىڭ بولسا پەسكە چۈش !

كاملە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا كاۋاپ چايناشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىدرىسقا قىسىنىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

— قولۇڭ چولاق بولمىغاندىكىن بۇ تەرەپكىمۇ سۇنۇۋەتسەڭ بولىدۇغۇ؟ — ئىدرىس بېشىنى كۆتۈردى، — شۇ ھالىغا ماڭا كۆيۈنمەيدۇ، دەپ دادلاپ يۈرىدۇ تېخى، سەنمۇ تايىنلىق ! چاۋاك بىر قولدىن چىقمايدۇ، قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ ...

— ماۋۇ ياغلىق يېرىدىن بولسىمۇ ئازراق بېرەيلى بۇ گوندازغا، — دېدى كاملە قارا گۆشلەردىن ئىلغاۋېتىپ، — ئادەتتە بىغەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن كۆزى يامان نېمە ئۇ، ئوتى تۇتۇۋېلىپ ئىچىمىز سۈرۈپ كەتمىسۇن !

كاملە ئېگىلىپ تۇرۇپ قەدەم يۆتكەپ بولغۇچە ئارىدەك سوزۇلغان قول ئالدىغا كېلىپ بولدى.

— مانا !

قول قانداق تېز سوزۇلغان بولسا شۇنداق تېز يىغىلدى، ھەممەيلەن كۈلۈشتۇق ...

ئاپتوبۇس ئەتىسى سائەت تۆتتىن ئاشقاندا ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە بېكەتتە توختىدى. ئىككى كۈنلۈك يول ئازابى ھەممىمىزگە ھاردۇق يەتكۈزگەن، كىيىملىرىمىز پۇرلەشكەن، يۈزلىرىمىز ئىسلاشقان بولۇپ، تۈنۈگۈنكى نوچىلىقىمىزدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھەممەيلەن چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك گاراڭ ھالدا ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. مەردانىنىڭ پۇتى يەرگە تېگەر ـ تەگمەي «تويوتا» ماركىلىق دالا ماشىنىسى غۇرقىراپ كەلگىنىچە ئاپتوبۇس ئىشىكى ئالدىدىلا توختىدى. ھەممەيلەن قورقۇپ كەتتۇق. ئاڭغىچە ماشىنا ئىچىدىن بۇرۇتلۇق شوپۇر يىگىت مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ مەردانىنىڭ قولىدىكى سومكىغا قول ئۇزارتتى. ئارقىدىنلا سالاپەتلىك كىيىنگەن ئىككى گەۋدە ــ بىرسى كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، نوركا پەلتوسى زىلۋا بەدىنىگە خوپ ياراشقان، ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان باشلىق سۈپەت ئايال؛ يەنە بىرسى دولقۇنلۇق چېچى مۈرىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇس پەردىزى سۈزۈك يۈزىگە ئالاھىدە سۈلكەت بېغىشلىغان خۇش پىچىم چوكان ئالدىرىماي ماشىنىدىن چۈشتى. مەن بىر قاراپلا ئۇلارنى مەردانىنىڭ ئانىسى بىلەن ئاچىسى ئىكەن دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇلارنىڭ داڭلىق لىباسلار ئىچىگە پۈركەنگەن سۈلكەتلىك سالاپىتى بىلەن مېنىڭ ئاددىي كىيىملەر ئىچىگە ئورالغان سولغۇن چىرايىم روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. مەن ئۆزۈمنى چاغلىماي مۇشۇ كىشىلەرگە كېلىن بولۇش تەمەسىدە تەۋەككۈل دەرياسىغا قېيىق سالغان بىچارە بايقۇش ئىدىم. تۇرۇپلا روھىم چۈشۈپ كەتتى. كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە ــ ئاسماندا جىلمىيىپ تۇرغان قۇياشمۇ، مەردان ئائىلىسىنىڭ شۆھرىتىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان «تويوتا» ماركىلىق ئېسىل ماشىنىمۇ، يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان يولۇچىلار، يېنىمدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىدرىس بىلەن كامىلەمۇ قاپقارا كۆرۈندى. مەن شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كۈلپەتلىك تەقدىرىمنى پەرەز

قىلغاندەك بولدۇم.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىرنەچچە سېكۇنت داۋام قىلغان كۆرۈشۈش جەريانىدا ئانا ئوغلىنى ئۈچ قېتىم باغرىغا بېسىپ پېشانىسىغا سۆيۈپ ئۇلگۇردى، ئاچىسىمۇ ئەھۋال سوراپ پەرۋانە ئىدى ...

ھاياجانلار بېسىقتى، بىكەت ئەسلىدىكى جىمجىتلىقىغا كۆچتى. مەن سەل جىددىيلىشىپ قالدىم. يېزا بازىرىغىچە يەنە ئىككى سائەت يول يۈرەتتىم، يېزىدىن ئۆيگە يەنە نەچچىلىك ماڭىدىغانلىقىم نائېنىق ئىدى.

مەردان ئۇچىمىزنى ئانىسى بىلەن ئاچىسىغا تونۇشتۇردى. ئانا سۇس باش لىڭشىتتى، ئاچىسى بىزگە بەك ئىرەنشىپ كەتمىدى.

— بۇ قىزنى ياقائېرىقتىن دېدىڭما؟ — ئايال كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى، — كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، قىشنىڭ كۈنى قىسقا، بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، — ئايال بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەرداننىڭ يېلىنىش نەزىرىدە قاراپ تۇرغان چىرايىغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى، — بولمىسا ئىشخانىدىكىلەرگە تېلېفون قىلايلى، ساۋاقدىشىڭنى ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويسۇن.

— شۇنداق قىلساقمۇ تۈز تاماتتى، ئانا، — مەرداننىڭ چىرايىغا خاتىرجەملىك تەپتى.

— ئەركىنجان ئەكىرىپ قويسۇنمۇ يا؟

شوپۇر ئۇستام قول قوۋۇشتۇرۇپ ئايالنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— بۇ ماڭا بىردەملىك گەپ.

— ئەمسە ئەركىنجان ئۇستام بىزنى ئۆيگە ئاپىرىۋەتكەندىن كېيىن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويسۇن.

— بولدى، رەھمەت، — دېدىم مەن گويا بىرسى قولۇمدىن ئۇتقا تارتىۋاتقاندەك تارتىنىپ، — ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە

قىلماي، بىكەتتىن چىقساملا ئاپتوبۇس بار، بىردەمدىلا يېتىپ بارىمەن.
مەن سومكامنى قولۇمغا ئالدىم، مەردان نارازى بولۇپ قاپىقىنى تۈردى.
— مەيلى ئەمىسە، — ئانا شۇنداق دەپ ماشىنىغا چىقتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاچىسىمۇ چىقىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى. مەردان ماڭا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن:
— نېمانداق جاھىللىق قىلىسىز دەيمەن؟ بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇپ ... — دېدى.
— خوش، مەن ماڭدىم.
مەرداننىڭ ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم، شۇڭا مەرداننىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن بىكەتتىن چىقىپ كەتتىم.
تەلىيىمگە يېزىمىزغا قاتنايدىغان ئاخىرقى ماشىنا قوزغىلاي دەپ تۇرغانىكەن، چىقىشىمغا ئىشىكنى يېپىپ گۈرۈلدىگىنىچە يۈرۈپ كەتتى، مەن يېنىك تىن ئالدىم. يول بويى ئەڭ ئاخىرىدىكى ئورۇندۇقتا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم.
ھېسسىياتىم مۇرەككەپ ئىدى. بىردەمدىن كېيىن دادام، ئانىلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى، ھالال ئەجرىم بەدىلىگە ئالغان سوۋغاتلارنى ئۆز قولۇم بىلەن بېرىپ دۇئاسىنى ئالغاندىكى خۇشاللىقىمنى، چويۇن مەشكە ئوت قالاپ قويۇپ كېچىچە پاراڭلىشىدىغانلىقىمىزنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ يېنىپ چىرايىم نۇرلىنىپ كېتەتتى. مەن ئۇلارنى سېغىنغانىدىم ... لېكىن مۇنداق شېرىن مىنۇتلار ئۇزاققا بارمايتتى. نېمىشقىدۇر ئاشۇ شېرىن مىنۇتلار بىر تەرزدە داۋاملىشىۋاتقاندا تۇرۇپلا مەرداننىڭ ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ كۆرەڭ سىياقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى ـ دە، ۋۇجۇدۇم كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك مۇزلاپ پۈت ـ قولۇمدا جان دىدارى قالمايتتى. مەن كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆمۈرلۈك ئىشىمدا چوڭ خاتاغا يول

قويغىنىمنى تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم. ۋادەرىخ، جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن مۇرەككەپ، نېمىدېگەن چىگىچ؟!

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، ماشىنا مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغاندەك ئەمەس. مەن جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. يېزىغا بارغاندىن كېيىن يەنە ئۇن يەتتە كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. قاراڭغۇدا كىرا موتورلىرىنى تېپىش قىيىن ئىدى.

كۆز ئالدىمغا خەلىچىخان مۇئەللىم كەلدى. توغرا، خەلىچىخان مۇئەللىمنى ئىزدەي، بۈگۈن بىر كېچە شۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ئەتە سەھەردە يولغا چىقاي!

قارارىمدىن ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كەتتىم. مەن خەلىچىخان مۇئەللىمنىمۇ ئوخشاشلا سېغىنغانىدىم. ئۇ سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئەكسىچە ھەقىقىي مائارىپچى ئىدى.

نىھايەت ماشىنىمۇ بېكەتكە كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ماشىنىدىن ئالدىراش چۈشتۇق. بېكەت ھويلىسى دەرۋازا بىلەن دىجورنىخانا ئالدىغا ئېسىپ قويۇلغان لامپا يورۇقىدا سۇس يورۇپ تۇراتتى. ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سومكامنى قولۇمغا ئالدىم.

— ھوي، سىز ئەخمەتكامنىڭ قىزى بەختىخان ئەمەسمۇ؟

چۆچۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدىم. يېقىنلا يەردە بېكەتنىڭ كونا دەرۋازىۋىنى سادىقاخۇن ئاكا ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ، سادىقاخۇنكا؟

— ئوبدان، تەتىلگە كەلدىڭىزما، قىزىم؟

— ھەئە.

— ئوقۇش تۈگىگەندەكمۇ يا؟

— ياق تېخى.

— ئەخمەتكام ھازىرلا بار ئىدى.

دادامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدىم.

— قېنى، نەدە؟ مەن ئەتراپقا تېز - تېز قاراپ چىقتىم.

— ھازىرلا بار ئىدى، دادىڭىزنىڭ كۆڭلىدە بېكەتكە

كېلىۋاتقىنىغا ھەپتىدىن ئاشتى. بىچارە ئادەم ...

يۈرىكىم ئېغىپ كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. ئاھ، بىچارە دادا، سوغۇقتا قانچە توڭلىغانسەن؟

سادىقاخۇن ئاكا «ئەخمەتاخۇنكا !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم، ئۇزاق ئۆتمەي دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھە، مەن بۇ يەردە.

بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.

— دادا !

— بالام ! كۆز نۇرۇم، جىگىرىم، يۈرەك پارەم ... — دادام مېنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ پېشانەمگە يېنىشلاپ سۆيدى.

— ئاھ، دادا، سىزنى كۆرىدىغانمۇ كۈن بولىدىكەن.

دادام ئۇبدانلا جۇدەپ كەتكەنىدى.

— توڭلىدىڭىزمۇ، دادا؟

— ياق.

دادام يالغان ئېيتقانىدى، دادامنىڭ يۈز - قوللىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. سەھرانىڭ سوغۇقى يامان كېلىدۇ، بىرىنچى ئاينىڭ سوغۇقىدا نېپىز كونا چاپان بىلەن توڭلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

دوقمۇشتىكى بوتكا تۈۋىدە پاراڭ سوقۇشۇۋاتقان بىرنەچچەيلەن بىزنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. مەن سۇس چىراغ يورۇقىدا دادامغا قارىدىم. بىچارە دادام ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. قاچانلا قارىسا چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان تارتىملىق كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

— قېنى ھارۋىغا چىق، بالام.

مەن سومكىنى ھارۋىغا ئالدىم. دادام ئۇنى چوقانىڭ كەينىگە تۈجۈپلەپ ئورۇنلاشتۇردى، ئارقىدىن ھارۋىغا سېلىنغان كىگىزنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ قېنى چىقمامسەن، دېگەن مەنىدە ماڭا قارىدى. مەن ھارۋىغا چىقتىم، دادام پۇتۇمغا كۆرپە

يىپىپ قويدى.

— ماڭامدۇق؟

مەن ئەتراپقا قارىدىم، سادىقاخۇن ئاكىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— سادىقاخۇنكام بىلەن خوشلىشىۋالغان بولساق ئوبدان بولاتتى، دادا، بولمىغان بولسا، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى تاپالماي قاچانغىچە ئىزدىشىپ يۈرەتتۇقكىن؟

— مەن خوش دەپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئىشى ئالدىراش، ئاۋارە قىلمايلى. كېلەر قېتىم ئوبدان رەھمەتىمىزنى بىلدۈرۈۋالارمىز، — دېدى دادام ئۆيگە ئالدىراپ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئېشەكمۇ ئىسسىق ئېغىلىنى سېغىنغان چېغى، چۇلۇۋۇرنى بوشىتىپ بولغۇچە ئىتتىك يورۇپ كەتتى.

سوغۇق ئەدەۋاتاتتى، دادام پات - پات يۆتىلىپ قوياتتى. مۇشۇ تەرزدە ماڭساق، ئەلياتقۇدا ئاران ئۆيگە يېتىپ بارالايتتۇق. بۇ هالدا دادامغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئالدىراش سومكىنى ئېچىپ دادامغا ئاتاپ ئالغان، ئىچىگە ئىت تېرىسى تۇتۇلغان جىلىتكىنى ئالدىم.

— دادا، بۇنى كىيىۋېلىڭ.

— نېمە ئۇ؟ — دادام خىرە ئاي يورۇقىدا قولۇمغا قارىدى.

— جىلىتكە.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بالام؟ ھېلىمۇ ساڭا پۇل ئەۋەتەلمەي يۈزىمىزنى قويارغا يەر تاپالماي تۇرغاندا ئادەمنى خىجىل قىلىپ قىلىۋاتقان ئىشىڭنى قارىمامدىغان؟

— قەلەم ھەققىمگە ئالدىم.

— قەلەم تۇتقانغىمۇ ھەق بېرەمدىكەن بىر يەردە؟

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

— مەن بىرنەچچە پارچە ھېكايە يازغان، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپتۇ، شۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەققى ئۇ.

— مۇنداقمۇ ھۇنىرىم بار، دېگىن.
دادام چاپىنىنى سالدى، مەن چاققانلىق بىلەن جىلىتكىنى دادامغا كىيدۈرۈپ قويدۇم.
— نېمىگە شۇنچە ئالدىراپسەن، گاچىنىڭ ئاغزىغا نان تىققاندەك؟
— سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، دېدىم.
— مەن سەندەك تاۋى نازۇك ئەمەس، ئۇنچىلىك سوغۇققا ۋاي ـ ۋايلاپ كەتكۈدەك.
دادام ئىلگىرىكى سەزگۈرلۈكى ۋە گەپدانلىقىدىن قالمىغان، لېكىن نېمىشقىدۇر بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.
— نېمانداق ئىسسىق؟
— ئىت تېرىسىدە تىكىلگەچكە ئىسسىق بولىدىكەن.
— مۇنداق دېگىن.
دادام جىلىتكىنىڭ ئىچىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ چىقتى.
— بۇ جىلىتكىنى كىيىۋالسام، قىشچە توڭلىماي چىققۇدەكمەن، رەھمەت، بالام، شۇنچە قىيىنچىلىقتا ئوقۇۋېتىپمۇ يەنە سوۋغا ـ سالام ئەكەپسەن، رەھمەت، بالام ...
دادام كۆز يېشى قىلدى. مەن قىلغان ئىشىمدىن ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ، مەستخۇش تۇيغۇسىدا كۆزلىرىمنى بوش يۇمدۇم. تېنىمگە ئوبدانلا هاردۇق يەتكەنىدى، كۆزۈمدە ئۇيقۇ قاينايتتى. لېكىن، ياقائېرىقنىڭ تېرەكلىرى ھېچ كۆرۈنمەيتتى.
— ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ؟
— ئازراق.
— بىردەم چىدا، بالام، بىر ئاش پىشىمغا قالماي يېتىپ بارىمىز.
— ماڭغۇ مەيلى، ئانام تىتىلداپ كەتتىمىكىن دەيمىنا؟
دادام كۆزۈمگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

ئەلىياتقۇدا ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. دادام ئىشىكنى ئاچتى، هويلا جىمجىت ئىدى. دادام ئېشەكنى هارۋىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىراش ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆي ئىچى مۇزخانىدەك سوغۇق ئىدى، نەزىرىمدىكى ئىسسىق ئۆي، ئانام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ... بۇلار مەندىن يىراق ئىدى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ دادامغا قارىدىم. لېكىن، دادام ھە دېگەندە مەندىن يۈزىنى ئەپقاچاتتى.

— قېنى يۇقىرىغا ئۆت، سومكاڭنى ئاۋۇ يەرگە قوي، ئەتىگەندە مەشكە ئوتۇن سېلىپ قويغان، بىردەمدىلا ...

— ئانام كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

دادام ىىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاناڭ ... ئۇ ...

— ئانامغا نېمە بولدى؟

— ئاناڭ ئۇ ... بىزنى تاشلاپ كەتتى، بالام ...

— ئانا ! ...

مەن تارچۇقتا — كۆك توپا ئۈستىگىلا يىقىلدىم.

3

ئانامنىڭ ۋاپاتى مېنى يەنە بىر قېتىم سوغۇق بۇلۇڭغا قىستىدى. ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى جەمەتىمىزدە ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ باقمىغانىدى، شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئۆلۈم ھەققىدىكى چۈشەنچەم بەكمۇ ئاددىي ئىدى. مەن ئۇنى ھاياتلىقتىكى بىر خىل يۈزلىنىش دەپلا چۈشىنىپ، بارلىقىنىلا تونۇپ، يوقلۇقتا سەل قارىغانىدىم. بېشىمغا كەلگەندە ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم: ئۆلۈم بىر خىل يۈزلىنىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر خىل يوقىتىش ئىكەن ! ئۆلۈم ئارقىلىق يوقاتقانلارنى مەڭگۈ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىكەن ...

مەن يىغلىدىم، ئىچ - ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغلىدىم،

كۆزۈمدىن بىر دەريانىڭ سۈيى ئاقتى، ياشلىرىمدىن بۇرنۇمنىڭ ئەتراپى ۋە جاۋغايلىرىم يارىداپ، شەلۋەرەپ كەتتى. ھالىمنى كۆرۈپ ھەممە ئىچ ئاغرىتتى، تەڭ ياش تۆكتى، لېكىن رەھىمسىز تەقدىرنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرەپ قويمىدى.

ۋۇجۇدۇم ئوت ـ كاۋاپ، يۈرىكىم ۋولقاندەك لاۋۇلدايدۇ، كۆكسۈمدىن مىڭ تونۇرنىڭ تەپتى كېلىدۇ ... ئانامنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈنلەپ ياتتىم، خۇداغا نالە قىلدىم، بوزلاپ ئاۋازىم پۈتۈپ كەتتى. لېكىن، قەبرىدىن نىدا يوق، يۈرەكىنىڭ ئېچىشقىنى ئېچىشقان ...

ــ ئۆلۈكنىڭ مەرى سوغۇق دەيدىغان گەپ بار، ــ دەپ سۆز باشلىدى ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئايالى ئازادىخان ئانا قاردەك ئاق لېچەكى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، ــ ئارىلىق يىراق بولغاچقا، قەلەمخان جان ئۈزگەندە بەختىخان يېنىدا بولالماي قالدى، ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ يۈزىنى كۆرۈۋالالىغان بولسا مۇنچە بولۇپ كەتمەيتتى.

ــ نېمىسىنى دەيلا ئازادىخان، تەقدىر پېشانە دېگەن شۇ، بىچارە بالىغا ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەسلىك ئىرادە قىلىنغان چېغى ... بولمىسا رەھمەتلىكنىڭ تېنى ساق، ئۇششاق كېسىلى يوق ئىدى. مەن تېخى ئەخمەتاخۇندىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. بەندە شۇنداق ئاجىز يارىتىلغانىكەنمىز، ھېلى بارلار ھېلى يوق ! ... سەۋر قىلىسىلا، قىزىم، تۇپىراقتىن يارالدۇق، يەنە شۇ تۇپراققا قايتىمىز، ھېچكىم بۇ دۇنياغا تۈۋرۈك بولغان ئەمەس. ھەممىمىز كېتىمىز، پەقەت ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بار شۇ ... شۇڭا يەنە بىر قېتىم دەي، قىزىم، سەۋر قىلىسىلا، مۇنداق ياقا يىرتىپ يىغلاۋەرمىسىلە، كەتكەنىنىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ...

ــ ئەپرۇزىخان كۆڭلىمىزدىكى گەپنى دېدى، قىزىم، ــ دەپ سۆز باشلىدى بىرىنچى مەھەللىدىكى تۇرسۇنخان ئانا ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى قاراپ قويۇپ، ــ ئانىنىڭ ئىچ

www.uyghurkitap.com

ئاغرىقىغا چىدىماق تەس، لېكىن بەندىدە نېمە ئامال؟ يىغلىغانغا تىرىلمىدىغان ئىش بولسا ئانام رەھمەتلىك ئۇن قېتىم تىرىلەر ئىدى، تۆت بىر تۇغقاننىڭ كۆزى كاردىن چىقتى، ئاۋازىمىز پۈتتى، يۈرىكىمىز خۇن بولۇپ ئاقتى، لېكىن ھېچنېمە ئۆزگەرمىدى ... تىرىكلەر يەنە ياشىمىساق، بالىلارغا باشپاناھ بولمىساق، بوينىمىزدىكى پەرزنى ئادا قىلمىساق بولمايدىكەن، — تۇرسۇنخان ئانا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — تولا يىغلىساق ئازاب بولىدۇ، قەلەمخان كەتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىشنىڭ ئەڭ ئوبدان ئۇسۇلى رەھمەتلىكنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىش، گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەش، خەير - ئېھسان قىلىش ...

قوشنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، «بۇغدايدەك ئېسىل گەپلىرى» بىلەن كۆڭلۈمگە تەسەللى ئىزدەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ساۋاتسىز دېھقانلار بولسىمۇ ھايات - ماماتى مەسىلىلىرىگە كەلگەندە پىشقان پەيلاسوپلاردىن ئىدى. ئۇلار ھاياتقا، ھاياتنىڭ چىن مەنىسىگە، ئادىمىيلىك ئۆلچەملىرىگىلا ئەمەس، ئۆلۈمگىمۇ چىن ئىخلاسى بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلالايتتى، تىك قارىيالايتتى، ياشاشتىن قورقمىغاندەك، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايتتى ...

ئانام رەھمەتلىك كۆڭلى يۇمشاق، ئىنتىلىق ئايال ئىدى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىمدىن قالمايتتى. داستىخىنى قولتۇقىدىن چۈشمەيتتى. ھەر قېتىم داستىخان تەييارلاپ كۆڭۈل سەپىرىگە چىققاندا مېنىمۇ ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. بەزىدە تاپشۇرۇق ئىشلەشنى باھانە قىلىپ، قولتۇقىغا قىسىلىشقا ئۇنىمىغىنىمدا:

— بالا - قازا، ئۆلۈم - يىتىم ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، قىزىم. ئادەم مۇنداق چاغدا مال - دۇنياغا ئەمەس، ھۆرمەت - تەسەللىگە موھتاج بولىدۇ. بىز ئازراق ۋاقتىمىزنى چىقىرىپ ئۇلاردىن كۆڭۈل سورىساق، يارىلانغان دىلى تەسەللى تاپىدۇ، بىردەم بولسىمۇ ئازابنى ئۇنتۇيدۇ ... خۇدانىڭ كۈنى

ئۇزاق، تاپشۇرۇقنى بۇگۇن بولمىسا ئەتە ئىشلەپ تۈگىتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندە سۇنغان كۆڭۈلنى ئېلىۋالغىلى بولمايدۇ. ياراتقان ئىگىمىز نۇرغۇن قەرزلەردىن ئۆتىدۇ، لېكىن، ئادەمگەرچىلىك قەرزىدىن ئۆتمەيدۇ، مېنىڭ بۇ قەرزلەرنى ئۇ دۇنياغا يۇدۇپ كەتكۈم يوق، — دېگىنىمچە ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي كۆڭۈل يوقلاشقا بىللە ئېلىپ باراتتى.

دەرۋەقە ھەممە ئىش ئانام دېگەندەك بولاتتى: ھويلىغا كىرىشىمىزگە يىغا ـ زار كۆتۈرۈلەتتى، ئانام ھەسەلدەك شېرىن سۆزلىرى بىلەن تەسەللىسىنى باشلايتتى. ھايالشىماي يىغا ـ زار ئېسەدەشكە، ئېسەدەش مەرھۇمنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى زىكرىسىگە ئالمىشاتتى، ئاخىرىدا ھازا ئەھلىنىڭ چىرايىنى توسۇۋالغان غەم بۇلۇتلىرى ئاستا ـ ئاستا تارقاپ، قۇياش جامالىنى كۆرسىتىشكە باشلايتتى. يىغا ـ زار بىلەن باشلانغان ئۇچرىشىش، رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن ئاخىرلىشاتتى.

... ...

ئانامنىڭ يەرلىككە قويۇلغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ تاماقتا ئېيتىپ كېلىۋاتقان، چاي ئىچۇرۇشكە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۆينىڭ چوڭىمۇ، كىچىكىمۇ مەن بولغاچقا، پەتىچىلەرنى لايىقىدا كۈتۈش — قولىدىن داستىخاننى ئېلىش، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلاش، داستىخان سېلىش، چاي قۇيۇش، مەزە تەييارلاش، تەسەللىسىنى ئاڭلاش، رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن ئۇزىتىش، داستىخاننى يىغىشتۇرۇش ... دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم يېتىشىپ بولۇشۇم لازىم ئىدى، دەرۋەقە مەن ھەممىسىگە يېتىشتىم. پەتىچىلەرنىڭ تەسەللى سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم تىنچىشقا، ئىچ ئاغرىقىمۇ تەدرىجىي بېسىقىشقا يۈزلەندى. ئۆزۈمچە يۇرتداشلارنىڭ يوقلىشىنى، تەسەللى سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئۆيدە ئادەم ئۆكسۈپ قالسا ئىشىككە بويۇنداپ قارايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن شۇ چاغدىلا ئەجدادلىرىمىز بېكىتكەن بەزى

قائىدە - يوسۇنلار، يەنى ئۆلۈم - يېتىملىك ئائىلىلەرنى پەتىلەش، قايتا - قايتا يوقلاش، تاماقتا چاقىرىش، چاي ئىچۈرۈش، نەزىر - چىراغ، دۇئا تەلەپ قىلىشلارنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ھازا ئەھلىنىڭ كاردىن چىققان زېھنىنى ۋاقتىنچە باشقا ئىشلارغا بۇراپ، ئىچ ئاغرىقىنى پەسەيتىپ، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش مەقسىتىگە يېتىشتە بەكمۇ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم ھەمدە ئىلگىرىكى بولمىغۇر ئوي - خىياللىرىمدىن ئۆزۈمچە خىجىل بولدۇم. ئىلگىرى مەن كىتابنىلا بىردىنبىر ھەقىقەت دەپ قارايتتىم. ئايىغى چىقماس ئادەمگەرچىلىكلەر كۆزۈمگە تازا سىغمايتتى. ئەمدى قاراپ باقسام ئىش ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە — ھەممىسىنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بار ئىكەن.

تۇرمۇش ماڭا ئۈنسىز دەرس ئۆتۈۋاتاتتى، مەنىۋىيىتىمدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ باراتتى. مەن كىتاب - ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىدىكى بەختىگۈلدىن تۇرمۇشتىكى بەختىگۈلگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم.

ئادەم كۆڭلى يېرىم بولغاندا ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ تەسەللىسىگە تېخىمۇ بەكرەك موھتاج بولىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەردانىنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم، ئۇ سورۇنغا، كەيپىياتقا قاراپ ئىش تۇتۇشقا، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ماھىر ئىدى. ئەگەر يېقىن سىردىشىم، يۈرەك پارەم، جانجىگەر ئانامدىن ئايرىلىپ ھەسرەت - نادامەت دەشتىگە تاشلانغان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇ يېنىمدا تۇرۇپ ھە - ھۇ دېيىشىپ بەرگەن، يالغۇز قالغان چاغلىرىمىزدا چۇۋۇلغان چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ ئارامبەخش سۆزلىرى بىلەن كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟!

كۈنلىرىم سەھەر تۇرۇپ قەبرىستانلىقنى يوقلاپ ئانام بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىش، كۆڭۈل سوراپ كەلگەن مېھمانلارنى لايىقىدا كۈتۈش، دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دېگەندەك

ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتكەچكە، كىتاب ئوقۇش، قايتا ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش، تەتىل تاپشۇرۇقىنى ئىشلەش، كەلگۈسىم ھەققىدە خىيال سۈرۈش دېگەندەك ئىشلارغا ئاساسەن ۋاقىت چىقىرالمايتتىم. لېكىن، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ھەر ۋاقىت ئويلانماي تۇرالمايتتىم ...

تەقدىرىم ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغانىدى. سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ قىتىغۇرلۇقى بىلەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىش ئارزۇيۇم پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغانىدى. ئوقۇش مۇكاپات پۇلى مېنىڭ ئىستىقبال يول خېتىم ئىدى، ئەگەر مۇئەللىم قىتىغۇرلۇق قىلمىغان بولسا، ئۇنى ئالالىشىمدا گەپ يوق ئىدى. لېكىن ... پۇل بولمىسا، ئارزۇيۇم ھەرقانچە بۈيۈك بولغىنى بىلەن بەرىبىر ئوقۇيالمايتتىم. ئوقۇش پۇلىنى غەملىگەن تەقدىردىمۇ تۇرمۇش خىراجىتىدە قىينىلاتتىم، مەن يېرىم يىلدىن بېرى ئاچلىقنىڭ تەمىنى يېتەرلىك تېتىغانىدىم، يەنە ئۈچ يېرىم يىلغىچە ئاچ ـ يېلىڭ يۈرۈشكە چىدىيالمايتتىم. ئەڭ مۇھىمى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئانام تۇگەپ كېتىپ مەنىۋى قانىتىمدىن ئايرىلدىم، يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان كېسەلچان دادامنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئوقۇشقا بېرىش ـــ پەرزەنتلىك سالاھىيىتىمگىمۇ، ئادىمىيلىك مىزانىمغىمۇ توغرا كەلمەيتتى. مەن كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتىمنى دەپ دادامنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتسام بولمايتتى. شۇنداق بولۇپلا قالسا مەرھۇم ئانامغىمۇ، ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ كېلىۋاتقان يۇرت ئەھلىگىمۇ يۈز كېلەلمەيتتىم. ئەمدى مەردان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمگە كەلسەك، ئوقۇشقا بارمىسام ھەممە ئىشى ئۆزلۈكىدىن ئاخىرلىشاتتى ...

يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئانامنىڭ قىرىق نەزىرى بولاتتى. ئائىلىمىز گەرچە نامرات بولسىمۇ، ئانام كۆڭۈلچەكلىكى، ئايىغىنىڭ چاققانلىقى، ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن پۈتۈن ياقائېرىقتا ئىناۋەت تاپقان ئايال ئىدى. خەقكە بەرگىنىمۇ،

خەقتىن ئالغىنىمۇ بار ئىدى، شۇڭا نەزىرنى چوڭراق قىلىپ يۇرت ئەھلىنىڭ مەرھەمىتىگە جاۋاب قايتۇرمىساق بولمايتتى. نامراتلىقىمىزنى باھانە قىلىپ ئەللىك تۆت يىل بەندىچىلىك قىلغان بىر ئادەمنى كۆمۈپ قويۇپلا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرۇۋالساق بولمايتتى. لېكىن، ئوقۇشقىمۇ پۇل كېرەك بولغاندەك، نەزىرگىمۇ پۇل بولمىسا بولمايتتى. ئائىلىمىزنىڭ ئاساسلىق بىساتى بولغان موزايلىق كالىمىز ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن سېتىۋېتىلگەن، ئانامنىڭ يىغقان - تەرگىنى نامازدا تۈگىگەن ... يېنىمدا تۆت يۈز يۈەندەك پۇل بار ئىدى، بۇنىڭ ئىككى يۈز يۈەنى خەلىچىخان مۇئەللىم چاي ئىچۈرگەندە قويغان پۇل ئىدى. بۇ پۇللار گۇرۇچ بىلەن مايغىمۇ يەتمەيتتى. يەنە گۆش، سەۋزە سېتىۋېلىش - خەتمىقۇرئان قىلغانلارنىڭ ئالدىغا پۇل قويۇش لازىم ئىدى ... بېشىمنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى. ئاھ، خۇدا، مېنىڭ ئۆمرۈم مۇشۇنداق موھتاجلىق، باش قېتىنچىلىق ئىچىدىلا ئۆتەرمۇ؟!

يوقلايدىغانلارنىڭ ئايىغىمۇ سېلىككەن، دادام پېشىن نامىزىغا مەسچىتكە كەتكەن، ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم. قىلىدىغان ئىش چېچىمدىن تولا — ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، ئىچكىرىكى ئۆيگە مەش قويۇش، قازان، قاچا - قۇچا ۋە ئاشپەز ئۇقۇشۇش، باغاق يېرىش، نان يېقىش، ئەڭ مۇھىمى قازاننىڭ تەييارلىقىنى تەخ قىلىش ... ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي زاڭاق يۆلەپ ئولتۇرغىنىمغا بىر ئاش پىشىمدىن ئاشتى. پارچە - پۇرات ئىشلارنىغۇ قىلارمەن، قولۇم - قوشنىلارمۇ قاراپ تۇرماس، لېكىن قازان قويۇلدۇرۇشنىڭ ئىشى ...

ئىشىك تىرىققىدە ئېچىلىپ دادام كىرىپ كەلدى، دادام سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— قار ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى دادام گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشكە قوللىرىنى قاقلاپ، — بۇ يىل سوغۇق بەك بولدى، جۈمەكىنىمۇ مۇز تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاناڭنىڭ نەزىرنى

بىرىپ بولغۇچە ئاسمان دەردىنى تۆكمەي تۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى.

مەن دادامغا بىر پىيالە قىزىق چاي تۇتتۇم.

— قازان بىلەن لىگەننىڭ ئىشىنى دېيىشىپ قويدۇم، ئاشنى ناسىراخۇن تەلپەك ئېتىپ بېرىدىغان بولدى.

دادام بىرھازاغىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتتى.

— قازان قويۇلدۇرۇشتا سەل قىيىنىلىدىغان ئوخشايمىز بالام، — دادام قىزىق چايدىن ئوتلاپ بىردەم ئۇنسىز تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى، — ھەرھالدا ئاناڭنىڭ نامىزى ئوبدان ئۇزىدى، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىمۇ جايىدا بولدى. غۇلاچقا چىداپ غېرىچقا چىدىمىساق بولماس، شۇڭا ئىبغىلىدىكى قويلارنى ساتايلىمىكىن ...

مەن تۇرۇپلا قالدىم. دادامنىڭ «ئىبغىلىدىكى قويلار» دېگىنى قانداقتۇر بىر پادا قوي بولماستىن تېخى يېشىغا توشمىغان ئۈچ پاقلان ئىدى. ئۇنى سېتىۋەتسەك، ئۆيىمىزدە ھېچنېمە قالمايتتى.

— بۇ قويلارنى ئاناڭ رەھمەتلىك سىبىنىڭ ئوقۇش پۇلۇڭغا ئاتاپ بىر قوللۇق باققان، ئەتىيازغىچە بېقىش تاپالىغان بولسا خېلى پۇلغا ياراپ قالاتتى، ھەي ... كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھازىرقى مۇھىم ئىش ئاناڭنىڭ نەزىرىنى بېرىۋېلىش، ئوقۇش پۇلۇڭنىمۇ خۇدانىڭ ئاتىغىنى باردۇ ... — دادام گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئاھ، بىچارە دادا، سەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ يەنە مېنى ئوقۇتۇشنىڭ غېمىدىمۇ؟ مەن يۈپيۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى ئاران توختىتىپ يېنىك باش لىڭشىتتىم.

شۇ ئەسنادا سىرتتىن ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ دەرۋازا قېقىلدى.

— مېھمان كەلگەن ئوخشايدۇ.

دادام پىيالىنى قويۇپ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇزەپ دادامغا ئەگەشتىم. ھويلىدىكى ئالامىنى كۆرۈپ

قاقشان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم.

— مەردان؟ بۇ ئوڭۇمىمۇ، چۈشۈمىمۇ؟

هويلىدا مەردان، ئىدرىس، كامىلە ۋە مەن تونۇمايدىغان تۆت كىشى بىزگە قاراپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

دادام بىر - بىردىن سالاپەتلىك كىيىنىشكەن ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرۈپ سەل مەڭدەپ قالدى.

— ۋە.. ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى مېھمانلار ئۆيگە ...

ئاڭغىچە كامىلە كېلىپ مېنى يېنىك قۇچاقلىدى.

— سەۋر قىلغىن، دوستۇم، ئۆزۈڭنى بەك تاشلىۋېتىپسەن!

مەن مىشىلداپ يىغلىغىنىمچە كامىلەنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سالدىم.

— ئۆيۈڭدە شۇنچە چوڭ ئىش چىقسا هايت دەۋەتمىگىنىڭنى قارا، بىز دوستقۇ؟ دوستلار مۇشۇنداق چاغدا بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولمىساق قانداق بولغىنى؟

— قانداق ئۇقتۇڭلار؟ — مەن پەس ئاۋازدا سورىدىم.

— مەردان سەن بىلەن ئالاقىلىشەلمەي جىلە بولۇپ كەنت تەشكىلىگە تېلېفون قىلغانىكەن، سېكرېتار ئەھۋالنى دېگەن ئوخشايدۇ ...

مېھمانلار ئۆيگە باشلاندى. قىسقىغىنا دۇئادىن كېيىن مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىدىن ئەھۋال سوراشتى. ئۆي ئىچى ئىسسىق ئىدى، مەشكە دادام ئۇستىلەپ كۆمۈر سالدى. شۇ ئارىدا مەرداننىڭ مۆڭلانغان كۆزلىرى بىلەن كۆزۈم ئۇچرىشىپ قالدى. مەردان هەي سىزنى ... دېگەن مەنىدە خەپلەپ قويدى، مەن لېۋىمنى بوش چىشلەپ يەرگە قارىۋالدىم.

داستىخان تەييارلاپ نان ۋە پارچە - پۇراتلار بىلەن داستىخاننى تولدۇردۇم، كامىلە چاي قۇيۇپ مېھمانلارغا تۇتتى.

مېھمانلارغا ئىسسىق ئۆتتى بولغاي چاپان - پەلتولىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

— بىز ئۇچىمىز بەختىگۈلنىڭ ساۋاقداشلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى مەردان تېخىچە ئوڭ ـ سولىنى تېپىپ بولالماي پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن دادامغا ئىللىق قاراپ، — قەلەمخان ئاچامنىڭ ۋاپاتىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپالماپتىمىز، يا بەختىگۈلمۇ مۇنداق ئىش ئىدى دەپ خەۋەر بەرمەپتۇ، سەت ئىش بولدى، ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق ...

— ئۇنداق ئەمەس، — دادام ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ مەردانغا قارىدى، — ئارىلىق يىراق، ھېلىمۇ سوغۇقتا جىق جاپادا قويۇپتىمىز ھەرقايسىلىرىنى.

مەردان تۆردە ئولتۇرغان ئۇچەيلەنگە نەزىرىنى ئاغدۇردى:

— بۇلار مېنىڭ ئاكا ئاغىنىلىرىم.

ئۇلار ئەدەپ بىلەن باش لىڭشىتىشتى.

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، — دېگىنىچە يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە يۈزلەندى، — تاكسى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى.

يىگىت بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ ئاكىمىزنىڭ ئىسمى ۋارىسجان، تىجارەتچى.

ۋارىسجان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى.

— قەيسەر ھاجىم ھەرقايسىلىرىغا تونۇش، — دېدى مەردان دادامغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ئۆزى يېڭىيەر يېزىسىدىن، قۇرۇلۇشچى، خۇمدانمۇ ماڭدۇرىدۇ.

— بىز دادىسى ساۋۇر ھاجىم بىلەن كونا تونۇش، قەيسەر ھاجىممۇ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولغان، — دېدى دادام باش لىڭشىتىپ.

— ھەربىرلىرىنىڭ قارىلىق بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارمۇ يەتتىگە كېلىشتى.

— رەھمەت.

مەردان ئىدرىسقا قارىدى. ئىدرىس چۈشەندىم، دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ سىرتقا ماڭدى.

— قىنى مېھمانلار، مەزەگە بېقىشسىلا.

مېھمانلار قوللىرىغا چاي ئېلىشتى. ھايالشماي ئىشىك ئېچىلىپ، ئىدرىسقا ئەگەشكەن ناتونۇش ئۈچ يىگىت تۆت خالتا گۆرۈچ، تۆت باك ياغ، ئىككى خالتىدا گۆش كۆتۈرۈپ دېرىزە يېنىدىكى شىرەگە قويدى.

— لايىقلىرىدا بولمىدى، ئاز بولسىمۇ ...

مەردان «ئاكا ئاغىنىلىرىم» دەپ تونۇشتۇرغان ئۈچەيلەن بىر باغلامدىن پۇل چىقىرىپ كامىلە تەييارلىغان پەتنۇسقا قويۇشتى.

— بۇ، بۇ ... بەك جوۋاپ كېتىشىپلا ...

دادام نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

دەل شۇ چاغدا يەنە ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ مەۋلان شىياڭجاڭ، سىدىق شىياڭجاڭ، سېكرېتار، كەنت باشلىقى، مەھەللە باشلىقلىرى، بوغالتىر، كاسسىر، يەنە ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىرنەچچەيلەن ئالدىراش كىرىپ كېلىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

مەۋلان شىياڭجاڭ مەرداننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— خەۋەرسىز قاپتىمىز، ھايت دەۋەتكەن بولسىڭىز ئالدىڭىزغا چىقاتتۇق ئەمەسمۇ ئۇكام؟

— ئاۋارە قىلماي دېدىم.

— ئاۋارىچىلىك بولامدىغان، تەتىلگە كەلگەنما؟

— ھەئە.

مەۋلان شىياڭجاڭ ماڭا قاراپ قويدى.

— بەختىگۈل مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، — دەپ چۈشەنچە بەردى مەردان مەۋلان شىياڭجاڭنىڭ شۈبھىلىك سوئالىغا جاۋابەن، — قارىلىق بولۇپ قاپتىكەن، يوقلاپ كەلگەن.

— مۇنداق دەڭ، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا بىزمۇ خەۋەرسىز يۈرۈپتىمىز مانا.

مەۋلان شىياڭجاڭ خىجىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەپۇ

سورىغاندەك ئاۋۋال ماڭا، ئاندىن دادامغا قاراپ قويدى.
— نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ...
— ئىندىنلىققا قىرىق نەزىرىنى بەرمەكچى! — دېدى سېكرېتار.
— تەييارلىقلار قانداقراق؟
— پۈتەي دەپ قالدى، — دادام ئىغىز ئىچىپ بولغۇچە كەنت مۇدىرى جاۋاب بەردى.
— ياخشى، ئەمىسە نەزىر ئىشلىرى ئىككىلىرىگە قالدى، — دېدى مەۋلان شىياڭجاڭ سېكرېتار بىلەن كەنت مۇدىرىغا يۈزلىنىپ، — مەن قىلىپ بېرىدىغان ئىشلار بارمۇ؟
— يوق، — دېدى سېكرېتار قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، — خاتىرجەم بولسىلا، كەنتتىكىلەر قول - قولچە تۇتۇش قىلىپ... — سېكرېتار كەينىدىكىلەرگە شۇنداق بىر قارىۋىدى، ھەممەيلەن شۇنداق قىلىمىز، دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتىشتى.
— مەن ۋاقىت چىقىرىپ نەزىرگە كېلىمەن.
سېكرېتار بىلەن كەنت مۇدىرى بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.
كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان ئىشلار، گەپ - سۆزلەرگە تېخىچە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.
— قېنى سۇپىغا چىقىسىلى، مېھمانلار، — دېدى دادام يۇرت كاتتىلىرىغا بويىنىنى پوكوپ، — ھەرقايسىلىرى چىللاپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان ئەزىز مېھمانلار، تارچۇقتا قىستىلىپ تۇرۇشسىلا بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەنمىز.
مەۋلان شىياڭجاڭ دادامغا قاراپ قىزغىنلىق بىلەن باش لىڭشىتىپ قويدى:
— مەردانجان ئۇكام، ئىشلار بىر قۇر ...
مەردان يەر تېگىدىن ماڭا قاراپ قويدى.
— بىزمۇ يانىلى دەپ تۇرغان.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — مەۋلان شىياڭجاڭ كەينىدە

uyghurkitap.com

قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان سېكرېتار بىلەن كەنت مۇدىرىغا يۈزلەندى، ــ نەزىرنىڭ ئىشلىرى سىلىگە قالدى، ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشسىلا ئەمسە!

ــ خوش.

مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ ئۆيدىن چىقىشقا باشلىدى. ھويلا ئىشىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا سىدىق شىياڭجاڭ مەۋلان شىياڭجاڭغا ئەھۋالىمنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ چىقتى. مەۋلان شىياڭجاڭ:

ــ توغرا، توغرا، ئېسىمگە كەلدى، ــ دېگىنىچە باش لىڭشىتتى.

ماشىنىلار ئوت ئالدۇرۇلدى، مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ ماشىنىغا چىقىشتى. شۇ ئارىلىقتا مەردان يېنىمغا كېلىپ قولۇمغا بىر تۈگۈنچەكنى تۇتقۇزدى:

ــ كامىلە يېنىڭىزدا قالدۇ، قالدى گەپنى ھېلى تېلېفوندا دەيمەن، بىز نەزىر كۈنى كېلىمىز!

ھەممەيلەننىڭ كۆزى بىزگە تىكىلگەندى، مەن قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بىئاراملىق ئىلكىدە باش لىڭشىتتىم.

ماشىنىلار قوزغالدى. كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھېلىھەم ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتىم. داداممۇ بىردە ماڭا، بىردە ئۇزاپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار توپىغا قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى ...

ــ تالا بەك سوغۇق ئىكەن، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.

كامىلە شۇنداق دېگىنىچە مېنى يېنىك قولتۇقلىدى، مەن كامىلەگە ئەگەشتىم. ئۆيگە كىرىپلا كامىلەنىڭ بوينىغا گىرە سالدىم، كۆز ياشلىرىم فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى.

ــ سەۋر قىلىڭ، بەختىگۈل، ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار، قانداق قىلىمىز، ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامالىمىز يوق!

كامىلە مۇزدەك سوغۇق قوللىرى بىلەن چاچلىرىمنى تۈزەپ، يۈزلىرىمنى سىلىدى.

— ئۆزۈڭنى بەك تاشلىۋېتىپسەن، بۇرنۇڭنىڭ ئەتراپى ياردىاپ كېتىپتۇ.

— مەن چىدىمىدىم، — دېدىم ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، كۆز ياشلىرىم تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى، — بەك شور پېشانە ئىكەنمەن، بىچارە ئانامنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمىدىم ... ئانامنىڭ تۇگەپ كەتكىنىگە هازىرمۇ ئىشەنچ قىلالمايمەن، خۇددى تۇيۇقسىز دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىدىغاندەكلا ...

— سەۋر قىلغىن، ياشىنىپ قالغان داداڭنى، ئوتتۇڭدا سەدپارە بولۇۋاتقان مەردانىنى دەپمۇ بولسا ئۆزۈڭگە تەسەللى بەرگىن، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئېغىر، بۇنىڭ ئۇچۇن كۈچلۈك ئىرادە، چىدام ۋە ساغلام تەن بولمىسا بولمايدۇ. بولدى ئەمدى يىغلىما، يىغلىغانغا ئاناڭ تىرىلمەيدۇ. «تىرىك دۇنياغا تويمايدۇ، ئۆلۈك دۇئاغا» دەيدىغان گەپ بار، سېنىڭ هازىر بىردىنبىر قىلالايدىغىنىڭ ئاناڭغا دۇئا قىلىش، مەجبۇرىيىتىڭ ياخشى ئوقۇپ، داداڭنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش !

«ياخشى ئوقۇپ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ توك سوقۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ دادام كىرىپ كەلدى. كامىلە ياشلىرىمنى سۈرتۈپ مېنى سوپىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتەيلى.

كامىلە پەتنۇستىكى پۇللارنى رەتلەپ دادامغا ئۇزارتتى.

— بۇ پۇللارنى ئېلىپ قويسىلا.

دادام بىر باغلام پۇلغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ ... هەي، نېمە قىلغىنى ئۇلارنىڭ ئادەمنى خىجىل قىلىپ، پەتىلەپ كەلگىنىمۇ چوڭ ئىش ئىدى.

— ئالسىلا، چوڭ دادا، بۇلار ساۋاقداشلىرىمىز مەردانىنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆڭلى، كۆڭۈلنى قايتۇرسىلا بولمايدۇ !

— سىز ئېلىڭ، قىزىم.

مەن پۇلنى ئېلىپ دادامغا سۇندۇم.

— رەھمەت، بالىلىرىم، ئاللا ئىگەم ھەممىڭلارنىڭ تېنىنى ساق، مەرتىۋەڭلەرنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلسۇن!

دادام چوكىدەك ئورۇق قوللىرى بىلەن پۇلنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى. كامىلە ئىككىمىز قول ـ قولچە داستىخاننى يىغىشتۇردۇق، دادام گۈرۈچ، ياغ، گۆشلەرنى قازناققا ئەكىردى.

مەردانىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ھەممە ئىشنى ئۆزگەرتىۋەتتى: ئۇ، خۇددى ساخاۋەت ئەلچىسىدەك بىردەمدە ھەممە ئىشىمىزنى يۈرۈشتۈرۈپ، نەچچە كۈندىن بېرى مۇرەمنى بېسىپ ھالىمنى قويمىغان غەم تاغلىرىنى بىراقلا غۇلىتىۋەتتى. كامىلەنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قالغىنىمۇ چوڭ تەسەللى بولدى.

— قورسىقىڭ ئاچتى ھەرقاچان، نېمىگە كۆڭلۈڭ تارتىدۇ، بىردەمدىلا ئېتىپ بولىمەن.

— قورساق توق، مەردان بار يەردە ئاچ قالامدۇ كىشى؟ — كامىلە ھەيۋارلىق بىلەن كۈلدى، — كۆڭلۈمنى سورىساڭ ... — كامىلە يۈرىكىنى تۇتۇپ بىردەم ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن يۈزلىرىمنى سىلىدى، — سېنى تارتىدۇ، سېنى شۇنداق سېغىنىدىكى ...

كامىلەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن ساپ، سەمىمىي قەلبىنىڭ جۇلاسى پارلاپ تۇراتتى. ئۆزۈمچە بىئارام بولۇپ قالدىم، سەۋەبى مەكتەپتىكى ۋاقىتتا مىجەزىمدىكى ياۋايىلىق، جىمغۇرلۇقتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ئانچە ۋاي دەپ كەتمىگەنىدىم.

— قەيىرىم ياراپ قالغاندۇ ساڭا؟ — مەن خىجىلچىلىق ئىلكىدە يەرگە قارىۋالدىم.

— ھەممە يېرىڭ! — كامىلە مۇھەببەتلىك نەزەردە ماڭا تىكىلدى، — ئېلىپتەك قامىتىڭ، پەردازدىن خالىي گۈزەل جامالىڭ، ساپ قەلبىڭ، غۇرۇرۇڭ، ئۆتكۈرلۈكۈڭ، يەنە ...

— بولدى، ئادەمنى خىجىل قىلما !
— مەن سىنى تۈنجى كۆرگەن شۇ كۈنىلا ياقتۇرۇپ قالغان، خۇددى مەردانغا ئوخشاش ...
— سىنىزە ...
مەردانىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سىلىپ كەتتى.
— ئوبدان ئەسرا بولالمىغان يېرىمىز بار شۇ. بۈنىڭدىن كېيىن بۇ بوشلۇقنىمۇ تولدۇرۇۋالىمىز ! شۇنداققۇ؟ — كاملە سوئال نەزىرىدە ماڭا قارىدى.
— شۇنداق ! — دېدىم مەن قەتئىي تەلەپپۇزدا، — سىنىڭدەك ئوبدان دوستقا ئېرىشتۈرگەن خۇدايىمغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت.
ئىككىمىزنىڭ قوللىرى چىڭ گىرەلەشتى.
دادام مەشكە كۆمۈر سېلىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.
— مەردانىنىڭ سوۋغىسىنى كۆرۈپ باقاي دېمەيسەنغۇ؟
شۇ چاغدىلا مەردانىنىڭ قولۇمغا بىر تۇگۈنچەكنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقى ئېسىمگە كېلىپ ئۆزۈمچە خىجىللىق ھېس قىلدىم. ئانامنىڭ ۋاپاتى كاللامغا بەك تەسىر قىلغان چېغى، يېقىندىن بېرى ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغاندىم، ھېلى قويغاننى ھېلى تاپالماي جىلە بولۇپ كېتەتتىم.
— پەرەز قىلىپ باقە، تۇگۈنچەكتىكى نېمە؟ — كاملە تۇگۈنچەكنى قولۇمدىن ئېلىۋېلىپ كۆزۈمگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.
مەن «بىلەلمىدىم» دېگەن مەنىدە سۈس كۈلۈمسىرىدىم.
— سىنىزە ... مەردان بىلەن ئارىلاشقىنىڭغىمۇ نەچچە ئاي بولۇپ قالدى، تېخىچە ئۇنى چۈشىنىپ بولالمايسەن ـ دە ، — دېگىنىچە تۇگۈنچەكنى يەشتى.
— تېلېفون ئىكەن !
يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. سىنىپىمىزدىكى كۆپىنچە باللارنىڭ تېلېفونى بار ئىدى، ياتاقتىمۇ تېلېفون ھەققىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاراڭلار كۆپ بولاتتى. مېنىڭ تېلېفوندا قىلىدىغان ئىشىم بولمىغاچقا، ئەڭ مۇھىمى ئىشقىدا ئۇزۇن يىللار بەرمىگەچكە، ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقمىغانىدىم.

قايماق رەڭلىك سىيرىلما تېلېفوننى كۆرۈپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم. ھېلىمۇ مەردانىنىڭ ماڭا قىلغۇاتقانلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭغا ئۇست ـ ئۇستىلەپ قەرزدار بولۇۋەرسەم بولمايتتى.

ـــ ئىشلىتىشنى بىلىدىغانسەن؟

كاملە تېلېفوننىڭ كۇنۇپكىلىرىنى بىر قۇر بېسىپ چىققاندىن كېيىن ماڭا ئۇزارتتى.

ـــ مۇبارەك بولسۇن!

ـــ رەھمەت.

مەن تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم، نېمىشقىدۇر قولۇم ئوت بولۇپ كۆيدى.

ـــ زاپاس ماي، توك قاچىلىغۇچىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ ... مەردان بىر ئىشنى بەك ئەتراپلىق ئويلايدۇ، بۇ جەھەتتە ئىدرىس ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

كاملە مەيۈس قىياپەتتە ماڭا قارىدى، مەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

ـــ راستلا قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ؟

ـــ بايا دېدىمغۇ ئاچمىدى دەپ، بەك يېقىنچىلىق قىلغۇڭ بولسا، بىر پىيالە قىزىق چاي بەر، قېنىق دەملەنگىنىدىن بولسۇن، ناۋىتىڭ بولسا سېلىۋەتسەڭ تېخى ياخشى ...

مەن چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلدىم.

ـــ كەچكە تاماق ئېتىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولما، تاماق ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ، ئاڭغىچە ئىككىمىز يېتىپ پاراڭلىشىمىز...

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ ـــ دېدىم مەن سەل ئەجەبلىنىپ، ـــ ئىككىمىز ئوڭدا يېتىپ پاراڭ سوقساق، تاماق

ئۆزلۈكىدىن كېلىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟

— ھېلى بىلىپ قالىسەن.

كاملە ئىككى ياستۇق ئېلىپ مەشىنىڭ يېنىغا قويدى.

— قېنى چاي بىلەن پىيالىنى ئېلىپ بۇ ياققا چىققىن.

مەن كاملەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سۇپىغا چىقتىم. ئىككىمىز يانمۇيان يېتىپ چايدىن ئوتلىغاچ پاراڭغا چۈشتۇق.

بىر چاغدا قۇلىقىمغا يەر تېگىدىن، يىراق بىر يەردىن تىرىلىشغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى، مەن ئېغىرلاشقان بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدىم. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان، مەشىنىڭ ئوتىمۇ ئۆچكەن، ئۆي ئىچى ئۇبدانلا سوۋۇغانىدى، يېنىمدا كاملە بىر ئۇبدان ئۇخلاۋاتاتتى.

مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئىلغاپ بولغۇچە ئىشىك يەنە قېقىلدى، ئالدىراش ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

دەرۋازا تۈۋىدە ئەتىگەندە ئىدرىس بىلەن بىللە گۆش، ياغ، گۈرۈچ كۆتۈرۈپ كىرگەن شوپۇر يىگىت كۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قولىدا چوڭ بىر خالتا بار ئىدى.

— بۇنى مەردان ئاكام ئەۋەتتى.

مەن خالتىنى قولۇمغا ئالدىم، شۇ ھامان بۇرنۇمغا ئىسسىق كاۋاپنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

— خوش، مەن ياناي، — يىگىت ئېھتىرام بىلەن كەينىگە ياندى.

مەن شوپۇر يىگىت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە يېنىپ كىردىم.

— قانداق، كەچلىك تامىقىمىز كەلدىمۇ؟ — دېدى كاملە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— كەلدى، — مەن قولۇمدىكى خالتىنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتىم، — قانداق بىلگەنىدىڭ؟

مەن خالتىنى شىرەگە قويغاندىن كېيىن مەشنىڭ كۆلىنى چۇشۇرۇپ ئوتۇن سالدىم.
— ئۇنچىلىكنى پەرەز قىلالمىسام قانداقمۇ مەردانىنىڭ دوستى بولالايمەن؟
مەن ئوتۇنغا ئوت ياقتىم.
— كاۋاپمىكەن؟
— ساڭا قول قويدۇم، بۇنىمۇ بىلمۇالدىڭ.
— ماۋۇ ئېلىپتەك بۇرۇننى كۆرمىدىڭمۇ؟ — كامىلە بۇرنىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن سۇپىدىن چۇشتى، — كاۋاپنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراۋاتسا بىلەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ — كامىلە شىرە يېنىغا كېلىپ خالتىنى ئاچتى، — ۋاھ، پاقلان كاۋىپى، باچكا كاۋىپى، بېلىق كاۋىپى، غاز تۇخۇمى ...
كامىلە كاۋاپتىن بىر لوقما ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.
— تېخى سوۋۇغۇدەك بولماپتۇ، قېنى ئەزمىلىك قىلماي تېز بول، سوۋۇپ قالسا تەمىدىن كېتىدۇ.
كامىلە خالتىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى.
— ھاجەتكە چىقامسەن؟
— ھەئە، مۇنداق ئېسىل تاماقنى تاپقاندا قورساقنى بوشاتمىسام بىكار كەتمەمدۇ؟
— گېپىڭنىڭ سەتلىكىنى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇپ.
كامىلە كۈلۈپ قويۇپ «ھاجەتخانا نەدە» دېگەن مەنىدە ئىشارە قىلدى.
— ئۆينىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن چىقساڭ تاپالايسەن.
— ئەخمەتكام كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ كاۋاپقا ئىسسىقىدا ئېغىز تەگكەن بولسا ئوبدان بولاتتى ... — كامىلە شۇنداق دەپ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى.
مەشتىن بىردەم ئىس يانغاندىن كېيىن گۇپپىدە قىلىپ ئوت تۇتىشىپ گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، ئۇستىگە كۆمۈر

سالدىم. ئارقىدىن كۆرپە ـ ياستۇقلارنى يىغىشتۇرۇپ داستىخان سالدىم.

— سەھرانىڭ سوغۇقى بەك يامانمۇ نېمە؟ — دەپ چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە كاملە كىرىپ كەلدى، — ھوي ... توڭلاپ قالغىلى تاس قالدىم.

— قولۇڭنى يۇيۇۋېتىپ مەشنىڭ يېنىغا كەل.

كاملە گېپىمنى تولۇق ئاڭلىمىدىمۇ ئەيتاۋۇر قولىنىمۇ يۇماستىن مەشكە يېپىشتى. شۇ ئەسنادا دادام كىرىپ كەلدى.

— بەك كەچ قالدىڭىزغۇ، دادا؟

دادام قولتۇقىدىكى كۆك قوغۇننى ئىشىكنىڭ يېنىدا قويۇپ ماڭا يۈزلەندى.

— قۇيرۇقئىبىرىقتىكى توختاخۇن كېپەك تۈگەپ كېتىپتىكەن، نامىزىغا بېرىپ كەلدىم.

— ئىگەم ئۇ كىشىنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي.

— ناماق قىلدىڭىزمۇ؟

— قىلدۇق، — دېدى كاملە شىرەگە قاراپ قويۇپ، — سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان.

دادام كۈلۈپ قويۇپ مەشنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. مەن كاۋاپلارنى خىلى بويىچە تەخسىلەرگە تىزىپ داستىخانغا قويۇۋىدىم، دادام ئەجەبلىنىپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— قېنى ئەخمەتكا، داستىخانغا كېلىڭ، — كاملە قولىنى يۇيۇپ داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالدى. دادام:

— ئۆيىمىزگە چۆچەكلەردىكى «ئېچىل داستىخان»نى ئەكەلمىگەنسىز ھە، قىزىم؟ — دېگىنىچە كاملەگە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ داستىخانغا قول ئۇزارتتى.

— قېنى سىلەرمۇ ئېلىڭلار، قىزلىرىم.

مەن چاي دەملەپ ئۈچىمىزگە چاي قۇيدۇم.

— ئىككىمىز پاراڭلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمىز، — دېدى كاملە لوقمىنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — ئويغىنىپ

قارىساق يېنىمىزدا مۇنۇ نازۇنېمەتلەر تۇرۇپتۇ.

— مەنمۇ ھەيران، — دېدى داداممۇ داستىخانغا چۈشۈپ كەتكەن تونۇر كاۋېپىنىڭ سېرىق شىرە ئۇۋاقلىرىنى يىغىپ ئاغزىغا سالغاچ، — ھەربىر ىڭلارنىڭ قاچان قەدىمى يەتتى، شۇنىڭدىن بېرى ئۆيىمىزدە مۆجىزىلىك ئىشلار ئۇزۇلمەي يۈز بېرىۋاتىدۇ دېسە ... مەن سىلەرنى خىزىرمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن.

ھايالشىماي تەخسىلەر قۇرۇقدالدى. دادام چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىن ئۇزۇن دەستىلىك پىچىقىنى ئالدى.

— قېنى قىزىم، پەتنۇسنى تەييارلاڭ، — دادام تامغا يۆلەپ قويغان كۆكچىنى قولىغا ئالدى، — كاۋاپنىڭ باستۇرمىسىنى قىلىۋېتەيلى !

دادامنىڭ تېنى ئاجىزلاپ كەتكىنى بىلەن كاللىسى ساز، گەپ ـ سۆزلىرى ئۇنچىدەك ئىدى، گەپكە كەلگەندە بىرەرسىگە ئاسانلىقچە كەتكۈزۈپ قويمايتتى ... رەھمەتلىك ئاناممۇ دادامنىڭ گەپدانلىقىدىن نارازى بولۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇنى ياقتۇراتتى. ئىككىسى گەپ تالىشىپ قالغاندا: «مۇشۇ گەپدانلىقلىرى ھامان باشلىرىغا چىقىدۇ سىلىنىڭ، ھالىغا باقماي خۇددى بىر يەرنىڭ ئامبىلىدەك چوڭ گەپ قىلغان. كونىلار پۇت يوگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يوگۇرۇكى باشقا، دەپ بىكار ئېيتمىغان» دېسە، داداممۇ بوش كەلمەي: «ھازىرغىچە ئاغزىمنىڭ يوگۇرۇكى پايدا ئېلىپ كەلسە كەلدى، زىيانغا ئۇرۇپ باقمىدى، ئەگەر مۇشۇ يوگۇرۇك ئاغزىم بولمىغان بولسا سىلىمۇ كەينىمگە كىرىپ قاچامتىڭلا؟» دېگىنىچە «جېدەل»نى مەشرەپكە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئانامۇ كۈلۈپ: «ئۇغۇ شۇ، زۇۋاندارلىقلىرى بىلەن ئۇندەككە كەلتۇرۇۋالغان مېنى، بولمىسا سىلىدەك كۆك نامراتقا كۆڭۈل بېرىدىغان قەلەمخان تۇغۇلمىغان بۇ دۇنيادا ...» دېگىنىچە ئۇھسىنىپ قوياتتى. بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مۇشۇ «ئېچىل داستىخان»نىڭ يېنىدا ئانامۇ بولغان، تۆتىمىز

دەرقەمتە ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېگەن بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە !
ــ قېنى قوغۇن يەڭلار، بالىلىرىم.
تانابتەك تىلىنغان قوغۇن تىلىملىرى چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا كۆك ياقۇتتەك جۇلالىناتتى. كاۋاپ ئىچىمىزنى قىزدۇرۇپ تۇرغاچقا، سۈيى تەپچىپ تۇرغان كۆكچى ھەممىمىزگە خوپ ياقتى.
ــ بەك تاتلىق ئىكەن !
كامىلە ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر تىلىمنى سىيرىۋېتىپ يەنە بىر تىلىمغا قول سوزدى ...
دادام خۇپتەن نامىزىنى مەسچىتكە بارماي ئۆيدە ئوقۇدى. دادام ئەقىللىك ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ ناماز ئارىلىقىدا ئىچكىرىكى ئۆيدىكى مەشكە ئوت يېقىپ بىردەمدىلا ئىسسىتىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ ئىككىمىزنىڭ قانغۇچە پاراڭلىشىۋېلىشىمىزغا شارائىت يارىتىپ بەرگىنى ئىدى.
كاۋاپ ئىسسىق باستى بولغاي، ھايالشىماي كامىلەنى ئەسنەك تۇتۇشقا باشلىدى. مەن مەشنىڭ يېنىغا جاي سالدىم.
ــ ئۇخلامدۇق؟
ــ پاراڭلىشىمىز، ــ دېدى كامىلە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ.
ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆزلىرىدە ئۇيقۇ قايناپ تۇراتتى. بىز يوتقانغا كىرىپ پاراڭلاشماقچى بولدۇق.
ــ كاۋاپنىمۇ ئاچ قالغان بۆرىدەك يېدىڭ، لېكىن نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدىڭ، ــ كامىلە شۇنداق دەپ مەن تەرەپكە سۇرۇلدى، ــ كەچلىك تاماق ئۈزلۈكىدىن كېلىدۇ، دېسەم كاللا ئىشلەتمەي، ياغ سالغان چايدەك پارقىراپلا تۇردۇڭ. قېنى دەپ باقە، سەن مەردانىنى قانچىلىك چۈشىنىسەن؟
مەن جىم بولۇپ قالدىم. راست گەپنى قىلسام، مەردانىغا كۆڭۈل بەرگىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ سوئالنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمگە قويۇپ باقمىغانىدىم. مەردان مېنىڭ نەزىرىمدە، بىرىنچىدىن ئاق كۆڭۈل، ئىككىنچىدىن ئەقىللىك، ئۈچىنچىدىن مەردۇمەردانە يىگىت ئىدى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ھەرقانداق ئىشتا كۆڭلۈمنى ئايايتتى، ماڭا مۇشۇلا كۇپايە ئىدى ...

— ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك بىزىرىپلا تۇرىسەنغۇ؟ — كامىلە ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى، — بايا دېدىمغۇ، سەن مەرداننى قىلچىلىكمۇ چۈشەنمەيسەن دەپ، — كامىلە ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — تۇتسا سېپى، قىمچىقارسا ئېتى بار ئەتىۋارلىق ئوغۇلنىڭ سەندەك بىر مۆرىمەسكە كۆڭۈل بېرىپ قالغىنى قىزىق ... ساڭا دەپ بېرەي، مەردان ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىت، ئۇ چوڭ بىر ناھىيەنىڭ ھاكىمىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى. بايا دادىڭ: «ھەربىر بالىلارنىڭ قاچان قەدىمى يەتتى، شۇنىڭدىن بېرى ئۆيىمىزدە مۆجىزىلىك ئىشلار ئۇزۇلمەي يۈز بېرىۋاتىدۇ. مەن سىلىنى خىزىرمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن ...» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيىتتى، سەن تېخىچە ھېس قىلمىدىڭ، سىلەرنىڭ ئۆيگە ھەقىقەتەن خىزىر كەلدى، گەپ ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشتا، دائىم كېلىدىغان قىلىشتا. ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ مەردان ئۆيۈڭگە قاراپ سەپەر تەييارلىقىغا تەرەددۇت قىلىۋىدى، ناھىيەنىڭ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەركە بايلىرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ مەردانغا يېپىشتى، گۆش، ياغ، گۈرۈچنى شۇلار تەييارلىدى. بۇنى ئاز دەپ ھەربىرى مىڭ يۈەندىن پۇل قويدى ... رەھمەت ـ ھەشقاللا دەپ بولغۇچە، يېزىنىڭ كاتتىلىرى بىر پادا ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ بوسۇغاڭ تۈۋىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى، يېزا باشلىقى نەزىرىڭ ئىشلىرىنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار ئۆيدىن چىقىپلا بىر يەرگە جۈنەشتى ... مەن يېزا باشلىقىنىڭ مۇنداق ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن ئامەتنى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى، مەرداننى بۈگۈن كەچ بۇرنى ـ قولىقىدىن چىققۇچە مېھمان

قىلمىسا قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغانىدىم. شۇڭا، تاماقنىڭ گېپىنى قىلغىنىڭدا، «خاتىرجەم بول، كەچلىك تاماقنى ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدۇ» دەپ يۈرەكلىك جاكارلىغانىدىم. سەن بولساڭ، كاللاڭنى زىغىرچىلىك بولسىمۇ ئىشلىتىپ قويماي پارقىراپلا تۇردۇڭ ... ماڭا قارا، دوستۇم، جاھاننىڭ ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق سىرلىق! بىر قارىساڭ بەك مۇرەككەپ، بىر قارىساڭ سېنىڭ ماۋۇ ئىشلىمەس كاللاڭدەك ئاددىي ... لېكىن بىرنەرسە ئورتاق: ھەممىسى مەنپەئەتكە، مۇناسىۋەتكە باغلانغان! دەپ باقە، مەردانىنىڭ دادىسى ھاكىم بولماي مېنىڭ دادامدەك ئۇششاق تىجارەتچى بولغان بولسا، شۇنچىۋالا كىشى ئىشىك تۈۋىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرەرمىدى؟! شۇڭا دوستۇم، دەرسكە، ھېكايە يېزىشقا ئىشلىگەن كاللاڭنىڭ بىر پىرسەنتىنى بولسىمۇ جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە ئىشلەت! «تەلەينى نەگە ماڭدىڭ دېسە، دوقا ماڭلاينىڭ يېنىغا» دېگەندەك، بەزىدە ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئىشىك تۈۋىدە دوقۇرۇپمۇ تۇرۇۋالىدۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر سېنىڭ ئىشىك تۈۋىڭدىلا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنىمۇ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيۈڭگە باشلىمىساڭ، پەپىلەپ پەرۋىش قىلمىساڭ، بۇغداي ئېشىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسىمۇ قىلىپ تۇرمىساڭ، سەندىن زېرىكىپ تاشلاپ كېتىدۇ، «ئۆمچى يوق مازاردىن شەيخ زېرىكىپتۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان كونىلار. سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، لېكىن بوشاڭلىقىڭمۇ يەتكۈچە بار. بىر يازغۇچى تۇرۇپ ئادەملەرگە يېقىنلىشىشتىن قورقىسەن، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈشنىمۇ، پايدىلىنىشنىمۇ بىلمەيسەن.

كاملە مەشنىڭ يان كانىيى يېنىغا قويۇلغان پىيالىدىكى سوغۇق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن مەردان بىلەن مۇھەببەتلەشتىڭ، خىلى خىلىغا، گۈلى گۈلىگە كەلدى، بۇنىڭدىن مەن بەك خۇشال. ئەگەر سەن كۆڭلۈمگە ياقمىغان بولساڭ، مەردان خالىغان تەقدىردىمۇ مەن

www.uyghurkitap.com

قوشۇلمايتتىم، بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئىككىڭلارنى ئايرىۋېتەتتىم. سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ — كامىلە سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى سۇس ئوت يورۇقىدا يۇلتۇزلاردەك پارقىراپ كەتكەندى، — مەردان مېنىڭ ئون ئۈچ يىللىق ساۋاقداشىم ھەم دوستۇم. مەن ئۇنى ئۆز ئاكامدەك ياخشى كۆرىمەن ھەم خېلىلا چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ بەختىنى ئۆز بەختىم دەپ بىلىمەن. ئۇ ھەقىقىي ئوغۇل بالا. ئاق ئاتلىق شاھزادە دېيىلسە، دەل ئۆزى شۇ! ئۇنىڭدىن ھېچقانداق قۇسۇر تاپالمايسەن... لېكىن قىزىلگۈلنىڭمۇ تىكىنى بولغىنىدەك، ئۇنىڭمۇ سەن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان زەردىلىك يەرلىرى بار، بۇنى سەن تېخى يېتەرلىك مۆلچەرلەپ بولالمىدىڭ. ئۇنىڭ زەردىسى — تىكىنى بەدىنىدە ئەمەس، ئائىلىسىدە! گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، سىلەر ھازىر مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، كۆزۈڭلەرگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. مۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيدۇ. لېكىن، ئۇنى دېمىسەم بولمايدۇ. سەن دېھقان بالىسى، ئائىلە ئەھۋالىڭ ئادەتتىكىدەك، بۇنى ئاز دەپ قەلەمخان ئاچام تۆگەپ كېتىپ ئوڭ قانىتىڭدىن، مەنىۋى تاياىچىڭدىن ئايرىلدىڭ، ئەخمەتكامنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى شۇ. پات ئارىدا، تاكى سەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىغۇچە ئائىلە ئەھۋالىڭدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئەمدى مەردانغا كەلسەك، ئۇنى دېمىسەممۇ ساڭا ئايان، ئۇ ھاكىمنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى، ئانىسىمۇ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى، قېيىن ئاكىسىمۇ شۇ. ئۇلار جەمەت بويىچە ئەمەلدارلىقنى ھۆددە ئالغان كىشىلەر ... كۈنلەر داۋاملىق توختام سۇدەك ئۆتمۈرمەيدۇ، مۇھەببەتلىشىشتىكى مەقسەت توي قىلىش! توي قىلىش مەكتەپتىكى مۇھەببەتتەك ھە - ھۇ بىلەن روياپقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغا چوڭلار ئارىلىشىدۇ. سەن مەردانىنىڭ ئانىسى بىلەن ئاچىسىنى كۆردۈڭ، ھەر ئىككىسى جاھان كۆرگەن، ھالى چوڭ ئادەملەر. ئېسىڭدە باردۇ؟ مەردانىنىڭ

ئانىسى: ئۆيىڭىزگە شوپۇر ئەكىرىپ قويسۇن، دېگەندە، سەن ئۆزۈم كىرىپ كېتەي دېۋىدىڭ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى. سەن بېشىڭنى تىك كۆتۈرۈپ قارىيالمىغان ئاشۇ ئايال كەلگۈسىدە ساڭا قېيىنئانا بولىدۇ ... بايا مەن خىلى خىلىغا، گۈلى گۈلىگە كەلگەندەك، دېگەن گەپنى قىلدىم، بۇ پەقەت ئىككىڭلارنىڭ مىجەزى ۋە پەزىلىتىگىلا قارىتىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مەرتىۋە جەھەتتە تامامەن ئەكسىچە. كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەۋېرەي، بۇ جەھەتتە ئىككىڭلار پەقەت ماس كەلمەيسىلەر، بىرسىڭلار ئاسماندىكى ئاي بولساڭلار، بىرسىڭلار ئېرىقتىكى لاي. بۇ ئارىلىقنى قىسقارتمىغاندا، كەلگۈسىڭدىن سۆز ئېچىش قىيىن. تەكلىپىم: سەن مەردانىنى قاچانلا قارىسا ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئاشىق يىگىت سۈپىتىدىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ھوقۇق ۋە بايلىقتا تەڭ يېتىشكەن كاتتا ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق پەرزەنتى، ئۈمىد يۇلتۇزى دەپ تونۇغىن. ئېنىقكى بۇ ئائىلىنى ئەگىيدىغان سۆلەتۋاز قىزلارلا ئەمەس، پۇلنى خاماندەك سورۇيدىغان دۆلەتمەن ئائىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارمۇ كەلگۈسىدە سېنىڭ كۈشەندىلىرىڭ بولۇپ قالىدۇ ...

كامىلەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېنىم كاچكۇلغا تاشلىۋەتكەندەك مۇزلاپ كەتتى، ئاغزىمغا گەپ كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. مەن «ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟» دېگەن مەنىدە كامىلەگە تەلمۈرۈپ قارىدىم.

— گەپىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە يېلىڭ بوشاپ كېتىۋاتىدۇغۇ؟ — دېگىنىچە ئۆرە بولدى كامىلە، — مەن پەقەت كەلگۈسىدە ئالدىڭغا كېلىدىغان ئىشلارنى بىر قۇر ئەسكەرتىپ قويدۇم. مەن دوستۇڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنچىلىكلا قىلالايمەن، ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق. مېنىڭچە، رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىپ، نۇقسانلىرىڭنى تولۇقلىنىپ، مەردانىنى ئۆزۈڭگە

چىلىڭ باغلىنىۋالالىساڭلا، توسالغۇلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن. سەۋەبى، مەردانىمۇ ئەقىل - ھوشى جايىدا مۇستەقىل ئادەم، ئۇ چىلىڭ تۇرۇۋالسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ تىلىنى ئۆزۈن قىلالىساڭ، ھېچكىم تاشنى تاياققا تاڭالمايدۇ. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، قاچان قارىسا «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ تىرناق تاتىلاپ يۈرمەي تۇرمۇشقا دادىل يۈزلەن، ئادەملەرنى چۈشەن، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈشنىمۇ، ئۇلاردىن پايدىلىنىشنىمۇ بىل! مۇشۇ جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويساڭ، ئىلكىڭدىكى بەختىڭنى ھەرگىز تۇتۇپ تۇرالمايسەن!

مەن يېنىك تىن ئالدىم.

— لېكىن، تۆلەيدىغان بەدىلىڭ تەسەۋۋۇرۇڭدىكىدىن كۆپ بولسا بولىدۇكى ھەرگىز ئاز بولمايدۇ. سەن ھەممىگە چىدىشىڭ كېرەك.

# 4

كاملە بىلەن بىر كېچىنى پارك بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەشكە ئوت ياقتىم، ئارقىدىن دادامنىڭ تەرتىپىگە سۇ تەييارلاپ مەسچىتكە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، كاملەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلدىم. كاللام ئېغىرلىشىپ، زېھنىم چېچىلىپلا تۇراتتى، يىغىشقا شۇنچە تىرىشساممۇ ھە دېگەندە خىيالىم چېچىلىپ كېتەتتى.

— ئى، خۇدا، — دېدىم مەن يېنىمدا يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن كاملەگە كۆز قۇيرۇقۇمدا قاراپ قويۇپ ئاۋازىمنى سەل پەسەيتىپ، — سەن ھەممىگە قادىرسەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن، مېنى ئادەم بالىسى قىلىپ ياراتقىنىڭغا، رىزىق - نېسىۋىلىك قىلغىنىڭغا، ھۆر ئىنسان قىلغىنىڭغا، ھۆرمەت

ساھىبى قىلغىنىڭغا، شۇنداق بەلەن دوستلارنى بۇرادەر قىلغىنىڭغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، بەرگەن كۆنۈلگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر! مەندەك بىر ئاجىزدىن رەھمىتىڭنى ئايىمىغايسەن. ھەممە ئىش كاللامدىن ئۆتتى، سەن ئانامنى بۇ دۇنياغا پەيدا قىلدىڭ، يەنە ئۆزۈڭ ئېلىپ كەتتىڭ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، مۇرادىم شۇكى، ئاشۇ بىچارە ئانامنىڭ بىزنى دەپ تارتقان جاپا - مۇشەققىتى، ساپ ئەقىدە - ئېتىقادىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، جەننەتتىن ئورۇن ئاتا قىلغىن، ياخشى پەرزەنتلىرىنى ماڭا ئۇدۇم قىلغىن، روھىنى مەڭگۈ يار - يۆلەك قىلغىن ... ئى، خۇدا، ئۆزۈڭ ھەممىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرۇپسەن، مەن ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىمدا بەك تەڭلىكتە قالدىم. بۇنى ئاز دەپ مېھرىبان ئانامدىن ئايرىلدىم، داداممۇ يالغۇز قالدى. بۇلا ئەمەس، مەن يەنە كۆڭۈل ئىشىدا بىلىپ - بىلمەي ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ قالدىم. مەردان ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئېسىل يىگىت، لېكىن ئائىلە شارائىتىمىزدا پەرق بەكمۇ زور. كامىلە توغرا ئېيتىدۇ: بىرسىمىز ئاسماندىكى ئاي بولساق، بىرسىمىز ئېرىقتىكى لاي. سەن بىزنى تارغاقنىڭ بىسىدەك تەڭ ياراتتىڭ، لېكىن رېئاللىقتا ھەرقانچە قىلساقمۇ تەڭ بولالمايدىكەنمىز، بەزىلەرگە يېگىلى قورساق يوق، بەزىلەرنىڭ يېگىلى نېنى يوق ... مېنىڭ ئائىلە كېلىپچىقىشىمدىكى پەرق تۈپەيلىدىن مەرداندىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق. ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم، ئۆزۈم خالاپ كۆڭۈل بەرگەن بىردىنبىر ئادىمىم، مەن ئۇنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئەر بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئى، خۇدا، مەن ئەسلىدە مۇھەببەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان مىسكىن قىز ئىدىم، مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم ياخشى ئوقۇپ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەن، غېمىمنى يېگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەل قاتارى قەدىر - قىممەتلىك

ياشاش يولىنى تېپىپ چىقىش، ئەڭ مۇھىمى ئاتا ـ ئانامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاپ، ئۇلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئىدى. ئەقىدە ـ ئىخلاسىم تازا بولۇقىقا كىرىش مەۋسۇمىدا ئويلىمىغان يەردىن مېنى مەردان بىلەن ئۇچراشتۇردۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئىشقىنى ماڭا سالدىڭ، ئوخشاشلا مېنىڭ ئىشقىمنىمۇ مەردانغا سالدىڭ، بىز ئويلىمىغان پۇرسەتتە سەمىمىي مۇھەببەتنىڭ شېرىن مېۋىسىدىن بەھرە ئېلىپ ئالەمچە شادلىققا ئېرىشتۇق، بۇنىڭدىن مەن بەك خۇش ئىدىم، مەردانمۇ خۇش ئىدى. ئەپسۇس، بۇ خۇشاللىقىمىزمۇ ئۇزاققا بارمىدى، مانا ھازىر ئىشلىرىمىزغا چىپچەك چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. كامىلەنىڭ ئېيتقانلىرى راست گەپلەر، مېنىڭ ھازىرقى ئىشلىرىم خۇددى بىر تىزىق مارجاندەك بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ كېتىۋاتىدۇ، بىرىسىدىن چاتاق چىقسىلا ھەممىسى بىراقلا تۈگىشىدۇ، ئى، خۇدا، مېنى بۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ شاھىتى قىلمىغىن، مېنىڭ بۇ ئىمجان كۆڭلۈم مۇنچىۋالا كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ...

نەزىر ئىشى بىر كۈنلۈك ئىش، لېكىن ۋەزنى بەك ئېغىر، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق مەندەك يالغۇز قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىش! سەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇرسەن، بەندىلىرىڭگە بەكمۇ مېھرىباندۇرسەن، ئۈمىدىم شۇكى، بىزنى تار يولدا قىستىمىغايسەن، ئىشلىرىمىزغا ئاسانلىق بەرگەيسەن، ئاشۇ مېھرىبان ئانامنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئاخىرقى ئىشىنى ئەل قاتارى ئۆتكۈزۈپ روھىنى ئارام تاپتۇرۇشىمىزغا مەدەتكار بولغايسەن!

كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ سەلدەك ئاقتى، قەلبىمنىڭ پىنھان يەرلىرىدىكى نىدالار بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇپ تۇردى ...

يېنىمدا بىرسىنىڭ مىشىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدىم، كامىلە يوتقاننى چىڭ مىجىقلىغىنىچە ياش تۆكۈۋېتىپتۇ. دوستۇمنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ تېخىمۇ

ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم.

— ئاھ، دوستۇم، نېمانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغانسەن؟ !

كاملە ماڭا قول ئۇزارتتى، ئىككىمىز چىڭ قۇچاقلىشىپ بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتۇق ...

تاڭ يورۇشى بىلەن چېيىمىزنى ئىچىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. ھويلىنى تازىلاش، ئۆگزىدىن شاخ ـ ئوتۇن تاشلاش، نان يېقىش، قازان ـ قومۇچلارنى ئەكېلىش، ئوچاق ياساش، جامائەت ۋە قولۇم ـ قوشنىلارغا خەۋەر بېرىش، سەۋزە توغراش... ئىشقىلىپ، قىلىساق ئىش جىق ئىدى. شۇنچىۋالا ئىشنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈن بىر كۈننىڭ ئىچىدە تاماملاش زۆرۈر ئىدى. بىز — دادام، كاملە ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىشلارنى تەرتىپ بويىچە تەقسىم قىلىشتۇق. دادام سىرتنىڭ ئىشلىرىنى پۈتكۈزىدىغان، كاملە بىلەن ئىككىمىز ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بولدۇق.

ئاۋۋال كاملە ئىككىمىز ھويلىنى بىر قۇر تازىلىدۇق، دادام ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تارچۇققا ئوچاق ياسىدى، ئارقىدىن ئۆگزىگە چىقىپ ئوتۇن، شاخ ـ شۇمبىلارنى تاشلىدى ... كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە دادام ھارۋىنى قېتىپ بازارغا تەرەددۇت قىلدى، بىز خېمىر يۇغۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتۇق. دەل شۇ چاغدا ئەگۈن يېنىك ئېچىلىپ ئېگىز، بەستلىك بىر كىشى خالتا كۆتۈرۈۋالغان ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

دادام ناتونۇش كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۆرۈشتى.

— ئەخمەتكام تاغارنىڭ ئۆيى مۇشۇمىكىن؟

— خوش، مەن شۇ.

— مەن يېزىنىڭ ئاشپىزى، ئىسمىم سايىتاخۇن، مەۋلان

تۇتۇقز كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاڭجاڭ نەزىر ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشكە ئەۋەتكەن.
دادام تۇرۇپلا قالدى.
— ماۋۇ ئىككى قوينىڭ گۆشى، بايىلا سويغان، قاساپ ئۇستام ۋاقتىدا كېلەلمەي سەل هايال بولۇپ قالدۇق.
— بۇ ... بۇ... — دادام كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئىشەنمىگەندەك ئەتراپقا ئېسەنگىرەپ قاراپ قويدى.
— قازان - قومۇچلارنى كەينىمىزدىن ئەكېلىۋاتىدۇ، قىشنىڭ كۈنى قىسقا، تېزرەك تۇتۇش قىلمىساق كەچكە قالىمىز ...
سايىتاخۇن ئۇستام نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بۇتتەك قېتىپ قالغان دادامغا باشتىن - ئاياغ قاراپ قويغاندىن كېيىن خالتىلارنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان بالىلارغا ئىشارە قىلدى:
— گۆشنى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن ئەخمەتكام بىلەن بېزا بازىرىغا چىقىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكېلىڭلار !
بالىلار «ئاشخانا ئۆي قايسى بولغىيدى» دېگەن مەنىدە ماڭا قارىدى، مەن دەرهال ئېسىمنى يىغىپ بالىلارغا يول باشلىدىم ...
دادام بالىلار بىلەن بازارغا ماڭدى، ئاڭغىچە كەنت سېكرېتارى، كەنت باشلىقى بىرنەچچە يىگىت ۋە ئاياللارنى ئەگەشتۈرۈپ هويلىغا كىرىپ كەلدى.
ئويلىمىغان يەردىن ئىشلار تېزلا يۈرۈشۈپ كەتتى. هويلىدا ئادەم كۆپ ئىدى، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، هەممەيلەننىڭ ئايىغى يەرگە تەگمەيتتى. كاملە بىلەن ئىككىمىز هەربىر ئىش ئىگىسىگە كېرەكلىك بولغان پالتا - پىچاق، كەتمەن - گۈرجەك، داس - چېلەك، ئامبۇر - ئەتۈركە دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىپ بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدۇق ...
كۈن قايرىلغاندا هەممە ئىش بىر قۇر بېسىقىپ، هويلا - ئاران يېڭىچە تۇسكە كىردى.

بىر توپ ئادەم بىزگە ياردەملىشىپ ئىشىمىزنى قىلىۋاتسا، بۇرنىمىزنى قولىمىزغا تىقىپ تۇرۇۋالساق بولمايتتى، شۇڭا كامىلە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ گۆشنى جىق توغراپ ھاردۇق ئېشى ئەتتۇق. ئىشداشلار ھاردۇق ئېشىغا ئىسسىق نانىنى چىلاپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكەندىن كېيىن، ئەتە سەھەر كېلىپ قارىشىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىپ بىر ـ ئىككىدىن ئۇزاشتى ...

ماڭا ھاردۇق يەتكىنى بىلەن روھىم پەيدەك يېنىك ئىدى، ھەربىر ئىش يۇرۇشۇپ جايىنى تاپقاندا كۆڭلۈمدە مەردانىغا رەھمەت ـ تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرەتتىم، ئەمەلىيەتتىمۇ مەردانىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، مىڭ جېنىم بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتىپ بولالمايتتىم، ئەڭ مۇھىمى قازان قويۇلدۇرۇشىمىزمۇ يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالاتتى.

ھەر قېتىم مەردانىغا خىيالەن تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرۈپ، چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە يۈرىكىم ئېغىپ، ۋۇجۇدۇم بىر خىل شېرىنلىك ئىلكىدە مومدەك ئېرىپ كېتەتتى. مەن ئۇنى سېغىنغانىدىم ... كۆڭۈل تۈيمىدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ: كامىلە بىلەن ئەتىكى ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئاغزىم گەپتە بولغىنى بىلەن كۆڭلۈم مەردانىدا ئىدى، تۇيۇقسىز تېلېفونۇم سايراپ كەتتى، ئېنىقكى تېلېفون مەرداندىن كەلگەنىدى، مەرداندىن باشقا ئادەم تېلېفونۇمنىڭ نومۇرىنى بىلمەيتتى، مەن جىددىيلىشىپ كامىلەگە قارىدىم.

— كەلگىنى مەن ئەمەس، تېلېفون ! — دېدى كامىلە مەنىلىك كۈلۈپ، — چىقىپ تۇرامدىمەن يا؟

مەن قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

— تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، ئۆزىڭىزچۇ؟

— ئوبدان.

— كامىلەمۇ تىنچلىقتۇ؟

— تىنچلىق، — دېدىم مەن بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ، — يېنىمدا ساقچىدەك قاراپ تۇرىدۇ.

كامىلە «خەپ» دېگەن مەنىدە ئاغزىنى مۇتاپ قويدى.

— يېنىڭىزدا ساقچى بولسا خاتىرجەم بولالايسىز، باشقىلار سىزنى بوزەك قىلالمايدۇ، — دېدى مەردان كۈلۈپ.

— شۇنداق بولدى، ھەرنېمە بولسا ئۇنى ئالغاچ كەتتىكەنسىز، بولمىسا يالغۇزچىلىقتا نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىم.

— سىز يالغۇز ئەمەس، ھەر ۋاقىت يېنىڭىزدا مەن بار!

— ئۇنى بىلىمەن.

كامىلە گەپ قىلغۇسى كېلىپ تۇرالماي قالدى.

— قانداق، تەييارلىقلار بىر قۇر پۈتكەندەكمۇ؟

— پۈتتى، ئەتە قازانغا ئوتنى ياقساقلا بولىدۇ ... سىزگە كۆپ رەھمەت!

— خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى بەرگەن سىزگىمۇ رەھمەت!

— ئەتە كېلەمسىز؟

— مېنىڭ كەلگىنىمگە نەۋاق.

— قاچان كەلگەن؟

— ئەتىگەندە.

— ھازىر نەدە؟

— مەۋلان شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە.

— ئەمسە بۇ ياققا كەلمەمسىز؟

بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم.

— مېنىڭغۇ ئوتتەك بارغۇم بار ئىدى، لېكىن ...

ھەممە ئىش ئايان بولدى، مەردان نەزىر تەييارلىقىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن سەھەردىلا كېلىپ بولغانىكەن.

كۆزۈمگە لۆممىدە ياش كەلدى.

— بۈگۈن چارچاپ كەتتىڭلار ھەرقاچان، شۇڭا ئوبدان ئارام

ئېلىنغلار.

مەن گەپ قىلمىدىم.

— كەچتە مەۋلان شياڭجاڭ بىلەن دەريا بويىغا چىقماقچى، كەچلىك تاماقنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

مەردانىنىڭ كەچلىك تاماق دېگىنى ئولتۇرۇش دېگىنى ئىدى، يېزىدا ئولتۇرۇش شارابسىز ئۆتكۈزۈلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەردانىنىڭ هاراقنى كۆرسە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئادىتى بار ئىدى، شۇڭا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— ئەمىسە مەيلى، لېكىن هاراققا يېقىن كەلمەڭ، ئەتە ...

— بىلىمەن، جامائەت ئالدىدا پۇراپ قالسام سەت تۇرىدۇ.

... ...

سائەت ئۈچ يېرىمدا تۇرۇپ قازانغا ئوت ياقتۇق. سايىتاخۇن ئۇستام بەك ئېدىتلىق ئادەم ئىكەن، بىر دەمدىلا ئاشنى دۈملەپ شاگىرتلىرىغا بىر نېمىلەرنى تاپىلىغاندىن كېيىن، تاهارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كەتتى ...

هايالشىماي تاڭ سۈزۈلدى، تاڭ ساباسىغا قوشۇلۇپ مەردان بىرنەچچە دوستىنى باشلاپ هويلىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ كۈل رەڭ پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ، كەيپىياتى جۇشقۇن ئىدى ... بىر دەمدىلا غېرىب هويلىمىز ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، لېگەن ـ لېگەندە توشۇلغان ئاشلار جامائەتنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، ئاش ئوخشىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشقا بېسىلغان گۆشمۇ چوڭ بولۇپ، ئىلگىرى مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن هەرقانداق نەزىردىن روشەن پەرق قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئېغىز تەگكەن هەرقانداق بىر ئادەمدە كەمبەغەلنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، دۇنيا ـ دەپىنىسى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان داڭدار باينىڭ ئۆيىدە نەزىر يەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دۇئا ـ تەكبىرلەر ئۈزۈلمەيتتى، قىرائەت ئاۋازى يۈرەكنى ئېزەتتى.

چۈشكە يېقىن داستىخان كۆتۈرۈۋالغان ئاياللار بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ـ ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار

ھويلىدىكى مەمۇرچىلىقتىن ھەيران ئىدى، پەيت تېپىپ بۇ خىل مەمۇرچىلىقنىڭ سەۋەبى ھەققىدە كۈسۈرلىشاتتى، مۇشتتەك گۆش بېسىلغان پولۇغا ئىشتىھا بىلەن قول ئۇزارتىشاتتى، ئۆيىدىكىلىرىگە قىسىنغانلىرى ئىمكان بار كۆپرەك زەللە ئېلىشقا ئالدىرىشاتتى.

كۈن قايرىلغاندا مېھمانلارنىڭ ئايىغى سېلىكىپ، قازان ـ قومۇچلار يىغىشتۇرۇلدى، ھايالشماي ھويلا يەنە ئەسلىدىكى غېرىبلىقىغا قايتتى.

نەزىر ئويلىغىنىمدىنمۇ نەچچە ھەسسە كاتتا ئۆتكۈزۈلدى: داستىخان مول، مېھمانلار كۆپ بولۇپ، بامداتتىن چۈش پېشىنغىچە كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئون چارەك گۈرۈچتە قىلىنغان پولۇ يەتمەي يەنە بىر قېتىم قازان ئېسىلدى. ئانام رەھمەتلىك تىرىكلىكىدە تاپالمىغان ھۆرمەتنى ئۇ ئالەمگە كەتكەندە ھەسسىلەپ تېپىۋالغانىدى. مەھەللىدىكى ئاياللار بۇنىڭغا: «رەھمەتلىك ھايات چېغىدا قىلغان ياخشىلىق ۋە ئىبادىتىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتى» دەپ تەبىر بېرىشتى. ئەندىشىلىرىمنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق ھېسسىياتى ئالماشتى ... راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ نەزىرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ تۇزۇكرەك كۆز يۇممىغىنىمغا نەچچە كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. نەزىرنىڭ چىقىمى ۋە ئالدى ـ كەينىدىكى تۈگىمەس ئىشلار بېشىمنى قاتۇرۇپ ھالىمنى قويمىغانىدى. گەرچە مەۋلان شاڭجاڭ نەزىر ئىشلىرىنى كەنت چوڭلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغانىدىم. ئەمەل سەھنىسىدىكى ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتىم، مەۋلان شاڭجاڭنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىڭ مۇنچىۋالا زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيتتىم.

— ئەمدى بىز قايتايلى، — دېدى مەردان قىيالمىغان ھېسسىياتتا ئەتراپىقا قاراپ قويۇپ، — بايا كەنت سېكرېتارىدىن خەت ئېلىپ قويدۇم، كىملىكىڭىز بىلەن نوپۇس دەپتىرىڭىزنى

ئاچقىسى بىرلا، قىلىدىغان بەزى ئىشلار بار.
مەن تۇرۇپلا قالدىم. نوپۇس دەپتىرى بىلەن كىملىكىم نېمىگە لازىم بولغاندۇ؟
— تېز بولغىن، — دېدى سومكىسىنى قولتۇقلىۋالغان كاملە ماڭا قىيماسلىق نەزىرىدە قاراپ، — سەۋەبىنى ساڭا ھېلى تېلېفوندا دەيمەن.
مەن ئۆيگە كىرىپ ئۇ دېگەن نەرسىلەرنى ئاچىقتىم.
— ئەمىسە خوش، — دېدى مەردان كۆزىنى باشقا ياققا ئەپقېچىپ، — مەكتەپكە قايتىشىڭنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ، سەيشەنبە كۈنى سەھەردە سىزنى ئالغىلى كېلىمىز.
مەكتەپنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى. مەن نېمە ئويدا، مەردان نېمە كويدا؟ مۇشۇ ئەھۋالدا مېنىڭ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشۇم مۇمكىنمۇ؟
مەن يەرگە قارىۋالدىم.
— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، نېمە ئويلاۋاتقىنىڭىز بىزگە ئايان، — مەردان ئىشىك تۈۋىدە بىزگە دىققەت قىلىپ تۇرغان دادامغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى، — بەزى گەپلەرنى ھازىر دېيىش ئەپسىز، ئىشىنىڭكى ھەممە ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، قالغان گەپنى بىز ھېلى تېلېفوندا دەيمىز، سىز سەپەرگە خاتىرجەم تەييارلىق قىلىڭ!
مەن باش لىڭشىتتىم، لېكىن نېمىگە باش لىڭشىتقىنىمنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيتتىم.
مەردانمۇ، كاملەمۇ كەتتى، ئۇلار مېنى مەڭ پاتمان ئادەمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇپ، بۇنى ئاز دەپ بىر توقاي مۇئەممالارنى قالدۇرۇپ ئۇن - تىنسىز كېتىشتى. قەلبىمنى يەنە غېرىبلىق باستى، بۇ ساياق كاللام بىلەن ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مۇئەممالارنى يېشىشكە زېھنىم يەتمەيتتى ...
دېگەندەك كەچتە مەرداندىن تېلېفون كەلدى.
— ئۆيدە يالغۇزمۇ؟

— ھەئە، دادام مەسچىتكە كەتكەن.
— مەنمۇ يالغۇز.
— ئۆيدىكىلەرچۇ؟
— مېھماندارچىلىققا كېتىشتى.
— سىز بارماپسىزغۇ؟
— ماڭا نېمە بار ئۇ چوڭلارنىڭ سورۇنىدا؟
— ئەمدى، دەيمىنا ...
مەن جىم بولۇپ قالدىم.
— تەييارلىقىڭىز قانداقراق؟
— قايسى تەييارلىق؟
— مەكتەپكە ماڭىدىغان ئىشچۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزۈمگە لۆممىدە ياش كەلدى.
— ...
— گەپ قىلمايسىزغۇ؟
— ئەھۋالىم سىزگە ئايان، مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟
— سىز ئوقۇشتىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟
— مېنىڭغۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق، مەن بۇ پۇرسەتكە بەكمۇ تەستە ئېرىشكەن!
— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن.
مەن يەنە جىم بولۇپ قالدىم. نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟
— ئۇلۇشكۇن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەن، ئەھۋالىڭىزنى ئۇققاندىن كېيىن سىزگە ئوقۇش ۋە تۇرمۇش پۇلى جەھەتتە ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى، دادامغا تەستىقلاتساملا ئىش پۈتىدۇ.
ۋۇجۇدۇم ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.
— يەنە مېنىڭ غېمىمنى يەپسىز، مەن سىزگە بەك جىق قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ ياردەم پۇلىنى مەن ئەمەس، ھۆكۈمەت بېرىدۇ، مەن پەقەت سىزنىڭ ھوقۇقىڭىزنى ۋاكالىتەن

يۈرگۈزدۈم شۇ ! — مەردان بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى، ئۇ سەل ھاياجانلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى، — قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھۆكۈمەت شۇ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنى قۇرغان، لېكىن بىز سىياسەتنى تازا بىلىپ كەتمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا ھەممىنى تەقدىر ـ پېشانىدىن كۆرۈپ ئۆزىمىزگە جاپا سالغان !

— بۇ ئوقۇش پۇلىنى غەملەش مەسىلىسىلا ئەمەس، مەردان.

— بىلىمەن، سىز دادىڭىزنى يالغۇز تاشلاپ كېتەلمەيمەن، دېمەكچىغۇ؟

— شۇنداق.

— سىزنىڭ پىيىڭىزدە يۈرگەن ئادەم مۇنچىلىك ئىشنى پەرەز قىلالمىسام قانداق بولىدۇ؟

ۋۇجۇدۇم بىر خىل شىرىنلىك ئىلكىدە يېنىك تىترىدى. ئاھ، مەردان، سېنىڭ نەزەر دائىرەڭ نېمىدېگەن كەڭ، بۇ جەھەتتە مەن سېنىڭ قولۇڭغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى مەردان ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — ئۇنىڭمۇ ئورنىنى كولاپ قويدۇم.

— قانداق قىلىپ؟

— ھازىرچە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن، لېكىن بۇ باش قېتىنچىلىقىڭىزنىڭمۇ مۇۋاپىق ھەل بولىدىغىنىغا ئىشىنىڭ، مەۋلان شاڭجاڭ ۋەدە بەرگەن ئىشتىن ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ !

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي !

— ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى مانا.

— لېكىن ...

مەن جىم بولۇپ قالدىم.

— نېمە لېكىن؟ سىزنىڭ ھەممە يېرىڭىز ماڭا ياقىدۇ، شۇ لېكىنىڭىز ...

— نېمە لېكىن؟

مەردانمۇ بىلىپ ـ بىلمەي گەپتە كەتكۈزۈپ قويغان ــ مېنىڭ «لېكىنىمنى» ئەيىبلەپ تۇرۇپ ئۆزىمۇ «لېكىن»گە چۈشۈپ قالغانىدى. ماڭا ئايان، ئۇ مېنىڭ يۈرەكسىزلىكىمدىن نارازى ئىدى، ئىلگىرى مېنىڭ «لېكىن»لىرىم ئۇنى بەك جىلە قىلىۋەتكەنىدى، شۇڭا بىر قېتىملىق پاراڭىمىزدا ئىككىمىز ئارىسىدىكى پاراڭلاردا گەپنى ئۇچۇق قىلىش، «لېكىن» باغلىمىسىنى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە ۋەدە بېرىشكەندۇق.

ــ ئەمدى دەيمەنا، ــ دېدى مەردان كۈلۈپ، ــ بىر تۇتۇۋالدىڭىز ھە؟ بۇمۇ بولغىنى، ــ مەردان بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى، ــ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىشىڭىزگە دادىڭىزمۇ قوشۇلمايدۇغۇ ھەرقاچان؟

ــ شۇنداق، مېنى ئوقۇتۇش دادام بىلەن ئانامنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى! مېنىڭ شۇنداق ئوقۇغۇم باركى، بۇنى سىز ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۇچۇن ئاز ھەرەج تارتتىممۇ؟

ــ يەنە بىر قېتىم جايىدا گەپ قىلدىڭىز مانا، ــ دېدى مەردان ھاياجانلىنىپ، ــ «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان كونىلار. ھېچقانداق ئىش توسالغۇسىز بولمايدۇ، ئازراق قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ بەل قويۇۋەتسىڭىز، ھېچ ئىشنى باشقا ئاچىقالمايسىز. «قولۇپ ئاچقۇچى بىلەن» دېگەندەك، ھەر ئىشنىڭ ئامالى ئۆزى بىلەن بولىدۇ، ئازراقلا كاللا قاتۇرساق، يول ئايىغىمىزدا پەيدا بولىدۇ. ھېچقانداق ئامال تاپالمىساق، دادىڭىزنى ئۈرۈمچىگە ئاچىقىپ كەتسەكمۇ بولىدۇغۇ؟ مەكتەپ ئەتراپىدىن بىرەر يۈرۈش ئۆي ئىجارە ئېلىپ، ئوقۇشىمىزنى ئوقۇغاچ ئەتە ـ ئاخشاملىرى ھالىدىن خەۋەر ئالساق تامامەن بولىدۇ. بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس!

كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. مۇنداق قىلىش نېمىشقا كاللامغا كەلمىگەندۇ؟ بۇ يۈرتتا بىزنىڭ تارتىنشقۇدەك نېمىمىز

قالدى؟ ئۆيدە بىرەرسىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندە بىللە قايتىپ كەلسەك تامامەن بولىدۇغۇ؟ تۇرۇپلا بۇ خىيالىمدىن ئىككىلىنىپ قالدىم. دادام ئوتتۇز نەچچە يىللىق قەدىناسىنىڭ بېشىنى يالغۇز قالدۇرۇپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ زېمىندىن ئايرىلىشقا ئۇنارمۇ؟ جاۋابى بەكمۇ ئاددىي: ھەرگىز ئۇنىمايدۇ !

پارىڭىمىز مەسچىتتىن يېنىپ كەلگەن دادامنىڭ يۆتەل ئاۋازى ئاڭلانغۇچە داۋاملاشتى.

تېنىمگە ھاردۇق يەتكەنىدى، يېنىم يەر تارتىپلا تۇراتتى، لېكىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. خىيالىم قىش كېچىسىدەك ئۇزۇن، ئاشقىنىڭ چېچىدەك گادىرماچ، ھۆل ئوتۇن سالغان تونۇرنىڭ ئىسىدەك تۇتۇق ۋە ئاچچىق، باش ـ ئاخىرى ھېچ ماسلىشىدىغاندەك ئەمەس ...

## 5

ئىشلار مەردانىنىڭ دېگىنىدەك ئىدىتلىق يۈرۈشۈپ كەتتى. مەۋلان شىياڭجاڭ دادامنى كەنت تەشكىلىگە قاراشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئېيىغا ئالتە يۈز يۈەن ئايلىق بېرىدىكەن، كېچىسى كەنت دەرۋازىسى يېنىغا سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن، كۈندۈزى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش بولمىسا ئۆز ئىشىنى قىلسا بولىدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا تاقاشتى. دادام بۇ پۇل بىلەن كەنت دوقمۇشىدىكى ئىمىن گۇدۇڭنىڭ بوتكىسىغا يانداش ئېچىلغان كىچىك ئاشپۇزۇلدا بىر ۋاخ بولسىمۇ ئىسسىق تاماق يەپ جېنىنى جان ئېتەلەيتتى.

ئوقۇش يولۇمدىكى بىرىنچى توسالغۇ ئوڭۇشلۇق ھەل بولغانىدى، بۇنىڭ خۇشلۇقىدا تۇرسام، مەردانىدىن يەنە تېلېفون كەلدى:

— ئوقۇش ۋە تۇرمۇش پۇلىڭىز ھەل بولدى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئايلىقىڭىزغا ئۈچ يۈز يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغان؛ 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوقۇش پۇلىڭىزنى يىلمۇيىل ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى، ئەمدى لېكىن ـ پېكىنلەرنى قويۇپ مەكتەپكە مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىسىڭىز بولىدۇ، مەن ئەتە سەھەردە سىزنى ئالغىلى بارىمەن، چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. بۇ، ھاياتىمنىڭ كاتاڭ يوللىرىدا پۈتى قاپارغان، يۈرىكى مۇجۇلغان ناتىۋان قىزنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت يىغىسى ئەمەس، بەلكى ئارمىنى چېچەك ئاچقان بەختلىك قىزنىڭ خۇشاللىق يىغىسى ئىدى، ئەلۋەتتە !

مەردان كۈن تىكلەنگەن چاغدا قەيسەر ھاجىمنىڭ ماشىنىسىدا ئۆيىمىزگە كەلدى، ماشىنىدا ئىدرىسمۇ بار ئىدى، بۈگۈن ئۇ ئۈچىسىغا كۆل رەڭ سوكنىدىن تىكىلگەن كالتا پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ باشقىچە سالاپەتلىك بولۇپ قالغانىدى. ئەتىگەندە ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ خوشلىشىپ كىرگەنىدىم، تەييارلىقىممۇ تەخ ئىدى، شۇڭا دادام بىلەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ ماشىنىغا چىقتىم ...

چۈشتىن كېيىن مەردان، كامىلە، ئىدرىس تۆتىمىز بىر ئاپتوبۇستا يولغا چىقىپ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە مەكتەپكە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن كامىلە بىلەن بىللە فاكۇلتېت بىناسىغا چىقتۇق.

كارىدور ئاۋات ئىدى، ئۈچ ـ تۆتتىن غۇژمەكلىشىۋالغان باللارنىڭ ئوزايىدىن خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار قىرىق نەچچە كۈندىن بېرى مەكتەپتىكى قايناق ھاياتنى، بىر ـ بىرىنى سېغىنىشقان، دېيىشىدىغان گەپلىرى يىغىلىپ قالغان بولۇپ، خامانغا چۈشكەن ئاق قۇشقاچلاردەك ۋىچىرلىشىپ كارىدورنى

بېشىغا كېيگەنىدى. كاملە بىلەن ئىككىمىز تونۇش باللار بىلەن سالاملىشىپ ئەھۋال سوراشقاچ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا قاراپ يول ئالدۇق. مەقسىتىمىز سىنىپ مەسئۇللىرىمىزغا كۆرۈنۈپ قويۇپ، بۈگۈنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن بازارغا چىقىپ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن كارىدوردا سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. سۇلايمان مۇئەللىم مېغىز رەڭ دىراپتىن پەلتو كىيىپ، قارىدەك ئاق كۆڭلىكىگە خورما رەڭ گالىستۇك تاقىۋالغان، قىزغۇچ رەڭدە بويىۋالغان شالاڭ، ئۇزۇن چاچلىرىنى تۈجۈپىلەپ تارىۋالغان بولۇپ، كۆزۈمگە لوقما ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان سىرتلاندەك كۆرۈنۈپ ئىختىيارسىز بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى.

— قانداق ئەھۋالىڭلار، قىزلار؟

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە، سىلىق بولۇپ، كۆكۈچ كۆزلىرى قېلىن كىيىملەرگە ئورالغان بەدىنىمىزدىن بىرنەرسىلەرنى ئىزدەيتتى.

— ياخشى، ئۆزلىرىنىڭچۇ؟

كاملە ئەدەپ يۈزىسىدىن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا يارىشا جاۋاب قايتۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭمۇ بۇ «قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە»نى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. مەن باشقا ياققا قارىۋالدىم. لېكىن، مۇئەللىم ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك ئەلپازدا ماڭا يۈزلەندى.

— تەتىلىڭىز قانداقراق ئۆتتى، بەختىگۈل؟ سەل جۈدەپ قالغاندەك قىلىسىز؟ تەتىلدە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

تۇرۇپلا جۇدۇنۇم تۇتتى، بەدىنىمدىكى جىمى قان مېڭەمگىلا كېلىپ ئۇرۇلدى:

— بىزدەك ئاجىز كىشىلەر نېمىمۇ قىلالايتتۇق، مۇئەللىم، ئەل قاتارى بەندىچىلىك قىلدۇق شۇ، — مەن تۈنجى قېتىم مۇئەللىمنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدىم، —

بىرىنچىدىن، ئانام تۇگەپ كېتىپتىكەن، قائىدە بويىچە ئانام رەھمەتلىكنىڭ ھەققىدە دۇئا ـ تەلەپ قىلدىم؛ ئىككىنچىدىن، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسىدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتىمەن، كالالامدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ يەنىلا قايتا ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلدىم؛ ئۈچىنچىدىن، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسىنىڭ ئىمتىھانىدا ئۇۋۇالچىلىقتا ئۇچرىدىم. مەن سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى، بۇ مېنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىم ۋە سەۋىيەمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، لېكىن مەن مۇشۇ بىر دەرستىلا ئون ئالتە سائەت دەرس قالدۇرغان، بىرەر قېتىممۇ تاپشۇرۇق ئىشلەپ باقمىغان، ھەتتا دەرسنىڭ تولۇق ئىسمىنىمۇ دۇدۇقلىماي دەپ بېرەلمەيدىغان ئىپارگۈل ئالغان نومۇرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىمۇ ئالالماپتىمەن، شۇڭا قەغىزىمنى كۆرۈش ۋە قايتا تەكشۈرۈپ بېرىش ھەققىدە ئىلمىي باشقارما بىلەن مەكتەپ مۇدىرىغا ئىلتىماس تەييارلىدىم؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىشەنچ قىلىپ بىر فاكۇلتېتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتقۇزغان بىر ئوقۇتقۇچى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى، بولۇپمۇ قىزلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقى تېمىسىدا بىر پارچە ھېكايە يازدىم. ئومۇمەن، تەتىلىم مەنىلىك ئۆتتى.

كامىلە ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى، مەن سۇلايمان مۇئەللىمگە غالىبلارچە تىكىلدىم.

— بۇ ... سىز ... مەن، — سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ يۇمىلاق كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلدى، — ئۇنداق ئىش يوقتىغۇ بەختىگۈل، ئي ... ئېنىق ئېسىمدە، سىز سەكسەن بەش نومۇر ئالغان، توغرا، سەكسەن بەش!

— لېكىن، مېنىڭ كۆرگىنىم ئەللىك سەككىز!

— نومۇر خاتا ئېلىنىپ قاپتۇ.

مەن زوۋان سۈرمىدىم.

— ئوڭشىۋېتەيلى، بوگۈنلا ...

سۇلايمان مۇئەللىم تومۇزدا قىزىق چاي ئىچكەن ئادەمدەك تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ماتېرىيال تۇتۇۋالغان قوللىرى سۇس تىترەيتتى.

مەن ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىنى نىشانلاپ قەدەملىرىمنى يۆتكىدىم، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن كامىلە مۇئەللىمگە بىر نېمىلەرنى دېگەچ ماڭا ئەگەشتى ...

كەچتە سىنىپ يىغىنى ئېچىلدى، بالىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق كېلىپ بولغانىدى. ئەركىن مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ، ئەھۋال سورىغاچ بالىلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنبەردىن ئورۇن ئالدى. مەن مۇئەللىمگە نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم، مۇئەللىم تەتىل جەريانىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇقلىغان بولۇپ، مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، نېمىشقىدۇر گەپ قىلغاندا پات - پات يۆتىلىپ قوياتتى.

— قىرىق نەچچە كۈنلۈك تەتىل ئاياغلاشتى، بەختىمگە ئۇلۇغ بالىنى باشقا ھەممەيلەن سەمرىپ، ئاقىرىپ، سالاپەتلىك بولۇپ كېتىپسىلەر، قارىغاندا دەم ئېلىشىڭلار ياخشى بولغاندەك، ئۆيدىكىلەرمۇ ئوبدان باققاندەك قىلىدۇ ...

بالىلار پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— ئەتىدىن باشلاپ دەرس باشلىنىدۇ، — دېدى مۇئەللىم چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — بۇ مەۋسۇمدا ئاساسلىق دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دەرس سائىتىمۇ كۆپ، سەل بوش تۇرساڭلار مەۋسۇم ئاخىرىدا بويۇن قىسىپ قالىسىلەر. مەن ئالىي مەكتەپتە نېمىلەرنى قىلىش، قانداق ئۆگىنىش ھەققىدە ئۆتكەن مەۋسۇمدا كۆپ سۆزلىگەن، شۇڭا يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن، پەقەت سىلەرگە بىر ھېسابنى ئىشلەپ بەرمەكچىمەن، دېمەكچى بولغىنىمنى شۇ ھېساب ئىچىدىن ئاسانلا ھېس قىلىۋالالايسىلەر.

بالىلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى.

— سىلەر تۆت يىللىق تۈزۈمدە قوبۇل قىلىنغان. قارىماققا

تۆت يىل ئادەمگە بەك ئۇزاق بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس! مانا قاراڭلار، بىر - بىرىڭلار بىلەن تونۇشۇپ، مەكتەپنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلىپ بولغۇچە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى، يەنە تۆت ئايدىن كېيىن بۇ ئوقۇش يىلىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. مەن مۇشۇ ھەقتە سىلەرگە بىر ھېساب - كىتاب قىلىپ بەرمەكچى، — مۇئەللىم قولىغا بور ئالدى، — ئالىي مەكتەپلەر ئادەتتە بىر يىلدا ئەللىك تۆت ھەپتە ئەتراپىدا ئوقۇيدۇ، بۇنىڭدىن توققۇز ھەپتە ئىمتىھان - سىناققا، بىر ھەپتە ئەمگەك ۋە ھېيت - بايرامغا چىقىپ كېتىدۇ، شۇنداق بولغاندا سىنىپتا دەرس ئوقۇيدىغان ۋاقتىڭلار ئوتتۇز تۆت ھەپتىگە قالىدۇ. بىر ھەپتىدە ئىككى دەم ئېلىپ بەش كۈن ئوقۇيسىلەر، شۇ بويىچە بولغاندا بىر يۈز يەتمىش كۈن دەرس ئوقۇيالايسىلەر، بۇ، بىر يىلنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈنىدىن پەقەت بىر يۈز يەتمىش كۈندىلا دەرس ئوقۇيمىز دېگەن گەپ، قالغان بىر يۈز توقسان بەش كۈن ئاساسەن تەتىل، دەم ئېلىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئۆتىدۇ.

بالىلار مۇئەللىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. مۇئەللىم كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:

— تۆت يىل سەككىز مەۋسۇم بولىدۇ، ئاخىرقى مەۋسۇمدا يەتتە ھەپتىلا دەرس ئوقۇپ پىراكتىكىغا چىقىسىلەر، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى يازىسىلەر. شۇ بويىچە بولغاندا سىلەرنىڭ سىنىپتا دەرس ئوقۇيدىغان ۋاقتىڭلار پەقەت ئالتە يۈز ئوتتۇز كۈنلا بولۇپ، ئىككى يىلغىمۇ يەتمەيدۇ.

بالىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى، ئېنىقكى ھەممىمىز «تۆت يىل»دىن ئىبارەت چوڭ سانىڭلا ھېسابىنى قىلىپ، كىچىك ھېسابنى قىلىشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدۇق.

مۇئەللىم ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— سىلەر تۆت يىلدا قىرىق بىر خىل دەرس ئوقۇيسىلەر، دەرس تۈرى بويىچە ھېسابلىغاندا تەخمىنەن ھەر ئون بەش كۈندە

بىردىن دەرستىن لاياقەتلىك بولۇشۇڭلار لازىم، بىر پەندىن لاياقەتسىز بولۇپ قالساڭلارلا دىپلوم بېرىلمەيدۇ، لاياقەتسىز بولۇپ قالغان دەرسىڭلار تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىسەڭلار مەكتەپتىن قالىسىلەر، بۇ ھەقتە ئۆتكەن يىلى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلگەنلەر بار، دېگەن گەپ.

سىنىپ ئىچى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى.

— دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ بىرىنچىسى تۆگىدى، ساۋاقداشلار، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ۋاقىتنى قەدىرلەش مەسىلىسىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭلار.

مۇئەللىم تورۇپلا يۆتىلىپ كەتتى. ھەر قېتىم يۆتەلگەندە قېقىلىپ كۆكىرىپ كېتەتتى ...

— دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ئىككىنچىسى، كىتاب ئوقۇش مەسىلىسى، — مۇئەللىم ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى، — سىلەر ھەممىڭلار ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى كىتاب ئوقۇش! بىز بۇ يولنى ئۆزىمىز خالاپ تاللىدۇق، شۇڭا جاپاسىغا چىدىمىساق بولمايدۇ! ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش. ئۇ بىزگە ياشاشنىڭ، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ، ئەجدادلارنىڭ روھىنى ئەۋلادلارغا ئۇلايدۇ، تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ ... كىتابنى كۆپ ئوقۇغان ئادەم ئېغىر – بېسىق، چوڭ سۆيەت كېلىدۇ، بىر خىل ياشايدۇ: بىر تال بۇغدايغا سەمرىپ جاھانغا پاتمايدىغان، بىر تال قوناققا ئورۇقلاپ ئۆپكىسىنى قولىغا ئالىدىغان پىسەندى ئىشلارنى قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەقلىي ياشاشنى ئادەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى، بۇ ئالەمدىمۇ، ئۇ ئالەمدىمۇ ئوخشاشلا يۈزى يورۇق بولىدۇ ... مەن ئۆتكەن مەۋسۇمدا سىلەرگە «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»دىن دەرس بېرىش جەريانىدا سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئازلىقىنى ھېس

قىلىپ بەك ئەپسۇسلاندىم، لېكىن سىلەرگە چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىدىم. سەۋەبى، سىلەر يېڭى كەلگەن، ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىغا ماسلىشىشىڭلارغا مەلۇم ۋاقىت كېتەتتى، بەش قولنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئاغزىمىزغا تىقساق بولمايتتى ... كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بۇرۇنقى پەدىمىز بويىچە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىلا ئۆگىنىپ ئاتمىش نومۇرنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىپ قالساق بولمايدۇ. ئوقۇغۇچى دېگەن چوقۇم كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى لازىم. بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ، كىتاب ئادەمنى قەدىر - قىممەتلىك قىلىدۇ، خەنزۇلار ئەدەبىياتنى تەس، ماتېماتىكىنى ئاسان، دەپ قارايدۇ، بىز ئۇنىڭ ئەكسىچە قاراشتا ! شۇڭا ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرستە ئاجىز باللار ئەدەبىياتنى تاللايدۇ، ئالىي مەكتەپتىمۇ ئوقۇۋاتقان كەسپىدە بولالمىغانلار ئەدەبىياتقا ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس ! ئەمەلىيەتتە ئەڭ قىيىنى ئەدەبىيات ! سەۋەبى، ماتېماتىكىنىڭ فورمۇلا - قېلىپى، ئېچكى باغلىنىشى بولىدۇ، لېكىن مىللىيلىكى بولمايدۇ. ئاساسىي قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلىۋالغان ئادەم ئازراقلا تىرىشسا بىر باشقا ئاچقالايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇئەييەن قېلىپى بولمايدۇ، ھەربىر يازغۇچى بىر دۇنيا. ئۇلاردا ئېنىق بولغان ئىچكى باغلىنىش يوق. دېمەكچىمەنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن تولستوينىڭ مۇناسىۋىتى يوق. ھەربىر ئادەمدىن ئۆزگىچە نەزەردە ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يېڭىلىنىشىمۇ تېز، بىر يازغۇچى بۇ يىل بەشىنچى رومانىنى يازغان بولسا، كېلەر يىلى ئالتىنچى، ھەتتا يەتتىنچى رومانىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇشى مۇمكىن، ئۇنى ئوقۇماي تۇرۇپ بۇ يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى ھەققىدە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. مەن ئالدىنقى يىلى بېيجىڭغا بارغىنىمدا بىر كىتابخانىغا كىردىم، كىتابخانىنىڭ بىر تېمىغا پۈتۈنلەي بىر خىل مۇقاۋىدىكى

كىتابلارنى تىزىپ قويۇپتۇ، ئېلىپ كۆرۈپ باقتىم، تاڭ شېئىرلىرى ئىكەن، جەمئىي توققۇز يۈز توم! ياڭاللا دەپ ياقامنى تۇتتۇم. بىر دەۋرنىڭ رەتلەش دائىرىسىگە كىرگەن شېئىرلىرى توققۇز يۈز توم بولسا، باشقا دەۋرلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭكىنى قوشسا قانچە توم بولار؟ بۇ تېخى ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولغان شېئىرىي ئەسەرلەر توپلىمى، باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنى قوشسا نەگە بارار؟ دېمەك، ئەدەبىياتتا كۆرىدىغان ماتېرىياللار كۆپ، ئۇنى كۆرمەي، ھېچ دېمىگەندە ئاساسلىق ئەسەرلەر بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىياتچى بولغىلى بولمايدۇ!

مۇئەللىم ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:

— ھازىرقى دۇنيادىكى رىقابەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ نېگىزى قانداقتۇر مۇستەملىكە دەۋرىدىكىدەك زېمىن، بايلىق ۋە ئەمگەك كۈچى تالىشىش جەھەتتىكى رىقابەت بولماستىن، بەلكى بىلىم ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەت ۋە توقۇنۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل رىقابەت ۋە توقۇنۇشتا بىلىم ھەممىدىن مۇھىم. بىلىم كەمدە بولسا، تىرىشچانلىق ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت. بىز بىكوندىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى «بىلىم كۈچ» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇ بىلىك» بۇنىڭ تىپىك دەلىلى. ساۋاقداشلارغا سىر ئەمەسكى، «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن كىتاب نامىنىڭ مەنىسىلا «بىلىم بەخت كەلتۈرىدۇ» دېگەنلىكتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ بىكون ئوتتۇرىغا قويغان «بىلىم كۈچ» نەزەرىيەسىدىن ھېچقانچە پەرقى يوق. لېكىن، بىز بۇ بۈيۈك قاراشنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغىنىمىز بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەل قارىدۇق — بىلىش، بايقاشلىرىمىز ھەرىكەتكە ئايلىنالماي بىر خىل ئىدىيە، زاغرا تىل بويىچە ئېيتقاندا «ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ» سۈپىتىدە ساقلىنىپ

www.uyghurkitap.com

قىلمىغۇەردى. تەرەققىياتقا ئۇل سالىدىغان ئەڭ ھەل قىلغۇچ مەزگىللىرىمىزنى ئىچكى ئۇرۇشقا سەرپ قىلىپ ئىچىمىزدىن خوراپ كەتتۇق ... كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە ئارتۇقچە سۆزلىمىسەممۇ سىلەرگە ئايان، ياۋروپا ئەللىرى بىلىمنى ۋاستە قىلىپ دۇنياغا غوجا بولۇش چۈشىنى كۆرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن تارىخىي زامانلاردا بىز پۈتۈن توپ بويىچە «كارامەتچى» غوجا ـ ئىشانلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ھەممە نېمىمىزنى بىراقلا دوغا تىكتۇق، نەتىجىدە «باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزسە، مىنگىلى قوتۇر ئېشىكىمىز يوق پىيادە قالدۇق»، ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلق دەپ ئاتىلىپ، چىڭگىزخان ئوردىسىدا مۇھىم مەمۇرىي ـ مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يۇقىرى ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن، شۇنداقلا كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا «ئورتاق ئەدەبىي تىل» رولىنى ئوينىغان، «چاغاتاي تىلى»نىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەرىپەتلىك بىر خەلق تەپرىقىچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، چېقىمچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ۋە جەڭگى ـ جېدەللەر تۈپەيلىدىن بارا ـ بارا نادانلىق، قاششاقلىق پاتقىقىغا پاتقانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللىي ئېتنىك نامىمىزمۇ ئۇنتۇلۇپ، «ئۇ يەرلىك»، «بۇ يەرلىك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغانىدۇق، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك كىشىلەر جەمئىيەتتە قارشىلىققا، كەمسىتىشكە ئۇچرايدىغان ئىشلار ھەممە يەردە كۆرۈلۈپ تۇراتتى. دېمەك، ئۆتمۈش ــ جاھالەتلىك زامان خەلقىمىزنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى تۇرمۇشىغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرگەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، خەلق دۆلەتنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى، يەر، سۇغا، زامانىۋى مائارىپ بويىچە تەربىيەلىنىش

پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. خەلقىمىز تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى قەدىرلەپ، يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇش، ئەڭ مۇھىمى روھىي، مەنىۋى جەھەتتە يىتتۇرۇپ قويغانلىرىنى قايتىدىن تېپىۋېلىش ۋە زامانىۋى دۇنياغا ماسلىشىش جەھەتتە ئەمەلىي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بەزىبىر يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، بولۇپمۇ 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ھەر ساھە كىشىلەر، بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇنىڭ بىرلا مىسالى، كومپيۇتېرنى تېزلا قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇمشاق دېتال تەتقىقاتىنى باشلاپ خەلقئارا ئېتىراپ قىلغۇدەك نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇق، خەلقىمىزلا ئەمەس، نۇرغۇن قېرىنداش مىللەتلەر بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى، دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، خەلقئاراغا تونۇلغان ئالىملىرىمىزمۇ يېتىشىپ چىقتى ... لېكىن تەرەققىيات دولقۇنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ 2000 ـ يىللارغا كەلگەندە بىزدە ناچار يۈزلىنىشلەر ئارقا ـ ئارقىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بەزى ئىشلىرىمىز خېمىغا ياندى، دەۋر رىتىمىدىن، مىللىي ئۆزلۈكتىن چەتنەپ، ماددىيەت پاتقىقىغا بېشىمىزچىلاپ كىرىشىپ كەتتۇق. ئەڭ يامىنى زامانىۋى خۇراپاتلىق قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئەقىل دەرىخىمىزگە چاڭگا تىزىشقا باشلىدى.

پاكىتىمىز شۇكى، مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيە شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، كىتاب پۇلى كۆتۈرۈۋېتىلدى، يەنە تېخى تاماق پۇلى تولۇقلىمىسى بېرىلدى، ھەقسىز سۈت تارقىتىلدى، ئۆيى مەكتەپكە يىراق بالىلارنىڭ قىيىنچىلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ ياتاقلىق مەكتەپلەر بەرپا قىلىندى، ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلاندى ... لېكىن بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ ئەھۋالى

uyghurkitap.com

قانچىلىك؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى قانداق؟ ئەھۋال ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ... مۇئەللىملەر بالىلارنى تۇراقلاشتۇرالماي سەدىپارە، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى مەكتەپتىن ئاجرىتالماي ئاۋارە! مېنىڭ تۇغقانلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى يېزىدا، ئۇلاردىن تېلېفون كېلىپ قالسا تېنىم شۈركۈنىدۇ، سەۋەبى، ھەممىسى بىرلا تەلەپنى، يەنى تونۇش ـ بىلىشلىرىم ئارقىلىق بالىلىرىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ بېرىش تەلىپىنى قويۇشىدۇ، ھەتتا ئون ـ يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇل كەتسىمۇ مەيلى، بىر ئامالىنى قىلىپ بەرگىن، دەپ يالۋۇرىدۇ. نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ سىياسەت چۈشەندۈرسەم، ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ماقۇل دەي دېسەم قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ۋىجدانىم يول قويمايدۇ ... مەن ئۆتكەن يىلى تەتىلدە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇيدىغان بالىلارغا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر يېزا مەكتىپىگە باردىم، دەرس ئارىلىقىدا ئۈچىنچى يىللىقنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىمتىھان قەغىزى قولۇمغا چىقىپ قالدى، «خەنزۇ تىلى» دەرسىنىڭ ئىمتىھان قەغىزى ئىكەن، قەغەزگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، قەغەزلەر ئاق دېگۈدەك ئىدى، قولۇمدىكى ئون ئىككى قەغەزدىكى نومۇرلارنى جەملەپ بېقىۋىدىم، جەمئىي ئون توققۇز نومۇر چىقتى. يۈز نومۇرلۇق سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتىكى ئوتتۇرىچە نومۇر ئىككىگىمۇ يەتمەيدىكەن ... ئىچىم ئاچچىققا تولدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىۋىدىم، ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك «بىزدە نېمە ئامال؟ بىز دەرس پىروگراممىسى بويىچە سۆزلەيمىز، لېكىن بالىلار ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ، كۆپ سانلىق بالىلارنىڭ ئوقۇش مەقسىتى ئېنىق ئەمەس، ئۇلاردىن بەزىلىرى يىل بويى دەرسلىك كىتابىنى قولىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ، تەلەپنى چىڭ قويساق ياكى قاتتىق ـ قۇرۇق گەپ قىلىپ سالساق، مەكتەپكە كەلگىلى ئۇنىمايدۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارغا مۇشت كۆتۈرۈپ قوپىدىغانلارمۇ بار. ئەھۋال

چۈشەندۈرگىلى ئۆيىگە بارساق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گېپى تەييار ... ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بالىلىرى بىر كۈن قۇرۇلۇشتا ئىشلىسە ياكى پاختا تەرگىلى چىقسا بىرەر يۈز كويغا ئىشلىيەلەيدۇ، مەكتەپتە ئوقۇسا ھېچنېمە يوق. شۇڭا، ئۇلار ئوقۇشتىن بىزار، بىزنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا نان تىلەپ كەلگەن قەلەندەرچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ، ۋېلسىپىت ـ موتوسىكلىتىمىزنىڭ يېلى چىقىپ كەتسە، ناسوسمۇ بەرمەيدۇ ... راست گەپنى قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلار ھۆكۈمەتتىن قورقمىسا، بالىلىرىنى ھەرگىزمۇ مەكتەپكە بەرمەيدۇ، يەنە شۇ ھۆكۈمەت ھىمايە قىلىپ تۇرمىسا، بىزنى تىرىك سويۇۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدۇ. بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز بالىلارنى تۇراقلاشتۇرۇپ سىنىپتا تۇتۇپ تۇرۇش ! ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سۆپەتتىن سۆز ئاچقىلى بولامتىمۇ؟ ... بىز خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى، بۇ كەسىپنى ئۆزىمىز خالاپ تاللىغان، بىزدىمۇ ۋىجدان بار، ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىز بار، شۇڭا قۇمغا خەت يېزىۋاتقانلىقىمىزغا ئېچىنىمىز. بىزنىڭمۇ ئوقۇتقۇچىغا ۋاي دەپ تۇرىدىغان شەھەردىكى بالىلارغا دەرس ئۆتكۈمىز بار، ئاڭلىساق شەھەرلىك ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مۇئەللىملىرىگە قىلمىغىنى قالمايدىكەن، ھېيت ـ بايراملاردا سوۋغا بېرىدىكەن، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ مۇئەللىملىرىنى، بولۇپمۇ سىنىپ مۇدىرلىرىنى تاماقتا چىللاپ ھالى قالمايدىكەن، بىزگە بولسا سەت گەپ، دەشنەملا بار. بىز ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرگىنىگىلا خۇش ...» دېيىشتى. ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، نەچچە كۈنگىچە ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك بىئارامچىلىقتا يۈردۈم. گەپنى قىسقارتسام، ھازىر سىياسەت ياخشى، لېكىن، ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇتقان يولى تازا دۇرۇس ئەمەس. ھۆكۈمەتنىڭ پۇل تېپىپ باي بولۇڭلار دېگىنى قانداقتۇر ھەممىنى پۇل ئۈچۈن دوغا تىكىڭلار دېگىنى ئەمەس ! پۇلمۇ مۇھىم، ئۇ بولمىسا ھاياتىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ، پۇلى يوق

ئادەمنىڭ غۇرۇرىمۇ، ئەل ئىچىدە ئابرۇيىمۇ بولمايدۇ. لېكىن، پۇتۇن نىيەت ـ ئىقبالىمىز پۇلغا باغلىنىپ قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ، ماددىيەت بىلەن مەنىۋىيەت تەڭ تەرەققىي قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى مائارىپ، يەنى بالىلار ۋە ياشلار چوقۇم ئوقۇشى كېرەك! بولمىسا تاپقان پۇلىمىز ئاخىرىغىچە ئەسقېتىپ بولالمايدۇ. نادانغا پۇل ـ مال تۇتقۇزۇش مايمۇنغا تاپانچا تۇتقۇزغاندەكلا خەتەرلىك ئىش! باشقىسىنى قويۇپ خېرويىنغىلا قاراپ باقايلى: رايونىمىزدا خېرويىن چېكىپ نابۇت بولۇۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ياشلىرى، يەنە كېلىپ بايلارنىڭ پەرزەنتلىرى. بىر ئائىلىدىن خېرويىن چېكىدىغاندىن بىرسىلا چىقسا، شۇ ئائىلە ۋەيران بولماي قالمايدۇ، ھەرقانچە تاغدەك بايلىقى بولسىمۇ بالىنىڭ بىر ـ ئىككى يىل چېكىشىگە يەتمەيدۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بىرلا ئېغىز گەپ: شۇ بالىلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ! بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. سىلەر ئۆزۈڭلار ئوقۇۋاتقان مۇشۇ مەكتەپتە بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ خېرويىن چېكىپ لەنەتكە قالغىنىنى ئاڭلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ــ مۇئەللىم بىزگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

ــ ياق!

ــ مەنمۇ ئاڭلىمىدىم، ــ دېدى مۇئەللىم بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، ــ نېمىشقا شۇنداق؟ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەقلىي ياشاشنى ئادەت قىلغان، نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ ... مۇنداق دېسەم، مۇئەللىملەردە خېرويىن چەككۇدەك پۇل يوق، دېيىشىڭلار مۇمكىن، دەرۋەقە شۇنداق، لېكىن بىزدىمۇ نى ـ نى بايلارنى سېتىۋالغۇدەك ئىگىلىكى ۋە پۇلى بار مۇئەللىملەر بار، يامان يېرى ئۇلاردا پۇللا ئەمەس، يەنە ئەقلىمۇ بار! مەن يېقىندىن بېرى «تۆگە ئۇستىدە

ئولتۇرۇپ تۆگە ئىزدەۋاتقان» مىللىتىمىزنى توغرا يولغا باشلاشنىڭ يوللىرى ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. مىللەتنى تىللاش ئاقىلانىلىك ئەمەس. بىز 1988 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن ماقالىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغاندىمۇ ساق يىگىرمە يىل ئەتراپىدا مىللەتنىڭ يېغىرىنى ئاچتۇق، بۇ يولدا نۇرغۇن ئۆلىمالار قەلەم تەۋرەتتى، مەخسۇس كىتابلار يېزىلدى، مەنمۇ بىرنەچچە پارچە ماقالە يازغان بولدۇم، لېكىن نېمىگە ئېرىشتۇق؟ ھېچنېمىگە ! يېغىرىمىزنى تاتىلىغانسېرى قانىدى، شەلۋەرىدى، مىزىنى باسسا، تېزى چىقتى، كونا ئىللەتلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى ئىللەتلەر باش كۆتۈردى ... ئەمەلىيەت بۇنىڭ بەك ئۈنۈملۈك يول ئەمەسلىكىنى، يول كۆرسىتىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى پاكىتلىق ئىسپاتلىدى. بىز يەنە ئاجىز ئەقلىمىزنى شۇنداق ئۈنۈمسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ ئۆتىمۇەرسەك بولمايدۇ. بىز قۇرۇق گەپكە ئەمەس، ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان يولغا موھتاج ! بۇ يول قايسى؟ بايا مەن بۇ ھەقتە قايتا ـ قايتا توختالدىم، ئۇ يول دەل بىلىم يولى ! ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ بايلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەش، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش؛ بىر ـ بىرىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى تېپىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھەرقانداق ئۇرۇنۇش بىزنى تۇيۇق يولدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ، ھەقىقىي گۈللىنىش پۇرستى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ !

سىنىپتا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. دەرۋەقە مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرى ھەق گەپلەر ئىدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئالدىن ئويلىنىدىغان، مۇلاھىزە قىلىدىغان ۋە ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق

رىئاللاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىدى.
— مەن سىنىپىمىزدا كىتاب ئوقۇش ھەققىدە بىر تۈزۈم بېكىتمەكچى، — دېدى مۇئەللىم نۇتقىغا قايتۇرغان ئىنكاسىمىزدىن ھاردۇقى چىققاندەك كەيپىياتتا، — بۈگۈندىن باشلاپ سىنىپىمىزدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر مەۋسۇمدا ئەڭ كەم بولغاندا ئون پارچە كىتاب ئوقۇپ خاتىرە يېزىشى لازىم. خەنزۇ تىلىدىكى كىتابلار بولسا تېخىمۇ ياخشى، مەۋسۇم ئاخىرىدا كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ نەتىجىسىنى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تەسىر قىلدۇرىمەن !
بالىلار جىم بولۇپ قالدى.
— كىتابنىڭ ژانىرى چەكلەنمەيدۇ، مەن بىر تىزىملىك تۈزۈپ قويدۇم، ئەتە بەختىگۈل ھەممىڭلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. تىزىملىك تۈزۈپ بەرگىنىم ھەرگىزمۇ تىزىملىكتىكى كىتابلارنىلا ئوقۇڭلار، دېگىنىم ئەمەس. ساۋاقداشلار تىزىملىكتىن پايدىلانسا بولىدۇ، تاللاش ھەركىمنىڭ ئىختىيارى ۋە قىزىقىشى بويىچە بولىدۇ. شەرت: سانغىمۇ، سۈپەتكىمۇ كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم ! قانداق، دېگىنىمدەك قىلىشقا كۈزۈڭلار يېتەمدۇ؟
بالىلاردىن سادا چىقمىدى.
— دېمىڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ قىلالامسىلەر، قىلالامسىلەر؟ قىلالمىساڭلار ھازىرنىڭ ئۆزىدە گېپىمنى قايتۇرۇۋالىمەن !
— قىلالايمىز ! — بالىلار تەڭ ۋارقىراشتى.
— يەنە بىر قېتىم دەڭلار، قۇلىقىم سەل ئېغىر، تازا ئاڭلىمىدىم.
— قىلالايمىز !
— ئەمىسە كېلىشتۇق.
بالىلار توپ مۇسابىقىسىدە ئۇتقان ئەزىمەتلەردەك خۇشال كەيپىياتتا بىر - بىرىگە بېقىشتى.

## 6

مېنىڭ ئوقۇماسلىقىقا، ئوقۇغاندىمۇ راۋرۇس ئوقۇماسلىقىقا باھانەم قالمىغانىدى. ئوقۇش ۋە تۇرمۇش پۇلۇم ھەل بولغان، «ئېھتىياتسىزلىقتىن تەتۈر خاتىرىلىنىپ قالغان نومۇرۇم» مۇ ئۆچۈرۈلۈپ ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىش يولىدىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلانغان، دادامنىڭ تۇرمۇشىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولغان، مەردان ماڭا ھامان كۆلۈپ باققان، كامىلە بىلەن ئىدرىس، گۈزەلنۇرلار قەدەمدە بىر يوقلاپ ئوتتۇمدا كۆيۈپ، سۆيۈمدە ئاققان ... ئىشقىلىپ، ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشكەنىدى. مەكتەپتىكى كۆپ سانلىق باللارغا ئوخشاش بارلىق غەملەردىن تولۇق ساقىت بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلانغانىدىم. خۇشلۇقۇمغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى، خۇددى تۇنجى قېتىم چاقىرىقنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتىكىدەك ھەممىگە مۇھەببەتلىك نەزەردە قارايتتىم، جېنىم ئىچىمگە پاتمايتتى، تۇرۇپلا ۋارقىراپ ناخشا توۋلىغۇم، تۇرۇپلا ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلەتتى.

— ياخشى ئوقۇغىن، بەختىگۈل، — دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە، — بەخت ساڭا كۈلۈپ باقتى. مۇشۇنداق چاغدا ئۆگەنمەي قانداق چاغدا ئۆگىنىسەن؟

لېكىن، بۇ خىل تۇيغۇ بەك ئۇزۇن داۋاملىشالمايتتى. خۇشاللىقىم تازا ئەۋجىگە چىققان ئاشۇ مىنۇتلاردا تۇرۇپلا ئانام ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى - دە، بىردىنلا روھىم چۈشۈپ جىمىغۇر بولۇپ قالاتتىم.

ئۆگىنىش پىلانىمغا قايتىدىن قاراپ چىقتىم، بەزى يەرلىرى تازا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەستەك بىلىنىدى، ئۆگىنىشكىلا بېرىلىپ دەم ئېلىشقا سەل قارىسام، ئاسانلا كېسەل چېقىۋالىدىكەن، ئۆتكەن مەۋسۇمدا بۇنى تونۇپ يەتكەنىدىم.

شۇڭا، ئۆگىنىش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دەم ئېلىشقىمۇ ۋاقىت ئاجراتتىم، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېزلا كۆرۈلدى. بۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ خۇش، مەردانمۇ، باشقا دوستلىرىممۇ خۇش ئىدى ... كۈنلەر ئالدىراشچىلىق ئىچىدە مەنىلىك ئۆتۈۋاتاتتى.

بۇ مەۋسۇمدا ياسىن مۇئەللىمگىمۇ دەرس تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، بىزگە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دىن دەرس ئۆتۈپ بەردى. مۇئەللىمنىڭ بىلىمى مول، نۇتقى راۋان بولغاچقا، ھەممىمىزنى دەرسكە باغلىۋالغانىدى. باللار ئەركىن مۇئەللىم بىلەن ياسىن مۇئەللىمنىڭ دەرسى بولۇپلا قالسا، ھەرقانداق جىددىي ئىشى بولسىمۇ رۇخسەت سورىمايتتى. ئۇلار دەرسنى بىر باشلىۋالسا، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالاتتۇق. مەن ياسىن مۇئەللىمنىڭ دەرسىدىنلا ئەمەس، ئىككى كۈندە بولسىمۇ بىر قېتىم كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرالايدىغانلىقىمىزدىن بەك مەمنۇن ئىدىم. بىز دەرس ئارىلىقىدىكى بىكار ۋاقتىمىزدا پاراڭلىشىپ ھارمايتتۇق، پارىڭىمىز نىمىشقىدۇر مۇئەللىم ئۆتۈۋاتقان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بولاتتى. مەن مۇئەللىمنىڭ ئەسەرلىرىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ سوئال سورايتتىم، مۇئەللىم جاۋاب بېرەتتى، بەزىدە پارىڭىمىز مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئۈستىگە كۆچەتتى. ئاڭغىچە دەم ئېلىشقا چىققان باللار مۇئەللىمنى چەمبەر شەكلىدە ئوراپ پارىڭىمىزغا قۇلاق سالاتتى، گەپ قىستۇرۇشاتتى. گەپ گەپنى تۇغۇپ پاراڭ غولداپ قالاتتى، شۇ تەرزدە دەم ئېلىش ۋاقتىنىڭ قانداق توشۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قالاتتۇق ...

نىمىشقىدۇر مۇشۇ كۈنلەردە زېھنىم ئېچىلىپ، قەلىمىم بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ژۇرناللاردىن خۇش خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ياسىن مۇئەللىم بەك خۇش ئىدى.

— «بورۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، بەختىگۈلنىڭ يازمىلىرى بىر ـ بىرىدىن سەرخىل چىقىۋاتىدۇ، سانىمۇ كۆپ، سۈپىتىمۇ يۇقىرى، پىكىر چوڭقۇر، ئۇسلۇبىمۇ يېڭى. بىز بىر ئەۋلاد يازغۇچىلار، شەخسەن مەن ئىجادىيەت ماھارىتى جەھەتتە بەختىگۈلنى ئۇلگە قىلىدىغان، ئىجادىيىتىمىزگە قايتىدىن قاراپ چىقىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان رومانىم قايتا بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنكاسلار ھەر خىل، داغدۇغىسىمۇ ئالدىنقى رومانغا يەتمىدى. زامان ئۆزگىرىپتۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش زور ئىكەن، شۇڭا سازنى ئاتام ئېيتقان بايىقى پەدىگە چېلىۋەرسەك دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغۇدەكمىز ...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، مۇئەللىم؟ — مەن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتىم، لېكىن ئىچىمدە مۇئەللىمنىڭ باھاسىدىن خۇش ئىدىم، سەۋەبى ياسىن مۇئەللىم سەممىي ئادەم ئىدى، قەغەز ئايروپىلاندا ئادەم ئۇچۇرىدىغان ئىشنى زىنھار قىلمايتتى، — مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەرىبىر ئوقۇغۇچى! ئوقۇغۇچىنىڭ پارتىسىدىن مۇئەللىمنىڭ مۇنبىرى بەرىبىر ئېگىز. مەن سىزچىلىك يازغۇچى بولالىسام ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان سانايمەن!

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ، باللار؟ — دېدى مۇئەللىم ئەتراپىمىزنى غاز قانىتىدەك ئورىۋالغان باللارغا قاراپ، — بەختىگۈلنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئەسەرلىرىگە يېزىلغان ئوبزورلارنى كۆرۈۋاتىدىغانسىلەر؟

— كۆرۈۋاتىمىز!

— مانا ئەمەسمۇ؟

... ...

مەردان بىلەن ياسىن مۇئەللىمنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى، ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئايالى مېھرىبان ئاچىنىڭمۇ مىجەزى

ئوڭلۇق بولۇپ، ھەپتە ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋە ھېيت ـ بايراملاردا ئۆيگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىڭلار دەپ تېلېفون قىلاتتى. مەن بەزىدە مەردان بىلەن، بەزىدە كامىلە، گۈزەلنۇرلار بىلەن بىللە بېرىپ، كىر يۇيۇش، دېرىزە سۈرتۈش دېگەندەك پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ تاماق ئېتىپ يەيتتۇق. مېھرىبان ئاچىنىڭ مىجەزى ئوچۇق ئىدى، قىزىق گەپلىرى بىلەن بىزنى زېرىكتۈرمەيتتى. بۇ چاغدا ياسىن مۇئەللىم كۈتۈپخانىسىدا يېزىقچىلىق قىلاتتى ...

نېمىشقىدۇر ھېلىقى ئۇچرىشىشتىن بېرى سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغانىدى، ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ كارىدورىدا دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى.

— ياسىن مۇئەللىمنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭلار؟ — دەپ قوياتتى مۇئەللىم قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ، — ئۇ ئۆيىدە بار، بايا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلغان ...

ئۇنى كۆرگەندە مەن باشقا ياقىغا قارىۋالاتتىم. راست گەپنى قىلسام، بۇ قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىنىڭ خۇنۇك چىرايىغا قارىغۇمۇ يوق ئىدى.

— بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كىرىپ قويمامسىلەر؟ — دەيتتى سۇلايمان مۇئەللىم دادىسىدىن ھېيتلىق تەلەپ قىلىۋاتقان بالىدەك ئۆمىلۈپ، — بويتاق مۇئەللىملەرنىڭ غېرىب كۆلبىسىگە ئاياغ بېسىپ قويساڭلار ئالەمچە خۇش بولاتتىم.

— رەھمەت، مۇئەللىم، — دەيتتى كامىلە چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتۈپ، — ئوقۇش پۈتكۈزگىلى خېلى بار تېخى، بىز مەخسۇس كېلىپ سىلىنى يەتكۈچە ئاۋارە قىلىۋالىمىز.

— قولۇم كۆكسۈمدە!

بىز سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئاستا ـ ئاستا ئىككىنچى قەۋەتكە سىلجىيتتۇق.

بىر ئىشتىن ھەيران ئىدىم: نېمىشقىدۇر ھەر قېتىم ياسىن

مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمىزدە سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتۇق.

— بۇيتاق مۇئەللىملەرنىڭ غېرىب كۆلبىسى دەپ كەتكىنىنى سەت ئوغرىنىڭ، — دېدى بىر قېتىم كامىلە سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا، — ئۆيىدىن قىزلار ئۆكسۈمەيدۇ، يەنە غېرىب كۆلبەم دەپ ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ — مەن ئەجەبلىنىپ ئەتراپقا قاراپ قويدۇم.

— سەن بىلمەمسەن يا بىلسەڭمۇ بىلمەسكە سېلىپ بىزنى كولدۇرلىتىۋاتامسەن؟

— نېمىنى؟

— سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن ئىپارگۈلنىڭ ئىشىنىچۇ؟ ئۇ خېنىم كۈندە مۇشۇ ئۆيدە!

— توۋا دېگىنە.

— توغرا دەيسەن، توۋا دەيدىغان گەپ ئىدى بۇ ئۆزى!

مەن جىم بولۇپ قالدىم، ئاڭغىچە ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ مېھرىبان ئاچامنىڭ ئىللىق چىرايى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.

## 7

كونىلارنىڭ «خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوشكېزەك» دېگىنى راست ئىكەن، خاپىلىقمۇ قوش كەلگىنىدەك، خۇشاللىقمۇ قوش كېلىدىكەن.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلى مېنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىم چېچەك ئاچقان ئەڭ ھوسۇللۇق يىلىم بولدى. مەن ئارقا ـ ئارقىدىن قول سوزۇپ كېلىۋاتقان ئامەت ۋە شان ـ شەرەپلەر ئالدىدا ئوبدانلا مەڭدەپ قالدىم: يىل بېشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر

ئوقۇغۇچى» بولۇپ تاللىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ يىغىن ـ ئېكسكۇرسىيەگە قاتنىشىپ كەلدىم. بۇ خۇشاللىقىمنى سىغدۇرالماي تۇرسام، يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ھېكايەمنىڭ «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. تېلېفون ئالغان خانىمنىڭ دېيىشىچە، بىزنىڭ مەكتەپتىن يەنە ياسىن مۇئەللىمنىڭمۇ بىر پارچە پوۋېستى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئىككىمىز 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باي ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇكاپاتلاش يىغىنىغا بىللە قاتنىشىدىكەنمىز. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم ...

ئىشقىلىپ، ئەقىدە ـ ئىخلاسىمغا يارىشا ياخشى خەۋەرلەر كۆپ ئىدى، خەلىچىخان مۇئەللىم دېگەندەك بەختىم ئېچىلغاندەك قىلاتتى.

شان ـ شەرەپلەرگە قوشۇلۇپ، ئىجتىمائىي ۋەزىپىلىرىممۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى: سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى، «ئۈمىد» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ... قىلىدىغان ئىشلىرىم چېچىمدىن تولا ئىدى، ھەممىسى قول تۇتىدىغان ئىشلار ئىدى، لېكىن قىلمىسام بولمايتتى. نۇرغۇن شان ـ شەرەپلەرنى ئاتا قىلغان ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە مەكتەپ ماڭا ئىشىنىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋاتسا، يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ باش تارتسام، ئادەمگەرچىلىككىمۇ، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىمگىمۇ ماس كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۆگىنىش پىلانىمنى تەكشەپ ھەممىگە يېتىشىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. مەن بۇ جەرياندا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئادەم ئىش قىلغانغا ھېچنېمە بولۇپ قالمايدىكەن، ئەكسىچە يۈزى يورۇق ۋە نۇرلۇق، تىلى ئۇزۇن، گېپى سېمىز بولىدىكەن. كونىلارنىڭ «جاپانىڭ تېگى ئالتۇن» دېگىنى مۇشۇنىڭغا قاراپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. مەن بىردىنلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. مەن بىلىمەن، «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ كاتتا مۇكاپات، ئۇنى ئالالماي چېچىغا ئاق كىرگەن مويسىپىتلارمۇ ئاز ئەمەس! هازىرغىچە بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولالمىغان بەزى يازغۇچىلارنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئەسەرلىرى ئالدىدا مېنىڭ ئېلان قىلغان ئون بەش پارچە هېكايەم هېچنېمە ئەمەس. ئېنىقكى بۇ يىغىنغا زامانىمىزدىكى ئۇستاز يازغۇچى ـ شائىرلار، داڭلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەهبەرلىرىمۇ قاتنىشىدۇ، (ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولغان، بۇنى مەن ژۇرناللارغا بەرگەن خەۋەرلەردىن كۆرگەن.) مۇنداق بۈيۈك كىشىلەر ئالدىدا مۇكاپات سەهنىسىگە چىقىپ ئەدەبىيات ساهەسىدىكى ئەڭ ئالىي شەرەپكە قول سوزۇش ...

مەندىكى بۇ ئەندىشىنى مەردان سېزىپ ئۈلگۈرگەندى.

— مۇكاپات ئالىدىغانغا ئاز قالغانسېرى جىمىغۇرلىشىپ كېتىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا قۇم تىققاندەك چىڭقىلىپ كەتكەن كۆزلىرىمگە قاراپ قويۇپ، — مەن ئورنىڭىزدا بولغان بولسام هەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم.

— قانداق قىلاتتىڭىز؟

— «قىزىل كالا» ئىچكەندەك روهلىنىپ، تايچاقتەك شوخلىشىپ كېتەتتىم.

— يەنىچۇ؟

— مەكتەپنىڭ رادىيو كانىيىدا مۇكاپات ئالغىنىمنى هەممىگە جاكارلايتتىم.

— يەنىچۇ؟

ئۇچرىغانلا ئادەمگە تەكلىپنامىنى كۆرسىتىپ، ئۆزۈمنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتىم.

مەن كۇلۇپ سالدىم.

— خۇدايىم شۇڭا ئېشەككە مۇڭگۈز بەرمىگەن.

— مەن ئېشەكما؟

— كىم سىزنى ئېشەك دېدى؟

— مەن ئېشەك بولسام سىزچۇ؟

بىز بىرھازا چېقىشتۇق.

... ...

ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنى مەردان مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئايرىمخانىلىق ئاشپۇزۇلدا ئۇزىتىش چېيى بەردى. چايغا ئىدرىس، كامىلە، گۈزەلنۇر ۋە مەرداننىڭ قومۇللۇق دوستلىرىدىن ئاقىل بىلەن ياقۇپلار كەلگەنىدى. تۇرسۇنگۈل تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ كەلمىدى، بىر ھېسابتا ئۇنىڭ كەلمىگىنىمۇ ئوبدان بولغانىدى. پەرىزىمچە تۇرسۇنگۈل مەرداننى ياخشى كۆرەتتى، مەردان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئۆزىچە بىزدىن ئۆزىنى تارتقانىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى ئىسپارگۈل بىلەن بىللە ئىدى، نەگىلا بارسا ئايرىلمايتتى.

— بۈگۈنكى سورۇنىمىزنىڭ مەقسىتى، بەختىگۈلنى قۇتلۇقلاش ۋە سەپەرگە ئۇزىتىش، — دېدى مەردان پەخىرلىك تۇيغۇدا، — بەختىگۈل بىزنىڭ پەخرىمىز بولۇپلا قالماي، فاكۇلتېتىمىزدىكى تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭمۇ پەخرى، ئۆگىنىش ئۈلگىسى، — مەردان بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان رومكىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ يېنىك تىن ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى، — پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخرى دېسەكمۇ بولىدۇ بۇ كۆز مونچاقنى!

— بۇ، بۇ ... — مەن قوقاسقا دەسسىۋالغان ئادەمدەك بىئارامچىلىق ئىچىدە ئولتۇرغانلارغا ئۇمتىلۇپ قاراپ قويدۇم، — بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مەن بىر مۇكاپات بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخرى بولۇپ قالسام، بويى بىلەن تەڭ كىتاب

يازغانلار نېمىگە ھېساب؟

— ئىشقىلىپ، بەختىگۈلنىڭ بەختىدىن مەن بەك خۇشال، دوستلارمۇ خۇشال، — مەردان خىيالىدا يوق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەختىگۈلنىڭ خۇشاللىقى ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ خۇشاللىقىمىز. مەن بەختىگۈلنىڭ تېخىمۇ زور شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن، قېنى خۇش !

ئىدرىس، ئاقىل، ياقۇپلار قولىغا رومكىنى ئالدى، قالغانلار چاينى ئالدۇق.

— قېنى خۇشە !

— خۇشە !

يىگىتلەر رومكىلىرىنى بىكارلاشتى، قىزلار چايدىن ئوتلاشتۇق. مەردان بىكارلانغان رومكىلارنى يەنە تولدۇردى.

— قېنى ئىسسىقىدا تاماقتا باقايلى مېھمانلار، باشقا بۇيرۇتمىلار ئاستا ـ ئاستا چىقىدۇ.

مەردان يەنە بەتخەجلىك قىلغانىدى، ھېلىمۇ شىرەدە لىق تاماق، يەنە چىقسا نەگە پاتىدۇ؟ بىز دېگەن ئوقۇغۇچى، ئىسراپچىلىق، چوڭچىلىق قىلىشنى بىزگە كىم قويۇپتۇ؟ مەن ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم ـ يۇ، كامىلەنىڭ «جىم» دېگەن مەنىدىكى چىراي ئىپادىسىگە قاراپ بوغۇزۇمغا كېلىپ قالغان گەپىنى يۇتۇۋەتتىم. بەلكىم ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ، كۆڭلىنى سورۇننىڭ مول نېمەتلىرى بىلەن ئىپادىلىگۈسى كەلگەندۇ. لېكىن، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بۇ خىل ئاساسسىز ئاقلاشلارغا نارازى ئىدى.

بۇ مەرداننىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى ئىدى، تاماق يېگىلى چىقساقلا ھە دېگەندە تىزىملىكنى قولىغا ئېلىۋېلىپ مۇشۇنداق چوڭچىلىق قىلاتتى ...

ھەممەيلەن بەس ـ بەستە قولىغا رومكا ـ چايلارنى ئېلىپ ماڭا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشتى، مەنمۇ جاۋابەن سۆز قىلىپ رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم.

— بۈنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سىلەر مۇشۇ ئايرىمخانىدا مېنى كۈتۈۋالغانىدىڭلار، — دېدىم مەن كىچىك بالىدەك ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇرغان دوستلىرىمغا قاراپ، — مەن ئالىي مەكتەپكە قەدەم ئالغان تۇنجى كۈنى شۇنچە كۆپ ساۋاقداشلىرىمنىڭ دوستلۇق قولىنى سوزۇپ ئىززىتىمنى قىلغىنىدىن بەك خۇش بولغانىدىم. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مېنى يەنە شان ـ شەرەپ سەھنىسىگە ئۈزىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، — مەن بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم، نېمىشقىدۇر كۆزلىرىمدە ياش لىغىلدايتتى، — ئالىي مەكتەپ ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى — بىلىم، دوستلۇق، شان ـ شەرەپ، ھەسرەت ـ نادامەت، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى ... دېگەندەك. بۇلار ئىچىدە مېنى ئەڭ خۇش قىلىدىغىنى يەنىلا سىلەر بىلەن بولغان دوستلۇقۇم! شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئەگەر سىلەر ۋە سىلەرنىڭ سەمىمىي ياردىمىڭلار بولمىغان بولسا، مەن مۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشالمىغان بولاتتىم. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئازادە ئايرىمخانىدا ئەمەس، بەلكى ھاسا دۆڭنىڭ شىۋاقلىقىدا ھاشار چاپقان ياكى قۇرۇق ئىسسىقتا ياغلىقىمنى زاڭاقچىلاپ چىگىپ، ساياق بېشىمنىڭ ئۈستىدە قېتىپ قالغان كۈنگە پات ـ پات قاراپ قويغىنىمچە موندەك تەرگەن بولاتتىم. ئىشقىلىپ، كۈنلىرىم جاپا، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە مەنىسىز ئۆتكەن بولاتتى. شۇڭا، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەممىڭلارغا، بولۇپمۇ مەردانغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن!

بالىلار جىم بولۇپ قېلىشتى.

— مەن سىلەرگە قەرزدار، — دېدىم بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى ئاران توختىتىپ، — مەن سىلەردەك دوستلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن، دوستلۇقىمىزنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

— بىز ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قەرزدار، — كاملە

ئورنىدىن تۇردى، — سەۋەبى بىز جانجىگەر دوستلاردىن، يەنە كېلىپ ھېچقانداق غەرەز ئارىلاشمىغان شەخسىيەتسىز دوستلاردىنمىز ! بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، شەخسىي سىرلىرىغا ئارىلاشماسلىق، سەممىمي - ساداقەتمەن بولۇش، كۆلكىسىگە تەڭ كۈلۈپ، يىغىسىغا تەڭ يىغلاش — ھەقىقىي دوستلارنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى ! بىزمۇ سېنىڭدەك دوستىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز ! — كاملە مۇرەمنى بوش تۇتۇپ قويدى، — بۇگۈن كۆز يېشى قىلىدىغان كۈن ئەمەس، بەلكى نەتىجىلىرىڭگە، شان - شەرىپىڭگە ئالقىش ياڭرىتىدىغان، سېنى مۇنبەرگە چىقارغان جاپاكەش ئۇستازلارغا، خالىس مۇھەررىرلەرگە ھەشقاللا ئېيتىدىغان، خۇشال بولىدىغان كۈن ! قېنى دوستلار، بەختىگۈلنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، دوستلۇقىمىزنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى !

— خۇشە !

— خۇشە !

— ياشاپ كېتىڭ، بەختىگۈل !

— قەلىمىڭىز تېخىمۇ بەرىكەتلىك بولسۇن !

— تېخىمۇ زور شان - شەرەپلەر سىزگە يار بولسۇن !

... ...

سورۇن كەچ سائەت ئالتىگىچە داۋاملاشتى ...

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ياسىن مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىز مەكتەپ ئاجرىتىپ بەرگەن كىچىك ماشىنىدا بايغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ھاۋا ئوچۇق. كۆپكۆك ئاسماندا مول ھوسۇل شادلىقىدىن نىشانە بېرىپ تۇرىدىغان پاختا دۆۋىسىدەك ئاقۇچ بۇلۇتلار سالماق ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. دېرىزىدىن كىرگەن يېنىك تاغ شامىلى چاچلىرىمىزنى سۆيۈپ ئەركىلىتەتتى. ماشىنا ئىچى ئازادە ھەم پاكىز بولۇپ، كىشىگە بىر خىل راھەت تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋۇتجان ئۇستامنىڭ پىلاستىنكىلىرى بىر ـ بىرىدىن ئېسىل بولۇپ، جۇشقۇن كۈيلەر ئەينەكتەك تەكشى يولدا كۆندۈرۈلگەن ئارغىماقتەك سىلىق كېتىۋاتقان ماشىنا رىتىمى بىلەن بىرىكىپ كىشى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. بىز چۈش ۋاقتى بىلەن ئاقسۇدا تاماقلىنىپ، ئۇيۇشۇپ قالغان پۇت ـ قوللىرىمىزنى سەل ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتۇق ھەمدە ھارغىن قۇياش ئۇياتچان قىزدەك قىزىرىپ تاغ قاپتاللىرىغا باش قويۇۋاتقان چاغدا بايغا يېتىپ كەلدۇق.

ماشىنىدىن چۈشۈشىمىزگە مېھمانخانا سەيناسىدا بىر ـ بىرى بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىۋاتقان يۇرت ئوغلانلىرى بىزگە قاراپ قول سوزۇپ كېلىشتى. مەن يازغۇچىلارغا ئائىت تەرجىمىھال ۋە سۈرەتلەرنى يىغىشقا ھېرىسمەن ئىدىم، توردىن چۈشۈرۈپ ساقلىۋالغان سۈرەتلىرىمۇ مىڭ پارچىدىن ئاشاتتى، شۇڭا كۆپ سانلىق ساھىبقىرانلارنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم: غازى ئەھمەد، ئازات سۇلتان، ھاجى ئەھمەد، ئارسلان ئابدۇللا، ئەخەت تۇردى، ئەخەت ھاشىم، ۋاھىتجان غوپۇر، ياسىن زىلال، ئەختەم ئۆمەر، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، مەتسېلىم مەتقاسىم، ئايمۇھەممەد ساھىبى، ۋاھىتجان ئوسمان، تۇرغۇن يىلتىز ... بىلىشىمچە، بۇ ئەزىزلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ غول ئومۇرتقىلىرى، ئىچ ئاتلىرى، پاراۋۇزلىرى ئىدى. ئۇلار ياسىن مۇئەللىم بىلەن كونا تونۇش ـ ئاغىنىلەردىن بولسا كېرەك، ھەممىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، مېنى تېخىمۇ خۇش قىلغىنى، ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈشتە ياسىن مۇئەللىم بۇ ئەزىزلەرگە مېنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى ... ئەزىزلەر بىلەن ساق ـ سالامەت دىدارلاشتۇق، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇق، مەن زۇلپىيە كۆلتىگىن خانىم بىلەن بىر ياتاققا ئورۇنلاشقانىدىم. زۇلپىيە خانىم ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىر، ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى ھاجى ئەھمەد ئاكىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىم دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ئىككىمىز كونا

تونۇشـلاردەك قۇچاقلـىشىپ كـۆرۈشتۇق ... كەچـتە يازغـۇچـى ـ شائىـرلارنىڭ شـەرىـپىگـە زىـياپەت بـېـرىلدى. زىـياپەتتـە مـەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى ناخشا، ئىتۇتلىرىغا ھېرىسمەن بولۇپ كـەلـگەن ئاتاقـلىق ئارتىسلاردىـن ئـادىل مىجىت، ئـابدۇلـلا ئابدۇرېھىم، نـىجات نـىيازلار بىلـەن بىر شـىـرەدە ئولتۇردۇم. بـۇ ئەزىزلـەر سەھنىدە گەپچى بولغىنى بىلەن سورۇندا بەك كەم سۆز ئىكەن، باشقا شىرەدىكىلەرنىڭ «ئويۇنى»غا قاراپ ئۇن ـ تىنىسىز ئولـتۇرۇشتى. مـېنىڭ مـۇنداق چوڭ سورۇنـنى تۇنـجى قېتـىم كۆرۈشۈم بولـغاچقا، ئـارتۇقچە گـەپ ـ سۆز قىلـمىدىم. سورۇن ئاخىرلىشاي دېگەندە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلـى، ياش يازغۇچى تۇرسۇنجان ئاكا يېنىمغا كېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— خۇش خەۋەر، ئەتىكى چوڭ يىغىنـدا سىز مۇكـاپاتلانغـان ئاپتورلارغا ۋاكالـىتەن سۆزلەيدىغان بولدىڭىـز، پۇختا تـەييارلـىق قىلىڭ، — دېدى.

— مەن ... — جىددىيلىشىپ ئـورنـۇمدىن تـۇرۇپ كەتتىم، — مۇمكىن بولسا باشقىلار سۆزلىگەن بولسا، مېنىڭ ئاۋازىم ...

تۇرسۇنجان ئاكا كۈلۈپ سالدى:

— سىز ناخشا ئېيتمايسىز، نۇتۇق سۆزلەيسىز ! شۇنچە كاتتا يازغۇچىلار ئارىسىدىن ئاپتورلارغا ۋاكالـىتەن نۇتۇق سۆزلەشكە سىزنىڭ تاللانغانلىقىڭىز كاتتا شان ـ شەرەپ، شۇنداقلا بىزنىڭ ژۇرنالىمىزنىڭمۇ شان ـ شەرىپى، تاڭ ئاتقۇچە يەنە سەككىز سائەتتەك ۋاقىت بار، تەييارلىق قىلىپ ئۈلگۈرەلەيسىز !

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

كەيپىياتىم بۇزۇلدى، سورۇندىكى گەپ ـ سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرىدىغاندەك قىلمايتتى، شۇڭا ياسىن مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ ياتاققا چىقىپ كەتتىم ...

چوڭ يىغىن ناھىيەلىك تىياتىرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، نۇتۇق ئارگىنالىنى تەييارلىۋالغان بولسامىمۇ يەنىلا يۈرىكىم

توختىماي سىلىپلا تۇراتتى. كۆز ئالدىمدىكى ھەشەمەتلەر ئىدراكىمدىن يىراقتا ئىدى، قۇلىقىمغا گەپمۇ كىرمەيتتى، خۇددى چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك لەيلەپلا يۈرەتتىم ... يىغىن باشلاندى، رەھبەرلەر بىر ـ بىرلەپ سۆزگە چىقىشتى، تاقىتىم تاق، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتىم. بىر چاغدا مىكروفوندا مېنىڭ ئىسمىم ئېلان قىلىندى، مەن جىددىيلىشىپ يېنىمدىكىلەرگە قارىدىم، يېنىمدىكىلەرمۇ ماڭا قاراشتى.

— سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى كەينىمدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان تۇرسۇنجان ئاكا پەس ئاۋازدا، — تېزرەك بولۇڭ!

مەن رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدىم. تېلېكامىرالار ماڭا توغرىلانغانىدى. مەن بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى سەل تەڭشەپ مۇنبەرگە قويۇلغان مىكروفونغا يېقىنلاشتىم.

— ئەسسالام، باي، ئەسسالام، موللا مۇسا سايرامى، نىمشېھىت داموللامدەك ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزنى تۇغۇپ مەنىۋىيىتىمىزگە تۇۋرۇك قىلغان سۆيۈملۈك ئانا يۇرت! ئەسسالام تۈگىمەس بايلىقلىرى بىلەن قەشقەردىن كورلىغىچە بولغان نەچچە مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق بىپايان زېمىندىكى جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ قارنىنى قايىنتىپ، خېمىنى پىششىق، قىشنى ياز، كۆڭۈللىرىنى باھار قىلغان ھاتەم كەبى سېخىي يۇرت! ئەسسالام، قان قېرىنداشلار، ئەسسالام، قەلەمداش ـ تەقدىرداشلار، ئوتلۇق يۈرەكلەردىن سىلەرگە سالام ۋە ئالىي ئېھتىرام!

مەن ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ سالام بەردىم. زال ئىچىدىن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. چاۋاك بېسىققۇچە مەن سەل ئۆزۈمنى تەڭشىۋالدىم.

— مەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى ـ شائىرلار، سەنئەتكارلارنىڭ سەرخىللىرى جەم بولغان بۇ كاتتا سورۇندا مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارغا ۋاكالىتەن سۆز

قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن. مەن ئالدى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارغا ۋاكالىتەن، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ ئەھمىيەتلىك يىغىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە بۇ يىغىننىڭ ساھىبخانى بولمىش «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىغا؛ كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ئىللىق باغرىدىن جاي ھازىرلاپ، ئۇلارنى ئۆزئارا دىدارلىشىش، سىردىشىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان باي ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە، مېھماندوست باي خەلقىگە سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن!

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت بايلىقى، مىللىي روھنىڭ تۈۋرۈكى، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنىڭ غول ئومۇرتقىسى، قورۇ ـ تامسىز، سىنىپ ـ مەيدانسىز مەكتىپى، ئەجدادلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ۋە ھايات تەجرىبىلىرىنى ئەۋلادلار قولىغا يەتكۈزگۈچى كۈچ ئۇلاش كالتىكى. ئەدىب ـ سەنئەتكارلار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىختىراچىلىرى، جاكارچىلىرى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى، خەلقنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى ئۇستازلىرى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام، سىجىل تەرەققىياتىدىكى رولى بەكمۇ چوڭ! ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت، دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتى تولىمۇ يۈكسەك ۋە ئېغىردۇر. ھالبۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ئۇ بىزدىن دەۋر رىتىمىنى، يۈزلىنىشىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ،

يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ۋە سەزگۈرلۈكىمىز بىلەن تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە دادىل يۈزلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسىدىكى ئۆزگىچە تۇرمۇش يولى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى توغرا، چوڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشىمىزنى؛ كىشىلەرنى توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشى بويىچە يېتەكلەپ، مەنىۋىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولالىغۇدەك سەرخىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ ...

مۇكاپات — مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت قوش مەنىگە ئىگە. بىز ئەسىرى مۇكاپاتلانغان ئاپتورلار ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدىن، مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇرسەن. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسەت ـ نىشانىمىز ئەمەس ! شان ـ شەرەپ ۋە نەتىجە ئۆتمۈشكە تەئەللۇق، مۇھىمى يەنىلا كەلگۈسى ! شەخسەن مەن بۇ قېتىملىق مۇكاپاتنى يازغانلىرىمغا ئەمەس، يازماقچى بولغانلىرىمغا، كەلگۈسىمگە بېرىلگەن شان ـ شەرەپ ۋە يول خېتى دەپ قارايمەن.

بىز بۇ قېتىمقى شان ـ شەرىپىمىزنى ئىجادىيىتىمىزنىڭ يەنە بىر قېتىملىق كۈچىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆگىنىشنى، ئىزدىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ شۆھرىتىگە تېخىمۇ مۇناسىپ كېلىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئۇستازلارنىڭ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش يولىدا تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

ھەممەيلەنگە سالامەتلىك ۋە ساغلام ئەقىل بىر ئۆمۈر يار بولغاي !

نۇتقۇمنى تۈگىتىپ پەستىكىلەرگە ئېگىلىپ سالام قىلدىم، زالدىن يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ئالقىشساداسى كۆتۈرۈلدى، مەن زەن سېلىپ قارىدىم، ئارقا تەرەپتە بىرنەچچە مويسىپىت ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ ...

# تۆتىنچى باب

## سەسكىنىش

### 1

مەردان بىر دېڭىز بولسا، مەن ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك باغرىدا ئەركىن ئۈزۈۋاتقان بېلىجان ئىدىم؛ مەردان بىر ساما بولسا، مەن ئۇنىڭ بىپايان قەرىدە ئەركىن قانات قېقىۋاتقان قۇش ئىدىم. يېتىرقاش، قىسمەت ۋە مۇھەببەتتىن سىن ئالغان ئۈچ يىللىق ئىزدىنىش مۇساپىسى بىزنى بىر جان، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆزىمىزنى قەلبداش، تەقدىرداش ئاشىق ـ مەشۇقلار قاتارىدا سانايتتۇق. مۇھەببىتىمىز ئانا سۈتىدەك پاكىز ۋە بىغۇبار، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، تەكىنىڭ ئۇستىدە قىزىرىپ پىشقان ئۈزۈمدەك شىرىنلىك ئىدى. بەلكىم تەقدىر قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر كۆرۈپلا كۆڭلى باغلانغان، چاكىنا مەقسەت ـ مۇددىئالاردىن خالىي، ھايا ۋە سەمىمىيەتتىن ئوزۇق ئالغان چىن مۇھەببەت شۇنداق مەنىلىك بولسا كېرەك. شۇ ۋەجىدىن مەن بەك خۇشال ئىدىم، ئەجىر قىلغان، ھۆرمەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، پۈچۈق كۆڭلۈمنى پۈتۈن قىلغان تەقدىرىمدىن بەك رازى ئىدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمگە ھەۋىسىم كېلىپ قالاتتى.

مەردانىنىڭ جەمئىيەت تەكشۈرۈش پىراكتىكىسىغا چىقىپ كەتكىنىگە ئىككى ھەپتە بولغانىدى. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەن ئۈچ يىلدىن بېرى مۇنچە ئۇزاق ئايرىلىپ باقمىغانىدۇق. ئۈچ يىلدىن

بېرى ئۇ خۇددى مېنىڭ سايەمدەك ماڭا ئەگىشىپلا يۈرگەنىدى. دەردىمگە دەرمان، يېقىلغاندا يۆلەك، خۇشاللىقىمغا جور بولۇپ تاۋىمنى چەكتۈرمىگەن، يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمىغانىدى. مانا ئۇ پىراكتىكىغا مېڭىۋىدى، ھەممە ئۆزگەردى: سۇدىن ئايرىلغان بېلىقجاندەك، قەپەسكە سولانغان قۇشتەك تېپىرلاپلا قالدىم. جىسمىم مىدىرلاپ تۇرغىنى بىلەن روھىم قۇپقۇرۇق. كۆزۈم ۋە قۇلىقىم مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدا بولغىنى بىلەن كۆڭلۈم تالادا، خۇددى مۇھىم بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك تىتىلداپلا يۈرىمەن. تىلىم زۇۋانسىز، ئەڭ چىرايلىق گەپلەرمۇ قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ، دىلىم ئۇلۇغ ئۇستاز نەۋايىنىڭ مۇنۇ مىسراسىنى تىنىمسىز زىكرى قىلىدۇ:

ھەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئىمىش، مۇندىن سولۇڭ، ئەي، گەردۇن، مېنى،
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا، قىلغۇنچە جاناندىن جۇدا.

(جۇدالىق ئۆلۈمدىن يامان ئىكەن، ئەي پەلەك، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى جاناندىن جۇدا قىلغۇچە، جاندىن جۇدا قىل.)

ماڭا ئايان، بۇ مىسرالار ئاشىقىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان جانانغا قارىتىلىپ يېزىلغان بولۇپ، «مەن»نىڭ قەلب جاراھىتى ئالدىدا مېنىڭ ھىجران ئازابلىرىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي: مېنىڭ ھىجرانىم بىر مەزگىللىك جۇدالىقنى مەزمۇن قىلغان، بەختلىك يېرىم شۇكى، ئاشىقىم ھېلىھەم پۈتۈن جىسمى ۋە روھى بىلەن مېنىڭ ئىلكىمدە! ئۇ ئاز كۈن ئۆتمەي قۇياشنى خىجىل قىلغۇدەك خۇش چىرايى بىلەن كۆز ئالدىمدا زاھىر بولىدۇ ــ دە، مەزمۇت قوللىرىدىن تارىغان ئاتەش كەبى ھاراربتى ۋە شېرىن سۆيۈشلىرى بىلەن شىكەستىلەنگەن قەلبىمگە قايتىدىن جۇشقۇنلۇق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ. بۇنى ئويلىسام، يۈرىكىم سەل ئارام

تاپىدۇ، لېكىن ...

مەردانىنىڭ يولغا چىققىنىغا بۈگۈن ئون بەش كۈن بولدى. ماڭا بۇ ئون بەش كۈن ئون بەش يىلدەك، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۇزاقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ۋادەرىخ، ھىجران مىنۇتلىرى نېمىدېگەن ئۇزاق ۋە ئازابلىق ـ ھە؟! ماڭا ئايان، مەردان يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ، مەن ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە يەنە بىر يىل جۇدالىق مەزگىلى بار. ئون بەش كۈن ئايرىلىپ بۇ كۈننى كۆرۈۋاتسام، بىر يىللىق جۇدالىققا قانداقمۇ چىدارمەن؟ يۈرىكىم بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ بۇ خىيال كاللامغا كەلگەن ھامان پۈتۈن بەدىنىم كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك مۇزلاپ كەتتى.

مېنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، مەردان ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈشۈمگە ئۈلگۈرۈپ تېلېفون ئالاتتى. ئاۋاز بېرىم دىدار ئىكەن، گەرچە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىسەممۇ، ئاۋازىنى ئاڭلاش، پىراكتىكا مەزگىلىدىكى خۇشاللىقلىرىغا ئورتاقلىشىش ئارقىلىق شىكەستىلەنگەن دىلىمغا ئارام ۋە تەسەللى تاپاتتىم.

مۇشۇ كۈنلەردە مەردانىنىڭ تېلېفونى مېنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقىم بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا دەرستىن چۈشۈپلا كامىلەنىڭ تاماققا بىللە چىقىش تەكلىپىنى سىلىق رەت قىلىپ، كۇتۇپخانىنىڭ كەينىدىكى ئارچىزارلىققا قاراپ يول ئالدىم.

ئەتراپ جىمجىت، قولۇمدىكى يانفونغا پات ـ پات قاراپ قويىمەن، ۋۇجۇدۇم ئوت ـ ئاتەش، ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا غەلىيان قىلىدۇ.

كۈتۈش ... نېمىدېگەن ئازابلىق، نېمىدېگەن شېرىن! مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەردانمۇ مەندەك ھېسسىياتتا ئۆرتىنىۋاتىدىغانمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بالدۇرراق تېلېفون قىلسا بولمامدۇ؟

تۇرۇپلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. ئۇ قىلمىسا، مەن قىلسام بولىدۇغۇ؟ مەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ئىچكى تۇيغۇنىڭ

تۇرتكىسىدە تېلېفون كۇنۇپكىلىرىغا قول ئۇزارتتىم. دەل شۇ چاغدا تېلېفونۇم قىمىرلاپ يېنىك مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئالدىراش هالدا تېلېفوننى قۇلىقىمغا ئاپاردىم:

— ۋەي، مەردانما؟

مەردان قىزىقچى ئىدى، ئوتىمۇ، سۆيىمۇ بار ئىدى. هەر قېتىم تېلېفون ئالغاندا مېنى خۇش قىلىش بىلەن بىللە، قەستەن چىشىمغا تېگىپ قويىاتتى. ئۇ تېلېفوندا گەپ ئارىلاپ كېتىۋېتىپ «مېنى سېغىندىڭىزمۇ، كۆرگۈڭىز كەلدىمۇ؟» دەپ سورايتتى. «هەئە» دېسەم تۇرۇپلا جىم بولۇپ قالاتتى ـ دە، تولۇمدىن توقماق چىققاندەك «مەن سېغىنمىدىم، كۆرگۈمىمۇ كەلمىدى» دەپ تېنىمنى مۇزلىتىۋېتەتتى ۋە ئۇلاپلا راست گېپىنى قىلىپ چوكىمۇزدەك قېتىپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمنى سىمابتەك ئېرىتىۋېتەتتى. مەنمۇ ئۇنى دوراپ «سېغىنمىدىم، كۆرگۈمىمۇ كەلمىدى، ئاشۇ جىن تەگكەن سەهرادا مەڭگۇ قېلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن» دېسەم ئۇنىڭغىمۇ گېپى تەييار ئىدى.

تېلېفوندىن مەردانىنىڭ ئەمەس، باشقا بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن مەردان ئەمەس، تاهىر.

ئاتتىن يىقىلغاندەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم.

— مەردانىنى بەك سېغىنىپسىز ـ هە؟!

تاهىرنىڭ تەنىسى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. چىرايىمنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇراتتىم، نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، ئۈن ـ تىنسىز هالدا تاهىرنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتۈم.

— مەردانىنىڭ تېلېفونىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىسىز، شۇڭا گەپنى قىسقىلا قىلاي.

مەن ئۈندىمىدىم.

— كەچ سائەت ئالتىدە ئۇيۇشما ئەزالىرىغا 1108 ـ سىنىپتا يىغىن بار ئىكەن، ۋاقتىدا قاتنىشارسىز.

— ماقۇل.

تاھىر بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن يېنىك ئۇھ تارتقىنىچە تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەن ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك گاراڭ ھالەتتە تېلېفونغا قاراپ قويدۇم.

تاھىرنىڭ ئۇھ تارتىشى بىكار ئەمەس ئىدى، ئۇ بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىدىلا مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىغانىدى، مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يېقىنچىلىقلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ كەلگەنىدىم. سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي: بىر كۆڭۈلگە ئىككى ئادەم سىغمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپتىكى بىردىنبىر سىرداشىم، ئەڭ جاپالىق كۈنلەردە دەردىمگە دەرمان ئىزدىگەن قەلبداش دوستۇم گۈزەلنۇرنىڭ تاھىرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ماڭا سىر ئەمەس ئىدى. «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى» دېگەندەك، نېمىشقىدۇر گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭۈل ئىلتىجالىرىغا تاھىر پەرۋاسىز قاراپ كەلگەنىدى. مەن ئۇلارنى خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر، دەپ قارايتتىم. مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭ ئۆمۈر داستانىنى بىللە يېزىشىنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇلار ھەر ئىككىسى ئارتۇق ئىشى يوق پاكىز باللار ئىدى، مىجەزىمۇ كېلىشەتتى ... ئەپسۇس، بەختلىك ئادەمگە ھەممە ئادەم بەختلىك كۆرۈنسە كېرەك، مەن ئۆزۈم مۇھەببەتكە ئېرىشكەندە، دوستۇمنىڭ قەلب ساداسىغا قۇلاق سېلىشقا سەل قارايتىمەن. ماڭا ئايان، تاھىرنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ ھوقۇقى، ئۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىگەن ئەھۋالدا «گۈرۈچتىن بىخەۋەر سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭغا سوغۇق تېگىپ كۆڭلىنى سوۋۇتۇشقا ئۇرۇنۇش ئىنساندارچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ. لېكىن، بىر نۇقتا ئېنىق، ئۇ مېنىلا ئەمەس، گۈزەلنۇرنىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ھۆرمەت مۇھەببەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئاساسى! شۇلا بولىدىكەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببەت ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇش تامامەن مۇمكىنغۇ؟

تۇرۇپلا گۈزەلنۇرغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. كەم سۆز، ئىچ مىجەز بۇ دوستۇم ئۈچ يىلدىن بېرى مۇھەببىتىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ كېلىۋاتقانىدى.

خاتىرە يېزىش گۈزەلنۇرنىڭ ئادىتى ئىدى، ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ كۆڭلىدىكى ئەڭ سەمىمىي ھېسسىياتلىرىنى ئاشۇ خاتىرىسىگە پۈتۈپ كەلگەنلىكىدە گەپ يوق. ئۇنىڭ ھاياتى خاتىرە يېزىش بىلەنلا ئۆتسە بولمايدۇ، يەنە بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ھەممىمىز كەلگەن يېرىمىزگە قايتىمىز. ئۇ بۇ خاتىرىنى يېپىق پېتى يۇرتىغا ئەكەتسە بولمايدۇ. خاتىرە دوستۇم بىلەن بىللە كەتسە، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر يۈك بولىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىككە سۆرەپ كىرىشىمۇ مۇمكىن.

تۇرۇپلا گۈزەلنۇرنىڭ خاتىرىسىگە قىزىقىپ قالدىم. مەن بىر يازغۇچى، بۇ ئاتاقنى ئوقۇرمەنلەر ئاتا قىلدى. قانداقلا ياشاي، قەلەمنى تاشلىماي ياراملىق يازغۇچى بولۇش مېنىڭ ئۆمۈرلۈك غايەم ۋە ئارزۇيۇم، شۇنداق تۇرۇقلۇق تا ھازىرغىچە خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلمىدىم. مەن بۇ جەھەتتە گۈزەلنۇرنى ئۈلگە قىلىشىم كېرەك.

بىردىنلا كۆز ئالدىمدا گۈزەلنۇرنىڭ قاچانلا قارىسا ياتاقتىكى قىزلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئويۇن ـ تاماشا ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزىگە ئارىلاشماي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەشتە تىكىۋاتقان، ھەممە ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن تەڭ كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلېكتىر يورۇقىدا خاتىرە يېزىۋاتقان سالماق چىرايى بىلەن تاھىرنىڭ قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگىنىچە كىتاب كۆرۈۋاتقان، ھەر ھەپتىلىك سىنىپ يىغىنلىرىدا ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن سورالغان سوئاللىرىغا گەدىنىنى قاشلاپ قويۇپ، تەڭقىسلىقتا جاۋاب بېرىۋاتقان كۆڭۈلچەك تۇرقى بىر ـ بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ياخشى باللار ئىدى، مۇھەببەتتى چىچەك ئېچىپلا قالسا، بەختلىك قوشماقلاردىن بولۇپ قالالايتتى ... ئۇلارغا ياردەم قىلىش زۆرۈر

ئىدى، ۋاقىت ئۆتۈپلا كەتسە، گۈزەللىرىمىزغا يۈز كېلىش تەس ئىدى، ئۇ ياشلىقتىكى ھەۋەس، ئارزۇ ۋە ھەسرەتلىرى پۈتۈلگەن ئاشۇ خاتىرىسى بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپ، ئۆمۈر بېتىگە چېكىت قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تويۇقسىز گۈزەللىرىمىزنىڭ يېشىل تاشلىق خاتىرىسى تېلېۋىزىيە ئالاھىدە كۆرۈنۈشىدەك كۆز ئالدىمدا قايتىدىن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. خاتىرە! توغرا، گۈزەللىرىمىزنىڭ خۇشلۇقىمۇ، خاپىلىقىمۇ ئاشۇ خاتىرىگە مۇجەسسەملەنگەن، ئۇنىڭ بارلىقى — بۈگۈنىمۇ، كەلگۈسىمۇ ئاشۇ خاتىرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پەقەت ئاشۇ خاتىرىلا گۈزەللىرىمىزنى بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ قىلالايدۇ. نېمىشقا شۇ خاتىرىنىڭ رولىدىن پايدىلانمايمەن؟

كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. مەن بىلىمەن، خاتىرە شەخسىي سىرغا تەئەللۇق، ئۇنى ئاشكارىلاش ئەخلاقسىزلىق، بەلكى ئېغىر جىنايەت. لېكىن، ئارازلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىش گۇناھ ھېسابلانمىغاندەك، مۇھەببەت ئىزدەۋاتقان ئىككى يۈرەكنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خاتىرىگە قول تەگكۈزۈشمۇ خىيانەت ھېسابلانماس.

تويۇقسىز تېلېفونۇم جىرىڭلىدى، چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. تېلېفون مەرداندىن كەلگەنىدى، تۇرۇپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تېلېفونغا يېپىشتىم ...

## 2

ئۇزاق مەزگىللىك جۇدالىق مېنى باشقىچە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نېمىشقىدۇر روھىم ئىچىمگە سىغمايتتى، قانىتى بوغقۇچلانغان كەپتەردەك يۇلقۇناتتىم، پىچاق سۇرۇلگەن قويدەك جان ئاچچىقىمدا تېپىرلايتتىم ... شۇنداق چاغلاردا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بىرنەرسە يېزىشقا تەرەددۇت قىلاتتىم، باش

كۆتـۈرمەي يازاتتـىم، قەلەم تـۇلپارى تـىـنـىمـسـىـز كـىشـنـەيتـتـى، چاپچىيتتى، لېكىن ھېسسىياتىم پىروزىدىن ئىبارەت بۇ سالماق ژانىرغا سىغمايتتى، قەپەسكە سولاپ قويۇلغان چۆل تورغىيىدەك، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان قاپلاندەك ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى ... مەنمۇ ئاشۇ بەختسىز تورغايدەك، بىتەلەي قاپلاندەك بوغۇلاتتىم، ھەر تەرەپكە ئۆزۈمنى ئۇراتتىم، ئارقىدىن بارلىق دەردىمنى يازمىلىرىمدىن ئالماقچى بولغاندەك پارچە ـ پارچە قىلىپ يىرتىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتەتتىم. بۇ قانداق روھىي ھالەت؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەستە يېزىپ چىققان يازمىلىرىمنى رەھىمسىزلەرچە يىرتىپ تاشلايمەن؟ ئۇلار مېنىڭ يۈرەك پارىلىرىم ئىدىغۇ؟ مەن ئاشۇ ئارگىنالىلار ئۈچۈن نۇرغۇن خورلۇقلارغا چىدىغان؛ دەرس ۋە تۇرمۇش بېسىمىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ دۈم يېتىپ، دۈم قوپقان، يازمىلىرىم نەشر قىلىنغاندا ھاياجىنىمدىن ئۆزۈمنى باسالماي كۆز يېشى قىلغانىدىمغۇ؟ مۇنداق تىنىمسىز يېزىش ۋە ئايىغى چىقماس يىرتىشلار داۋاملاشقانسېرى ئىچىم تىخىمۇ سىقىلىپ، ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. مەن ساقمۇ ياكى مەجنۇنمۇ؟ نېمىشقا شۇنچە تەستە يازغان يازمىلىرىمنى رەھىمسىزلەرچە يىرتىۋېتىمەن ۋە يەنە قايتىدىن يېزىشقا كىرىشىمەن؟ مېنىڭ يېزىشىم يىرتىۋېتىش ئۈچۈنمۇ؟

ئەركىن مۇئەللىم ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن دەرسنى باشلىدى، نېمىشقىدۇر بۈگۈن مۇئەللىم سولغۇن كۆرۈنەتتى. تازا راۋان سۆزلەۋېتىپ تۇرۇپلا توختاپ قالاتتى. كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە دەرھال سۆزىنى ئۇلىۋالاتتى:

— يېزىقچىلىق ئەركىن كەسىپ، — دېدى ئۇ يېزىش ماھارىتى ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ، — ئۇ ھېسسىياتنى ئوت پىلتىسى قىلىدۇ ۋە باشتىن ـ ئاخىر ھېسسىيات دولقۇنىغا ياندىشىدۇ. ھېسسىيات ئالاھىدە روھىي ھالەت ھادىسىسى،

ھېسسىيات ھەرگىزمۇ قۇرۇقتىن - قۇرۇق پەيدا بولمايدۇ، بەلكى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. بىزدە راست گەپ ئادەمنى قايىل قىلىدۇ ۋە تەسىرلەندۈرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتىمۇ شۇنداق، ئۇ سەمىمىي، چىن بولسا ئوخشاشلا ئوقۇرمەننى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئازابىغا ئورتاقلىشىپ، روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئېنېرگىيەسى ھېسسىياتتۇر! ھېسسىيات شېئىرىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، پىروزىدىمۇ مۇھىم. لېكىن، شېئىر بىلەن نەسىردە ئەڭ كۈچلۈك. بەزىلەر ھېكايە يېزىۋېتىپ ئۆزىنى تازا ئىپادىلەپ بولالمىغاندەك ھېسسىياتتا قىينىلىدۇ، مۇنداق شارائىتتا ئارتۇقچە زورۇقماي نەسر ياكى شېئىر يېزىش ئارقىلىق ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەش يولىنى تۇتۇش لازىم. بىز يېزىقچىلىق داۋامىدا مەيلى پىروزا ياكى باشقا ژانىردىكى ئەسەر بولسۇن، ھەممىسىدە ھېسسىيات دولقۇنىغا ئەگىشىشىمىز، ئارتۇقچە زورۇقماسلىقىمىز لازىم. ئەسەر مۇھىتى ئىچىگە كىرگەندە ئىدىيەنى ئالدىن بەلگىلىۋالماي ئۆزىمىزنى ئەركىن قويۇۋېتىشىمىز، باشقۇرغۇچىغا ئەمەس، قولىقى يۇمشاق خاتىرىلىگۈچىگە ئايلىنىشىمىز لازىم. ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ليۇ زەيفۇنىڭ بىر مەشھۇر گېپى بار: يازغۇچى قانچە ئىقتىدارلىق بولسا، پېرسوناژلىرىغا نىسبەتەن ئامالسىز قالىدۇ؛ يازغۇچى قانچە ئىقتىدارسىز بولسا، پېرسوناژىنى شۇنچە تىزگىنلىۋالىدۇ. ئەسەر قانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا، يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىغا شۇنچە بېقىنىدۇ، ئەسەر قانچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، يازغۇچى پېرسوناژلىرىنى شۇنچە باشقۇرالايدۇ ... مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئادەم ئارقىلىق تاشقى ۋەقەلەرنى ئەمەس، بەلكى تاشقى ۋەقەلەر ئارقىلىق ئادەمنى ئىپادىلىشى كېرەك، يەنى ئادەم ئارقىلىق ئۇرۇش ۋە ئىسلاھاتنى ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش، ئىسلاھات قاتارلىق تاشقى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئادەمنى، ئادەمنىڭ تەقدىرى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى كېرەك ... بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەك جايىدا دېيىلگەن گەپ ...

مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، خۇداغا شۈكۈر، نېرۋام ھەرھالدا جايىدا ئىكەن، مەن بىلىپ ـ بىلمەي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچراپتىمەن ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ھىجران ئازابىدا پۇچىلانغان بۇ غالجىر ھېسسىياتىم ئەقلىيلىك ئارىلاشقان پىروزا قەپەسكە قانداقمۇ پاتسۇن؟

مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ مۇئەللىمنىڭ دېگىنى بويىچە تۈيغۇلىرىمنى خاتىرىلەشكە باشلىدىم. كۇتۇپخانىغا بىر چىقىپ كەتكەنچە دەرسكىمۇ چىقماي، تاماقمۇ يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي، ھاجەتكىمۇ چىقماي تەلۋىلەرچە يازدىم. قايسى چاغ بولدى، بىلمىدىم، بىر چاغدا قەلىمىمنى قويۇپ، ئەتراپقا قارىسام ئازادە كۇتۇپخانىدا ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپتىمەن. خىزمەتچى ئايال ئىشىك تۈۋىدە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۆزۈمچە ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— ئىشتىن چۈشكىلى خېلى بولدىمۇ؟

— ياق، ئون مىنۇتتەك بولدى، — دېدى ئايال چىراغلارنى ئۆچۈرگەچ، — قارىسام بىر ئوبدان يېزىپ كېتىپسىز، شۇڭا دىققىتىڭىزنى بۆلگۈم كەلمىدى. مەن سىزنى تونۇيمەن، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغانمەن، سىزنى كۆرمىگەن ئادەم بۇ ئەسەرلەرنىڭ سىزدەك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ھەرقاچان بۈگۈنمۇ ئېسىل ئەسەردىن بىرنى پۈتكۈزۈۋالدىڭىز.

— دېگىنىڭىز كەلگەي.

— بۇ ئەسىرىڭىزنى قايسى ژۇرنالغا بېرەي دەۋاتىسىز؟

— تېخى ئويلاشمىدىم.

— مۇمكىن بولسا تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى ئارگىنالنى ئالغاچ كېلىڭ، ئوقۇۋالاي، ژۇرنالدا چىقىپ بولغۇچە تەخىر

قىلالمايدىغاندەك قىلىمەن.

ئايال كۈلدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەنمۇ كۈلدۈم.

— ماقۇل.

ئايال ئىشكىلەرنى ئېتىپ، كارىدورنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، بىخەتەر بولغىنىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى، ئىككىمىز پەسكىچە بىللە چۈشتۇق.

ئەتراپ قاراڭغۇ، يان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان لامپىلىق تەشۋىقات تاختىلىرى يەر يۈزىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ھاۋا سالقىن، قورسىقىمنىڭ ئاچ بولۇشىغا قارىماي روھىم كۆتۈرەڭگۈ، خۇددى بارلىق دەرد ـ ئەلەمنى قولۇمدىكى ئەسەر بىلەن بىراقلا يوق قىلىۋەتكەندەك ...

تۇرۇپلا قورسىقىم كورۇكىراشقا باشلىدى، لېۋىممۇ چاكىلداپ ئاپتاپتا قالغان كاككۈك بالىسىنىڭ ئاغزىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھېسابلاپ باقسام، مېنىڭ ئاغزىمغا نان ئۇۋىقى سېلىپ باقمىغىنىمغا ئون تۆت سائەت بوپتۇ. بۇ سان كاللامغا كەلگەن ھامان قورسىقىم تېخىمۇ بەك خەقىشلىك قىلىشقا باشلىدى. سائەت ئون يېرىم بولغانىدى، بۇ چاغدا يالغۇز سىرتقا چىقسام ياخشى بولمايتتى، مەكتەپ ئىچىدىكى ئاشخانىلار ئاللىبۇرۇن تاقالغان، بوتكىلارنىڭمۇ چىرىغى ئۆچكەن، بۇ ھالدا نەدىنمۇ بىرنەرسە تېپىپ يەرمەن ئەمدى؟

مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكىگىنىمچە ياتاققا قاراپ ماڭدىم، بەلكىم گوزەلنۇرنىڭ ساندۇقىدىن قورساققا دال بولغۇدەك بىرنەرسىلەر چىقىپ قالار.

## 3

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ دەرس تەكرارلىدىم، چۈشتىن كېيىن يازمىلىرىمنى ئاققا كۆچۈردۈم، ئەسەر بەك تەسىرلىك چىققانىدى، ئۇنىڭغا «ھىجران پۇتۇكلىرى» دەپ ماۋزۇ قويدۇم.

ئۇنىڭدا ساپ دىل بىر مەشۇقنىڭ ئاشىقىدىن ئايرىلغان مەزگىلىدىكى ئىزتىراپلىق تۇيغۇلىرى، ساپ ـ سەممىمىي ھېسسىياتى، قايغۇ ـ ھەسرىتى ۋە ئارزۇ ـ تىلەكلىرى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەنىدى، ئەسەرنى كۆچۈرۈۋېتىپ نەچچە قېتىم كۆز يېشى قىلدىم.

ئەسەرلىرىمنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى ياسىنجان مۇئەللىم ئىدى، شۇڭا بۇ تۇنجى ئەسىرىمنىمۇ ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەردىم.

— پوۋېستمۇ؟ — ياسىنجان مۇئەللىم قېلىن ئارگىنالنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ باقتى، — مۇشۇ كۈنلەردە قەلىمىڭىز بەك تېزلىشىپ كېتىۋاتىدۇغۇ سىزنىڭ.

— ياق، نەسر.

— نەسر؟ — ياسىنجان مۇئەللىم ئىشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ قويدى.

— يېڭىلىقمۇ؟

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

— ھازىر بىر يىغىنغا بارىمەن، چۈشتىن كېيىن كۆرۈپ ئەتە جاۋابىنى قىلاي، — مۇئەللىم ئارگىنالنىڭ بېشىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى ئۈرغۇلۇق ئوقۇدى، — «ھىجران يوتوكلىرى»، بۇمۇ يېڭىلىق بوپتۇ، سىز ئىلگىرى ۋەزنى ئېغىر ئەسەرلەرنى يازاتتىڭىز.

مۇئەللىمنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى، شۇڭا قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدىم. ئۆزۈمچە بۇ ئەسەرنى مۇئەللىمگە كۆرسەتمىسەم بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇ ئەسنادا يەردىن ئۈنگەندەكلا سۇلايمان مۇئەللىم يېنىمىزدا پەيدا بولدى. ئۇ زىغىر رەڭ كاستۇم كىيىپ، چېچىنى سىپتا تارىۋالغان بولۇپ ئوبدانلا سالاپەت كىرىپ قالغانىدى.

— پاراڭلىشىۋاتامسىلەر؟

ياسىنجان مۇئەللىم رەسمىيەت يۈزىسىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كىشىگە تازا خۇشى يوقتەك قىلاتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي يەر جىجىلاپ قالدىم. نېمىشقىدۇر بۇ ئادەمنى كۆرسەم بەدىنىمنى سۇر بېسىپ تىلىم كېكەچلەپ قالاتتى.

— بەختىگۈل ئەسەر ئەكەپتىكەن، — دېدى ياسىنجان مۇئەللىم سۇلايمان مۇئەللىمگە سۇس كۈلۈمسىرەپ، — شۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتىمىز.

— ياخشى بوپتۇ، — سۇلايمان مۇئەللىم ماڭا يۈزلەندى، — باشقىلاردىن بەختىگۈلنى بەك ياخشى يېزىۋاتىدۇ، دەپ كۆپ ئاڭلىدىم، لېكىن ئىشنىڭ تولىلىقىدا ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. يا بۇ قىزىمىزمۇ «ماۋۇ ژۇرنالدا ئەسىرىم چىققان، كۆرۈپ باقسىلا» دەپ ئالدىمىزغا ئەكېلىپمۇ باقمىدى...

— سىلى ژۇرنال ئوقۇيدىغان ئىش بولسا، مەن ئەكېلىپ بېرەي!

سۇلايمان مۇئەللىم چايان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. مەن يازغۇچىدىن ئەسەرنىمۇ يېزىشنى، ئەسىرى چىققان كىتاب ـ ژۇرنالنىمۇ تەقدىم قىلىشنى تەمە قىلىپ ئاقساقاللىق قىلىدىغان ئادەملەرگە بەك ئۆچ ئىدىم. سەۋەبى مۇشۇنداق قاشاڭ ئادەملەرنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن ئەسىرىم چىققان نۇرغۇن ژۇرناللاردىن قۇرۇق قالغانىدىم.

— ئوقۇيمىز، ئوقۇماي نېمە ئىش قىلىمىز؟ بولۇپمۇ سىز بەرگەن ژۇرنالنى بەكرەك ئوقۇيمىز!

سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆپكۆندۈزدە كونا كېسەللى تۇتۇشقا باشلىغانىدى. مەن ئۇنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى ئەپقېچىپ باشقا ياققا قارىۋالدىم ...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مۇئەللىم ئاتايىن مېنى

ساقلاپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ سەمىمىيىتى ۋە قۇربان بېرىش روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم.

— نەسرىگىزنى كۆرۈپ چىقتىم، بەك ئېسىل چىقىپتۇ، تەسىراتىمدىن بىر پارچە تەقرىزمۇ پۈتۈپ قالدى.

— رەھمەت، مۇئەللىم.

— قايسى ژۇرنالغا بېرەي دەيسىز؟

— بۇ ھەقتە تېخى ئويلانمىدىم.

— ئۇنداقتا «تەڭرىتاغ»قا بېرەيلى، بۇ ژۇرنالدىكى مۇھەررىرلەر يېڭىچە ئۇسۇلدا يېزىلغان نەسرلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، قوشۇلسىڭىز ئۆزۈملا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— سىزنى يەنە ئاۋارە قىلسام بولماس، جۇمە كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرس يوق، شۇ چاغدا ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەي، ئۇ كۈنىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىسام پوچتىدىن سىلىۋەتسەممۇ بولىدۇ.

— ياخشى ئەسەر قولدا تۇرۇپ قالسا بولمايدۇ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن قانچە تېز يۈز كۆرۈشسە شۇنچە ياخشى.

شۇ ئەسنادا يەنە سۇلايمان مۇئەللىم يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى، توۋا دەيمەن، قاچان ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشەي، بۇ ئادەم يەردىن ئۈنگەندەك ياكى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمىزدا پەيدا بولۇپ گېپىمىزگە قوشۇق سالاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

— يەنە ئەسەر ھەققىدە پىكىرلىشىۋاتامسىلەر؟

— ھەئە.

ياسىنجان مۇئەللىم بىزار بولغاندەك باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ياخشى بوپتۇ.

ئۇ تېتىقسىز گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.

— ئەدەبىيات فاكۇلتېتى دېگەن ئۇنىۋېرسال بازا، بىزدىن ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا كەسىپىي خادىملاردىن سىرت يەنە يازغۇچىلارمۇ يېتىشىپ چىقىشى لازىم، ئىككىڭلارنىڭ

ھەمكارلىقىنى بۇ جەھەتتە ئۇلگە قىلىشقا بولىدۇ ...
سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگىچە ئىدى، گەپنىڭ ئورانىدىن ئىككىمىزنى چېلىشۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟ ياسىنجان مۇئەللىممۇ، مەنمۇ جىم تۇرۇۋالدۇق. ئۇ يەنە ئاغزىنى ئۆمەللەشكە تەمشىلىۋىدى، تەلىيىمىزگە دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ياسىنجان مۇئەللىم ئۆيى تەرەپكە، مەن سىنىپقا قاراپ يول ئالدىم. سىنىپقا كىرىپ خېلى بىر چاغقىچە ئۆزۈمگە كېلەلمىدىم.
كەچتە مەرداندىن تېلېفون كەلدى، ئۇلار بۈگۈن تاغقا ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاشقا چىققانىكەن، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئەتىگەنكى ئىشنى دەپ بېرىۋىدىم، ئارتۇقچە ئىنكاس قايتۇرمىدى. تۇرۇپلا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزۈمگە يىغا ئولاشتى. راست گەپنى قىلسام، بىر ئايدىن بېرى مەن خاس مەرداننىڭلا ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىپ، رەنجىشلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ كەلگەنىدىم. گەرچە مەرداننىڭ ھېكايىلىرىمۇ كۆنسېرى كونىراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ماڭا يەنىلا يېڭى تۇيغۇ ئاتا قىلغانىدى، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم كېلەتتى. لېكىن، ئۇ ئوتتۇز كۈندە بىر سۆزلەنگەن مېنىڭ ھېكايەمگە قىلچىلىكمۇ كۆڭۈلشىپ قويمىدى، كۆڭۈل سوراش، تەسەللى بېرىپ قويۇش دېگەنلەر بولسا خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. بىردەملىك ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن سوغۇقلا خوشلاشتۇق.
«ئەتىگەندە نېمە بولسا كەچكىچە شۇ» دېگەندەك، كېچىچە قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقتىم.
مەن چۈشكە بەك ئېتىبار بىلەن قارايتتىم. ئانام رەھمەتلىكنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىدىغان «ھۈنىرى»مۇ بار ئىدى. شۇڭا، چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ھامان ئۇنىڭغا دەپ تەبىرىنى ئاڭلايتتىم ۋە ئانامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتاتتىم. نېمىشقىدۇر ئانامنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزىلىرى بالدۇر، بەزىلىرى كېيىن تۇرمۇشۇمدا

زاھىر بولاتتى. مۇنداق تەكرارلىنىشلار نەتىجىسىدە مەنمۇ چۈش تەبىرچىسى بولۇپ قالغانىدىم.

كېچىدىن كۆرگەن چۈشۈمدە باشتىن ـ ئاخىر ئىت باش پېرسوناژ بولغانىدى. ئاق ئىت، قارا ئىت، سېرىق ئىت، ئالا ئىت ... بەزىدە بۇ ئىتلار نەچچە يۈزگە يېتەتتى، كىچىكلىرى مۈشۈكتەك، چوڭلىرى تۇپاقتەك كېلەتتى، قىپقىزىل كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، قوزۇقتەك چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئارقامدىن قوغلىغىنى قوغلىغانىدى. مەن تىنىمسىز قاچاتتىم، قولۇمغا چىققانلىكى نەرسىنى ئاتاتتىم، لېكىن ئاتقان نەرسىلىرىم ئىتقا ئەمەس، يېنىپ كېلىپ ئۆزۈمگە تېگەتتى. بۇ چاغدا ئىتلار قوغلاشتىن توختاپ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ خۇش بولۇشۇپ كېتەتتى ۋە ھايالشىماي مېنى قوغلاشنى داۋاملاشتۇراتتى. ھەر قېتىم ئىتلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندا، «مەردان» دەپ بار ئاۋازىم بىلەن توۋلايتتىم، مەردان يېقىنلا يەردە پەيدا بولاتتى ـ دە، ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە ئىتلارغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىگىنىچە تۇرۇپ كېتەتتى. نېمىشقىدۇر ئىتلار مەردان بىلەن كونا تونۇشلۇقى باردەك ئۇنىڭغا قاۋىمايتتى، ئەكسىچە قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈشەتتى. بۇ ھال نەچچە رەت تەكرارلاندى ...

بىر چاغدا بىرسىنىڭ يۈزۈمنى سىلىغاچ ئىسمىمنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، مەن ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم، يېنىمدا گۈزەلنۇر تۇرۇپتۇ، ئېلېكتىر يورۇقىدا قارىيىپ تۇرغان گۈزەلنۇرنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم.

— ۋاي ئانام، ئادەم بارمۇ؟

— قورقما، بۇ مەن !

گۈزەلنۇر مېنى قاتتىق سىلكىشلىدى. مەن ئېغىر ئۇۋھ تارتقىنىمچە كۆزلىرىمنى ئاچتىم.

— سېنى قارا بېسىپ قاپتۇ.

مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئاچقىنىمچە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم.

تونۇش ياتاق، غىمىدە يوق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ۋە قورقۇپ تامغا چاپلىشىپ يېتىۋالغان ياتاقداشلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشتى.

مەن ئىڭىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدۇم. ئۈستىبېشىم چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كېتىپتۇ. گۈزەلنۇر بۇنى كۆرۈپ دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن دېرىزە تەكچىسىدە قويۇپ قويىدىغان چاي قۇتىسىنى ماڭا تەڭلىدى. ھەرقانداق شارائىتتا دەملەنگەن چاي ئىچىش گۈزەلنۇرنىڭ ئادىتى ئىدى. مەن ئۇنى دوراپ چاي قۇتىسى سېتىۋالغان بولسامۇ، چاي دەملەپ ئىچىش ئادىتىنى تېخىچە يېتىلدۈرۈپ بولالمىغاندىم. دورىلىرى تەڭشەلگەن مۇزدەك چاي نېرۋىلىرىمنى سەل بوشاتتى. گۈزەلنۇر لوڭگە ئەكېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىمنى سۈرتتى.

ــ رەھمەت، ــ دېدىم مەن گۈزەلنۇرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ــ سەن مېنى يەنە بىر قېتىم قاباھەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىڭ!

گۈزەلنۇر ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى.

ــ ئەمدى ئۇخلا، ــ ئۇ يوتقىنىمنى قايتىدىن تۈزەشتۈردى، ــ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئايەتۇل كۇرسىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇۋېتىشنى ئۇنتۇما. ئوقۇشنى بىلىدىغانسەن؟

ــ بىلىمەن.

ــ ئەمىسە دېگىنىمدەك قىلىپ ئۇخلا!

ــ ماقۇل.

چىراغ ئۆچۈرۈلدى. كۆڭلۈم يەنىلا پاراكەندە ئىدى. رەھمەتلىك ئانامنىڭ دېيىشىچە، چۈشىدە كۆرگەن ئىت دۈشمەن سۈرىتى ئىدى. ئەگەر چۈشىدە قوغلىغان ئىتنى تېپىپ ياكى كالتەكلەپ ياندۇرالىسا، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى، دۈشمەننىڭ قەست قىلىش نىيىتى بىتچىت بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ۋايىم يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئەكسىچە بولغاندا يامانلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى، مۇنداق چۈشنى كۆرگەن ئادەم دۈشمەنلىرىدىن ئالاھىدە دىققەت قىلمىقى زۆرۈر ئىدى.

مېنىڭ كۆرگىنىم ئىككىنچى خىلدىكىسى بولۇپ، مەن بۇ چۈشتە باشتىن ـ ئاخىر ئىتلارنىڭ خىرىس قىلىش نىشانى بولۇپ قالغاندىم، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىتقا ئاتقان نەرسىلىرىمۇ يېنىپ كېلىپ ئۆزۈمگە تەگكەندى. مەردانىنىڭ قاراپ تۇرۇشلىرىچۇ تېخى؟

تۇرۇپلا تېنىمگە قورقۇنچ كىرىپ كەتتى. مەن قانداقسىغا مۇنچە كۆپ ئادەمگە دۈشمەنلىك بولۇپ قالغاندىمەن؟ ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشۈمنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، ئىت سىياقلىق «دۈشمەنلىرىم»نى كونكرېت ئادەم سىياقىدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم.

## 4

بىرنەچچە كۈن ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. باسقۇچلۇق ئىمتىھان باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. كۆڭلۈم پاراكەندە بولغاچقا، زېھنىم چېچىلىپلا تۇراتتى. قولۇمدا كىتاب، لېكىن خىيالىم باشقا يەردە. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىدىغاندەك ئەمەس، ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەملىرىم ئالدىدا ئىزا ـ ئاھانەتكە قالغان كىشىدەك تەمتىرەپلا يۈرىمەن. ئاق ئىت، قارا ئىت، ئالا ئىت، سېرىق ئىت ... نەگىلا قارىسام كۆز ئالدىمدا بىر ـ بىرىدىن كۆرۈمسىز ئىتلار ئەگىپ يۈرۈشىدۇ، ئەلپازى بىر ـ بىرىدىن يامان. بۇ چاغدا مەردانىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن، لېكىن ئۇنىڭ ھالىمۇ تايىنلىق، ماڭا قالقان بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆزۈمگە تىك قارىغۇدەكمۇ ماجالى يوق، ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ تۇرغىنى تۇرغان ...

مەن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان ۋەھىمە تۈيغۇسىدىن قۇتۇلۇش

ئۇچۇن كۇتۇپخانىدىن چۇشكە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ئەپسۇس، بۇ كىتابلاردىن مەن كۆرگەن چۇشكە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم.

«چۇش ئەينى ۋاقىتتىكى ئارزۇنىڭ قاندۇرۇلۇشى، ــ دېيىلگەنىدى بىر كىتابتا، ــ كىچىك بالا سىيگۇسى كەلگەندە ئاسانلىقچە ئويغىنالمايدۇ. ئۇ سىيمىسە بولمايدۇ، قايسى خىل ئۇسۇلدا سىيىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ چاغدا ئۇ چۇش كۆرىدۇ، چۇشىدە ئۆزى ئادەتلەنگەن يەرگە (ياكى خالاغا) بېرىپ ھوزۇرلىنىپ سىيىدۇ. بۇ يەردە بىرنەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بالا ھەرگىزمۇ ئورنىغا (كۆرپىگە) سىيدىم دەپ ئويلىمايدۇ. بۇ ئارزۇنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئەمەسمۇ؟»

«چۇش رېئاللىقنىڭ داۋاملىشىشى، ــ دېيىلگەنىدى يەنە بىر كىتابتا، ــ ئەتىسى ئىمتىھان بېرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى (تەييارلىقى تازا پۇختا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا) كېچىچە ئىمتىھان بېرىپ چۇشەيدۇ. ئېنىقكى بۇ رېئاللىقنىڭ راۋاجى ۋە داۋاملىشىشىدۇر ...»

كىتابنىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە چۇشىدە كۆرگەن ئىشلارنىڭ ئالدىنئالا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىلمەپتۇ. بۇ مەزمۇنلارنى مۇلاھىزە قىلىۋېتىپ كۆڭلۈم سەل ئارام تېپىپ قالدى. ئويلىغانلىرىمنى گۈزەلنۇرغا ئېيتىۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

ــ قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك ھېلىھەم شۇ چۇشلىرىڭنى مۇلاھىزە قىلىپ يۈرۈۋاتامسەن؟ ــ دېدى ئۇ بىپەرۋا قىياپەتتە، ــ «تەگمىگەن تاياققا ۋاي كاللام» دېگەندەكلا ئىش قىپسەن. چۇش دېگەن تاماق يېگەن، سۇ ئىچكەندەكلا ئاددىي بىر ئىش، ھەرقانداق ئادەمدە كۆرۈلىدىغان نورمال فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە، مۇنچىۋالا ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشكە ئەرزىمەيدۇ. سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئەڭ ياخشىسى مۇنداق خۇراپىي نەرسىلەرگە ئىشەنمىگىنىڭ تۈزۈك.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن ...
— نېمە لېكىن؟
— بۇرۇن چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىمغا كەلگەن، شۇڭا ...
— سەن بەك ئەستايىدىل بولغاچقا رېئاللىقتىكى ئىشلارنى ئۆزۈڭچە چۈشۈڭگە باغلىۋالغان گەپ. ئەگەر چۈشىدە كۆرگەنلىرى رېئاللىقتا كۆرۈلىدىغان ئىش بولسا، مەن ئاللىبۇرۇن ئۇچقۇچى بولۇپ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بولاتتىم. بۇ چۈشىنى كۆرگىنىمگە ئون يىل بولاي دەپ قالدى، مەن ھازىرغىچە ئۇچقۇچى بولۇش، كۆكتە پەرۋاز قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئايروپىلان دېگەننى يېقىن ئارىلىقتىنمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. بولا ئەمەس، يەنە ...
گۈزەلنۇر جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى.
— چۈش ئالدىغا كېلىدىغان ئىش بولسا، ھازىرغىچە تاھىر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەن بولاتتىم دېمەكچىمۇ؟
گۈزەلنۇر توك سوقۇۋەتكەن ئادەمدەك سىلكىنىپ كەتتى.
— سەن قانداق بىلىسەن؟
گۈزەلنۇر تۇيۇقسىز چېقىپ كەتكەن گېپىدىن خىجىل بولۇپ شەپەقتەك قىزىرىپ كەتتى، — نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن... — گۈزەلنۇر باشقا ياققا قارىۋالدى.
— تاھىرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭ يالغانمۇ؟
گۈزەلنۇر بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن يېنىك ئۇھ تارتتى.
— ياخشى كۆرۈش باشقا گەپ، مۇھەببەتلىشىش باشقا گەپ. سەن ياخشى كۆرگەن بىلەن خەق ئۇنى ھېس قىلالمىسا ھەممىسى بىكار.
— ئەگەر تاھىرمۇ سېنى ياخشى كۆرسىچۇ؟
— ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى باشقا، — گۈزەلنۇر شۇنداق دەپ ماڭا لاپىپىدە قارىدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن يۈزلىرىم

چىملداپ كەتتى. مەن گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم.

— سەۋر قىلغىن، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

گۈزەلنۇر ماڭا يېپىشتى، ئىككىمىز چىڭ قۇچاقلاشتۇق.

— خاتىرجەم بولغىن، ساپ ئەقىدە يەردە قالمايدۇ. خۇدايىم ئاشىقنىڭ ئىلتىجاسىنى جاۋابسىز قويمايدۇ.

— دېگىنىڭ كەلگەي.

گۈزەلنۇر باچكىسىدىن ئايرىلغان كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ...

... ...

باسقۇچلۇق ئىمتىھان باشلاندى. بىزگە بۇ مەۋسۇمدا بەش خىل دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، بەش خىل دەرسنىڭ ئىمتىھانى بىر ھەپتىدىلا تۈگىدى.

چۇش ۋەھىمىسى، ھىجران قايغۇسى ۋە ئىمتىھان ۋەسۋەسىسىدە ئىككى ھەپتىدىن بېرى قولۇمغا قەلەم ئالمىغانىدىم. قولۇمدا يېزىمىدالغان بىر ھېكايە بار ئىدى، ھېكايىنىڭ ئايىغىنى چۇشۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە كۇتۇپخانىغا چىقتىم. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، كۇتۇپخانىدا باللار كۆپ ئەمەس ئىدى. مەن تونۇش ئايال بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن تۆردىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم.

مېنىڭ ئەسەر مۇھىتىغا كىرىشىم بەك تەس ئىدى، بەزىدە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. كىرىۋالدىمۇ، بولدى، جەڭگە كىرگەن تۇلپاردەك شاشلىشىپ كېتەتتىم، قۇلىقىمغا ھېچنېمە كىرمەيتتى، يېنىمدا بىرسى دومباق چالسىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يېزىۋېرەتتىم. پىكىرلەر خىسلەتلىك قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈۋېرەتتى، مەن خاتىرىلەپ ئۈلگۈرەلمەي قالاتتىم.

بۈگۈن قەلىمىم مەندىن رەنجىپ قالدىمۇ، بىلمىدىم، شۇنچە ئولتۇرۇپمۇ ئەسەر مۇھىتى ئىچىگە كىرەلمىدىم. زورۇقۇپ يېزىپ

بىقىۋىدىم، يازغانلىرىم ئۆزۈمگە ئەرزىمىدى. تۇرۇپلا ئىچىم تىتىلداشقا باشلىدى. بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟

شۇ ئەسنادا بىرسى مۇرەمنى نوقۇدى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. يېنىمدا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىدىن نارازىلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقىنىچە تاھىر قاراپ تۇراتتى. تاھىرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ تېنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— سىزنى ئىزدەپ مەكتەپنى قېزىۋەتتىم، يا تېلېفون قىلسام ئالمىدىڭىز!

مەن تېلېفون ئېكرانىغا قارىدىم. سەككىز قېتىم تېلېفون كەپتۇ. بەشى تاھىردىن، قالغان ئۈچى تونۇمايدىغان نومۇرلار ئىكەن.

— تېلېفونۇم تىترەش ھالىتىدە ئىدى، دىققەت قىلماپتىمەن.

— سىزنىزە... — تاھىر نارازى بولۇپ چىرايىمغا قاراپ قويدى.

— مېنىڭ كۆڭلۈم ئادەم چاقىرىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇغۇ مۇشۇ كۈنلەردە، خويمۇ زېرىكتىم بۇ سىنىپ باشلىقى دېگەن قۇرۇق ئەمەلدىن. يەكشەنبە كۈنىمۇ ئارامىدا قويمىغان ئادەمنى ...

— نېمە ئىش بولدى؟ — مەن قورقۇمسىراپ سورىدىم.

— نېمە ئىش بولاتتى، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدىكىلەر سىزنى ئىزدەيدىكەن، سىزگە نەچچە رەت تېلېفون قىلىپ ئالالمىغاندىن كېيىن سۇلايمان مۇئەللىم ماڭا تېلېفون قىپتۇ، بەختىڭىزنى نەدىن بولسا تېپىپ باشقارما ئىشخانىسىغا ئەكەل دەپ. ياتاقداشلىرىڭىزمۇ نەگە كەتكىنىڭىزنى بىلمەيدىكەن، ھەممەيلەن سىزنى ئىزدەپ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى.

يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. دەم ئېلىش كۈنىدە مۇنداق جىددىي چاقىرتىلغۇدەك قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگەندىمەن؟

بىردىنلا ئاق ئىت، قارا ئىت، ئالا ئىت، سېرىق ئىتلار يەنە ئەتراپىمدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەن بۇ ئىتلاردىن بەك تەستە قۇتۇلغاندىم. مەن ھىماتچى ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئەتراپقا قارىدىم، تۆت ـ بەش بالا سوئال نەزىرىدە ماڭا قاراۋېتىپتۇ. تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. ماڭا ئايان، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى بىكارغا ئادەم چاقىرتمايدۇ، ئۇلار چاقىرتىدىغان بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى يا دەرس تاشلىغانلار ياكى بولمىسا بىرەر چاتاق تېرىپ ئۆزىگە ئىگە بولالمىغانلار بولۇپ چىقىدۇ. مەن قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندىمەن؟ شۇنچە ئويلىنىپمۇ بىرەر ئىشنى خاتا قىلغىنىمنى ئەسلىيەلمىدىم.

— نېمىشقا چاقىرتىپتۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ئاۋازىمنى ئۆزۈم ئاران ئاڭلىيالىدىم.

— بىلمىدىم.

مەن ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ تاھىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

— كېلىڭ، — دېدى ئوتتۇرا بوي، پاينەكباش بىر ئەر كىشى ئىشىكتىن كىرىشىمگە، — سىزنى بەك ئىزدەپ كەتتۇق، نەگە يوشۇرۇنۇۋالغاندىڭىز؟

— كۇتۇپخاندا ... — گېپىمنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ قالدى.

— ھىم ...

ئەر ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۈستەلدىكى ماتېرىياللىرىنى يايدى. مەن ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ئىشخانىدا ھېلىقى ئەردىن باشقا يەنە ئىككى كىشى بار ئىدى.

ئىشىك «گۇم» قىلىپ يېپىلدى، يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم جىغىلدىدى. ئىشخانىدىكىلەرنىڭ قاپىقى تۈرۈك بولۇپ، پات ـ پات بىر ـ بىرىگە يوشۇرۇن كۆز بېقىشىپ قوياتتى. شۇ ئەسنادا چېچىنى سېرىق بويىۋالغان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەرگە «باشلامدۇق» دېگەن مەنىدە

قاراپ قويغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى.

— بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

مەن ئايال كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— ئىسمىڭىز بەختىگۈلمۇ؟

— ھەئە.

— سىزنى نېمىشقا چاقىرتقانلىقىمىزنى بىلەمسىز؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— بىلەمسىز يا بىلمەسكە سېلىپ بىزنى كولدۇرلىتىۋاتام-سىز؟

مېڭەمگە قان تەپتى. نېمە دەۋاتىدۇ بۇ ئايال؟ كۆرۈشە-كۆرۈشمەي جىنايەتچىنى سوتلاۋاتقاندەك سۇر كۆرسىتىۋاتقىنىنى، قايسى گۇناھىم ئۈچۈن مېنى ئاني تاپىدۇ بۇلار؟

— بىلمەيمەن!

غەزەپتىن ئاۋازىم ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى بولغاي، بىرنېمىلەرنى جىجىلاۋاتقان پاينەكباش ئەر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. باشقا ئىككىيلەنمۇ ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى.

— ئاۋازىڭىز بەك ئۈنلۈككۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

— بىزگە سۇر كۆرسەتمەڭ، — ئايال تۇرۇپلا قايناپ كەتتى، — بىزنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكىمىز سىزنىڭ ماڭغان يولىڭىزدىنمۇ كۆپ ئۇزۇن، سىزدەك قاپاق نوچىلىنى جىق كۆرگەن بىز، شۇڭا ئارتۇقچە ئەزۋەيلىمەي سورىغانغا ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بېرىڭ، ماقۇلما؟

مەن ئايالغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ باشقا ياققا قارىۋالدىم.

— يەنە كۆزىڭىزنىڭ پاختىسىنى چىقىرىۋاتىسىزغۇ؟

— سىز زادى نېمە دېمەكچى؟ — مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، — نېمانداق ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا سوراققا تارتىپ كېتىسىز مېنى؟ مەن جىنايەتچى ئەمەس، ئوقۇغۇچى! ھەرقانچە تۈرمىگە سولىتىۋېتىدىغان ئىشىڭىز بولسىمۇ گەپنى چىرايلىق

قىلمامسىز؟ باش ـ ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنى سارالڭ ئەتمەي ...

ئايال چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— سەن!

مەنمۇ غەزەپ بىلەن يۇلقۇندۇم، ئاڭغىچە پاينەكباش ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالغا قارىدى، ئايال قان يالىغان ئىتتەك قىپقىزىل بويىۇالغان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىرنىمىلەرنى دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەرنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا قاراپ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ.

مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— نېمانداق گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە چۇچە ـ خورازلاردەك بازلىشىپ كېتىسىلەر؟ — ئەر ئورۇندۇقىغا ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى، — بىز بۇ يەرگە ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، مەسىلە ھەل قىلغىلى كەلدۇق. شۇڭا، ھەممىڭلار سوغۇققان بولۇپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىڭلارنى ياخشى ئادا قىلىڭلار.

ئەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىرسى خاتىرىسىنى ئېچىپ قەلىمىنى قەغەزگە تىركىدى، يەنە بىرسى گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتىشىمىزدىكى مەقسەت، — گەپ باشلىغان ئەر ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى، — سىز بىلەن سۆزلىشىپ ئېنىقلايدىغان ئازراق ئىش بار. مەن ئالدى بىلەن ئېنىقلاش گۇرۇپپىسىدىكى رەھبەرلەرنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

ئەر ئالدى بىلەن ئۇستەلدىكى پاينەكباشقا يۈزلەندى.

— بۇ كىشى سادىق بۇجاڭ بولىدۇ، مەكتەپ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

ئەر قىمىرلاپ قويدى.

— بۇ خانىمنىڭ ئىسمى خانئايىم، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى سىياسىي ئىدىيەۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.
ئايال ئىشىك تەرەپكە قارىۋالدى.
— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇرازاق، مەكتەپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ كادىرى.
ئەر ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ قويدى.
— مېنىڭ ئىسمىم يۇنۇس، مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ...
تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى باش بولۇپ، مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ كەلگىنىگە قارىغاندا مەسىلە ئېغىر ئىدى. ماڭا ئايان، مەكتەپ ئادەتتىكى ئىشلارغا مۇنداق چوڭ ھەشەم كۆرسىتىپ كەتمەيتتى. لېكىن، مۇنچىۋالا ھەشەمگە سەۋەب بولغۇدەك قايسى ئىشنى خاتا قىلغانلىقىمنى ھېلىھەم ماڭا مۇئەمما ئىدى.
— بايا فاكۇلتېتتىكىلەردىن بىر قۇر ئەھۋالىڭىزنى ئىگىلەپ چىقتۇق، — دەپ سۆزىنى ئۇلىدى يۇنۇس ئاتلىق كىشى چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىز كاندىدات پارتىيە ئەزاسى، سىنىپىڭىز ئۆگىنىش باشلىقى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى ئىكەنسىز. يېزىقچىلىق سەۋىيەڭىزمۇ يۇقىرى ئىكەن. لېكىن، — ئەر ئامالسىزلىقىنى ئىپادىلىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى، — نېمە دېسەم بولار، بىزمۇ تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق، سىزدەك بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىنىڭ...
مەن گەپنى ئۇدۇللا سوراۋېرەي، بارنى بار، يوقنى يوق، دەپ سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىڭ. سىز ھازىر كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ئىكەنسىز، كاندىدات پارتىيە ئەزاسىمۇ بىر ھېساپتا پارتىيە ئەزاسى دېگەن گەپ. پارتىيەمىزنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى سىزگە ئايدىڭ. راست گەپ قىلىپ خاتالىقىنى تونۇغانلارغا كەڭچىلىك، قارشىلاشقانلارغا ... بۇنى دېمىسەممۇ ھەممىمىز بىلىمىز.

بولامدۇ؟

مەن باش لىڭشىتىپ ماسلىشىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

— ياخشى، ئەمسە سوئاللىرىمغا سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىڭ.

— ماقۇل.

مېنىڭ يۇنۇس ئاتلىق كىشىگە ماسلىشىپ كېتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ خانئايىم خانىم ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— سىزنىڭ ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز قانداق مۇناسىۋەت؟

كاللام چاقماق تېزلىكىدە ئىشلەشكە باشلىدى. تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنى تولۇق ئىلغاپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، ھەرھالدا بەزى تەرەپلەرنى پەرەز قىلىشقا ئۈلگۈردۈم.

— ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق، ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى. ئۇ ئوقۇتقۇچى، مەن ئوقۇغۇچى!

— باشقا مۇناسىۋىتىڭلار يوقمۇ؟

— يوق!

— ھۆددە قىلالامسىز؟

— يۈزدەيۈز ھۆددە قىلالايمەن!

يۇنۇس ئاتلىق كىشى سادىق بوجاڭغا قاراپ قويدى. سادىق بوجاڭ داۋاملاشتۇرۇڭ، دېگەن مەنىدە ئىشارە قىلدى.

— سىزمۇ ئاڭلىغانسىز بەلكىم، يېقىندىن بېرى مەكتىپىمىزدىكى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا رىقابەتلىشىپ ئىشقا چىقىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان. سىلەرنىڭ فاكۇلتېتتىن سۇلايمان مۇدىر بىلەن ياسىنجان مۇئەللىم فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە ئىلتىماس قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىشەنچلىك كادىرلار ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن ياسىنجان مۇئەللىم ھەققىدە پاش قىلىش خېتى كېلىپ قالدى. خەتتە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر سىز بىلەن چېتىشلىق ئىكەن.

— مەن بىلەن؟

مەن نېمىشقىدۇر ئورنۇمدا قىمىرلاپ قويدۇم.

— توغرا، سىز بىلەن چېتىشلىق !

— قىزىق گەپ بولدى بۇ، — مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— گەپنى ئوچۇقلا دەي، خەتتە دېيىلىشىچە، ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن سىزنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتىڭىز بار ئىكەن. ئېنىقراق دېگەندە، ئىككىڭلار يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىپسىلەر.

مەن ياقامنى چىشلىدىم.

— توۋا قىلدىم، توۋا ... بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟

— شۇنداق ئىش بارمۇ، يوق؟

— يوق !

— ئويلىنىپراق گەپ قىلىڭ. كونىلاردا «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار، سىلەردە شۇنداق مۇناسىۋەت بولمىسا، بۇ خەتنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ بىر سىنىپىنىڭ بالىلىرى قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتارمۇ؟

— قايسى سىنىپنىڭ بالىلىرى؟

— ئەلۋەتتە سىز ئوقۇۋاتقان سىنىپنىڭ بالىلىرى بولمامدۇ؟

— مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس !

— قارىغاندا بىر سىنىپنىڭ بالىلىرى سىزگە كوللېكتىپ قارا چاپلاپتۇ ـ دە؟

غەزەپتىن چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى.

— قارىغاندا ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيدىغان ئوخشايسىز، — سوئال سوراۋاتقان كىشى ئالدىدىكى خەتنى ماڭا سۇندى، — قېنى ئوقۇپ بولۇپ بىر نەرسە دەڭ !

مەن خەتكە ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم.

... ياسىنجان مۇئەللىم قوي تېرىسىگە ئورنىۋالغان بۆرە،

قارىماققا ياۋاش ـ يۇمشاق بولغىنى بىلەن مۇڭگۈزى ئىچىدە! ئۇ دەرس ـ لېكسىيەلىرىدە ئەخلاق، شەرم ـ هايا هەققىدە سائەتلەپ گەپ ساتقىنى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يامان ئىللىتى سىنىپتىكى قىزلارغا ساقال سۈرەش، نومۇرنى يەمچۈك قىلىپ، قىزلارنى ئۇندەككە كەلتۈرۈش ... ئۇ ئۆتكەن يىلدىن بېرى سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بەختىگۈل بىلەن يوشۇرۇن باردى ـ كەلدى قىلىۋاتىدۇ. بەختىگۈل يېزىدىن كەلگەن قىز بولۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر. ياسىنجان مۇئەللىم بەختىگۈلنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىگە ئەرمەك قىلىۋالدى. ئۇلار ئەسەر تۈزىتىشنى باهانە قىلىپ كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بەختىگۈلنىڭ شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئاساسەن ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە ئۆتىدۇ ... مۇنداق ئەخلاقسىز ئادەمنىڭ هازىرغىچە جازالىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، فاكۇلتېت مۇدىرلىق ئورنىغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇشى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئېغىر قاباهىتى! بىز سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ مەسىلىسىنى تېزدىن تەكشۈرۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى، ساۋاقدىشىمىز بەختىگۈلنى چىلبۆرە قوينىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قايتىدىن هاياتلىققا ئېرىشتۈرۈشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. ئەگەر مەكتەپ بۇ ئىلتىماسىمىزغا سەل قاراپ باستۇرۇپ قويسا، مائارىپ نازارىتىگىچە بارىمىز ...

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك بوشىشىپ كەتتىم. ساۋاقداشلىرىم، مەن ئەقىدە قىلغان، كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىنى قىلغان ئاشۇ ساۋاقداشلىرىم مۇشۇ خەتنى يازغانمىدۇ؟ خەت يېزىپ قارا چاپلىغۇدەك ياسىنجان مۇئەللىم نېمە ئەسكىلىك قىلدى ئۇلارغا؟ مەنچۇ؟ ئاشۇ ساۋاقداشلىرىمغىمۇ ئايان، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىزگە ئەڭ كۆيۈندىغىنىمۇ، قورسىقىدا ئۇمىچى بارىمۇ ئەركىن مۇئەللىم بىلەن ياسىنجان مۇئەللىمغۇ؟ ئايىغىدا چۇمۇلە ئۆلمەيدىغان،

قىزلارغا ساقال تاشلاش ئۆياقتا تۇرسۇن، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپمۇ قارىمايدىغان ياسىنجان مۇئەللىم «قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە» بولسا، سۇلايمان مۇئەللىمنى نېمە دېيىش كېرەك؟ خەت كومپيۇتېردا ئۇرۇلۇپ، سىنىپ كوللېكتىپى نامىدا يوللىنىپتۇ. ئېنىقكى بۇ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقان بىرەر ئەمەل سارىڭىنىڭ قىلغان ئىشى ھەرقاچان. ساۋاقداشلىرىم ھەرقانچە ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مۇنداق نومۇسسىز ئىشنى قىلمايدۇ. ماڭا ئايان، بالىلار بىكار قالغاندا ئۆزىچە مۇئەللىملەرنى باھالىشىدۇ، مەنمۇ مۇنداق باھالاشلارغا تالاي قېتىم شاھىت بولغان، لېكىن ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ بىرەر ئېغىز يامان گېپىنى ئاڭلاپ باقمىغان ... بۇ شۇبھىسىزكى بىر ئويۇن، ئېنىقراق ئېيتقاندا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ! بۇ كۈرەشنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى ھەم ئەقىللىك، ھەم دۆت ئادەم ئىكەن. ئەقىللىك دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئۇ ۋاقىتنى بەك جايىدا تاللاپتۇ، تۆھمەت مەزمۇنىمۇ ئادەملەرنى ئاسان قايمۇقتۇرالايدۇ. دۆت دېيىشىمدىكى ئاساسىم شۇكى، ۋاسىتىسى قوپال بولۇپلا قالماستىن، بەك ئاددىي، ئازراقلا ئىچكىرىلىسە، ھەقىقىي ئەھۋال بىردەمدىلا پاش بولىدۇ ...

كونىلاردا «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دەيدىغان گەپ بار. خەتنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىش تەس ئەمەس، شۇڭا ئارتۇقچە چىچاڭشىپ كېتىش ئاقىللىق ئەمەس، ئۇ تەكشۈرگۈچىلەردە ھەر خىل گۇمانلارنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

مەن خەتنى يۇنۇس باشلىققا قايتۇرۇپ بەردىم.

— مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەردە قاراپ قويدۇم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن كەلگەن كادىر

قايتىدىن قەلىمىنى قولىغا ئالدى. سادىر بۇجاڭ يەنە شۇ سۇرلۇك قىياپىتىدە ماڭا قاراپ قويدى. خانئايىم خانىمنىڭ چىچىكى چاي بولغانىدى، بايا باشلىقىم ئالدىدا بىسىمىنى ياندۇردۇڭ، ئەمدى نېمە دەيسەن تەنتەك؟ تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ ئىچىڭگە سامان تىقمايدىغان بولسام ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، دېگەن خىيالدا چىرايىغا سوغۇق كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئەمىسە قارىشىڭىزنى سۆزلەڭ، ئەڭ ياخشىسى راست گەپ قىلىڭ. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە سىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ياسىنجان مۇئەللىمگە ئۇۋال قىلىسىڭىزمۇ بولمايدۇ، مەسىلە ئايدىڭلاشقۇچە ياسىنجان مۇئەللىم يەنىلا بىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىمىز. ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىپ، يۈزىڭىزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ھەقىنى يوشۇرسىڭىزمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئىشلار ھەقىقەتەن ئوقۇغۇچىلار ئىنكاس قىلغاندەك بولسا، بىز ياسىنجان مۇئەللىمنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن تازىلىۋېتىمىز. سىزنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلسەك، يەنىلا ئىپادىڭىزگە قارايمىز. سىز پارتىيە ئەزاسى، شۇڭا راست گەپ قىلىشىڭىز لازىم. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— ئەمىسە سۆزلەڭ!

— مەن بۈگۈنكى بۇ تەكشۈرۈشتىن بەك تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىم، — دېدىم مەن سوتتا ئاخىرقى سۆزىنى بايان قىلىۋاتقان جاۋابكاردەك جىددىي قىياپەتتە، — كونىلاردا «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. مەكتەپنىڭ بۇ ئىشنى ئېنىقلاشقا جىددىي تۇتۇش قىلغانلىقى بەك ياخشى بوپتۇ. سىلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق كىمنىڭ ئوغرى، كىمنىڭ توغرى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

— تولا گەپدانلىق قىلماي، مەسىلىنىڭ ئۆزىنىلا دەڭ، — خانئايىم خانىم جىددىي تەلەپپۇزدا گەپ قىستۇردى، — سىزدە خەتتە دېيىلگەن مەسىلىلەر بارمۇ، يوق؟

سادىر بۇجاڭنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. مەن خانئايىم خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك گېپىمنى ئۆز پەدەمدە داۋاملاشتۇرۋەردىم.

— مېنىڭ خەت ھەققىدىكى قارىشىم مۇنداق: بىرىنچىدىن، خەت سىنىپ كوللېكتىپى نامىدا يېزىلىپتۇ، كومپيۇتېردا ئۇرۇلۇپ ئىمزا قويۇلماپتۇ. دېمەك، خەت يازغانلارنىڭ قورسىقىدا ئاغرىقى بار، ئاغرىقى بولمىسا ئىدى، ئىمزايىنى قويغان بولاتتى. ئادەتتە مۇنداق خەتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە تۆھمەت تەرىقىسىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىبارىلىرى قوپال، ئەڭ مۇھىمى پاكىتى يوق. ئۈچىنچىدىن، ياسىنجان مۇئەللىم مەنلا ئەمەس، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ھۆرمەت قىلىدىغان ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ مەسئۇلىيەتچان، ئەڭ پاكىز ئوقۇتقۇچى، ئۇنى «قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە»گە ئوخشىتىش قىپقىزىل يالغانچىلىق، خۇدامۇ كەچۈرمەيدىغان قەبىھ گۇناھ!

— بۇ دېگەن مەكتەپ، ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان بازا، دىنىي گەپلەرنى قىلىپ زەھەر تارقاتماڭ! — خانئايىم خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، — سادىر بۇجاڭ خانئايىم خانىمنىڭ قاغا پۇتى گەپلىرىنى ياقتۇرمىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

— رەھمەت، — دېدىم مەن قايتىدىن جانلىنىپ، — ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ يوشۇرۇن مۇناسىۋىتىگە، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ پۈتۈنلەي ئويدۇرما، قىپقىزىل تۆھمەت! ئۆز نۆۋىتىدە ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن ماڭا قىلىنغان ھاقارەت!

خانئايىم خانىم گەپ قىستۇرماق بولۇپ لېۋىنى ئۆمەللىدى - يۇ، سادىر بۇجاڭنىڭ سالماق تۈرقىغا قاراپ ئاغزىغا كەلگەن

گەپنى مىلى تەستە يۆتۆۋەتتى.

ــــ مېنىڭ ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىم راست، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆيىگە بارىدىغانلىقىممۇ راست، بۇنىڭدىن تانمايمەن. لېكىن، يوشۇرۇن مۇناسىۋىتى بار، دېگەن گەپنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايمەن. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاشكارا مۇناسىۋەت.

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

ــــ خەتتە دېيىلگەن گەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىردەملىك ئىش، ــــ دېدىم مەن سادىر بۇجاڭغا قاراپ قويۇپ، ــــ خەت يازغان بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە بار، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرساق ھەممە ئىش بىردەمدىلا ئاشكارا بولىدۇ.

سادىر بۇجاڭ يۇنۇس مۇئەللىمگە قارىدى. يۇنۇس مۇئەللىم ماڭا يۈزلەندى.

ــــ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟

ــــ راست.

ــــ خاتىرىگە قول قويۇپ بېرەلەمسىز؟

ــــ قويىمەن.

ــــ ئەمىسە سىز سىرتقا چىقىپ بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، بىز باش قوشۇۋالايلى، سىزنى ھازىرلا چاقىرتىمىز.

مەن سىرتقا قاراپ ماڭدىم. كارىدور جىمجىت ئىدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن بۇقسۇۋاتقان ئەلەمگە چىدىماق بەك تەس ئىدى، كۆزلىرىمنىڭ مىلى يېرىدىن ياش قايناپتتى. ئى، خۇدا، قايسى گۇناھىم ئۈچۈن مۇنداق خورلۇققا دۇچار قىلىسەن؟ مەن تېخى ئەمدىلا يىگىرمە بىرنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئايىغىمدا چۇمۇلە ئۆلمەيدىغان، پۈتۈن ئۆمرۈمدە بىرەر كىشىگە قارا ساناپ باقمىغان ياۋاش بەندەڭ ئىدىمغۇ؟!

كۆڭلۈم ئېلىشىپ، نەپسىم قىسىلىپ بولالماي قالدىم. بۇ لەنەت تەگكۈر بىنادا يەنە بىردەم تۇرسام جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. شۇڭا، ئالدىراش سىرتقا قاراپ يول

ئالدىم. ئىشىكتىن چىقىشىمغا سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ دەسلەپ تاتاردى، ئارقىدىن ئەتراپقا ئوغرى مۈشۈكتەك بىر قور قارىۋەتكەندىن كېيىن قەدەملىرىنى تېز يۆتكىگىنىچە كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

— بۇدۇشقاق ئوغرى، — دېدىم ئىچىمدە، — نەگىلا بارسام كۆز يېشىمغا شاھىت بولۇپ سوغدىشىپلا يۈرگەن.

مەن بىنانىڭ ئالدىدىكى ئارچىزارلىقتا كېلىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم. سالقىن ھاۋادىن قېنىپ سۈمۈردۈم. بىردەمدىن كېيىن سەل ئەسلىمگە كېلىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم، بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، قورۇدا ئادەم شالاڭ ئىدى، كۆزۈم سىنىپىمىزنىڭ دېرىزىسىدە ماڭا قاراپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان ئىككى گەۋدىگە چۈشۈشى بىلەن تۇرۇپلا قالدىم. ئىككى گەۋدە ماڭا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تېزلا غايىب بولدى، مەن ئۇلارنى تونۇۋالدىم. ئۇلار تۇرسۇنگۈل بىلەن ئىپارگۈل ئىدى. ھەيران قالدىم، ئۇلار «شېكەر شەنبە بىلەن ئوينايدىغان يەكشەنبە»نى ھەرگىز سىنىپتا ئۆتكۈزمەيتتى. بۇ نېمە كارامەت ئەمدى؟ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدىكى سوراق، سۇلايمان مۇئەللىم، تۇرسۇنگۈل، ئىپارگۈللەرنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرۈشى ... بۇ تازا نورمال ئەھۋال ئەمەسقۇ؟ بىردىنلا كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. توغرا، بۇ ئويۇننى چوقۇم مۇشۇ ئۈچ مەرەز پىلانلىغان!

ۋۇجۇدۇمغا قايتىدىن كۈچ كىردى. مەن ياشلىرىمنى پاكىز سۈرتىۋېتىپ زور ئىشەنچ بىلەن بىناغا قاراپ يول ئالدىم. ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىمگە خاتىرە يازغان كىشى ئالدىمغا چىقتى:

— ئىشخانىغا كىرىڭ!

مەن ئۇ كىشىگە ئەگەشتىم.

— ئولتۇرۇڭ.

مەن بايا ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— بايا باش قوشۇش يىغىنىنى ئېچىپ دەسلەپكى قەدەمدە

پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلدۇق، — يۇنۇس مۇئەللىم ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەسىلىنىڭ چىتىلىش دائىرىسى كەڭ، پاكىت ئاساسى ئاجىز بولغاچقا ئاخىرقى يەكۇننى چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. سۆھبىتىمىزگە ماسلىشىپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. بىز ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىمىز. سىز بايا بۇ پۇتۇنلەي تۆھمەت، دېگەن يەكۇننى چىقاردىڭىز، پاكىت ئاساسىڭىز ۋە گۇمانىڭىز بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئوتتۇرىغا قويسىڭىزمۇ، ئەتە - ئۆگۈن بىزگە مەلۇم قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بىز سىزنى ھەرگىز قارىغا ئىتتەرمەيمىز. گۇمانىڭىز بارمۇ؟

— گۇمانىم بار، — دېدىم كەسكىن قىلىپ. شۇ چاغدا خانئايىم خانىم قامچا يېگەندەك سىلكىنىپ كەتتى، — لېكىن ھازىرچە پاكىتىم يوق.

خانئايىم خانىمنىڭ غازاڭدەك سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا سۈس قان يۈگۈردى.

— گۇمانىڭىزنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە دەپ باقامسىز؟

مەن خانئايىم خانىمغا قاراپ قويدۇم. سادىق بۇجاڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندى بولغاي گېلىنى قىرىپ قويدى:

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ئادەملەر، بىزنىڭ خىزمەت ئىنتىزامىمىز بار، بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى ساقلىنىدۇ. كۆڭلىڭىزدىكىنى خاتىرجەم دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

— كونىلاردا «گادايىنىڭ دۈشمىنى گاداي بولىدۇ»، «تۆزچىنىڭ ھاكچىغا تاتلىقى كەلمەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىزگە تۆھمەت قىلغانلار باشقا يەردىن ئەمەس، ئەتراپىمىزدىنلا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆھمەت خېتى بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل مەكتەپ كادىر ئۆستۇرىدىغان چاغدا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جەھەتتە ھەممەيلەننىڭ

قورسىقىدا سان بار، ئارتۇقچە گەپ قىلىش بىھاجەت ... شۇڭا ھازىرچە باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كۆڭۈلدە سان تۇرغۇزۇۋالساڭلار، بەلكىم سۆھبەت جەريانىدا مەسىلىلەر بىر - بىرلەپ ئاشكارىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مەن گۇمانىمنى ئەتە دېسەم.

— بولىدۇ، — سادىق بۇجاڭ مەنىلىك كۈلۈپ قويىدى.

— ئەمىسە خاتىرىگە قول قويۇپ بېرەمسىز؟

مەن خاتىرىگە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئىسمىمنى يېزىپ بەردىم.

— يەنە باشقا گەپ - سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، — دېدىم مەن تەمكىن قىياپەتتە، — مەن يۈزى ئېچىلمىغان قىز بالا، ئويلىمىغان يەردىن تۆھمەتكە ئۇچرىدىم، — تۇرۇپلا ئاۋازىم بوغۇلۇپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، — ھەرقايسىلىرى ساۋاقداشلىرىم بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولۇشۇۋاتىلا، بىزدە «ياخشى گەپ بوسۇغا ئاتلاپ بولغۇچە، يامان گەپ تاغ ئاتلاپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. دېمەك، بۇگۈن سىنىپتىكى ھەممە بالىلار، ئەتىگە قالماي پۈتۈن مەكتەپ مېنىڭ ئىشىمدىن خەۋەردار بولۇپ بولىدۇ. تۆھمەتخورلارغا يۈز لازىم بولمىغىنى بىلەن ماڭا لازىم، شۇڭا تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندىن كېيىن مەكتەپ ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن مېنىڭ نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرمىسە بولمايدۇ.

ھەممەيلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. سادىر بۇجاڭ تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى. قارىغاندا ئۇلار تەكشۈرۈشنىلا ئويلاپ، كېيىنكى ئىشلارغا كاللا قاتۇرمىغاندەك قىلاتتى.

— ئەگەر مەكتەپ بۇ ئىشقا سەل قارىسا، مەن قانۇنىي يول ئارقىلىق ھوقۇقۇمنى قوغدايمەن!

— شۇنداق بولىدۇ، — سادىر بۇجاڭ پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتتى. خانئايىم خانىم تېپىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى.

— باشقا گەپ بولمىسا مەن چىقاي.

— بولىدۇ.
— سىنىپ باشلىقىنى چاقىرىۋېتىڭ !
— ماقۇل.
— سىز سىنىپ مۇدىرىغا تېلېفون قىلىڭ، — سادىق بۇجاڭ خانئايىم خانىمغا بۇيرۇق قىلدى، — تېز كەلسۇن !
مەن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.
... ...
سىرتقا چىقىپلا تاھىرغا تېلېفون قىلدىم:
— ۋەي ...
— مەن بەختىگۇل.
— تىچلىقتۇ؟
— قەدىر ئەھۋال.
— نېمە ئىش ئىكەن ئۇ دەم ئېلىش كۇنىدە ئادەمنى بىسەرەمجان قىلغۇدەك؟
— ھازىر سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، تېزرەك بارغىن، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە بىلىسەن !
مەن تاھىرنىڭ جاۋابىغىمۇ قارىماستىن تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتىم ...
كاللام گاراڭ، پۇت ـ قولۇممۇ قامغا كېلىدىغاندەك ئەمەس، بىر تۇرۇپ ئۇن سېلىپ يىغلىغۇم، بىر تۇرۇپ كارىدورنىڭ سوغۇق تېمىغا بىرنى ئۇسۇپلا ھەممە دىشۋارچىلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلغۇم كېلىدۇ ... ئاھ، خۇدا، قايسى گۇناھىم ئۇچۇن مېنى مۇنچىۋالا شەرمسار قىلىسەن؟ ئىپارگۇل، تۇرسۇنگۇللەر كۇندە تالادىن كىرمەيدۇ، ئىپارگۇل نەچچە قېتىم بالا ئالدۇرۇپ بولدى، يېقىندىن بېرى تالادىن ئېشىنىغان چاغلاردا سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. بۇنى باللارلا ئەمەس، مۇئەللىملەرمۇ ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارغا ھازىرغىچە ھېچ گەپ يوق ! ئۇلار دەرسكە قاتناشمايمۇ لاياقەتلىك بولالايدۇ، «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن ناخشىنى

غىڭشىغىنىچە ھەممىلا يەردە تۆيىقىدىن ئوت چىقىرىپ تاراقشىپ يۈرەلەيدۇ. مەنچۇ؟ ماڭا چاپلىنىپ نامى بۇلغانغان ياسىنجان مۇئەللىمچۇ؟ ئادەم ئۆزگىلەرگىلا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ باھا بېرەلەيدۇ. ماڭىلا ئەمەس، پۈتۈن فاكۇلتېت ئەھلىگە بەش قولدەك ئايان، ياسىنجان مۇئەللىم «ئالتۇن تېرىسا ئۈنىدىغان» پەرىشتە سۈپەت ئادەم، كىشىلەر قوم چېچەكلەپتۇ، دېسە ئىشىنىدۇكى، ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ بىر ئوقۇغۇچى قىز بىلەن چاتىقى بار ئىكەن، دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ! مەنمۇ شۇ، مېنىڭ مەردان بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارتۇق ـ تۆشۈك ئىشىم يوق، يېگەن نېنىمغا شۈكۈر قىلىپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئۆن ـ تىنسىز ياشايدىغان ئادەم. كىشىلەرگە پايدام تەگمىگەن تەقدىردىمۇ زىيىنىم يوق. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ:

كىم ياخشىلىق قىلمىسا، بارى يامانلىق قىلمىسۇن،
كىم يامانلىق قىلمىسا، قىلغانچە بار ئۇن ياخشىلىق.

دېگەن ھۆكمى بويىچە بولغاندا مەن يەنىلا ياخشى ئادەم. لېكىن، توقۇناق بالانىڭ، ئەڭ شەرمەندە قالپاقنىڭ ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىغا كېلىپ كىيىلگىنىگە نېمە دېگۈلۈك؟ مۇئەللىملەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىدە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەنقىد ـ تەنبىھلىرىدە، مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدە كىشىلەرنى ياخشىلىققا، گۈزەللىككە دەۋەت قىلىدۇ، ياخشى ئەملى ئارقىلىق ياخشى نام قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ياخشى كۆرۈن كۆرىدۇ، دەپ تەرىپلىشىدۇ. لېكىن، كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك؟
ھايات ماڭا تونجى قېتىم قاراڭغۇ جاڭگالدەك قورقۇنچلۇق ۋە مەنىسىز تۇيۇلدى. مەن ھەقلىق قان بېرىش ئارقىلىق قورساق بېقىش نىيىتىگە كەلگەن چاغدىمۇ مۇنداق ئۈمىدسىزلەنمىگەنىدىم. كونىلارنىڭ «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگىنى مۇ-

شۇ ئوخشىمامدۇ؟ ياخشىلار دەشنەم يەپ، يامانلار ئۈستىدىن كۈ-
لىدىغان مۇنداق ھاياتنىڭ يەنە ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ؟
مەن بىنا ئالدىدىكى ئارچىزارلىقتا بىردەم مەڭدەپ تۇرغاندىن
كېيىن مەردانغا تېلېفون ئالدىم:
— كىمۇ؟
بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى.
— مەن بەختىگۈل.
— كىم دېدىڭىز؟ ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىڭ!
— مەن بەختىگۈل.
— ھە، بىلدىم. مەن ... مېنىڭ بەخت گۈلۈممۇ؟ مەن
بىلدىم... ئاۋازىڭىزدىنلا تونۇدۇم، قېنى سۆزلەڭ!
مەردانىنىڭ ئاۋازى غارالڭ - غۇرۇڭ، گەپ - سۆزلىرى ھېچ
قولاشمايتتى. تېلېفوندا يۇقىرى ئاۋازدا قويۇلغان مۇزىكا ئاۋازى
بىلەن بىر توپ قىز - ئوغۇللارنىڭ قىيا - چىياسى ئېنىق
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا مەردان ساۋاقداشلىرى بىلەن
ئولتۇرۇش قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.
— گەپلىرىڭىز ھېچ قولاشمايدۇ، يەنە ئىچىشۋاتىسىز
قىلىۋاتامسىلەر؟
— نېمە قولاشمايدۇ؟
— ھېچنېمە.
— دەڭە، مېنىڭ قايسى ئىشىم قولاشماپتۇ؟
مەن جىم تۇرۇۋالدىم. تېلېفوندا بىر قىزنىڭ نازلىق ئاۋازى
ئاڭلاندى. ئۇ قەستەن ئويۇن چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.
— مەردان، تېز بولمامسەن، ساڭا قاراپ مۇزىكا بىكار ئۆتۈپ
كەتتى.
— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ بىرسى ئۆتۈپ كەتسە يەنە بىرسى
بارغۇ؟
— كىم ئىكەن ئۇ مۇشۇنداق چاغدا تېلېفون قىلىپ
پەيزىمىزنى ئۇچۇرغان؟

— كىم بولاتتى، مەردانىنىڭ كۆز مونچىقى بولمامدۇ؟ مەكتەپتىكى ۋاقتىدىغۇ بىزنى يېقىن يولاتمىغان بۇ بايۋەچچىگە، بۇ يەرگىمۇ قولى يېتىپتۇ ئۇ خېنىمنىڭ!

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— شۇ بولمىسا ھېچنېمىگە گەپ بەرمەيدىغان مەردان غوجىنى سۇغا چۆشۈپ كەتكەن مۇشۈكتەك سالپايتىۋېتەلەمتى؟

— كىم سالپىيىپتۇ؟ تىك تۇرمامدىمەن مانا!

باللار مەردانغا يېپىشتى:

— يېلى چىقىپ كەتكەن كامېرنىڭ ئۆزىغۇ!

— كۆرەك جۇۋىدەك ...

— سولىشىپ قالغان كاۋا پېلىكىدەك ...

— ... ...

باللار ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغان چېغى، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ئويۇن چىقىرىشقا باشلىدى.

— سىرتقا چىقالامسىز، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— نېمە گەپ ئىدى ئۇ ھازىر دېمىسە بولمايدىغان؟

— ئەمىسە مەيلى، ئويۇنىڭىزنى ئويناۋېرىڭ!

مەن تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتىم. ئادەمنىڭ كۆڭلى ئازار يېگەندە ئەڭ يېقىن ئادىمىنى خالاپ قالىدىكەن. «ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ» دېگەندەك، تەسەللىگە، يول كۆرسىتىشكە موھتاج بولۇپ تۇرغىنىمدا مەردانىنىڭ مەست بولۇۋالغىنىغا قارىمامدىغان؟

نېمىلا بولسۇن، مەن بىرەرسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئىچىمگە سىغمىغان دەردلىرىمنى چىقىرىۋېتىشىم زۆرۈر ئىدى. بولمىسا بۇرۇقتۇرمىلىقتا تۇنجۇقۇپ قالاتتىم. قەدىمىمنى يۆتكىشىمگە تېلېفون سايراپ قالدى. تېلېفون مەرداندىن كەلگەنىدى. مەن بىردەم تۇرغاندىن كېيىن تېلېفوننى قۇلىقىمغا تۇتتۇم.

— تالاغا چىقتىم، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.

— جىق ئىچىۋاپسىز، ھېلى سەل ئوڭشالغىنىڭىزدا

پاراڭلىشايلى.

— كىم مېنى جىق ئىچىۋالدى دەيدۇ؟ مەن پەقەت ساقىي بەرگەننىلا ئىچتىم.

— بەرمىگەننىمۇ ئىچىدىغان گەپ ئىدى!

— ماۋۇ گەپنى سىز دېدىڭىز - ھە؟

مەن جىم تۇرۇۋالدىم.

— مېنىڭمۇ تازا يىغانىم ئۆرلەپ تۇراتتى، — دېدى مەردان يېنىك ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — سىز دېدىڭىز ھە بۇ گەپنى ... سىزنىڭ ھەربىر گېپىڭىز مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بۇيرۇق، مەن ئۇنى بېشىم بىلەن ئورۇنلايمەن. بۈگۈن تازا ئىچىمەن، قانغۇچە ئىچىمەن، چىلاشقۇچە ئىچىمەن ...

مەردانىنىڭ بۇ گەپلىرى جېنىمغا تەگدى. ئۇ بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم ھاراق ئىچىپ كۆشۈكلۈق قىلغان، پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشۈپ يۈز - كۆزىنى ئوبدانلا يارىلاندۇرۇۋالغان، لېكىن بۈگۈنكىدەك تەتۈرلۈك قىلىپ باقمىغانىدى.

— سىز مېنىڭ سۆيگىنىممۇ ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇنىڭ رايىغا بېقىش قارارىغا كەلدىم.

— شۇنداق.

— ئەمىسە مەن سىزنىڭ نېمىڭىز؟

مەن كۈلۈپ سالدىم.

— ئاشىقىم، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مەست بولۇۋېلىپ تەخىمىنى تونۇغىلى ئۇنىمايدىغان ھاڭگا باتۇرۇم!

بۇ گەپلەرنىڭ قانداق ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم.

— نېمە دېدىڭىز؟ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە دېدىڭىزما؟ مەندەك پۈتۈن - سۇرۇك بىر يىگىتنى ئېگىلدۇرەلىگەن سىزدەك نوچى قىزنىڭ بېشىغىمۇ كۈن چۈشەمدىكەن؟ دەپ بېقىڭا، بېشىڭىزغا قانداق كۈن چۈشتى؟

مەن بىردىنلا بوشاپ كەتتىم. مەن نېمە كويدا، مەردان نېمە

ئويدا؟ مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن بوغۇلۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم.
— سىز ...
— نېمە بولدى، يىغلاۋاتىسىزغۇ؟
مەردان سەل ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، ئاۋازىنى پەسلەتتى:
— نېمە ئىش بولدى، بىرسى بوزەك قىلدىما؟
— بوزەك قىلمىسا سىزگە تېلېفوندا دەرد تۆكەمتىم؟
مەردان سەل سەگەكلەشتى.
— بىر ئەمەس، سىنىپتىكى ھەممە باللار بوزەك قىلىپ كەتتى. ئەتە مەكتەپ بويىچە بوزەك قىلماقچى !
— نېمە دېدىڭىز؟ كاللامنى ئېلىشتۇرۇۋەتتىڭىزغۇ؟
مەن گەپ قىلمىدىم.
— قېنى دەڭا، نېمە ئىش بولدى زادى؟
— نېمە بولاتتى؟ قاراپ تۇرۇپ قارىغا كەتتىم شۇ !
— نېمە ئىش بولغان؟
— بىرەر ئىشقۇ بولمىغان، — مەن بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزۈمنى ئۇلىدىم، — سىنىپتىكى باللار مېنى ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن چاتىقى بار دەپ مەكتەپكە ئەرز قىپتۇ. بايا مەكتەپتىن بىرنەچچە ئادەم كېلىپ مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى، ھازىر سىنىپتىكى باللاردىن پىكىر ئېلىۋاتىدۇ ...
— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟
— مەن نەدىن بىلەي؟
— ئۇنداق ئىشقۇ يوقتۇ سىلەردە؟
بېشىمدىلا چاقماق چاقىقاندەك قاتتىق سىلكىنىپ كەتتىم.
— نېمە دەۋاتىسىز مەردان؟ مەن شۇنداق قىزما؟
— ئەمدى دەيمىنا ... «ئوسۇرمىسا پۇرىمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمىزغىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى ئەمەسمۇ ...
بېشىمغا توقماق تەگكەندەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. جاھان كۆزۈمگە قاپقارا كۆرۈندى. ۋادەرىخ، ئادەمنىڭ بېشىغىمۇ

مۇشۇنداق قارا كۈنلەر كېلەمدۇ؟ مەن تاغ ئورنىدا كۆرگەن، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئەڭ يېقىن ئادىمىمنىڭ ئاغزىدىن بۇ تەرزدە گەپ چىقسا، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا نېمە دېگۈلۈك؟

ئەمدى سۆزلىشىشنىڭ ئورنى قالمىغان، تېلېفونىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. شۇڭا، تېلېفوننى ئارچىزارلىققا تاشلىۋېتىپ پۈتۈم قايغان تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم ...

## 5

نەچچە ۋاقىت، نەلەرنى ئايلانغىنىم ئېسىمدە يوق. بىر چاغدا ئۆزۈمنى ياتاقتا كۆردۈم. كۆڭۈل ئاياغلىرىم مېنى خېلى جىق يەرلەرنى ئايلاندۇرۇپمۇ مۇۋاپىق جاي تاپالمىغاندىن كېيىن بۇ يۇرتتىكى بىردىنبىر ئىللىق ماكانىم بولغان ياتىقىمغا باشلاپ كەلگەنىدى.

ياتاققا كىرىپلا ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن كارىۋىتىمغا چىقىپ ئولتۇردۇم. باللار ئىپارگۈلنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى، مېنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇشقاندىن كېيىن گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. مەن باللارغا ناتونۇش ئادەمگە قارىغاندەك بىردەم ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىپارگۈلنىڭ كارىۋىتىغا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. كارىۋاتتا ئىپارگۈل يىلاندەك تولغانغىنىچە ۋاي - ۋايلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ سوغۇق كۈلۈپ قويدۇم:

— نېمە بوپتۇ بۇ ئالۋاستىغا؟

ئىپارگۈل كۆزۈمگە «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىن بەتبەشىرە سىياقتا كۆرۈنگەنىدى.

باللارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشتى.

— «كىشىگە قىلسا ئۆزىگە» دېگەن شۇ!

كارىۋات بېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن تۇرسۇنگۈل

ئىپارگۈلدىنمۇ بەك تولغىنىپ كەتتى.

— ۋايجان، مەن بولالمىدىم !

زەھەردەك سىسىق گەپلىرىم يەل تۇرۇپ قالغان ئادەمدەك ئىنجىقلاپ ياتقان ئىپارگۈلنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمىگەنىدى.

— ئازراق چىدا، ئاداش، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھازىرلا كېلىدۇ.

تۇرسۇنگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

— ۋايجان، ۋاي ئۆلەي، نەدىن كەلگەن ئاغرىق بۇ !؟ ...

ئۆزۈممۇ ھەيران، ئىچىمنى غاجىلاۋاتقان دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنىڭ غول تومۇرى ئىپارگۈلنىڭ ئازابىغا چېتىپ قويۇلغاندەك، ئۇ ھەربىر ۋايجانلىسا، كۆڭلۈم ئىللىق بىر سېزىمدە غىدىقلىنىپ، ئاشىقنىڭ باغرىدىكى مەشۇقتەك راھەتلىنەتتىم. ئىلگىرى يۈرىكىم بەك يۇمشاق ئىدى، ھەممىدىن ھېيىقىپلا يۈرەتتىم، بىرەرسىنىڭ ئازابىغا چىدىيالمايتتىم، ھەتتا توخۇ بوغۇزلىغان يەردىمۇ تۇرالمايتتىم.

تۇرسۇنگۈل دېگەندەك، يېقىنلا يەردىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي نوسىلكا كۆتۈرۈۋالغان ئۈچ دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئەر، بىرسى ئايال ئىدى.

— نېمە بولدى؟

باللار دوختۇرلارغا يول بەرگەچ كارىۋاتتا پۇچىلىنىپ ياتقان ئىپارگۈلنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىشتى.

ئايال دوختۇر كېلىپلا ئىپارگۈلنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، ئارقىدىن قورسىقىنى ئېچىپ، ھەممە يېرىنى بىر قۇر مۇجۇپ چىقتى.

— سوقۇر ئۈچەي تۇتقاندەك قىلمايدۇ.

— سوقۇر ئۈچەيىمنى ... ئېھ، كىچىكىمدە ئېلىۋەتكەن ...

ئىپارگۈلنىڭ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دوختۇر، مېنى ... ئېھ، تېزرەك دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭ، مەن ... مەن ... بولالمىدىم.

ئىپارگۈل ئۆرە بولۇشقا كۈچەپ باقتى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ مىدىرلىيالمىدى. دوختۇر ئايال نوسىلكىغا كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىككىيلەنگە مەنىلىك قارىدى، ئۇلار جاۋابەن باش لىڭشىتتى.

— دوختۇرخانىغا يۆتكەيلى!

ئىپارگۈل قول - قولىچە نوسىلكىغا ئېلىندى، شۇ چاغدا ھەممە ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭ كارىۋىتى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەندى. ھەممەيلەن ئاغزىنى تۇتۇپ قېلىشتى.

دوختۇر ئايال ئۇزاق يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن ھەممىنى بىلىپ ئۆلگۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاۋۋال مۇشۇكتەك تولغۇلۇپ ياتقان ئىپارگۈلگە، ئارقىدىن قان دېغى كارىۋاتقا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن گەپمۇ قىلماستىن نوسىلكىغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

تۇرسۇنگۈل ئىپارگۈلگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتكەندى. مەن ياتاقتىكى قىزلاردىن ئىپارگۈلنىڭ بوغدايلىقىدا سۇ ئىچىۋاتقان بىرنەچچىسىنى ئارقىسىدىن ماڭدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە ھېچكىم مىدىر - سىدىر قىلىپمۇ قويۇشمىدى. ئۇلارنىڭ ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى ئىپارگۈلنىڭ كۆرپىسىدىن بىرنېمىلەرنى ئىزدىشەتتى ...

ھايالشماي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى بېسىقتى، ماشىنىنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى بېسىققان ھامان تېنىم تەسۋىرلىگۈسىز بىر راھەت تۇيغۇسىدا بوشىشىپ كەتتى. مەن كارىۋىتىمغا يانپاشلاندىم ...

كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، كارىدوردا بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— ئۇخلاپ قالدى، — دېدى زىباگۈل پەس ئاۋازدا.

— كەيپىياتى قانداقراق؟
— ياخشى ئەمەس.
بۇ ئايتۇرسۇننىڭ ئاۋازى ئىدى.
ئاياغ تىۋىشى كەينىگە ياندى.
— كامىلە ئاچا، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.
ئاياغ تىۋىشى كارىدوردىلا توختىدى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئايتۇرسۇننىڭ بوش ئاۋازى ئاڭلاندى.
— بۈگۈنكى ئىشلاردىن سىزمۇ خەۋەر تاپتىڭىز ھەرقاچان.
— ئون مىنۇتنىڭ ئالدىدا خەۋەر تاپتىم، ئوبدان قىلماپسىلەر، بەك ئاچچىقىم كەلدى.
— بىز بەك تەڭلىكتە قالدۇق، كامىلە ئاچا، — دېدى ئايتۇرسۇن يىغلامسىراپ، — بەختىگۈل بىلەن ياسىنجان مۇئەللىمگە چاپلانغان قارىدىن بىزنىڭ پەقەت خەۋىرىمىز يوق ئىدى، راست دەۋاتىمەن، بىزگە ئىشىنىڭ، خۇدا ھەققى ...
— ئەمىسە ...
— بىز نائەھلىلىكتە ئۇچىغا چىققان تەقدىردىمۇ مۇنداق مەينەت ئىشنى قىلمايمىز! بايا تەكشۈرگىلى كەلگەنلەرگە ھەممىنى دېدۇق. ياسىنجان مۇئەللىم بىزنىڭ ئاتىمىزغا ئوخشاش پەرىشتە سۈپەت ئادەم، ئۇ بىزگە بەك كۆيۈنىدۇ. بەختىگۈلنىڭ ئەخلاقىغا كەلسەك ئۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇنى ھەممە بىلىدۇ ...
... ...
— بايىقى ئاچچىقىمدا چىرايىڭلىغىمۇ قارىماسمەن دېگەن، چۈشەندۈرۈشىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. سىز دېگەندەك ياسىنجان مۇئەللىم پەرىشتە سۈپەت ئادەم، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچىنى كۆرۈپ باقمىغان. بەختىگۈلمۇ شۇ ... لېكىن كۆز چاناقتىن چىقىپ كەتتى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەس ... بىچارە بەختىگۈلگە بەك ئۇۋال بولدى. كونىلارنىڭ «يىتىنە ئۆلۈمدىنمۇ يامان» دېگىنى بىكار ئېيتىلمىغان. بىرسى ئون، ئونى مىڭ بولۇپ ئالەمنى

مالەم قىلمىغۇچە توختىمايدۇ ... بەختىگۇل ئىچى كۆچلۈك قىز، ھەرقانداق جاپاغا چىدىغىنى بىلەن پىتنىغا چىدىمىقى تەس، شۇڭا بەختىگۇلگە ئوبدانراق كۆز - قۇلاق بولۇڭلار، بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن ...

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز.

— ئويغانغاندا ماڭا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، دېيىشىدىغان گەپ بار.

— ماقۇل.

... ...

كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم، ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. بەدىنىم مۇزلاپ كەتكەندى، مىدىر - سىدىر قىلغۇدەك ماجالىم قالمىغانىدى.

ياتاق ئىچى گۆردەك جىمجىت ئىدى. ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. بىر كۈن ئىچىدە ئارقىمۇئارقا كەلگەن دىشۋارچىلىقلار ئۇلارنى ئوبدانلا ھالسىرىتىپ قويغانىدى ... مۇزاكىرە ۋاقتى بولغان چېغى، بىر چاغدا باللار بىر - بىرلەپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى. بۇ ھالدا سىنىپقا چىقىشىمۇ بىر گەپ ئىدى. قەلبىم ئۆچمەنلىككە تولغانىدى، مەن سىنىپقا، ئۇنىڭدىكى مەن ئەقىدە قىلغان ھەممە باللارغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. ھەتتا مەردانىمۇ نەپرەت ئىشىكىگە مىخلىنىپ كەتكەنىدى. گەرچە بۇ ئىشتا كۆپ سانلىق باللار گۇناھسىز بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ھەممىسى كۆزۈمگە قاپقارا كۆرۈنەتتى. بىرەرسىمۇ دوستۇم، ساۋاقدىشىم تەرىقىسىدە كۆز ئالدىمغا كەلمەيتتى. بۇ ھالدا ئوقۇشنى قانداقمۇ داۋاملاشتۇرغىلى بولار؟

باللار سىنىپقا چىقىپ كېتىپ قىرىق مىنۇتلاردىن كېيىن كارىدوردا يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئېنىقكى بۇ كامىلەنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىدى.

كامىلە ياتاققا كىرىشىگە مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ۋاي ئانام!

كامىلە قورقۇپ كەينىمگە داجىدى. مەن چىراغنى يېقىۋەتتىم.

— ساڭىمۇ ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈۋاتامدىمەن؟

مەن سوغۇق كۈلۈپ قويدۇم.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

— ھەممىدىن خەۋەر تاپتىم.

— ئەتە مەكتەپتىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسى خەۋەر تاپىدۇ!

مەن بارلىق دەرد - ئەلەممنى كامىلەدىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا نەشتىرىمنى سانجىدىم.

— تاماق يېدىڭمۇ؟

— ياق.

— ماڭ، تاماق يەيلى.

— يېگۈم يوق.

— تولا جاھىللىق قىلماي كىيىمىڭنى كىي، ساڭا دەيدىغان باشقا گەپلەرمۇ بار.

— ئاڭلىمايمەن، مەن گەپتىن بەك زېرىكتىم.

— ئەمىسە جىندەك يالغۇز ئولتۇر!

ئىككىمىز جىم بولۇشتۇق. كامىلە ئىپارگۈلنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى. باللار كارىۋاتنى شۇ پېتى تاشلاپ قويغانىدى، قارىغاندا ھېچكىمنىڭ بۇ رەسۋا تارىخنىڭ سارقىندىلىرىنى تازىلاپ قويۇشقا كۆڭلى كۆتۈرمىگەنىدى.

— ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرما!

كامىلە چۆچۈپ كەينىگە ياندى.

— نېمە بولدى؟

مەن كارىۋاتنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتىم.

— ۋايتوۋا، نېمە مەينەتچىلىك بۇ؟ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇپ.

— كۆڭلۈڭ ئېلىشىدىغان ئىشلارنى ئەتە كۆرىسەن تېخى!

— بۇ ئىپارگۈلنىڭ كارىۋىتىغۇ؟
مەن باش لىڭشىتتىم.
— بايا دوختۇرخانىغا ئەكېتىلگىنى شۇ بولمىسۇن يەنە؟
— شۇ بولماي كىم بولماقچىدى؟
كامىلە شۈبھىلىنىپ ماڭا قاراپ قويدى.
— تۇغۇپقۇ سالمىغاندۇ؟
— ياق تېخى.
كامىلە جىم بولۇپ قالدى. مەن دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتىم.
— قانداق، مەن بىلەن تاماققا بىللە چىقامسەن يا بۇ مەينەت پاكىتلارنى ساقلاپ ئولتۇرامسەن؟
— تاماققا چىقسامۇ چىقاي، پىتنىلەرنى كۆتۈرۈشكە كۈچ بولمىسىمۇ بولماس!
كامىلە ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى. ئىككىمىز يانمۇيان مېڭىپ بىنادىن چىقتۇق.
— قايسى ئاشخانىغا بارىمىز؟
— مەن ئۈچۈن ھەممىسى بەرىبىر.
كامىلە ئۈندىمىدى.
— «ئاچچىق لەگمەن پادىشاھى»غا بارايلى ئەمىسە.
بۇ ئاشخانىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن مەردان بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە تاماق يېگەندىكى كۆرۈنۈشلەر ئېسىمگە كېلىپ بەدىنىم بوش تىترىدى. مېنىڭ يېڭى ھاياتىم مۇشۇ ئاشخانىدىن باشلانغانىدى. شۇ چاغدا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ قەلب سىرىمنى مەردانغا ئاشكارىلاپ قويمىغان بولسام، بىر مەۋسۇمغا قالماي كەشىم تۈگرىلانغان، كېيىنكى دىشۋارچىلىقلارغىمۇ، بۈگۈنكى سەتچىلىكلەرگىمۇ ئورۇن قالمىغان بولاتتى. بۇ چاغقىچە بىر بالىغا ئانا بولۇپ، سىڭگەن نېنىمنى يەپ، ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولار ئىدىم ...
— ئاچچىقنى ئاچچىق بىلەن ئالىدىكەنمىز - دە!
كامىلە ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بۇگۇن ئەجەب ئاغزىڭ ئېچىلىپ كەتتىغۇ سىنىڭ؟ گەپلىرىڭ ھىڭدەك سېسىق.

— ئاچچىق ھايات ئادەمنى تەنچى قىلىپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشنىڭ ھەر خىل يولىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

— سەن نېمە دېمەكچى؟

— ئاچچىقنى ئاچچىق بىلەن قايتۇرماقچى !

كامىلە بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى:

— چۈشىنىمەن ... سەن قارىغا كەتتىڭ، ئۇۋالچىلىقا ئۇچرىدىڭ !

بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

— بايا مەردان تېلېفون قىپتىكەن.

— ...

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— ئاڭلاۋاتىمەن.

— سېنى تېلېفون قىلسۇن، دەيدۇ.

— ...

— ھازىر ئالامسەن يا؟ تېلېفونۇڭغا قاراپ مەردان تىت - تىت بولۇپ كەتتى ھەرقاچان.

— ئەمدى تېلېفون ئېلىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟

— مەن بايا ئۇنىڭغا موھتاج چېغىمدا تېلېفون ئالغان، لېكىن ئۇ ...

— ئۇ نېمە دېدى؟

— بولدى سورىما.

... ...

كامىلە كۆزۈمگە كىرىشىپلىۋالدى. ئۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغاندەك تۇراتتى. شۇڭا، بايا بولۇنغان

گەپ ـ سۆزلەرنى بىر قۇر دەپ بەردىم.

— ئەقلىدىن ئېزىپتۇغۇ ئۇ ساراڭ!

— ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى، ئاڭلىسام ئادەم مەست بولغاندا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلارىمىش.

— ئۇ مەستمىكەن؟

— تېلېفون قىلغىنىمدا ئولتۇرۇشتا ئىكەن.

كامىلە كۈلۈپ كەتتى.

— مەستنىڭ ئوڭى يوق، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ بىر مەستنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ چاپاننى تەتۈر كىيگەنمۇ بارمۇ جاھاندا؟

كامىلە كۈلدى، مەن ئىپادىسىز قاراپ تۇردۇم.

— بايا ماڭا تېلېفون قىلغاندىمۇ گەپ ـ سۆزلىرى تازا قولاشمىغاندەك قىلغان، هازىرغىچە ئوڭشىلىپمۇ بولغاندۇ، قېنى تېلېفون ئېلىپ باق!

— تېلېفونۇم يوق.

— ياتاقتا قاپتۇمۇ؟

— ياق، شۇ چاغدىلا تاشلىۋەتكەن.

كامىلەنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— سەندىن قورقسا بولغۇدەك.

مەن گەپ قىلمىدىم. كامىلە تېلېفوننى ئۇلىدى، لېكىن ئالىدىغانغا ئادەم چىقمىدى.

— بولدى ئاۋارە بولما، ئۇ ئالسىمۇ مەن بەرىبىر سۆزلەشمەيمەن!

— راستمۇ؟

— مەن قاچان ساڭا يالغان ئېيتىپ باققان؟

كامىلە قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تېلېفوننى يانچۇقىغا سېلىۋەتتى.

## 6

ئۈچ يىلدىن بېرى ھەربىر كۈننى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدىم. كاللامدا ئۆگىنىش بىلەن ئىجادىيەتتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. سائەتلەپ قۇرۇق پاراڭ سېلىش، كۈنلەپ بازار ئايلىنىش، ساياھەت، رېستوران، بەزمىخانا دېگەنلەر لۇغەت تەركىبىمدە يوق گەپلەر ئىدى. ھەممىدىن كېيىن يېتىپ بالدۇر ئورنۇمدىن تۇراتتىم. ئەتىگىنى بىر يېرىم سائەتلىك مەشغۇلاتىمنى تۈگىتىپ ئالدىراش ياتاققا كىرگىنىمدە باشقىلار بىر ـ ئىككىدىن ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلايتتى. بالىلار مېنىڭ قانداق چاغدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆگىنىشكە چىقىپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتى. بۈگۈن ئەكسىچە سائەت يەتتىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. كۆزلىرىمدىن ياش ئاقتۇرۇپ تۇرۇپ ئەسنىدىم. دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن قىساسخوردەك كېرىلدىم. بېشىم سەل ئېغىر بولغىنى بىلەن ئۈستىخىنىم پەيدەك يېنىك ئىدى. ئىسسىق يوتقاندا قانغۇچە ئۇخلاش، ئۇيقۇ تۈگىگەندە كۆڭۈل خاھىشى بويىچە شېرىن خىياللارنى سۈرۈش نېمىدېگەن راھەت ـ ھە؟ خۇشياقسا سىنىپقا چىقىش، خۇشياقمىسا «مىجەزىم يوق، دوختۇرغا كۆرۈنىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى ئىلتىماستىن بىرنى تاشلاپ بېرىپ كۆڭلى خالىغاننى قىلىش؛ ئارامىنىمۇ ئېلىش، ئوقۇشنىمۇ تاشلىۋەتمەسلىك سىنىپتىكى كۆپ سانلىق بالىلارنىڭ ئورتاق ئادىتى. ئۇلارمۇ بىر ئوبدان ياشاۋاتىدۇغۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن بۇ راھەتتىن ۋاز كەچتىم؟ ئوقۇشتىكى مەقسەت راھەت كۆرۈش ئۈچۈنغۇ ئاخىر؟ قوتۇر ئاكتىپلىق قىلىپ ئېرىشكىنىم نېمە بولدى؟ ھېچنېمە!

بالىلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇرۇق كارىۋىتىمنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان چېغى، سائەت يەتتىدىن ئاشقاندىمۇ ھېچ ئىش

بولمىغانلىقىم ئەسنەپ ئولتۇرغان بىپەرۋا تۇرقۇمنى كۆرۈپ سەل ھەيران قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ، ھېچكىم چىش يېرىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. مەن ئۇچۇن ھەممىسى بەربىر ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ ھېچكىمگە گەپ قىلماي ئۆز خىيالىم بىلەن ئولتۇرىۋەردىم ...

— سائەت يەتتە يېرىم بولدى، يەنە ئولتۇرسەنغۇ؟

گۈزەلنۇر ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن گەپ قىلماستىن كارىۋىتىمدىن چۈشتۈم. گۈزەلنۇر ئالدىراش چاي دەملىدى:

— يۈزۈڭنى يۇيۇپ كىرگىن، چاينى بىللە ئىچەيلى.

مەن لۆڭگىنى ئېلىپ سۇخانىغا قاراپ ماڭدىم ...

گۈزەلنۇر بىلەن ئىككىمىز ئۈن - تىنسىز ناشتا قىلدۇق. ئارىدا گۈزەلنۇر بىرنەچچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. لېكىن، ئىپادىسىز چىرايىمغا قاراپ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

سىنىپقا كىردىم. باللار ئۆز ئورۇنلىرىدا مۇئەللىمنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىكەن، گەپمۇ قىلماستىن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم. سىنىپ ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى. يېنىك ئۇھ تارتقان، خورسىنغان ئاۋازلار يىراق - يىقىندىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىملا ئولتۇردۇم ...

قوڭغۇراق چېلىندى، ئۇلاپلا ئىشىك ئېچىلىپ، ياسىنجان مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مۇئەللىم بىردەم ئۈنسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا:

— رەھمەت، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى.

مەن مۇئەللىمنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۆيلىپ، ئۆزۈمچە يەرگە قارىۋالدىم. گەرچە ئىككىمىز ئارىسىدا «قارا خەت»تە دېيىلگەندەك ئەخلاقسىز قىلمىشلار يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ،

يەنىلا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك سېزەتتىم. ئەگەر مەن ئىجادىيەت قىزغىنلىقى نۇقتىسىدىن مۇئەللىمگە بەك قىزغىن بولۇپ كەتمىگەن بولسام، بەلكىم بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى ... ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. مۇئەللىمدىن ھېچ سادا يوق. مەن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ مۇنبەر تەرەپكە قارىدىم. مۇئەللىم مۇنبەردە گۇناھكاردەك بېشىنى سالغىنىچە ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپتۇ. مۇئەللىمنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ تۆھمەت تېشى تەگكەن مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئون ياش قېرىپ كەتكەنىدى. چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، كۆز ئەتراپىدىكى قورۇقلار روشەن كۆپەيگەن، دائىم ئېلىپتەك تىك تۇرىدىغان سالاپەتلىك قامىتى ئوبدانلا ئېگىلگەن ... مۇئەللىمنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئاھ، بىچارە ئۇستاز ! بۇ سىزگە نېمە كەلگۈلۈك؟ نەگىلا بارسا باشقىلارغا خاپىلىق تېپىپلا يۈرىدىغان ئايىغى قۇرۇق ئوقۇغۇچىڭىزنى كەچۈرۈڭ !

مۇئەللىم قولاشمىغان ھەرىكىتى بىلەن سومكىسىنى ئېچىپ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ مۇنبەرگە تىزدى. ئارقىدىن ئاغزىنى ئۆمەللىدى. لېكىن، ئاۋازى چىقمىدى. نېمىنىدۇر ئىزدىگەنىدەك ئەتراپقا بويۇنداپ مۇنبەرنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن قولىغا بور ئېلىپ دوسكىغا يۈزلەندى.

دەل شۇ چاغدا تاھىر لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— مۇئەللىم، بىزنى كەچۈرۈڭ، سىز بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىمىز ! — دەپ توۋلىدى. باللار گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تاھىرنىڭ سۆزىنى يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلىدى.

— بەختىگۈل، بىزنى كەچۈرۈڭ، بىزمۇ سىزگە ئوخشاشلا قارىغا كەتتۇق ! باللار تاھىرغا ئەگەشتى.

— بەختىگۈل، بىزنى كەچۈرۈڭ، بىزمۇ سىزگە ئوخشاشلا قارىغا كەتتۇق ! — باللارنىڭ ئاۋازى سىنىپنى لەرزىگە

كەلتۈردى.

مۇئەللىم بىردە دوسكىغا، بىردە بالىلارنىڭ سەممىيەتتىن سىن ئالغان جەسۇر تۇرقىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. دوسكىغىمۇ بالىلارنىڭ قەلب سۆزلىرى يېزىلغانىدى.

— مۇئەللىم، بىزنى كەچۈرۈڭ، سىز بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىمىز !

— بەختىگۈل، بىزنى كەچۈرۈڭ، بىزمۇ سىزگە ئوخشاشلا قارىغا كەتتۇق !

— رەھمەت، بالىلىرىم، ھەممىڭلارغا رەھمەت !

مۇئەللىم ھۇ تارتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بالىلارمۇ كۆز يېشى قىلىشتى ...

شۇ ئەسنادا كارىدوردا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— ياسىنجان مۇئەللىمنى ئاقلاپ بەرسۇن !

— ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسۇن !

— ياسىنجان مۇئەللىمگە قارا چاپلىغانلارنى جازالاپ بەرسۇن!

... ...

سىنىپتىكى سادا ئەمدىلا بېسىقىشىغا كارىدور لەرزىگە كەلدى. ھەممەيلەن جىم بولۇپ كارىدوردىكى ئالامانىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— ئوبدان بالىلىرىم، ئۇنداق قىلماڭلار ! ئىش يوغىناپ كەتسە ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس.

بو فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ ئىشىدا ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقى ئېنىق. سىلەر فاكۇلتېتقا ئىشىنىڭلار، مەكتەپكە ئىشىنىڭلار. بىز بۇ ئىشنى سىلەر قايىل بولغۇدەك ھەل قىلىمىز !

ياسىنجان مۇئەللىم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يېشىغا ماس

كەلمەيدىغان چاقچاقانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ماۋۇ باللارنىڭ نېمە قىلغىنى ئەمدى، ھەي ...

مۇئەللىم ئالدىراش سىرتقا ماڭدى، مۇئەللىمگە ئەگىشىپ سىنىپتىكى باللارمۇ سىرتقا چىقىشتى. كارىدور ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. پۈت قويغۇدەك يەرمۇ تېپىلمايتتى. قارىغاندا فاكۇلتېتتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئېتىراز بىلدۈرۈشكە چىققاندەك قىلاتتى.

ياسىنجان مۇئەللىم كارىدورغا چىقىشى بىلەن ھەممە جىم بولۇشتى. ئاڭغىچە مەكتەپنىڭ چوڭلىرىدىن بىرنەچچەيلەن كېلىپ كارىدورنىڭ ئېغىزىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خەنسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى تىلسا بىر تېمممۇ قان چىقمايتتى، بەزىلىرى نەپەس ئالالماي قېلىشقانىدى.

مەكتەپنىڭ چوڭلىرىنى كۆرۈپ باللارغا قايتىدىن جان كىردى:

— ياسىنجان مۇئەللىمنى ئاقلاپ بەرسۇن !

— ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسۇن !

— ياسىنجان مۇئەللىمگە قارا چاپلىغانلارنى جازالاپ بەرسۇن!

ئارىغا گۈزەلنۇرنىڭ ئوغۇل بالىنىڭكىدەك بوم ئاۋازى قوشۇلدى:

— بەختىگۈلگە ئۇۋال بولدى، بەختىگۈل گۇناھسىز !

باللار ئەگەشتى. مەن بىر خىل بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، ھەققانىيەتنىڭ غەلىبىسىگە ھەشقاللا !

«ئەل قوينى ئەزىم دەريا» دەپ بىكار ئېيتىمىغانىكەن ئاقىللار. ھەققانىيەت، ۋىجدان بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، پىتنە ئۆچۈقتى. پىتنىچىلەرنىڭ كۈنىگە ۋاي ... شۇ تاپتا سۇلايمان مۇئەللىم

قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇ بارىغا شۈكۈر قىلماي ۋە ئۇنى قەدىرلىمەي خەقكە قارا سانىۋىدى، بىرەر پارچە لوقمىغا ئېغىز تەگمەي تۇرۇپلا ئۆزىگە ياندى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، هازىرقى ئەمىلىنىمۇ كىچىك دېگىلى بولمايتتى. «قاشقا سانىسا كۆزگە، كىشىگە سانىسا ئۆزگە» دېگەن شۇ!

## 7

بىر مەزگىللىك داۋالغۇشتىن كېيىن تۇرمۇشۇم يەنە ئىزىغا چۈشتى. باسقۇچلۇق ئىمتىهان ئېلىنىپ بولغانىدى. ئۆتۈلگەن مەزمۇنلار كۆپ بولمىغاچقا، ئارتۇقچە جىددىيلىشىشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۈچ يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق قانات ـ قۇيرۇقىمىز ئوبدانلا يېتىلىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ۋاقتىدا تەكرار قىلغاچ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم.

مۇشۇ كۈنلەردە هېكايىچىلىقتا خېلى تونۇلۇپ قالغاندىم، شۇڭا ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىم نۆۋەت ساقلاپ قالمايتتى، بەزىدە مۇهەررىرلەرنىڭ ئەسەر ئەۋەتىش هەققىدىكى تېلېفونلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ قالاتتىم. مېنى ئەڭ خۇش قىلغىنى ئۆتكەن يىلى نەشرىياتقا تاپشۇرغان هېكايىلەر توپلىمىم نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىنغانىدى. مۇهەررىرنىڭ دېيىشىچە، توپلامنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەن، بىرىنچى باسمىسى تۈگەپ ئىككىنچى قېتىملىق باسمىغا يوللىنىپتۇ. بۇ، مەندەك يېڭىدىن قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلگەن ئەدەبىيات ئاشىناسى ئۈچۈن كاتتا شەرەپ ۋە هەيدەكچىلىك ئىدى. ئىجادىيەتكە بېشىمچىلاپ كىرىشىپ كەتتىم ...

كۇتۇپخانىدا ئەسەر تۈزىتىپ ئولتۇراتتىم، تېلېفونۇم تىترەپ كەتتى. مەن تېلېفونغا قارىدىم. تېلېفون ناتونۇش بىر نومۇردىن كەلگەنىدى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ كۈنلەردە

مەردان تولا تېلېفون قىلىپ زېرىكتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ كۈندە توختىماي تېلېفون قىلاتتى، كەچۈرۈم سوراپ ئۆچۈر يوللايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئېلىشقا، ئۇچۇرلىرىغا جاۋاب يېزىشقا رايىم بارمايتتى. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرەتتىم، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم دەپ بىلەتتىم. شۇڭا، ئەڭ سەمىمىي مۇھەببىتىمنى ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا بېغىشلىغانىدىم. لېكىن ... ئۇ كۆڭلۈمگە بەك تەگكەنىدى. ئۇنىڭ بېشىمغا تاغ ئۆرۈلگەن ئاشۇ قاباھەتلىك مىنۇتلاردا كۆزىنى مىت قىلىپمۇ قويماي تولىمۇ بىپەرۋا قىياپەتتە: «ئۇنداق ئىشقۇ يوقتۇ سىلەردە؟ ... ئەمدى دەيمىنا ... ‹ئوسۇرمىسا، پۇرىمايدۇ› دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمىزغىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى ئەمەسمۇ ...» دېگەن گەپلىرى يۈرىكىمگە مۆھۈر بولۇپ ئۆيۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى كەچۈرەلمەيتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقىي مۇھەببەت ئىشەنچ ۋە ساداقەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم ئىدى. ئىشەنچ بولمىغان مۇھەببەت يىلتىزسىز دەرەخ، مەنبەسىز سۇدەك ئاسانلا ھاياتىي كۈچىنى يوقىتاتتى ...

مەن تېلېفونغا قاراپ ئولتۇرىۋەردىم. تېلېفون ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ يەنە ئۇلاندى. تۆتىنچى قېتىمدا ئۇچۇر كەلدى. مەن ئۇچۇرغا كۆز يۈگۈرتتىم.

— تىنچلىقمۇ؟ مەن «مۇڭگۇ سۈيى» ناملىق تويلىمىقىمىزنىڭ مۇھەررىرى گۈلباھار، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن تېلېفون قايتۇرۇڭ.

مەن تېلېفونۇمنى ئېلىپ كارىدورغا چىقتىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بەختىگۈلما؟

— مەن شۇ.

— گەپنى قىسقىلا قىلاي، — دېدى گۈلباھار خانىم سالام -

سەھەتتىن كېيىن، ــ ئۆتكەندە سىزگىمۇ دېگەن، كىتابىڭىزنىڭ سېتىلىشى تېز بولۇۋاتىدۇ دەپ، بۇ خەۋەر بۆلۇمدىكىلەرنى بەك خۇش قىلىۋەتتى. توپلىمىڭىزنى بىزنىڭ باشلىقمۇ ئوقۇغانىكەن، بابا ماڭا: «بەختىگۈل بىر تالانت ئىگىسى ئىكەن، ئۇنى دائىملىق ئاپتورلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ تەربىيەلىسەك بولغۇدەك. ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، بىرەر توپلام چىققۇدەك ئەسىرى بولسا تەييارلاپ بەرسۇن، ھېيتقىچە نەشر قىلىپ بازارغا سېلىۋېتەيلى» دېدى. قانداق، قولىڭىزدا بىرەر توپلام چىققۇدەك يېڭى ئەسەر بارمۇ؟

ــ ھازىرچە قولۇمدا ئون پارچىدەك ھېكايە، بىر پوۋېست بار.

ــ مانا، بىر توپلاملىق ئەسەر دېگەن شۇغۇ. ھەپتە ئىچىدە تەييارلاپ بېرەلەمسىز؟ مەنمۇ باشقا ئىش تۇتماي تۇراي.

ــ مەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقاي.

ــ ئەمىسە كېلىشتۇق. نومۇرۇمنى كىرگۈزۈۋېلىڭ، تەييار بولغان ھامان تېلېفون قىلىڭ، ئۆزۈم بېرىپ ئەكېلىۋالىمەن.

ــ ماقۇل، رەھمەت سىزگە!

ــ ماڭا ئەمەس، سىزگە رەھمەت، ــ دېدى گۈلباھار خانىم كۈلۈپ.

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

ــ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىزنى بىر نۇسخا كۆپەيتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. قول يازما ئەسەرلىرىڭىزنى بېسىپ تەييارلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ئارگىنالىنىلا ئەكېلىڭ، ئۆزۈم ئۇردۇرۇۋالىمەن، نۆۋەتتە كەلگەندە ئۈستىدىن بىر قۇر كۆرۈپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

ــ ئۇنداقتا بىر ھەپتىمۇ كەتمىگۇدەك.

ــ قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى!

گۈلباھار خانىم بىلەن خوشلىشىپ، تېلېفون نومۇرىنى تىزىملىككە كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ياتاققا قاراپ يول ئالدىم ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەچكىچە ھېكايىلەرنى كۆپەيتىپ بولدۇم. پوۋېست قول يازما ھالىتىدە ئىدى، شۇڭا ئۇنى بىر قۇر تۈزەشتۈردۈم. كۆپەيتىلگەن ئەسەرلەر بىلەن قول يازمىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇپلىۋىدىم، خېلى قېلىن بىر كىتابنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. كېچىچە ئولتۇرۇپ مۇندەرىجە تۈرغۈزدۈم ...

## 8

سۇلايمان مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار توپلىشىپ غوۋغا قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ فاكۇلتېتتا كۆرۈنمىدى. ئىپارگۈل ھازىرمۇ دوختۇرخانىدا ئىدى. زىباگۈلنىڭ دېيىشىچە، مەن قاراڭغۇ جاڭگالغا تاشلانغان شۇ كۈنى ئىپارگۈلنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەنىكەن، ھامىلە بالىياتقۇ سىرتىدا بولغاچقا ۋاقتىدا چۈشمەي بەك قىينىلىپتۇ، ئاخىر ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھامىلدار بولالمىغۇدەك ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نەچچە كۈنگىچە بىئارام يۈردۈم. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز ئىدى. بۇ گەپلەر سىرتقا چىقىپ كەتسە بىزنىڭمۇ، سىنىپنىڭمۇ، سىنىپ مۇدىرىمىز ئەركىن مۇئەللىمنىڭمۇ يۈزىگە سەت ئىدى. نىھايەت بولغۇلۇق بولدى، خۇدا ئۇنى دەل ۋاقتىدا جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى. «ھەممە نىيەت ـ ئىقبالىغا قاراپ نېسىۋە ئالغۇچىلاردۇر» دېگەن ھېكمەتنىڭ تەبىرى كۆز ئالدىمىزدىلا زاھىر بولدى. لېكىن، جازا بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ياش ئىدى، نادان ئىدى ... سۇلايمان مۇئەللىم يان تاياق بولۇۋالمىغان، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بالاخور نەپسىگە قۇل قىلىۋالمىغان بولسا، بەلكىم تەربىيە ئارقىلىق ئوڭشىۋالغىلىمۇ بولار ئىدى. سەت ئوغرى بىزگىمۇ قىلدى، ئۆزىگىمۇ قىلدى. ئەڭ مۇھىمى ئىپارگۈلنى نابۇت قىلدى، مېنىمۇ، ياسىنجان مۇئەللىمنىمۇ روھىي جەھەتتىن

تۇگەشتۇرۇۋەتتى ...

زىباگۇلنىڭ دېيىشىچە، مەكتەپ مۇدىرى بۇ ئىشتىن بەك خاپا بولۇپ كېتىپتۇدەك، ئەگەر ئۇ تاش يۈرەكلىك قىلىپلا قالسا، ئىپارگۇل دوختۇرخانىدىن چىققان ھامان مەكتەپتىن قوغلىنىدىكەن. ئۇ يا ئوقۇپ ئىستىقبال تاپالمىسا، يا ئايال تۇرۇپ بالىلىق بولالمىسا، كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ ...

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى بىر كۈنى تاھىر دەرستىن چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا يېنىمغا كېلىپ، — سۇلايمان مۇئەللىم ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئارقا سەپكە چۈشۈرۈلۈپتۇ، شۇ يەردە گۇناھىنى يۇغۇدەك.

— ھازىر سىزدىن ئاڭلىشىم.

— ھېلىقى خەتنى سۇلايمان مۇئەللىم تەييارلاپ، ئىپارگۇلنىڭ قولى ئارقىلىق تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكىر ساندۇقىغا سالدۇرۇپتىكەن. بۇ كۆرۈنۈشلەر تېلېكامېراغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. مەكتەپتىكىلەر تەكشۈرگەنىكەن، ئىپارگۇل ھەممىنى ئىقرار قىپتۇ.

— مەنمۇ شۇلاردىن گۇمان قىلغان.

فاكۇلتېت مۇدىرلىقىغا ھېلىقى كۈنى بىزنى سوراق قىلىشقا كەلگەن سادىق بۇجاڭ دېگەن كىشى تەيىنلىنىپتۇ، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشكۈدەك.

— ياسىنجان مۇئەللىمچۇ؟

بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا يەرگە قارىۋالدىم.

— مۇئەللىم شۇ چاغدىلا ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋالغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ تويلىشىپ ئەرز قىلىشىمۇ مەكتەپنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئوخشايدۇ. بەزىلەر بۇ ئىشنى ياسىنجان مۇئەللىم تەشكىللىگەن دەپ قارايدىكەن، شۇڭا ئۇنى ئويلاشماپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدىم.

— مەردان ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق ! — مەن ئەجەبلىنىپ تاھىرغا قارىدىم، — ئۇنىڭغا بىر ئىش بوپتۇما؟
تاھىر بېشىنى تۆۋەن سالدى.
— مەردانىنىڭ سىنىپىدىكى باللار بوگۈن پىراكتىكىدىن قايتىپ كەلگەن، ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئېنىرگىيە بۆلۈمىگە بېرىپ، سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن جېدەللەشكەن ئوخشايدۇ. ھازىر قوغداش بۆلۈمىدە سولاقتا تۇرۇۋېتىپتۇ.
بېشىمغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلار ئاز كېلىپ قالغاندەك، ما تەنتەكنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان؟ بېشىمغا توقماق تەگكەندەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم.
— سۇلايمان مۇئەللىمگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟
— تەپسىلاتىدىن خەۋىرىم يوق، مەكتەپتىن مەردانىنىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر قىپتۇ، كەچكىچە ئادەم كەلگۈدەك ...
— ۋاي ئىسىت، تۇرمۇشۇم ئەمدى ئىزىغا چۈشۈۋىدى... پېشانەم نېمانچە تەتۈردۇ مېنىڭ؟ فاكۇلتېتتىكى ئاۋارىچىلىكنىڭ ھەممىسى مەن بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇۋاتىدۇغۇ، خۇددى فاكۇلتېتتا مەندىن باشقا ئادەم يوقتەك.
مەن ماتېرىياللىرىمنىمۇ يىغىشتۇرماستىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاڭغىچە ھاسىرىغىنىچە كامىلە كىرىپ كەلدى.
— خەۋەر تاپتىڭمۇ؟
— ھازىر ...
— بۇ تەلۋىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ ئەمدى؟
— مەنمۇ ئۇقمىدىم.
— ماڭ !
ئىككىمىز قوغداش بۆلۈمىگە قاراپ يول ئالدۇق.
قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىۋاپتۇ. ساقچىلار توپلىشىۋالغانلارغا خىزمەت ئىشلەپ تارقىتىۋېتىشكە كۆچەپ باققان بولسىمۇ تازا ئۈنۈمى بولمايۋېتىپتۇ ... ئىككىمىز دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى دىجورنىخانىغا بوينىنى

سوزۇشقىنىچە تاماشا كۆرۈۋاتقان ئالامانلار توپىنى يېرىپ ئالدىغا قاراپ سىلجىدۇق.
— نېمە ئىش بولغاندۇ؟
— مەنمۇ بىلمىدىم.
— ئەدەبىياتتىكى بىر بالا ئارقا سەپتىكى بىرسىنى ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ.
— ئاشخانىدىكىلەرنىمۇ؟
— شۇنداقتەك.
— ئەمىسە تاياق جايىنى تاپقاندەك قىلىدۇ.
— قانداق دەيسەن؟
— بەك ئاقسالىشىپ كەتكەن ئۇ گۆيلار ...
— شۇ ئەمەسمۇ، خۇددى بىكارغا تاماق بېرىدىغاندەك قاپاقلىرىغا قارىغىلى بولمايتتى.
— بىزگە قاپاق تۈرگەن بىلەن چىرايلىقراق قىزلارنى كۆرسە ئۇنداق ئەمەس، چۆمۈچلىرى پىرقىراپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشىدۇ.
— شۇ ...
ئىككىمىز قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتتۇق. دىجورنىخانىغا بەش مېتىر قالغۇدەك يەرگە ساقچىلار لېنتا بىلەن توسۇق قۇرۇۋالغانىكەن، شۇ يەردە توختاشقا توغرا كەلدى. مەن دىجورنىخانىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن ئىچىگە بويۇنداپ قارىدىم، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.
— ماۋۇ باللار ئاشپەزلەرنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇغۇ؟ — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، — ئالماشتۇرۇپ قويدۇقمۇ يا؟
ئۆزۈممۇ مەردان بىلەن ئۇرۇشقان كىشىنىڭ سۇلايمان مۇئەللىم بولماستىن چۆمۈچنى لىللا تۇتىدىغان ئاشپەز بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالغانىدىم. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىش باشقىچە بولغان بولاتتى.
— ياق، ئۇلار ئۆزلىرىچە جۆيلۈشۈۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم.

يېقىنلا يەردىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ئى، خۇدا، مەرداننىڭ ئىشلىرىغا ئاسانلىق بەرگەيسەن، دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا شەرمسار قىلمىغايسەن!

كاملە بەزگەكتەك تىترەۋاتقان قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسا يىقىلىپ چۈشۈشۈم مۇمكىن ئىدى. ھايالشىماي بولكىۋاي ماشىنا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ماشىنا تورمۇزلىنىپ ئورنىنى مۇقىملاپ بولغۇچە تولۇق قوراللانغان ئۈچ ساقچى چاقماق تېزلىكىدە ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى. خىيلىدىن بېرى تەرتىپ ساقچىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي دېۋەيلەپ تۇرغان ئالامان ساقچىلارنى كۆرۈپ ئالاقزەدىلىك ئىچىدە كەينىگە داجىشتى.

— ئادەم قېنى؟

خۇددى بۇ سوئال مەندىن سورالغاندەك يۈرىكىم ئېغىپ تىلىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى.

— ئىچىدە.

بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى بوشلۇقتا تەرتىپ ساقلاۋاتقان ئېگىز ساقچى دىجورنىخانىنىڭ ئىچىنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى.

ساقچىلار دىجورنىخانىغا كىرىپ كەتتى.

— مەردان!

بۇ ئىسمىنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدىم. ھەممەيلەن مەن تەرەپكە قاراشتى. شۇ قاتاردا مەردانمۇ ماڭا قاراپ سۈس كۈلۈمسىرىدى. ئاڭغىچە ئىككى ساقچى ئۇنى ئىتتەرگىنىچە ماشىنىغا ئاچىقىپ كەتتى. ئىشىكلەر يېپىلىشىغا ماشىنا ئەنسىز قوزغىلىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى ...

— ئويۇن ئاخىرلاشتى، ئىككىڭلىمۇ يولۇڭلارنى تېپىۋالامسىلەر؟

ئالدىمىزدا ھېلىقى ئېگىز ساقچى مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدۇق. دەرۋازا ئالدىدا كامىلە بىلەن ئىككىمىزلا قاپتىمىز، بايىقى قايناق مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ يوق، — مەردانىنى قايسى ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدى؟ — كامىلە ئېگىز ساقچىدىن سورىدى.

— سىلەر ئۇ بالىنىڭ نېمىسى؟

— ساۋاقدىشى.

— ھىم ...

ساقچى بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى:

— چاسا يول ساقچىخانىسىغا !

— يىراقمۇ؟

— يىراق ئەمەس، تاكسىدا يەتتە كويلۇق يول.

— رەھمەت.

— ئەرزىمەيدۇ.

كامىلە قولۇمنى تارتتى.

— ماڭ !

— نەگە؟

— نەگە بولاتتى؟ ساقچىخانىغا !

مەن كامىلەنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. كامىلە يولغا چىقىپلا تاكسى توستى.

— نەگە بارىسىلەر، خانلار؟

بوينىغا زەنجىر ئېسىپ ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى قىزلاردەك بوغۇۋالغان تاكسىچى «يىگىت» غەلىتە بىر ھەرىكەت بىلەن قىلىق چىقىرىپ بىزگە جىلمايدى.

— دىباغىمۇ ياكى جيۇباغىمۇ[①]؟

مەن تۇرۇپلا قالدىم. كامىلەنىڭ چىرايى پۈرۈشتى.

— چاسا يول ساقچىخانىسىغا !

---

① دىبا — كېچىلىك بەزمىخانا، جيۇبا — قاۋاقخانا.

«يىگىت»نىڭ چىرايى ئۆزگەردى.
— ۋىيەي، نېمە ئىشىڭلار بار ئۇ ساقچىخانىدا؟
— بىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان قاراڭ، ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلىمىز !
«يىگىت»نىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
— ۋىيەي، ئادەمنى قورقۇتماڭلار، مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم بار.
— ئەمىسە تولا گەپ سورىماي ماشىنىڭىزنى ھەيدەڭ !
— ۋىيەي ... ئادەمگە تولۇق تېگىپ.
— نېمانداق ۋىيەي، ۋىيەي دەۋېرىسىز؟
«يىگىت» ئىنچىكە قاشلىرىنى سۈزۈپ قويۇپ ماشىنىنى قوزغىدى. كامىلە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— كەلدۇق، — دېدى «يىگىت» نازۇك بىر ھەرىكەتتە ھېسابلىغۇچنى كۆرسىتىپ، — سەككىز كويلۇق بوپتۇ.
مەن ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى تەڭلىدىم.
— ۋىيەي، پارچە پۇل يوقمىدى؟ — «يىگىت» ئۇھ دەپ ئاغزىنى تۇتتۇۋالدى، — كۆڭگەن خۇي دەڭا، يەنە دەپ سالدىم بۇ ۋىيەينى ...
— بولدى قايتۇرماڭ، — دېدى كامىلە چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئاشقان ئىككى كويغا ئوسما ئېلىپ قويۇۋېلىڭ !
— نېمە دېدىڭىز؟
كامىلە ئوسما قويغاننى دورىدى.
— ماندااق ... ئوسما !
«يىگىت»نىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئىككىمىز ماشىنىدىن ئىتتىكلا چۈشۈۋالدۇق ...
— ئادەم تېپىلمىغاندەك تازا بىر غىتمەكنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپتىمىزغۇ بىزمۇ، — دېدى كامىلە ماشىنا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ قويۇپ، — يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق بىر نېمىلەر كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ بۇ ئۈرۈمچىدە. توۋا دېمىسە ...

مەن گەپ قىلمىدىم.

ساقچىخانىدا ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە مەردانىنى تاپتۇق. ئۇ 7 ـ قەۋەتنىڭ بۆلۈڭدىكى بىر سوزۇنچاق ئىشخانىدا بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتقانىكەن، بىزنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ ــ دېدى ياندىكى ئۈستەلدە كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ساقچى بىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ بۇ يەرگە قانداق كىردىڭلار؟

ــ بىز مەردانىنىڭ ساۋاقداشلىرى.

ساقچى «راستمۇ؟» دېگەن مەنىدە مەردانغا قارىدى. مەردان «شۇنداق» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى.

ــ ھازىر جاۋابكاردىن ماتېرىيال ئېلىۋاتىمىز، قائىدە بويىچە كۆرۈشۈشكە يول قويۇلمايدۇ، شۇڭا بۇگۇنچە قايتىپ كېتىڭلار.

مەن مەردانىنىڭ مۇڭغا پاتقان ئويچان كۆزلىرىگە قاراشتىن ئۆيلىنىپ يەرگە قارىۋالدىم.

ــ ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز، ــ دېدى كامىلە مەردانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، ــ سىزدىن بىر ئىشنى سورىۋالايلى، دېگەن.

ــ قېنى سوراڭ، ــ ساقچى كامىلەگە باشتىن ـ ئاياغ قاراپ قويدى.

ــ بۇ يىگىت خوتەندىن، ئاتا ـ ئانىسى كەچنىڭ ئايروپىلانىدا كەلمەكچى، شۇنىڭغىچە بىز تەرەپتىن قىلىدىغان زۆرۈر ئىشلىرى بولسا ئىككىمىز بېجىرگەچ تۇرايلى، دېگەن.

ساقچى تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى:

ــ ھازىر ئەھۋال ئىگىلەپ دېلو تۇرغۇزىمىز، زىيانلانغۇچى دوختۇرخانىدا تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندىن كېيىن بىرنەرسە دەيمىز.

ــ مۇئەللىمنىڭ يارىسى ئېغىرمۇ؟

ــ ئۇ مۇئەللىممىدى؟ ــ ساقچىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ياق، بۇرۇن شۇنداق ئىدى.
— ئۇنى بىلمىدىم، — دېدى ساقچى گەپ تۇگىدى، دېگەن مەنىدە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — هازىرچە سىلەر سىرتتا ساقلاپ تۇرۇڭلار.
كامىلە ئاغزىنى ئۆمەللىدى. شۇ ئەسنادا ساقچىنىڭ ئۈستىلىدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى:
— ۋەي، مەن شۇ.
تۇرۇپلا ساقچىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.
— شۇنداق، شۇنداق ... ئۇنىڭ ئىككى ساۋاقدىشى كەپتىكەن، شۇلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ. ساق - سالامەت ... ماقۇل، ماقۇل، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، خوش، ئامان بولسىلا.
ساقچى بىزگە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى:
— هەي ...
— يارىسى ئېغىرمىكەن؟
مەن تېپىرلاپ تۇرالماي قالدىم. ساقچى ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن گەپمۇ قىلماستىن مائۇسقا قولىنى ئۇزارتتى. بۇيرۇقنى قوبۇل قىلغان پېرىنتېر خۇددى بىر ئىشقا نارازى بولۇۋاتقاندەك كەيپىياتتا خېلى ئۇزاق تارتىلداپ بىر ۋاراق ماتېرىيالنى بېسىپ چىقاردى.
— تۇگىدىمۇ، — مەردان ئورنىدىن تۇردى.
— تۇگىدى.
— ماۋۇ جەدۋەلگە قول قويۇۋەتكىن.
مەردان ساقچى ئۇزارتقان جەدۋەلگە قول قويدى.
— تېلېفون نومۇرۇڭنىمۇ ياز.
مەردان تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى.
— تەلىيىڭ بار ئىكەن، قارشى تەرەپ ئەرز قىلمايدىغان بوپتۇ، — دېدى ساقچى جەدۋەلگە بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ قويۇپ، — بىردەمدىن كېيىن مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر كېلىپ كېپىللىككە ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىدۇ،

شۇنىڭغىچە ساقلاپ تۇرۇڭلار !

مەردانىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ساقچىلارنىڭ بايىقى ھەيۋىسىگە قاراپ مەردانىنى نەچچە كۈن سولىۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم. ئىش ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە بىر جەدۋەلگە قول قويۇش بىلەن ئاددىيلا ئاخىرلاشتى ... نېمىلا بولسۇن، مەردان سوغۇق كامېرغا سولىنىشتىن، مەنمۇ جېدەلنىڭ باش سەۋەبكارى سۈپىتىدە دوق ـ لەنەتكە قېلىشتىن ئازاد بولدۇم. خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىملىق ئوغۇل بالىدارچىلىق قىلغىنىغا رەھمەت !

شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە سۇلايمان مۇئەللىم كۆزۈمگە باشقىچە ئۇلۇغ كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئەرز قىلماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. نەزىرىمدە ئەسكى ھامان ئەسكىلىكىنى قىلماي قالمايتتى. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم سۇلايمان مۇئەللىم ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇششۇقلۇق قىلىپ يېتىۋالسا، ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى.

ـــ بۇ دېلو تېخى ئاخىرلاشمىدى، ـــ دېدى ساقچى سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ـــ زىيانلانغۇچى ھەر ۋاقىت ئەرز قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا تېلېفونۇڭنى يىگىرمە تۆت سائەت ئوچۇق قويىسەن، قاچان چاقىرتساق شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ساقچىخانىغا كېلىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

ـــ ئۇقتۇم.

مەردان ئوبدانلا رايىشلىنىپ قالغانىدى. ئۈچىمىز ئۇن ـ تىنسىز يېرىم سائەتتەك ساقلىدۇق. سائەت ئىستىرېلكىسى ئۈچنى كۆرسەتكەندە ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ، بىزگە ساقچىخانىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھېلىقى ئېگىز ساقچى بىلەن مەردانىنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئەسئەت مۇئەللىم كىرىپ كەلدى ...

www.uyghurkitap.com

# 9

مەردانغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىپ، مەكتەپ بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. ئىپارگۈل مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى. سۇلايمان مۇئەللىم ئارقا سەپكە چۈشۈرۈلۈپ، توپىدىن بىئەتىۋا ئادەمگە ئايلاندى. ھازىر ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. ئۆزىنى ئەڭ تاشلىۋەتكىنى يەنىلا ياسىنجان مۇئەللىم بولدى. گەرچە ئۇ ۋاقىتىدا ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن جەلپكار روھى بىلەن جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئۆزلۈكى ئەسلىگە كېلەلمىدى. كۇتۇلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلغانىدى. يول ماڭسا خۇددى گۇناھكارلاردەك بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلمايتتى. ھېچكىمگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ قىلمايتتى، بەزىدە دەرس سۆزلەۋېتىپ دەيدىغان گېپىنى تاپالماي بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالاتتى. ئىلگىرىكى چېچەنلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى ... ئومۇمەن، ماڭا يېقىنلاشقانلىكى ئادەمنى — مەيلى ئۇ ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئوخشاشلا پالاكەت باسقانىدى. ئۇلارغا — مەردانغىمۇ، ئىپارگۈلگىمۇ، سۇلايمان مۇئەللىمگىمۇ، ياسىنجان مۇئەللىمگىمۇ ئوخشاشلا ئىچىم ئاغرىيتتى، ئۇلارنىڭ بۇگۇنكىدەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدا ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى باردەك ئازابلىناتتىم. سەۋەبى ھەممەيلەن «مەن»دىن ئىبارەت بىر مومىغا چېتىلغانلار ئىدى. ئەڭ يامىنى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە فاكۇلتېتتا يۈز بەرگەن چوڭ - كىچىك كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ ياكى شۇنداق بىر ئۇدۇل كېلىپ قېلىشمۇ؟

مەھەللىمىزدە «شۇم بالا»، «شۇم ئايال»لار كۆپ ئىدى.

بېقىۋېلىنغان باللارنىڭ ھەممىسى «شۇم بالا» سانىلىپ كەمسىتىلەتتى. چوڭلار ئۇنداقلارنى بالىلىرىغا يېقىن كەلتۈرمەيتتى، تەڭتۇشلىرى ئارىغا ئالمايتتى، ئويۇنغا قوشمايتتى ... شۇ سەۋەبتىن مەن كىچىك تۇرۇپ خىيالچان بولۇپ قالغانىدىم. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزۈمنى كەمسىتەتتىم. خۇددى مېنىڭ بېقىنچىلىقىم ئاللىكىملەرگە پېشكەللىك ئەكېلىدىغاندەك تۇيغۇدا خۇدۇكسىرەپلا يۈرەتتىم. ئادەملەرگە يېقىنلىشىشتىن قورقاتتىم ... مەندىكى بۇ خىل تۇيغۇ تا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغىچە داۋاملاشقانىدى. مانا ھازىر يەنە باش كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن جەريانىدا كىمگە يېقىنلاشسام شۇنى نەس بېسىۋاتىدۇ، بۇ «شۇم بالا»، ھازىرقى سالاھىيىتىم بويىچە بولغاندا «شۇم قىز»لىقىمنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ تۇيغۇمدىن ئۆزۈمچە قورقۇپ قالدىم. ئەگەر مەن راستىلا «شۇم قىز» بولۇپ قالسام، ئەڭ ياخشىسى ئادەملەردىن، بولۇپمۇ ياخشى كىشىلەردىن يىراق تۇرغىنىم تۈزۈك. ئۇلار مېنىڭ كاساپىتىمگە كەتسە بولمايدۇ. بولۇپمۇ مەردان!

شۇ سەۋەبتىن مەردانغا قاپاق ئاچقىلى ئۇنىمىغانىدىم. ئۇ تولا كۆڭۈل سوراپ زېرىكتى بولغاي، يېقىندىن بۇيان كۆزۈمگە كىرىشىۋالمايدىغان بولغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مۇڭ باسقان بىچارە تۇرقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا چىدىيالماي قالاتتىم. يۈرىكىم ئېغىپ، ۋۇجۇدۇمغا يىغا ئولىشىۋالاتتى.

— بەختىگۈل، — دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشكەندە قولۇمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، — مېنى بەك ئېغىر جازالىۋەتتىڭىز. ھېلىمۇ بىر ئاي بولاي دەپ قالدى، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي ساراڭدەك يۈرگىلى. قىلغانلىرىمغا بەك پۇشايمان قىلدىم. ئەمەلىيەتتە مەندە يامان نىيەت يوق. مەن سىزنى پەرىشتىدەك پاك ھېسابلايمەن ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن گەپ قىلمىدىم.

— مېنى مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈۋېتىڭ، سىزگە ۋەدە بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن هاراق دېگەن بۇ نەس باسقۇرنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىمغا ئالمايمەن!

ئىرادەم بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى سەل قويۇۋەتسەملا ئۇنىڭ هارارەتلىك باغرىغا سىڭىپلا كېتىدىغاندەك قىلاتتىم.

— گەپ قىلىڭا، بەختىگۈل! ئاچچىقىڭىز يانىدىغانلا ئىش بولسا، مېنى تىللىسىڭىزمۇ مەيلى، بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىڭ، مەن گېپىڭىزنى بەك سېغىنىدىم...

مەن مەردانىنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدىن قوللىرىمنى ئاستا تارتىۋالدىم.

— كۆڭلۈمنى بەك ئاغرىتتىڭىز.

— بىلىمەن، — مەردان بېشىنى تۆۋەن سالدى، — جازاسىنىمۇ يەتكۈچە تارتتىم!

— ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىشلارنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن... نېمە دېسەم بولار؟

مەن بوغۇلۇپ كەتتىم.

— نېمە دېسىڭىز مەيلى، — مەردان بىردىنلا هاياجانلىنىپ كەتتى، ئۇ مېنىڭ گەپ قىلغىنىمدىن خۇش بولۇپ كەتكەندى، — بىزنىڭ ۋاقتىمىز جىق. پاراڭلىشىش ئارقىلىق هەممىنى هەل قىلىۋالغىلى بولىدۇ. مۇهىمى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈل كۆتۈرمىگۈدەك ئىش يوق. هەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئانا سۈتىدەك پاك. مۇشۇ سالاهىيىتىمىزلا بولىدىكەن، هەل بولمايدىغان ئىش يوق!

— مەن بەك شور پېشانە ئىكەنمەن، كىمگە يېقىنلاشسام شۇنى نەس بېسىۋاتىدۇ. سىزمۇ مېنىڭ كاساپىتىمگە كېتىپ جازالاندىڭىز. ياسىنجان مۇئەللىم روهىي جەهەتتىن تۈگىشىپلا كەتتى. مۇئەللىمنىڭ بىچارە تۇرقىغا قارىسام، يۈرىكىم ئېچىشىپ

كېتىدۇ. سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن ئىپارگۈلمۇ مېنىڭ كاساپىتىمگە كەتتى ...

— بۇ ئىشلاردا سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز يوق، — دېدى مەردان كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، — بۇ شۇنداقلا بىر ئۇدۇل كېلىپ قېلىش. سۇلايمان مۇئەللىم بىلەن ئىپارگۈلنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇلار جازاغا لايىق. سىز ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىش قىلدىڭىز، فاكۇلتېتىمىزنى ئىككى مەرەزدىن قۇتۇلدۇردىڭىز!

— لېكىن، مەن ئۇنداق قارىمايمەن.

— سىز بەك ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ھەممىنى ئۆزىڭىزگە ئېلىۋالغان گەپ.

— سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسىڭىز ئۇنداق دېمەيتتىڭىز.

— بەلكىم ...

— راست گەپنى قىلسام، مەن ئۆزۈمدىن سەل قورقۇپ قالدىم.

— قورقىدىغان ئىش يوق، بۇ سىزدىكى خاتا تۇيغۇ، بىر ئوبدان تۇرماسىز مانا.

— مېنىڭ سىزگە زىيانكەشلىك قىلغۇم يوق!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

— مەن بىلىمەن، سىز ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يالغۇز ئوغلى، يۈرەك پارىسى. سىز ئەسلىدە پادىشاھنىڭ تاجىدىكى گۆھەر ئىدىڭىز، مېنىڭ كاساپىتىم بىلەن تامچىنىڭ قولىدىكى كېسەككە ئايلىنىپ قالدىڭىز. مۈشۈمۇ يېتەرلىك.

— سىز يار - يۆلەك بولسىڭىزلا مەن يەنە گۆھەرگە ئايلىنالايمەن!

— كېسەكنىڭ گۆھەرگە ئايلانمىقى بەك تەس.

— ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز - ھە؟

— ئىشەنگەچكە شۇنداق دەۋاتىمەن.

— سىز ...

— ماڭا بىر مەزگىل ۋاقىت بېرىڭ!
— مېنى ئۆلسۇن دەمسىز؟
— سىزنى تېخىمۇ ياخشى ياشىسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن.
— مەن ھېچ چۈشەنمىدىم.
— كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز!
... ...

تۇيۇقسىز كارىدوردا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، غەلۋە - غۇدۇردىن بەك قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— دوختۇرخانىغا خەۋەر قىلدىڭمۇ؟

بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم. يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— خەۋەر قىلدىم.
— جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلغىن!

مەن ئولتۇرالماي قالدىم. غەيرەت مۇئەللىم سۆزلەشتىن توختاپ كۆزئەينىكىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىككە بويۇنداپ قاراپ قويدى.

— جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلدىڭمۇ؟
— قىلدىم.
— مۇئەللىم بولالمايۋاتىدۇ، كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشكەچ تۇرايلى.
— ئەڭ ياخشىسى دوختۇرنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى.
— بېشىغا ماۋۇ چاپاننى قويۇپ بېرىڭلار!
— دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋېتىڭلار، ھاۋانى توسماڭلار!
— چېكىسىنى ئۇۋۇلاڭلار!
— قولىنىمۇ ئۇۋۇلاپ بېرىڭلار!

«ئەركىن مۇئەللىم؟ توغرا، شۇ!» يۈرىكىم قارت قىلىپ

قالدى. بۇگۇن چۈشتىن كېيىن مەردانىنىڭ سىنىپىغا ئەركىن مۇئەللىمنىڭ دەرسى بار ئىدى. يېقىندىن بۇيان مۇئەللىم تۇرۇپلا ئورۇقلاپ قالغانىدى. بەزىدە سۆزلەۋېتىپ بىر يۆتىلىپ كەتسە، كۆكىرىپ كېتەتتى.

سىنىپتىكى باللار ئولتۇرالماي قالدى.

— دوختۇر كەلدى !

— يولنى بوشىتىڭلار !

— ئاستىراق !

غەيرەت مۇئەللىم سىنىپتىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزمۇ چىقتۇق.

— ئەركىن مۇئەللىم ئىكەن.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— بايا بىر ئوبدان دەرسكە كىرىپ كەتكەن تېخى.

— مۇئەللىمنىڭ ئۇششاق كېسىلى يوق ئىدى.

ھايالشىماي جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئەنسىز توۋلىغىنىچە مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئىككىڭلار دوختۇرلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈڭلار !

— چاپسان يولنى ئېچىۋېتىڭلار، ھوي باللار، يولنى توسماڭلار !

... ...

باللار كارىدوردىن كىچىك بىر يول ئاچتى. نوسىلكا كۆتۈرۈۋالغان دوختۇر ـ سېستىرالار سىنىپقا ئالدىراش كىرىپ كەلدى. جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ دوختۇرلىرىنى كۆرۈپ مەكتەپنىڭ دوختۇرى بىر تەرەپكە سۈرۈلدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

ياشانغان دوختۇر پارتا ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئەركىن مۇئەللىمنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ، كۆزىنى يىرىپ باققاندىن كېيىن تومۇر سوقۇشىنى تىڭشىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دەرس سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز ئولتۇرۇپ قالدى.
بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى.
— مۇئەللىمىنىڭ تۇتقاقلىق يۇرەك كېسەللى بارمىدى؟ دېمەكچىمەنكى، بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق ئىشلار سادىر بولغانمۇ؟
— ياق، مۇئەللىم بەك ساغلام ئىدى، كېسەللىم بار دېگەن گەپنى قىلىپ باقمىغان.
— يېقىندىن بۇيان سۆزلەۋېتىپ تۇرۇپلا گېپىنى تاپالمايدىغان بولۇپ قالغان.
— سەل ئورۇقلاپ كەتكەن.
— تولا يۆتىلىدىغان بولۇپ قالغان.
— ھىم ...
ياشانغان دوختۇر مۇئەللىمنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈرۈۋاتقان دوختۇرغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى.
— قان بېسىمىمۇ، يۈرەك سوقۇشىمۇ نورمال.
ياشانغان دوختۇر بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئەركىن مۇئەللىمنىڭ تىلىنىڭ ئاستىغا دورا سالدى. يەنە بىرسى ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ئاستى.
— دوختۇرخانىغا يۆتكەيلى!
ئەركىن مۇئەللىم قول - قولچە نوسىلكىغا ئېلىندى.
— يول بېرىڭلار!
— يولنى توسماڭلار!
مەردان بىلەن يەنە بىر ئوغۇل بالا نوسىلكىنى كۆتۈردى، باشقىلار ئەگەشتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ماشىنا كۆزدىن غايىب بولدى ...

## 10

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى، بالىلار جىمجىت ئولتۇرۇپ

قىسقا سىناققا تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ تاھىر بىلەن ئۆمەرجان كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئېغىر، ھارغىن بولۇپ، ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلغان قىمارۋازلاردەك سالپىيىپلا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىسەرەمجان تۇرقىغا قاراپ كۆڭلۈم باشقىچە بولۇپ قالدى.

ئەركىن مۇئەللىمنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىغا بۈگۈن توققۇز كۈن بولغانىدى. ئۇ يالغۇز كىشىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھوشىغا كەلمىگەنىدى. قان بېسىمى، يۈرەك سوقۇشى نورمال، لېكىن ئىنكاسى يوق، قاچانلا قارىسا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۇن ـ تىنسىز ياتاتتى ...

مۇئەللىم ھازىرغىچە بويتاق ئىدى، ئۇرۇمچىدە ئورۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىغاچقا، كۈندە ئىككىدىن بالا نۆۋەتلىشىپ قارىغانىدۇق. مۇئەللىمنىڭ مىجەزى ئوچۇق، چىقىشقاق بولغاچقا باللار بەك ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلىشى، بولۇپمۇ تا ھازىرغىچە كېسەللىنىڭ ئېنىقلانماي ھوشسىز يېتىشى باللارنى ئوبدانلا ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى.

— قانداقراق؟

ئۆمەرجان بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تېز ـ تېز چامداپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئېلىشاڭغۇ بولۇپ، ئۇقۇشماي خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى.

— مۇئەللىم ئۇ ...

تاھىر لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى. سىنىپ ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا پاتتى.

— تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقىپتۇ. نېمە دېسەم بولار ...

تاھىر ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى. ھەممەيلەن نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ كەتتۇق.

— مۇئەللىم مېڭە ئۆسمىسىگە گىرىپتار بوپتۇ!

— مېڭە ئۆسمىسى؟ !
— ۋاي خۇدايىم، خاتا ئاڭلىۋالمىغانسەن؟
تاھىر بېشىنى چايقىدى.
— دىياگنوزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم !
— مېڭە ئۆسمىسى دېگەن قانداق كېسەل بولغىيدى ئەمدى؟
— ئوپېراتسىيە قىلسا ساقىيامدىغاندۇ؟
تاھىر بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.
تۇيۇقسىز زىباگۈل ئورنىدىن تۇردى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايى داتلاشقان تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى. ئوروق قوللىرى بەزگەكتەك تىترەيتتى.
— ۋاي ئىست، ۋاي ئىست، ئادەم تېپىلمىغاندەك بۇ مەرەز كېسەلنىڭ مۇئەللىمنىڭ بېشىغا چاپلاشقىنىنى ... «ئەسكىگە ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم» دېگەن شۇ ـ دە !
ھەممەيلەن زىباگۈلگە قاراشتۇق.
— رەھمەتلىك ئانام ...
— ئاناڭغا نېمە بولغان؟
— ئانام شۇ كېسەلدە كەتكەن !
— ۋاي خۇدايىم !
— شۇنچە خەتەرلىكما؟
— ئادەمنى قورقۇتما؟
زىباگۈل كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئۆمەللىدى.
— مېڭە ئۆسمىسى دېگىنى مېڭە راكى دېگەن گەپ !
— نېمە دېدىڭ؟ !
— راك؟
— مېڭە راكى دېدىڭما؟
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
زىباگۈل ئەلەم بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇ !

سىنىپتا مىشىلدىغان، خىتىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى ...

تاھىر گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تاپىسدىلا تۇراتتى. ئۇنىڭ خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن سوزۇنچاق يۈزى قاتۇرۇپ قويغاندەك ئىپادىسىز ئىدى. مېنىڭ ھالىم ئۇنىڭدىن بەتتەر، كاللام تورمۇزلىنىپ قالغاندەك ھېچنېمىنى ئىدراك قىلالمايتتىم ... بىر چاغدا رۇستەم يېنىمغا كەلدى، ئۇنىڭ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان دۈگىلەك كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلداپ تۇراتتى. كەم سۆز، ئېغىر ـ بېسىق، خۇددى مەھەللە مويسىپىتلىرىدەك قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭىدىغان بۇ يىگىت سىنىپىمىزنىڭ ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى ئىدى. ئۇنىڭ يېشىمۇ، ئۇستىخىنىمۇ چوڭ، گەپ ـ سۆزلىرى ئورۇنلۇق بولغاچقا بالىلار تەپ تارتاتتى. ئۇنى ئاكىسى ئورنىدا كۆرەتتى. بىرەر باش قېتىنچىلىققا ئۇچرىسا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ئۆتكەن قېتىم بېشىمغا قارا كۈنلەر كەلگەندىمۇ، ئۇ ئاتايىن كۆڭۈل سوراپ تەسەللى بەرگەنىدى، ئەڭ مۇھىمى بالىلارنى ھەرىكەتكەندۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئېنىقلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

رۇستەم ماڭا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سىرتنى ئىشارە قىلدى. مەن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم.

— سىنىپ ھەيئەتلىرى سىرتقا چىقىڭلار، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.

رۇستەم قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى، بىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتۇق. رۇستەم ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك كەينىگە بۇرالدى.

— ئۆمەرجان، سىزمۇ چىقىڭ.

ئۆمەرجان ئورنىدىن تۇردى.

رۇستەمگە ئەگىشىپ كارىدورنىڭ بىر بۇرجىكىگە يىغىلدۇق.

ھەممەيلەننىڭ روھى سولغۇن ئىدى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى.
— ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالىدىن ھەممەيلەن خەۋەر تاپتۇق، — دېدى رۇستەم ئۇيچان كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، — مېڭە راكى خەتەرلىك كېسەل، مېنىڭ چوڭ تاغاممۇ شۇ كېسەلدە كېتىپ قالغان، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى ئۇلىدى، — بايا تاھىر بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە بالىلار بەك قورقۇپ كەتتى، مېنىڭمۇ پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. ئادەم بەزىدە مۇشۇنداق ئاجىز، نېمە ئامال دەيسىلەر، خۇدادىن كەلگەنگە ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامالىمىز يوق.
تاھىر بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆمەرجان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.
— بايا تاھىر مۇئەللىمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىلا دېدى، دوختۇرلارنىڭ پىلانى ھەققىدە گەپ قىلمىدى. ئاۋۋال شۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى دېسە، شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتساق.
تاھىر كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.
— باش دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ.
— ئاخىرقى باسقۇچ؟
— شۇنداق.
— يامان خاراكتېرلىك ئىكەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۆمەرجان، — تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان ئوخشايدۇ.
— دوختۇرنىڭ پىكرىچۇ؟
— ئۇلارمۇ كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمىدى.
— ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكىلى بولمامدىكەن؟
— بەك چىڭ تۇرۇۋالساق، ئوپېراتسىيە قىلغۇدەك. لېكىن، ئۈمىد چوڭ ئەمەس ئىكەن، ئەستا ...
— بايا سادىر مۇدىر دوختۇرخانىغا يوقلاپ بېرىپتىكەن، دوختۇر بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.
— نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئۇقتۇڭمۇ؟

— مۇئەللىم يالغۇز بالا ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ياشتا چوڭ ئوخشايدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان بىر تاغىسى بار ئىكەن، شۇ كىشى ئەتىگىچە چىقىدىغان بوپتۇ. تاغىسى چىققاندىن كېيىن قوشۇلسا ئوپېراتسىيە قىلىدىكەن.

— مەكتەپمۇ ئەركىن مۇئەللىمنىڭ كېسىلىگە بەك كۆڭۈل بۆلۈۋېتىپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى باش دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىمىدىن قورقماي ئەڭ ياخشى دورىلارنى ئىشلىتىشنى، نۆۋەتتى كەلگەندە ئوپېراتسىيەگە ئىچكىرىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىشنى دېگەن ئوخشايدۇ.

ھەممەيلەن يېنىك تىن ئېلىشتۇق.

— ھەممىدىن خەۋەر تاپتۇق، — دېدى رۇستەم بۇرنىنى سىلاپ قويۇپ، — يامان گەپمۇ، ياخشى گەپلەرمۇ بولۇندى، ھەرھالدا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد تۇغۇلدى. ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن كېيىن دوختۇرلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مۆجىزە كۆرۈلۈپ، مۇئەللىمنىڭ كېسىلى شىپا تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ... بايا ئۆمەرجان دېدى، مۇئەللىم يالغۇز بالا ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ. بىزنىڭ ئائىلىنى كېسەل بېقىپ موللا بولۇپ كەتكەن ئائىلە دېسەكمۇ بولىدۇ، ئاۋۋال دادام، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ تاغام مۇشۇ مەرەز كېسەل بىلەن ئاغرىدى، تاغامنىڭ رىزقى چولتا ئوخشايدۇ، ئوپېراتسىيەدىن چىقىپلا بىر قېتىملىق خىمىيەلىك داۋالاشقا بەرداشلىق بېرەلمەي باقىيغا سەپەر قىلدى. دادام ھەرھالدا مىدىرلاپ يۈرىدۇ، لېكىن ئۇنىمۇ ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ خىمىيەلىك داۋالاش قىلىۋاتىمىز ... راك كېسىلى بەك جاھىل كېسەل، ئۇنىڭغا ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ...

ھەممەيلەن رۇستەمنىڭ ئاغزىغا قاراشتۇق.

— يىغا ـ زار، نالە ـ پەريادلار ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ. مۇھىمى ئەمەلىي ھەرىكەت! داۋالىنىش بەلكىم نەچچە يىلغا

سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە بىزدە يېتەرلىك ئىدىيەۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

مەن رۇستەمگە چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم. بۇ ئىچى كۆچلۈك يىگىت بوسۇغىمىزدا نەچچە يىل كېسەل داۋالىتقان تۇرۇقلۇق بىر ئېغىز تىنىپ سالماپتۇ. ھەممىنى ئىچىدە بىلىپ، ئالدىمىزدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مەغرۇر يۈرۈپتۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار، دېگىنى شۇ بولسا كېرەك!

— مېنىڭچە، بىر ئىشنى سىرلىق تۇتۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئالدى بىلەن ئەينەن ئەھۋالنى دەپ بالىلارنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشايلى. ئەركىن مۇئەللىم ھەممە بالىلار بىلەن ياخشى ئۆتكەن، ھەممىيلەن ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇ ئوقۇيمەن، بىلىم ئالىمەن دەپ مۇشۇ چاغقىچە تۇرمۇش ئىشىنى ئويلاشمىغان، بۇ يەردە بىز ۋە خىزمەتداشلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، تاغىسى خىزمەتتىكى ئادەم، ئۇزاق تۇرۇپ بولالمايدۇ. شۇڭا، بىز قارىمىساق بولمايدۇ. مۇشۇ جەھەتتە ئوبدان پىلان تۈزۈپ، بالىلارنىڭ كاللىسىنى بىر يەرگە جەم قىلايلى. ئۇنىڭدىن باشقا، فاكۇلتېتتىن سىنىپ مۇدىرى بەلگىلەپ بولغۇچە بىز ئۆزىمىزنى باشقۇرۇپ تۇرايلى ...

— يەنىلا چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ - دە، — دېدى تاھىر چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بايا دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كاللام ئېلىشىپلا قالغان.

— مەنمۇ شۇ، — ئۆمەرجان قوشۇمچە قىلدى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئاز - تولا بولسىمۇ ئۈمىد پەيدا بولدى.

— ھازىر داۋالاش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلىپ كەتتى، مۆجىزە كۆرۈلۈپ بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە بىلەن ساقىيىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

رۇستەم گەپ قىلمىدى.

— ھەرھالدا كۆڭلىمىزدە سان پەيدا بولدى. بۇ ئىشتا سىنىپ

ھەيئەتلىرى باشلامچى بولۇشىمىز لازىم.
— شۇنداق.
— ئەمىسە ھازىرنىڭ ئۆزىدە بالىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، مەسلىھەت قىلايلى.
— شۇنداق قىلايلى.
ھەممەيلەن تاھىرنىڭ كەينىدىن سىنىپقا قاراپ يول ئالدۇق ...
يىغىندىن كېيىن بالىلار بىر ـ بىرلەپ سىنىپتىن ئايرىلىشتى. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى، ھېچ ئىشقا تاقىتىم يوق، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتىم.
— مۇزاكىرىدىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولدى.
بېشىمدا مەردان قاراپ تۇراتتى. مۇئەللىمىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭمۇ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن ئۈن ـ تىنسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەردان ماتېرىياللىرىمنى رەتلەپ قولتۇقىغا قىستى.
— ئەركىن مۇئەللىم ...
كۆزلىرىمگە يەنە يىغا ياماشتى.
— ھەممىدىن خەۋەر تاپتىم.
مەردان مۇرەمنى تۇتۇپ قويدى.
— يۈرۈڭ!
مەن مەردانغا ئەگەشتىم.
ئىككىمىز ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ، قىزلار ياتىقىغا بارىدىغان يان يولغا كىردۇق.
— بىردەم ئولتۇرايلى.
مەن گەپ قىلمىدىم. مەردان قولۇمدىن يېتىلىگىنىچە پىيادىلەر يولىنىڭ بويىغا جايلاشتۇرۇلغان بوش ئورۇندۇقتىن بىرسىگە ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى.
— ئۇسسىدىڭىزمۇ؟
مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. مەردان سومكىسىدىن بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. مەن سۇدىن بىر

ئولتۇردۇم. مۇزدەك سوغۇق سۇ چارچىغان نېرۋىلىرىمنى سەگىتىپ، پۇت ـ قولۇمغا قايتىدىن جان كىرگۈزدى.
— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟
— ئازراق.
مەردان سومكىسىدىن بىر تۈگۈنچەكنى ئالدى.
— ئۆيدىكىلەر چىقارتىپتىكەن، سىزگە قىسىنىپ ...
مەن تۈگۈنچەككە قارىدىم.
— قېنى ئېلىڭ.
— گۆشگىردىكەنغۇ؟
— ھەئە، قېنى ئىسسىقىدا ئېلىڭ.
مەن مەرداننى قىزىقچىلىق قىلمۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، گۆشگىردىنى ئېلىپ كېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم، دېگەنىدەك گۆشگىردە ئانچە سوۋۇپ قالمىغانىدى.
مەردان گۆشگىردىنى يېرىپ بەردى، گۆشگىردىنىڭ مەززىلىك ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇشى بىلەنلا ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى. مەنمۇ تالاي خوتەنلىكلەرگە ئوخشاشلا گۆشگىردىگە ئامراق ئىدىم، يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ھەپتىدە ئىككى قېتىم گۆشگىردە يېقىپ بېرەتتى. شۇ كۈنى دەرس ۋاقتىنى توشتۇرالماي كۆزىمىز تېشىلىپ كېتەتتى ...
— بىللە يەيلى، — دېدىم مەن مەردانغا قاراپ، — سىزمۇ ئېلىڭ.
— مەن خالتىنى قولۇمغا ئېلىپلا بىرنى سوقۇۋەتكەن، بۇ سىزنىڭ نېسىۋىڭىز.
— ئەمىسە تۈزۈت قىلمىدىم.
— قولىڭىزدىكىنى تۈگىتىپ بولسىڭىز مۇكاپاتى بار.
— نېمە بىلەن مۇكاپاتلايسىز؟
— ھازىرچە مەخپىي.
— باشلىقىنىڭ بالىسى بولسا نېمىدېگەن ياخشى، ئارتۇق ـ تۆشۈك غېمىڭ يوق، ھەممە نېمەڭ تەل، ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ

خوتەننىڭ قىزىق گۆشگىردىسىگە ئېغىز تېگەلەيسەن ...
— پات ئارىدا سىزمۇ بۇ خىل تۇرمۇشتىن بەھرە ئالىدىغان بولىسىز.
مەن بېشىمنى چايقاپ قويدۇم.
— قانداق بولاركىن؟
— ھەممە ئىش مېنىڭ دېگىنىمدەك بولىدۇ، — مەردانىنىڭ پوزىتسىيەسى قەتئىي ئىدى.
— ئۆيدىكى ھېسابنىڭ بازارغا ئۇدۇل كەلمىكى تەس.
— ئۇدۇل كەلمىسە ئۇدۇللايمىز !
— دېگىنىڭىز كەلگەي.
— ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى مانا.
مەن قولۇمدىكى گۆشگىردىگە قارىدىم. شۇ ھامان ئەركىن مۇئەللىمنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ گېلىم غىققىدە بولۇپ قالدى.
— بىچارە مۇئەللىم شۇنداقلا تۈگىشىپ كېتەرمۇ؟
مەردان تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.
— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس.
— مۇئەللىمنىڭ ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان تېخى. بىلىمگە تولۇپ تازا مېۋىگە كىرگەن مەزگىلىدە ... مۇئەللىمگە ئېچىم ئاغرىيدۇ، ھەممىدىن بەك بىلىمگە ئېچىم ئاغرىيدۇ.
مەردان گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ مەندىنمۇ بەك ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ماڭا ئايان، مەردان بىلەن ئەركىن مۇئەللىم بىر قورساق ئاكا ـ ئۇكىدىن ئۆتە يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىدى. پاراڭلىشىپ ھارمايتتى، بەزى چاغلاردا ئىككىسى شىپىدە يوقاپ كېتىپ، كەچ بىر مەھەلدە پەيدا بولۇشاتتى ...
— مۇئەللىمنىڭ ئاربلاشقان قىزى بارمىدى؟
— ئەلۋەتتە بولىدۇ ـ دە.
— ئەمىسە مۇشۇ چاغقىچە تويىنى قىلىۋەتمەي ...

مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم.

— مۇئەللىمنىڭ يورگەن قىزى بېيجىڭدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

— ئەجەب ماڭا دەپ بەرمەپتىكەنسىزغۇ بۇ ئىشلارنى؟

— سىز سورىمىغان تۇرسىڭىز.

— شۇنداقتىمۇ ...

— قىز بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مەردان جىم بولۇپ قالغىنىمنى سېزىپ، — ئۇلار مۇئەللىم دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تونۇشقانىكەن، مۇئەللىم بېيجىڭغا بارماي، قىز بۇ تەرەپكە كەلمەي مۇشۇ چاغقىچە سوزۇلۇپ كەتتى ئۇلارنىڭ توي ئىشى.

— مۇنداق دەڭ، ئىسمىنىمۇ بىلىسىز ھەرقاچان؟

— ئىسمى تۇمارىس، بەك چىرايلىق قىز.

— ئۇنىڭغا خەۋەر بەرسەك بوپتىكەن؟

— خەۋەر تاپتى، ئەتە كەلمەكچى.

— بەك ياخشى بوپتۇ.

— ئەمىسە گۇشگىردىڭىزنى يەڭ.

مەن مەرداننىڭ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ قويدۇم.

— بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ...

— ئىلاھىم، دېگىنىڭىزدەك بولغاي!

## 11

— ئەسەرلىرىڭىزدە خوتەننىڭ يەرلىك شېۋىسى ئېغىر ئىكەن، بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقالماي ئاستىغا سىزىپ قويدۇم. مانا قاراڭ، «بىر پۇلۇق شاپتۇل»، «چىپىن قىلىنغان»، «دو سۇرۇپ»، «تاختىپەر» دېگەندەك ... بىرىنچى جۈملىنى «بىر

پۇللۇق» دەپ ئۆزگەرتىپ باقتىم، چۈشمىدى، باشقىلىرىمۇ شۇنداق ... باسمىدىكى خاتالىقمۇ ياكى ئەسلىي شۇنداق ئىلىنامدۇ، بىلەلمەي يېنىڭىزغا كېلىشىم.

— ئۆزىڭىز كېلىپ ئاۋارە بولغۇچە، تېلېفون قىلغان بولسىڭىز مەنلا باراتتىم ئەمەسمۇ؟

گۈلباھار خانىم قاشلىرىنى يىمىرىپ كۈلدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي دېدىم، ئۆزۈمنىڭمۇ مۇشۇ تەرەپكە ئۆتىدىغان بىر زۆرۈرىيىتىممۇ بار ئىدى.

مەن كىتاب شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن يازمىنى قولۇمغا ئالدىم. قولۇم بوش تىترىدى.

— پىروزا ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگ قىسمىدا يەرلىك شېۋىنىڭ بولۇشى ياخشى ئەھۋال، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى رولى چوڭ بولىدۇ. ئەسەرلىرىڭىزدە مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك ياخشى گەۋدىلىنىپتۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ. لېكىن ... نېمە دېسەم بولار؟ ئەسەرلىرىڭىزنى خوتەنلىكلەرلا ئوقۇمايدۇ دەڭا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوقۇرمەنلەرنىمۇ نەزەردە تۇتمىساق بولمايدۇ. مېنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن سانجىدا تۇغۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان. شۇڭا، شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم.

— ماڭا بەك تەبىئىي بىلىنىدۇ بولمىسا، خۇددى ھازىر ئىككىمىز پاراڭلىشىۋاتقاندەكلا.

— سىز سېپى ئۆزىدىن جاھىل خوتەنلىك تۇرسىڭىز.

ئىككىمىز تەڭ كۈلدۇق.

— ئىزاھات يېزىپ بېرەمدىمەن؟

— شۇنداق قىلمىسىڭىز كىتابىڭىز ئۇچۇن مەخسۇس لۇغەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنچە كۆپما؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، جىق ئەمەس، ئون بەش ـ يىگىرمىدەك سۆز. ۋاقىت چىقىرالىسىڭىز پوۋېستنى ئۇستىدىن بىر قېتىم كۆرۈۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.
— ئۇنداقتا جىق ئىشمۇ كەتمىگۇدەك.
— سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم مانا.
— ھېچقىسى يوق. قاچانغىچە پۈتكۈزۈپ بەرسەم بولىدۇ؟
— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.
— ئەتىلا قولىڭىزغا يەتكۈزىمەن ...
گۈلباھار خانىم بىلەن خوشلىشىپ كۈتۈپخانىغا قاراپ يول ئالدىم ...
ھاۋا ئوچۇق، غۇر ـ غۇر شامال ئادەمنىڭ مەڭزىنى سۆيۈپ چاچلىرىنى ئەركىلىتەتتى. ئاخشام ياغقان يامغۇر دەل ـ دەرەخلەرنى يالىغاندەك پاكىزلىۋەتكەن، يوپۇرماقلىرى كۆچلۈك قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك پارقىرايتتى. ئەتراپتىن قارا يامغۇردا بىر كېچە شۈمشىيىپ چىققان ئەركە قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ... مەن قۇشلارنىڭ نەغمىسىگە جور بولغاچ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. مەكتەپ قورۇسى ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان ماي بوياق رەسىمدەك گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدى، ھەممە يەردىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، چارچىغان نېرۋىلارغا ئارامبەخش تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.
كىشىلەرنىڭ ھاۋا رايى بىلەن ئادەمنىڭ كەيپىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بەكرەك ئۇيغۇن بولىدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ. تەبىئەتكە بېقىپ كەيپىياتىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. تېنىم پەيدەك يېنىك، روھىم ئۇستۇن، چىرايىمدا كۈلكە، جېنىم تېپىرلاپ ئىچىمگە پاتمايدۇ. قولۇمدىكى كىتابنى پات ـ پات سىلاپ قويىمەن، ئۇنىڭدىن تارىغان بىر خىل ئىللىق سېزىم ۋۇجۇدۇمنى تىنىمسىز غىدىقلايدۇ ... بىرىنچى كىتابىمغا سەككىز مىڭ ئۈچ يۈز يۈەن قەلەم ھەققى بەردى، ئىككىنچى باسمىسىغا يەنە تىراژ

ھەقىقى كەلگۈدەك ... قولۇمدا يەنە ئىككىنچى كىتابىمنىڭ باسمىغا يوللىنىش ئالدىدىكى پاكىز نۇسخىسى بار، تەتىلگە قالماي نەشىردىن چىقىپ قالسا، يەنە يەتتە ـ سەككىز مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىمەن. شۇنداقلا بولۇپ قالسا ئوقۇش پۇلىدىن غەم قىلىشنىڭ ئورنى قالمايدۇ. دادام بىچارىنى خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ جان بېقىشتەك ئاھانەتلىك تۇرمۇش ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قېرىغىنىدا بولسىمۇ قەدىر ـ قىممەتلىك ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرەلەيمەن. ئەگەر دادام ئۇناپلا قالسا، ئۇنى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن. مەكتەپ ئەتراپىدىن ئۆي ئىجارە ئالساقلا بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئىككىمىز بىر ئۆيدە يېتىپ ـ قوپىمىز، دادامنىڭ ئاچ ـ توق قېلىشىدىن غەم يېيىشىڭمۇ ئورنى قالمايدۇ، ھەر كۈنى تامىقىنى ئۆزۈم قىلىمەن، بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيمىز، بىللە تېلېۋىزور كۆرىمىز، قانغۇچە مۇڭدىشىمىز ... دادام بىكار قالغاندا بازار ئارىلايدۇ، كۆزى ئېچىلىدۇ، تونۇش ـ بىلىشلىرى كۆپىيىدۇ، لايىقىدا ئادەم چىقىپ قالسا ئۆيلەپمۇ قويىمەن ... ئاھ، خۇدا، قەدىر ـ قىممەتلىك ھايات نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە؟ ! ئىنشائاللا، شۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن !

قاتتىق سىگنال ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. قارا رەڭلىك بىر ماشىنا يېنىمدىن سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ كۆتۈپخانىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدىم، ئۆزۈمچە كۈلۈپ سالدىم. يەنە سىگنال چېلىندى. مەن خۇشاللىقتىن خۇدۇمنى يوقىتىپ ماشىنا يولىغا كىرىۋالغانىدىم، چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشقا تەمشەلدىم، ئويلىمىغان يەردىن مەن تاللىغان يولدىنمۇ يەنە بىر ماشىنا ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى. پۈت ـ قولۇمدا جان قالمىدى.

— ئاھ، خۇدا !

ماشىنىنىڭ قاتتىق تۇرمۇزلانغان ئاۋازى بىلەن تەڭ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟

كۆزۈمنى ئاچتىم، شوپۇرنىڭ سارغىيىپ كەتكەن غەزەپلىك چىرايىغا قارىغۇدەك ماجالىم قالمىغانىدى. ماشىنا قانداق ۋەھىملىك توختىغان بولسا، يەنە شۇنداق ئاچچىق ۋەھىمە بىلەن قوزغىلىپ بىردەمدىلا كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

— ئۇھ، — دېدىم ئىرادەمگە بويسۇنمايۋاتقان ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى مىڭ تەستە پىيادىلەر يولىغا بۇراپ، — ھەرنېمە بولسا خۇدا بىر ساقلىدى، ئالىمادىس ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتكەن بولسام ... مەن ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدۇم، ماڭا نېماندىق خۇشاللىق ياراشمايدىغاندۇ؟ كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ يېرىم سائەتكە قالماي بالا ـ قازانىڭ يوپۇرۇلۇپ كەلگىنى نېمىسى؟

مەن كۇتۇپخانا تەرەپكە قاراپ قويدۇم. پۇت ـ قولۇم بوشىشىپ كەتكەنىدى، چىرايىمنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكىگىنىمچە ئوق يولىنىڭ يېنىدىكى قاپاق تېرەكلەر ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم ...

— ھوي، بۇ بەختىگۈلغۇ؟

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. يېنىمدا ياسىنجان مۇئەللىم قاراپ تۇراتتى. مەن ئالدىراش ئورنۇمدىن تۇردۇم. مۇئەللىمنىڭ جۇدەڭگۇ تۇرقىنى كۆرۈپ بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

— سىزنى مۇنچە مۇڭلاندۇرغان قايسى كىتاب ئۇ؟

مۇئەللىم قولۇمغا قاراپ قويدى، مەن شۇ چاغدىلا بايىقى ۋەھىملىك تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە ھەممىنى — قولۇمدىكى كىتابنىمۇ، كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئىزاھات يازىدىغان ئىشنىمۇ تامامەن ئۇنتۇپ كەتكىنىمنى ھېس قىلىپ قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. مۇئەللىمنىڭ كۆزى قولۇمدىكى كىتابتا

ئىدى. يەنە كىچىكەپ تۇرسام ئەدەپسىزلىك بولاتتى. مەن ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم، لېكىن تىلىم زۇۋانغا كەلمىدى، نائىلاج بىر خىل قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن كىتابنى مۇئەللىمگە سۇندۇم.

— سىزنىڭ كىتابىڭىز ئىكەنغۇ؟

مەن باش لىڭشىتتىم.

— مۇبارەك بولسۇن!

— رەھمەت، مۇئەللىم.

— ئەجرىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ، — دېدى مۇئەللىم گويا ئۆزىنىڭ يېڭى كىتابى نەشر قىلىنغاندەك خۇشال كەيپىياتتا، — ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە يەنە بىرنى چىقىرىۋالسىڭىز ئۈچ كىتابنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغۇدەكسىز، بۇ بىر مۆجىزە!

مەن سۈس كۈلۈمسىرىدىم.

— بىرەر كېلىشمەسلىك بولمىغاندۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە ...

مۇئەللىمنىڭ ئاغزى گەپتە بولغىنى بىلەن كۆزى يەنىلا كىتابتا ئىدى.

— شېۋىلەرگە ئىزاھات يازىدىغان ئىش ئىكەن، شۇ ئىشنى قىلىۋېتەي دەپ كۇتۇپخانىغا ماڭغان، تورۇپلا بېشىم قېيىپ ...

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— چوڭ چاتاق يوقتۇ؟

مۇئەللىم بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى.

— ياق.

— يېزىقچىلىقمۇ قىلىڭ، ئارام ئېلىشقىمۇ سەل قارىماڭ.

— ماقۇل.

— بەك بىئارام بولۇۋاتقان بولسىڭىز دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ يا؟

— دوختۇرخانىغا ئاپارغۇدەك نېمە ئىش بوپتۇ بۇ خېنىمغا؟ چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۇم. بېشىمدا مېھرىگۈل ئاچا چەكچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق تۇرقىنى كۆرۈپ پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى.

— بۇرۇنلىرىغا سۇ كىرمەپتۇ ھە سىلىنىڭمۇ؟ — مېھرىگۈل ئاچا مۇئەللىمگە غەزەپ بىلەن ئالايدى، — بۇ بىرنېمىنىڭ پوقىغا تېيىلىپ ئاز زىيان تارتمىدىلا، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزلىرىمۇ تۆكۈلدى، ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇت سېيىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتمەيدۇ، سىلىنى ئادەم بولغاندۇ دېسەم، ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە دېگەندەك، يەنە مۇشۇ بىرنېمىنىڭ سۆيدۈكىنى پۇراپ يۈرۈپلىغۇ ...

— سىز؟

ياسىنجان مۇئەللىم تاتىرىپ كەتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— ئاچا، مەن ...

— كىم سېنىڭ ئاچاڭ ئىكەن؟ ئاچاڭنى تېپىپ ئاچا دەۋال ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمەي ! ئۆزۈڭنى بىچارە كۆرسىتىپ مىشىلداپ يۈرگىنىڭ بىلەن ھالىڭ چاغلىق ئىكەنغۇ؟ نەگە قارىسا دادىسىدەك ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۆي بۇزۇپلا يۈرگەن، ھېلىمۇ بىر چىشلەم بولۇپ قالغىنىڭ، جېنىڭ چوڭراق بولغان بولسا مەكتەپنى بېشىڭغا كىيەر ئىكەنسەن. بارمىقىڭنى چىقىرىپ بىر ساناپ باقە، ھازىرغىچە نەچچە ئادەمنى نابۇت قىلىپ بولدۇڭ؟ سۇلايمان، ياسىن كەنجى، مەردان ... ھەننىۋاسى ئىستىقباللىق ئادەملەر ئىدى، ھەممىسى سېنىڭ پوقۇڭغا تېيىلدى، ئەمدى ئىنساب قىلغىن، ياخشى ئادەملەردىن يىراق تۇرغىن، خۇش بولۇپ كېتەيلى، بىزنىمۇ ياشىغىلى قويغىن !

— مەن ...

مەن بوغۇلۇپ كەتتىم. مېھرىگۈل ئاچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرگە قاراپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. ئۇ

ئىلگىرى گەپ - سۆزدە بەك سىپايە، ئوچۇق - يورۇق چوكان ئىدى. مۇئەللىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلاتتى، ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى، «بىزنىڭ ئادەم» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مېنىڭمۇ ئىززىتىمنى بەك قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنى ياقتۇراتتىم، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتىم، سۆز - ھەرىكىتىمدە ئۇنى ئۆلگە قىلىشقا تىرىشقاندىم، ئەپسۇس ...

— مېھرىگۈل!

— نېمە دەيسىز؟ — مېھرىگۈل ئاچا چۆچۈپ - خورازدەك ھۈرپەيدى، — قانداق، يېڭىسىنى تاپقاندا قېرىسى كۆزىڭىزگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟

— سىز بۈگۈن ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قېلىۋاتىسىز!

— كىم ئۆزىگە ئوخشىمايۋاتىدۇ؟ مەنمۇ، سىزمۇ؟

— ئەستا ...

ياسىنجان مۇئەللىم سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن ئۆزۈممۇ تۈيمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزارتتىم.

— قولۇڭنى تارت، پاسكىنا!

مەن چىپپىدە توختىدىم. مۇئەللىم مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— ياسىن، نېمە بولدىڭىز؟

— مۇئەللىم!

— كۆزۈمدىن يوقال!

مەن كەينىمگە داجىدىم.

— ۋاي ئادەم بارمۇ؟ تېز بولۇڭلار، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىڭلار! جېنىم ياسىن، ئادەمنى قورقۇتماي كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

مەنمۇ ئىزىمغىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# مۇزلىغان يۈرەك

## 1

ھايات قىسمەتلەر بايانى، ئايانى ئۇزلۇق؛ ئۇزۇقى كۆز يېشى، شۇڭا تۇزلۇق. سەن قانداقلا ياشا بەربىر ئاچچىق قىسمەتلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. ھايات باقىي ئەمەس، شۇڭا تاتلىق، خۇلقى كەرەشمىلىك، كۆركى سۇمباتلىق، شۇڭا ئۇنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيسەن. تېشىڭدا ۋايىساپ قويغىنىڭ بىلەن ئىچىڭدە يەنىلا خەيرلىك كۈنلەرنى تىلەيسەن، كۆز يېشىڭ قۇرۇغاندا دات باسقان شەمشىرىڭنى غىلاپتىن چىقىرىپ سوغۇق تاشقا ئۈمىد بىلەن بىلەيسەن ... مەن شۇنداق قىلدىم. تۆمۈر ئوتتا، ئادەم جاپادا تاۋلىنىدىكەن، خورلۇقتا چىدىمىغان ئادەم خوۋلۇق كۆرەلمەيدىكەن. كىشىلەر ئىچىدە مىڭنى تىللاپ تۇرۇپ خۇشامەت قىلىدىغان داڭلىق قويمىچىلارنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرسەڭ، ئۇنىڭ توققۇزى قويۇلغۇچى بولۇپ چىقىدىكەن، ئۇلار خەقكە قويۇلۇۋېرىپ ئاخىر بىغەملەرنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىغان قويمىچىلارغا ئايلىنىدىكەن. ئاچچىق ھايات ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇردى، يۈرىكىمنى، قانىتىمنى قاتتى. ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇشقا، ئادەملەرگە، ھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. دەرۋەقە ھاياتقا نازۇكلۇق كېرەك، بولۇپمۇ قىز بالىغا. لېكىن، تۇگمەنچىنىڭ توخۇسىدەك قاشاڭ، ئاخىرەتنىڭ مۇشۇكىدەك يۈزسىز، تولۇق قاغىدەك ئۇنتۇغاق، ھاڭگا ئېشەكتەك

مەسئۇلىيەتسىز ئادەملەر توپى ئارىسىدا ياشاۋاتقىنىڭدا ھەددىدىن زىيادە نازۇكلۇق بەك ئېقىپ كەتمەيدىكەن. كىشىلەر سېنىڭ نازۇكلۇقۇڭنى ئاجىزلىق، ياۋاشلىقىڭنى دەلتىلىك، نومۇسچانلىقىڭنى ئىلاجسىزلىق دەپ خاتا چۈشىنىشىپ، پۇرسەت تاپسىلا سېنى بوزەك قىلىش قەستىدە بولىدىكەن. خۇددى «بارچە ئويۇننى سىز ئويناڭ، دەردىڭىزنى مەن تارتاي» دېگەندەك، مانتىنى باشقىلار يېسە، پۇلىنى سەن تۆلەشكە مەجبۇر بولىدىكەنسەن ... مەن بىر دېھقان قىزى، ئاتا ـ ئانام ئايىغىدا چۇمۇلە ئۆلمەيدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەملەر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «جاھاننىڭ ھەممىسى ياقائىبرىق»، ھەممە يەر ئوخشاش، لېكىن ھېچقانداق يەر ياقائىبرىققا يەتمەيدۇ ... باش ئەزان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ نامىزىنى ئوقۇش، كۈن قىزىلى بىلەن ئېتىزغا چىقىپ قاش قارايغۇچە توپا بىلەن ھەپىلىشىش، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن يوتقانغا كىرىپ بەش مىنۇتقا قالماي شېرىن ئۇيقۇسىنى باشلىۋېتىش — ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ۋە ئۆمۈرلۈك تۇرمۇش مەزمۇنى. ئۇلار ئۇچۇن بۇگۈنمۇ، ئەتىمۇ ئوخشاش. ياقائىبرىقنىڭ مىڭ نەچچە يىللىق تارىخىدا بىرمۇ ئادەم يۇرت ئاتلاپ ئىلىم تەلەپ قىلىپ باقمىغان. شۇڭا، بۇ يەردە ئىلىمنىڭ قەدرى يوق. مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشۈم تەقدىر. يانچۇقۇمدا بىر پۇلنىڭ تايىنى يوق ئەھۋالدا بۇگۇنگىچە ئوقۇيالىشىم بولسا ئەلئېھرامدەك بۈيۈك مۆجىزە. مېنىڭ تەبىئىتىم ياۋاش، تارتىنچاق، يۇزۇم تۆۋەن، كىشىگە يامانلىقىم يوق. ھەرقانداق جاپاغا چىدايمەن. ھاياتتىن كۈتىدىغانلىرىممۇ كۆپ ئەمەس: ئۇچام ئىللىغۇدەك كىيىم، قورسىقىم تويغۇدەك تاماق بولسىلا شۈكۈر دەيمەن. لېكىن، نەگىلا باراي كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمىي كېتەلمىدىم. ئىشنى باشقىلار قىلدى، داۋاسىغا مەن قالدىم. قاراڭ، خەت يېزىپ تۆھمەت قىلغىنى سۇلايمان مۇئەللىم، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، لېكىن مېھرىگۇل ئاچىنىڭ نەزىرىدە مەن بىر ئۇچىغا چىققان بۇزۇق، «ئىستىقباللىق

كىشىلەر»نى نابۇت قىلغۇچى بالاخور ئالۋاستى. ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى، قىلچىلىكمۇ يامان نىيىتىمىز يوق، بۇنى باللارمۇ، مېھرىگۇل ئاچىمۇ بىلىدۇ. لېكىن، مېھرىگۇل ئاچا ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقىدۇ ياكى قەستەن خالىمايدۇ. كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ قارىسىغا ۋارقىراش ئارقىلىق پىسخىك تەڭپۇڭلۇقىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ، ئاخىرىدا ئۇمۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا سېسىيمىز. مەردان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمگە كەلسەك، ئۇمۇ بىر ھېسابتا نورمال مۇناسىۋەت. يىگىرمىدىن ئاشقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى «ئادەم نان يەيدۇ» دېگەندەكلا ئاددىي ھەقىقەت. مۇھىمى ئۇنىڭ ئىپادىسى: بىز مۇھەببەتلەشكەن بىلەن پەردىشەپنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكىنىمىز يوق، ھەممە ئىش ئەخلاق يول قويغان دائىرىدە. جىم تۇرۇپ بەرسەم، ئىپارگۇلنىڭ مەكتەپتىن قوغلىنىشىنىمۇ مەندىن كۆرىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن، چۈنكى، مەن بولمىغان بولسام، سۈلايمان مۇئەللىم ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ ئۈستىدىن خەت يازمايتتى. خەت يېزىلمىغان بولسا، ئىپارگۇل خەت ساندۇقىغا سالمايتتى، خەتنى سالغانلىقى پاش بولمىغان بولسا سۈلايمان مۇئەللىممۇ، ئۆزىمۇ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ خۇددى: «تېرەكنى تىكمىگەن بولسا، قاغا قونمايتتى؛ قاغا قونمىغان بولسا، ئېشەك ئۈركۈمەيتتى. ئېشەك ئۈركۈمىگەن بولسا دادام ئۆلمەيتتى ...» دېگەندەكلا بىر ئىش. ھەرھالدا ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىنىڭ ماڭا ئارتىلمىغىنىغا مىڭ شۈكۈر!

بىز خەقنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىمىز ئادەم سېسىتىدىغان ئۇششاق گەپ. بىزدە گەپلا بولسا ئاڭلايدىغانغا ئادەم چىقىدۇ. توغرا بولسۇن، خاتا بولسۇن؛ ھەق بولسۇن، ناھەق بولسۇن، ئاڭلايدىغان قۇلاق بار، ئوخشاشلا قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ. شۇڭا، مېغىزى چىڭ ھەق گەپكە قارىغاندا ھەزىم قىلىش ئاسان بولغان

ئۇششاق گەپنىڭ بازىرى ئىتتىك. زۇۋاندارلارنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، خورىكى ئۇستۇن ... نېمىشقىدۇر مېھرىگۈل ئاچىنىڭ ئاللا ـ تۇۋىسىدىن كېيىن ئۇششاق گەپتىن بەك قورقۇپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم. سەۋەبى كىم نېمە دېسە بولىۋېرىدىكەن. ئۇنىڭدىن قورقساڭ ياشىمىساڭ بولىدىكەن. ئىككى يىل ئىلگىرى مۇشۇ كۈنگە قالغان بولسام، بەلكىم ھوشۇمنى تاپالماي نەچچە كۈن يېتىشىم مۇمكىن ئىدى. ھازىر ئۇنداق بولمىدى. بەزىلەرنىڭ يۈزسىزلىكى تۈيغۇلىرىمنى قاشاڭلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممىنى تاشلىۋېتىپ، كىتابىمنى تۈزىتىپ يۈرۈۋەردىم. مېھرىگۈل ئاچىدەك بىر كاتتا زىيالىي ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى دەڭسىمەي تۇرۇپ ئاشۇنداق كومېدىيەنى ئوينىيالىغان يەردە باشقا ئادەملەردىن ياخشىلىق كۈتۈش ئارتۇقچىلا بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، بەك ۋايىم يەپ كەتمىدىم. جاپانى تارتقىنى يەنىلا ئۆزى بولدى. ئۇ مۇئەللىمگىمۇ قىلدى، ماڭىمۇ قىلدى، ئەڭ يامىنى ئۆزىگە قىلدى. گەرچە ياسىنجان مۇئەللىم ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنغان بولسىمۇ يۈرىكىدە داغ قالدى، كۆڭلى قالدى. ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! ...

ھايات بىر خىل رېتىمدا داۋاملاشماقتا، ئۇنىڭ قىسمەتلەرگە باي پاياندا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، كۈلكە بىلەن يىغا ـ زار ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كۈلگەنلەر يىغلايتتى، يىغلىغانلار كۈلەتتى. مەن ئۇچۇن نۇرغۇن ئادەملەرگە، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كاللا قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ، يولىمۇ قالمىغانىدى. مەردان ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خوتەنگە كەتكەن، ئەركىن مۇئەللىم ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ياخشى بولالماي يۇرتىغا ئېلىپ كېتىلگەن، ياسىنجان مۇئەللىم ئۆيىدە كۈتۈنۈۋاتقانىدى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان بولغاچقا ھەممەيلەن ئۆز ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلىشىپ يۈرەتتى. «ياخشى گەپمۇ ئۈچ كۈن، يامان گەپمۇ ئۈچ كۈن» دېگەندەك، مېنىڭ نامىمدا ئوينالغان

يېڭى كومېدىيەمۇ تېزلا ئۇنتۇپ كېتىلگەنىدى. شۇڭا، مېھرىگۇل ئاچىنىڭ دېگىنى بويىچە «ياخشى ئادەملەر»گىلا ئەمەس، يامان ئادەملەرگىمۇ يېقىن يولىماي، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلغاچ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتىم.

كارتامدا لىق پۇل، ئۇستىبېشىم يېڭى، پات ـ پات ئەينەككە قاراپ قويىمەن. يازمىلىرىمغا خېرىدار تەييار، زېھنىم ئوچۇق، نەچچە سائەتلەپ يازساممۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايمەن. ئەكسىچە يازغانسېرى راھەتلىنىپ كېتىمەن. ئەسىرىم پۈتكەن چاغدىكى خۇشاللىقىمغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ، خۇددى يېڭى بىر ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلغاندەك بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا ئۆزۈمچە غۇرۇرلىنىپ كېتىمەن. ئەسىرىمنى ئۈنلۈك ئاۋازدا قايتا ـ قايتا ئوقۇيمەن، ئېرىنمەي تۈزىتىمەن. پەقەت ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان دۇنيايىمدىكى ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇلقى تىرىك ئادەملەردەك كۆز ئالدىمدا تولۇق نامايان بولغاندىلا يېنىك تىن ئېلىپ مەردانغا تېلېفون قىلىمەن، كەچتە بالدۇرلا كارىۋىتىمغا چىقىۋېلىپ خىيال سۈرىمەن، چىراغ ئۆچۈرۈلگەن ھامان ئۇيقۇغا كېتىمەن ...

جاپا تارتىشىمدىكى مەقسەت راھەت كۆرۈش ــ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈندۇر. مېنىڭ مەردانىڭكىدەك باشلىق دادام، تاھىرنىڭكىدەك تىجارەتچى ئاكام يوق. شۇڭا، ھەممىدە ئۆزۈمگە تايىنىشقا، ھەممىنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە مەن شۇنداق قىلدىم. مۇشۇ كۈننى دەپ مەھەللىدىكى يېپچى خوتۇنلارنىڭ كۇسۇر ـ كۇسۇرلىرىغا، ھىڭدەك سېسىق گەپلىرىگە، تىكەندەك يالغۇزلۇققا چىدىدىم. يەنە مۇشۇ كۈننى دەپ ئىپپىتىمدىن، ھەتتا ئەزىز جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم. شۇنچە كەڭرى زاماندا ئاچ ـ يېلىڭ قالساممۇ ۋايسىمىدىم. خالىغانچە كەمسىتىلسەممۇ چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىدىم. ئەكسىچە كېچە ـ كۈندۈز ئۆگەندىم، توختىماي يازدىم ... ئاخىر تىرىشچانلىقىم تەڭرىنى تەسىرلەندۇرگەن چېغى، ئەقىدە دەرىخىم

تېزلا مېڭىشقا كىرىپ مول ھوسۇل شادلىقىدىن بەھرە ئالدىم. «نامىڭ يوللۇق بولسا، ئورنۇڭ يوللۇق بولىدۇ»، «زەرباب تۈۋ كىيگەنلەر ئىشىكىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ» دېگەندەك، فاكۇلتېتتىمۇ، قىزىق نۇقتا ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ پۇت تىرەش نۇقتىسىغا ئېرىشتۇالدىم. ياشاش يولۇم كېڭەيدى، ماس ھالدا تۇرمۇشتىن كۆتىدىغانلىرىممۇ كۆپەيدى، تۇرمۇش مەزمۇنىمۇ موللاشتى ... مېنى مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتۇرغان ھەممەتلىك تەڭرىگە، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە؛ روھىمنى تاۋلىغان خورلۇق ۋە مۇشەققەتكە، شۇنىڭدەك مېنى ھۆرمەت تەختىگە ئولتۇرغۇزغان ئەدەبىياتقا مىڭ رەھمەت!

— نېمانداق تۈگمەيدىغان خىيال بۇ؟ قاچانلا قارىسا تۇخۇم باسقان كەپتەردەك مۈگدىنىپلا ئولتۇرغان.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. يېقىنلا يەردە گۈزەلنۇر ماڭا قاراپ كۈلۈۋېتىپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— خىيالنى ئاز قىل، ئەڭ ياخشىسى رېئاللىق ئىچىدە ياشا! بولۇپمۇ سەن ياشتىكى قىزلار خىيالنى تولا قىلسا بولمايدۇ. خىيال خىيالنى تۇغىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. خىياللىرىڭ شاخلاپ كېتىپ يەنە بىر بۇرۇتلۇققا باغلىنىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

— گەپدانلىقىنى، مەن سەندەك ئۈجمە كۆڭۈل بولمىسام، بىردەم خىيال قىلغانغا باشقا بىرسىگە باغلىنىپ قالىدىغان.

— مەن ئۈجمە كۆڭۈلما؟ — گۈزەلنۇر ئاناردەك قىزاردى.

— چېقىشىپ قويدۇم، سەن تاش كۆڭۈل، سېنىڭ بىرلا ئادەمنىڭ دەردىدە جان قىيناۋاتقىنىڭ ماڭا ئايان.

گۈزەلنۇر جىم بولۇپ قالدى.

— قانداق، تاھىردىن ئىنجا كېلىدىغاندەكمۇ؟

— ھەرھالدا بولىدۇ، بايا ئىككىمىز بىللە بازارغا بېرىپ كەلدۇق.

— مۇبارەك بولسۇن، كەچتىچۇ؟
گۈزەلنۇر گەپ قىلماستىن يىنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىۋالغاندەك قىلاتتى.
— نېمە بولدۇڭ؟ تۇرۇپلا مۇڭلىنىپ قالدىڭغۇ؟
گۈزەلنۇر ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلدايتتى.
— كەچلىك ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلمىغانغىمۇ شۇنچە قىدىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ سەۋر قىلغىن. بىزدە مۇسۇلماندارچىلىقمۇ ئاستا - ئاستا بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھەرھالدا بۈگۈن بازار ئايلىنىشقا تەكلىپ قىپتۇ، بۇ ياخشى باشلىنىش ... ئەتە ئاماقىقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۆگۈنلۈككە كەچلىك ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلىسمۇ كېچىكمەيدۇ.
— تەكلىپ قىلدى.
— مانا ئىش پۈتۈپتۇغۇ؟
— نېمىسى پۈتىدۇ؟ نېمە دېسەم بولار؟ ھەي ...
— نېمە دېسەڭ دېگىن، جىددىيلىشىپ كېتىپسەن - ھە؟
گۈزەلنۇر مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.
— يىغلاۋاتىسەنغۇ؟
— تاھىر ئۇ ...
— تاھىرغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
— تاھىر ئوقۇشتىن چېكىنىپ، ئاكىسىنىڭ گۇاڭجۇۋدىكى رېستورانىنى باشقۇرغۇدەك!
— نېمە دېدىڭ؟
گۈزەلنۇر گەپ قىلمىدى.
— بىر يىل قالغاندا ئوقۇشتىن چېكىنمەمدىكەن؟ بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟
— مەنمۇ بىلمىدىم. كەچتە خوشلىشىش نۇتقى سۆزلەيدىغان ئوخشايدۇ.
— مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

— پايدىسى يوق، — گۈزەلنۇر بېشىنى چايقىدى.

— بۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ قارارى ئىكەن، تاھىرمۇ ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ.

— توۋا، ماۋۇ شادا پاچاقنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى، ھېچبولمىسا ئوقۇشىنى تۈگىتىۋېلىپ بارسىمۇ كېچىكمەيتتىغۇ ئۇ يەرگە.

— ئۇنىڭغىچە چىدىمىغۇدەك.

— سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟

— قانداق قىلاتتىم، ئوقۇيمەن شۇ.

— مەن ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى دەۋاتىمەن، سېنىڭغۇ ئوقۇشنى توختىتىپ بىللە كېتىش خىيالىڭ يوقتۇ؟

گۈزەلنۇر يەرگە قارىۋالدى. تۇنجى مۇھەببەت بۇ قىزنىمۇ ساراڭ قىلىپ قويغانىدى.

— نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولماسمۇ؟

گۈزەلنۇر بېشىنى چايقىدى.

— چېكىنىش ئىلتىماسىنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بوپتۇ.

مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم.

— «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەكلا ئىش بوپتۇغۇ؟

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس.

گۈزەلنۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گۈزەلنۇرنىڭ خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

— سەنغۇ بىللە كەتمەيدىغانسەن؟

— سەنمۇ مەردان بىلەن بىللە كەتمىدىڭغۇ؟

— تولا گەپ يورغىلاتما؟ ئىككىسى ئىككى ئىش.

— ئۇنداق ئەمەس، ئوخشاشلا بىر ئىش !

— قانداق دەيسەن؟

— تاھىر ھازىرچە بارغاچ تۇرىدۇ.

— كېلەر يىلى سەن كەينىدىن بارىسەن؟

گۈزەلنۇر يەرگە قارىۋالدى.

— خىزمەت ئىشىنى قانداق قىلىسەن؟ سەنمۇ دىپلوموڭنى ئاتا ـ ئاناڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ رېستوران ئاچمايدىغانسەن؟

— بىلمەيمەن، تەقدىرىمدە شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا ماڭا ئامال يوق.

— دېمەك، بىر قارارغا كېلىپ بوپسەن ـ دە؟

گۈزەلنۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۆيدىكىلەرچۇ؟ ئۇلار قوشۇلارمۇ؟

— ئۇقمايمەن.

گۈزەلنۇر بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— «قىز بالىنىڭ يۇرتى بولمايدۇ» دەپتىكەن كونىلار، كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەيلى، ھەممە ئىش ئۆز يولى بويىچە بولار ... سەنچۇ؟

— مەن؟

گۈزەلنۇرغا قارىدىم.

— سەنمۇ ئوخشاشقۇ؟

ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى.

— توۋا دەيمەن، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت ئىشىدا ئوخشاش بىر قىسمەتكە دۇچار بولغىنىمىز قىزىق.

— قانداق دەيسەن؟

— مەن دېمىسەممۇ ئۆزۈڭگە ئايان. شاھ ئوغلى بىلەن ئادەتتىكى پۇقرا قىزىنىڭ باش قوشالىشىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس !

گۈزەلنۇر نەق گەپنى قىلغانىدى. گەرچە بىزمۇ ھازىرقى ھېسسىياتىمىز بويىچە كۆيدۇم ـ پىشتىم دېيىشىپ يۈرگىنىمىز بىلەن كېيىنكى ئىشلارغا كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمەيتتۇق. مەردان چىڭ تۇرغان بىلەن ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىسا بەربىر مۇرادىمىزغا يېتەلمەيتتۇق. گۈزەلنۇر دېگەندەك ھەر ئىككىمىز ئېگىز شاپتۇلغا ئېسىلىپ قالغاندۇق. يۈرىكىم تۇيۇپ تۇردۇ،

بىزنىڭ ئىشىمىزغا بىرىنچى بولۇپ مەردانىنىڭ ئانىسى قارشى چىقىدۇ (ئاچىسىمۇ قوللاپ كەتمەيدۇ.) ئۇ قارشى مۇقام تۇۋلايدىغانلا بولسا ئىش تامام ـ ۋەسسالام، ھېچكىم ئارىغا كىرەلمەيدۇ ... ئەمدى ھەر ئىككىمىز جىم بولۇپ قالدۇق. دەل شۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋاتقاندەك مەكتەپ رادىيوسىدا ئىسكەندەر سەمەتنىڭ «مەكتەپتىكى مۇھەببەت» دېگەن ناخشىسى بېرىلدى. مەن بۇ ناخشىغا ئامراق ئىدىم، ۋاقىت تاپسىلا پات ـ پات ئاڭلاپ قوياتتىم. ناخشىنىڭ ھېسسىياتى ساپ، مۇڭ بىلەن ھەسرەت تەبىئىي بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن تالاي ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ قەلب يارىسىنى ئاشكارىلىغانىدى.

مەكتەپتىكى مۇھەببەت،  
شۇنچە شېرىن كارامەت.  
دەسلەپ كۆلدۈرگەن بىلەن،  
يىغلىتىدۇ ئاقىۋەت.

ھەر ئىككىمىز ــ گۈزەللىنۇرمۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈل خاھىشى بويىچە سۆيگۈ بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەنىدۇق. سۇ بەك تەملىك ئىدى، ئىچىشلىك ئىدى. تەسۋىرلىگۈسىز لەززىتى بىلەن تەشنا قەلبلەرگە شېرىنلىك ئاتا قىلاتتى. سەۋەبى ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدەكلا ساپ ئىدى، سۈزۈك ئىدى، پاكىز ئىدى. ئارتۇقچە تەلەپتىن خالىي، سۈتكە تويغان بوۋاقتەك كۆلۈپلا تۇراتتى ... شۇ ۋەجىدىن كۆڭلىمىز توق، چېھرىمىز نۇرلۇق، ئاۋازىمىز ياڭراق ئىدى. ھەممىنى كىتابلاردىكىدەك گۈزەل، سىنىپ بىلەن ياتاق ئارىسىدىكى يولدەك تۈپتۈز، راۋان دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق. بۈگۈنىنىڭ ھۇزۇرىدىن مەست بولۇپ، ئەتىگە تەلمۈرۈپ، كەلگۈسى ھەققىدە ئارتۇقچە كاللا قاتۇرۇپ كەتمەيتتۇق. بىزچە بولغاندا، يۈرىكىمىز تاللىغان ئادەمگە كۆڭۈل بېرىش بىزنىڭ مۇقەددەس

ھوقۇقىمىز ئىدى. پەقەت سەممىيەتتىن چەتنىمەي، خىيانەتتىن يىراق تۇرساقلا، ھەممە ئۆز يولى بىلەن داۋاملىشىدۇ، دەپ ئويلايتتۇق... ئەپسۇس، ئىشلار ھە دېگەندە ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ساپ مۇھەببەت، گۈزەل كېلەچەك ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز، ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىز مەكتەپتىن ئايرىلىش بىلەن تەڭ جۇدۇنغا ئۇچرىغان گۈلدەك توزۇپلا كېتەمدىغاندۇ؟ بوغۇزۇمغا يىغا كەپلەشتى.

تەقدىر قاچان ئەكەلدى
سېنى، مېنى قەيەردىن؟
ئۇچراشتۇرۇپ بىزلەرنى،
تونۇشمىساق ئەزەلدىن.

خىيال قۇشۇم يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ پەرۋاز قىلدى. توغرا، بىز ئەزەلدىن تونۇشمايتتۇق، بىر يۇرتتا ياشىغىنىمىز بىلەن بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپمۇ باقمىغانىدۇق. مەردان بىلەن مۇھەببەتلىشىش مېنىڭ ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار ئىدى. تەقدىر بىزنى ئۇچراشتۇردى. ئويلىمىغان يەردىن «بىر كۆرۈپلا كۆيۈشۈپ قالدۇق»، تەگرى سالغان ئىشقا بەندىدە نېمە ئامال بولسۇن؟ ئاخىر بىر ـ بىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە قول سۇنۇشتۇق. ئىشلار شۇنداق تەبىئىي يۈرۈشتى. «گۈلى گۈلىگە» دېگەندەك تېزلا چىقىشىپ قالدۇق. مەردان ئارزۇيۇمدىكى يىگىتنىڭ ئۆزىلا ئىدى، مەن ئۇنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئادىمىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ بۇ سۇنۇقتەك چاڭگىسىدەك كىچىك يۈرىكىمگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم سىغمايتتى ...

مەكتەپتىكى مۇھەببەت،
سالدى دىلغا جاراھەت.

ئايرىسىمۇ كاج پەلەك،
ئۇنتۇلمايدۇ تا ئەبەد.

ئايرىلىش — ئالىي مەكتەپتىكى سۆيگۈنىڭ ئۆزگەرمەس مىلودىيەسىمۇ؟ خۇددى لۇشۇن ئەپەندى «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» دەپ يازغىنىدەك، بىز ئايرىلىش ئۈچۈنلا مۇھەببەتلەشكەنمۇ؟ بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز، تۆلىگەن بەدەللىرىمىز كۆز يېشى ئۈچۈنمۇ؟ بىز قايسى گۇناھىمىز ئۈچۈن سۆيگۈدىن مەھرۇم قىلىنىمىز؟ مۇھەببەتكە خىيانەت قىلدۇقمۇ؟ ياق ! پۇل ـ مال، ياخشى خىزمەت، تەييار ئۆي ئۈچۈن ياش ـ قېرى دېمەي ئالىلىكىملەرنىڭ ئۆيىنى بۇزۇش قەستىدە بولدۇقمۇ؟ ياق !... ئەمىسە بىز نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن بىھۇدە بەدەل تۆلەيمىز؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇقلارنى قان يىغلىتىش بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ئۆزى خالىمىغان بىر ئادەم بىلەن نەچچە ئون يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈشنىڭ جاپاسىنى ئۇلار يۈرەكى بولسىمۇ ھېس قىلالمامدىغاندۇ؟ كىشىلەر خۇشاللىقنى ئۆزىدىن، خارلىقنى تەقدىردىن كۆرۈپ، سۇنغان كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ خارلىقى تەقدىردىن ئەمەس، يەنە شۇ ئىنسانلاردىن كېلىدىكەن.

تەقدىر قاچان ئەكەلدى
سېنى، مېنى قەيەردىن؟
ئۇچراشتۇرۇپ بىزلەرنى،
تونۇشمىساق ئەزەلدىن.

ناخشا ئاخىرلاشتى. خۇددى روھىم يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك لاسىدە بولۇپ قالدىم.

— ئىسكەندەر بۇ ناخشىنى ئىككىمىز ئۈچۈنلا ئىجاد

قىلغانىدەك قىلىدۇ.

گۈزەلنۇر مۇڭغا پاتقان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى:

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس !

## 2

ئىمتىھانلار ئاخىرلاشتى، نەتىجەم يەنىلا سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا ئىدى. ئوقۇش مۇكاپات پۇلى كۆز ئالدىمىدىلا قول پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى. خۇشاللىق ئۇستىگە خۇشاللىق دېگەندەك، تەتىلگە ئۇلگۇرۇپ ئىككىنچى كىتابىممۇ بازارغا سېلىندى. گۇلباھار خانىمنىڭ دېيىشىچە، كىتاب بازارغا سېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي سېتىلىپ بوپتۇ. شەخسىي كىتابخانىلار جىقراق ئەكەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاردۇقۇم چىققاندەك بولۇپ قالدىم. «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دېگەندەك، يازغۇچى شۇنچە ئەجىر قىلىپ كىتاب يازغىنى بىلەن ئوقۇرمەنلەر سېتىۋېلىپ ئوقۇمىسا، تارتقان جاپاغا تۇشلۇق ئىش بولمايتتى. ئەڭ مۇھىمى يازغۇچىنىڭ نەشرىيات ئالدىدا ئىناۋىتى بولمايتتى، يولىمۇ ئېتىلەتتى.

ھەممەيلەن ئەتىنىڭ بىلىتىنى ئالغانىدۇق. شۇڭا، ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئۇقۇپلا ئالدىراش بازارغا جابدۇندۇق.

— بازارغا بىللە بارارمىز؟ گۈزەلنۇر ياتاققا كىرىپلا دېرىزە تەكچىسىدىكى سوغۇق چېيىدىن ئوتلاپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى ئىدى.

— سەن بېرىۋەر.

— سەنچۇ؟ ئۆيدىكىلەرگە سوۋغات ئالماسەن؟ «قېلىنلىقىم دۆلىتىم» دەپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا ئىككى بارمىقىڭنى بۇرنۇڭغا تىقىپ تۇرماقچىمۇ يا؟

گۈزەلنۇر ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

— كۆلۈپ قويغانغا بېرەمدىكەن ئۇ سوۋغاتلىقلارنى؟

— پۇلۇڭ تۈگىگەنمۇ؟

— ئۆيدىن كەلگەن پۇلغا ئاپتوبۇس بىلىتىنى ئاران ئالدىم. شوپۇرلارمۇ ئۇساللىشىپ كېتىپتۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا بىكەت دەرۋازىسىدىن كىرىپ بولغۇچە ئادەمگە كانىدەك چاپلىشىۋېلىپ، سومكىمىزنى ئۆزى كۆتۈرۈپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشاتتى، باھادىمۇ كېلىشىپ ماڭغىلى بولاتتى. تونۇگۈن ئىش باشقىچە، گەپ سورىساق قاراپ قويۇشقىمۇ كۆزى يوق، ھەممىسى بادرا يەۋالغاندەك گىدىيىشىپ تۇرۇشىدۇ. ئامالسىز بىكەت باھاسى بويىچە بىلەت ئالدىم. ھەي ... ئادەملەر بەك ئىنسابسىزلىشىپ كېتىپتۇ.

— قاردا قۇشقاچ تۇتۇش دېگەن شۇ.

گۈزەلنۇر گەپ قىلمىدى.

— پۇلۇڭ يەتمىسە ماڭا دېسەڭ بولمىدۇغۇ؟

— دېيىشنى ئويلىغان، لېكىن ... سېنىڭمۇ ئەھۋالىڭ ماڭا ئايان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل قەرز ئالغىنىم بىلەن ۋاقتى كەلگەندە يەنە قايتۇرىدىغان گەپ.

— مەندە بار، — دېدىم سومكامنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ قويۇپ، — قانچىلىك لازىم؟

گۈزەلنۇر مېنى تونجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— گېپىڭ بەك چوڭغۇ؟

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— پۇلۇڭ شۇنچە جىقما؟

— خۇدانىڭ بەرگىنى بار، ماۋۇ كارتىدىكىسى باشقا نەرسە ئەمەس، پۇل! تولا ئەزمەڭنى ئەزمەي نان بېرىدىغان گەپنى قىل، نەچچىلىك لازىم؟

— بانكا تەشمىگەنسەن؟

— بانكا تېشىدىغان ئىش بولسا، ئەينى يىللىرى ئاچ قالغاندا تېشەر ئىدىم. ھازىر ئۇنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

— ئەمىسە ...

— ئادەمگە ئۇنداق قارىما، — دېدىم مەن گۈزەلنۇرنىڭ شۇبھىلىك قاراشلىرىغا چىدىماي، — ھەممىسى قەلەم ھەققىگە كەلگەن پۇللار، ئانا سۈتىدەك ھالال!

گۈزەلنۇر كۈلدى.

— ئۇنداق بولسا يۈز كوي بەرگىن.

— يۈز كوي؟ يۈز كوي نېمىگە يېتىدۇ؟ ئۆيدىكىلەرگە چامغۇر بىلەن جىگدە ئاپارمايدىغانسەن؟

مەن سومكامنى ئېلىپ ئىككى يۈز كوي تەڭلىدىم.

— ھازىرچە مۇشۇنى ئېلىپ تۇر، كەملىسە يەنە مەن بار.

گۈزەلنۇر پۇلنى ئېلىپ ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويدى.

— ئەسلىدە قىلىدىغان ئىش يازغۇچىلىق ئىكەن ... بوپتۇ، ئالسام ئالاي، لېكىن شەرتىم بار.

— قۇلىقىم سەندە.

— قايتۇرالىسام كۆزۈمگە كىرىشىۋالمايسەن؟

— مۇنداقمۇ نىيىتىم بار دېگىن؟

— ئەمدى ... خەجلىنىپ كەتكەن پۇلنىڭ تىرىلمىكى تەس، گۈزەلنۇر ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

— ھازىرچە ھېساب دەپتىرىڭنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئېلىپ قويغاچ تۇر، پۇل تاپقاننىڭ ئەتىسى قايتۇرارمەن.

— بولدى ھېساب! «ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا، ھامان بىر كۈنى ئالارسەن» دەپتىكەن، ھازىرچە ھېسابتا تۇرغاچ تۇرسۇن.

— مەن ئالا قاغا بولۇپ قالدىممۇ ئەمدى؟ «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۇڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى تولۇق»، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن كونىلار، بولدى، ھاجەتمەن بولغاندىكىن بۇگۈنچە ئالا قاغا بولسامۇ بولغاچ تۇراي، لېكىن ...

— نېمە لېكىن؟

— مەنمۇ بىر كۈنلەردە تازا پۇل تېپىپ بۇ ھېساب -

كىتابنى قىلماي قويمايمەن.

— قاچان، رېستورانغا غوجايىن بولغاندىما؟

گۈزەلنۇر جىم بولۇپ قالدى. ئۇ يېقىندىن بىرى ئاشخانا ـ رېستوراننىڭ گېپى چىقسىلا ئۆزىچە خۇيلىنىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— بولدى قايىقىڭنى تۇرمىگىنە، — دېدىم گۈزەلنۇرنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ، — خۇددى ئاكىيۇدەك ھەممە نېمىدىن خۇدۇكسىرەپلا يۈرىدىكەنسەن. رېستوران غوجايىنى بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ ئۇمۇ بىر ئوبدان ئىشقۇ؟ ھەرھالدا تەلىيىڭ بار ئىكەن، خىزمىتىڭ بىر يىل بۇرۇن ھەل بولۇپ بولدى، دىپلوم قولۇڭغا تەگكەن ھامان غوجايىن بولىسەن. مەنچۇ؟ مەن نېمە بولىمەن، نېمە ئىش قىلىمەن، بۇ تېخى نامەلۇم ...

— سەن يەنە چىشىمغا تەگكىلى تۇردۇڭغۇ؟ ئاغزىڭدىن رېستوراندىن باشقا گەپ چىقمامدۇ زادى؟

گۈزەلنۇر قوللىرىنى ئارىدەك كەرگىنىچە ماڭا «ئېتىلدى»، مەن قاچتىم، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى قوغلاشقانچە بىنادىن چىقتۇق ...

كەچكىچە بازار ئايلىنىپ سوۋغاتلىق ئالدۇق. مەن دادامغا زىغىر رەڭ يازلىق پەلتودىن بىرنى، ئىككى كۆڭلەك، ئىككى ئىشتان ۋە ئىچ كىيىم؛ مەردان بىلەن ئىدرىسقا بىردىن كەمەر، پۇل قاپچۇقى؛ كامىلەگە بىر قۇتا ئەتىر ئالدىم. گۈزەلنۇرمۇ باھاسى چۈشكەن ماللاردىن بىر سومكا سېتىۋالدى. كەچتە سىنىپقا چىقتۇق.

باللارنىڭ كەيپىياتى سۇس ئىدى. ھەممەيلەن ئىچىگە تىنىپ ئولتۇراتتى. تاھىر رەسمىيەت بېجىرىپ كەتكەن، ئەركىن مۇئەللىم يوق ... مەن كۆز چېنىمدە باللارنى بىر قۇر يوقلىما قىلىپ چىقتىم. ھەممەيلەن تولۇق. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ پەرھات مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ سۇس ئىدى. مۇئەللىم مۇنبەرگە

چىقىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن باللارغا يۈزلەندى.

— ئەركىن مۇئەللىمنىڭ كېسىلى ياخشىلانغۇچە مەن ۋاقىتلىق سىنىپ مۇدىرى بولۇپ تۇرىدىغان بولدۇم.

سىنىپ ئىچى چۈنۈن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆمدى.

— ماڭا ئايان، سىلەر ئەركىن مۇئەللىمنى بەك ياخشى كۆرىسىلەر. ئۇ بەك بەلەن يىگىت ئىدى. سىلەرگە بەك كۆيۈنەتتى... تەقدىر - پېشانە شۇنداق ئوخشايدۇ، ياش تۇرۇپ كېسەل چىرمىۋالدى، — مۇئەللىم شۇنداق دەپ كۆزىگە ياش ئالدى، — ئىككىمىز ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك كالللىسى ئۆتكۈر ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «مەن ئاق بايراق ئەمەس» ناملىق شېئىرىنى بىر سائەتتە؛ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانىنى ئىككى كۈندە تولۇق يادلاپ بولغان. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ ۋەقەلىكىنى تەسۋىرلىرى بىلەن قوشۇپ تولۇق سۆزلەپ بېرەلەيتتى ...

سىنىپتىن باللارنىڭ مىشىلدىغان، خىتىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بايا ئۆيىدىكىلەرگە تېلېفون قىلدىم، ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەتىل ۋاقىتدا يېقىن ئەتراپتىكى باللار ئۆزئارا ئۇچۇرلىشىپ يوقلاپ قويۇڭلار، بىزمۇ ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقداشلار يىغىلىپ مەخسۇس يوقلاشقا بارىمىز.

باللار باش لىڭشىتىشتى.

— مەن مەيلى بىلىم ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ئەركىنگە تەڭ كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئورنىنىمۇ باسالمايمەن، بۇ تەرىپى ماڭا ئايان. لېكىن، مەنمۇ ئەركىنگە ئوخشاشلا سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. دوستۇمنىڭ ئىزىنى ئىزلاش، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى بىر تۇرلۇك ۋىجدانىي قەرزىم دەپ بىلىمەن. شۇڭا، سىلەرگە سىنىپ مۇدىرى بولۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن

تەلەپ قىلدىم. قولىلاپ، ماسلىشىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.
بالىلار قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.
— رەھمەت.
مۇئەللىم قولىغا بور ئېلىپ دوسكىغا بىر نومۇرنى يازدى.
— بۇ مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇم، ھەرقانداق چاغدا تېلېفون قىلساڭلار بولىدۇ.
بالىلار دوسكىدىكى نومۇرنى خاتىرىلەشكە باشلىدى. مۇئەللىم مەكتەپنىڭ تەتىل مەزگىلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن خوش دەپ چىقىپ كەتتى. بىزمۇ سىنىپتىكى نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، بىر - ئىككىدىن ياتاققا قاراپ يول ئالدۇق.

## 3

ئاپتوبۇس بۈك - باراقسان ئارچىزارلىقلار، تاقىر جىلغىلار، ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق، كۆجۈم مەھەللىلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى چۈش مەھەلدە ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە بېكەتكە كىرىپ توختىدى. ماشىنىغىمۇ، يولۇچىلارغىمۇ ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. يولۇچىلارنىڭ كىيىملىرى پورلەشكەن، چاچلىرى چۇۋۇق، يۈزلىرى ئىسلاشقان بولۇپ، باش بېكەتتىكى جۇشقۇنلۇق، خۇشخۇيلۇق، مەنمەنچىلىك، سەپەر جەريانىدىكى قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىر - بىرىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەردەك سوغۇق قارىشاتتى، ھەدەپ ئىشىككە ئۆمتۈلەتتى، يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلارغا تاياق يېگەن كالىدەك ئالىيىشاتتى، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈشەتتى ... بۇ ھالنى كۆرۈپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. ئادەملەر نېمىدېگەن ئۆزگىرىشچان - ھە؟ سەپەردە دوست، پىكىرداش، داستىخاندا ھەمتاۋاق، خۇددى

كونا ئاغىنىلەردەك دىلكەشلىك قىلىپ ھارمىغان، مەنزىلگە يېتىشۋېلىپلا ھەممىنى ئۇنتۇغان. بۇ قانداق مەنتىق؟ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن كۆڭۈل سورىشى ئىشىكىنى كۆزۈرۈكتىن ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلىمۇ؟ بۇنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل ئاجىزلىق دېسەك بولارمۇ؟ ئون سەككىز سائەتلىك يول ئازابىغا چىدىغان يەردە، يەنە ئىككى - ئۈچ مىنۇت سەۋر قىلىپ، بىر - بىرىگە يول بەرسە، يۇرتىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىغا خۇش چىراي، مۇھەببەت، ھۆرمەت - تەۋازۇ بىلەن قەدەم باسساق، نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش بولاتتى - ھە؟ مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم. كونىلارنىڭ «سەپەردە تونۇشقان ھەمراھ دوست بولالمايدۇ» دېگىنى مۇشۇمۇ يا؟ باشقىلارغۇ مەيلى، مەن ئاستىنقى كارىۋاتتىكى ئورنۇمنى تېگىشىپ بەرگەن مۇنۇ مويسىپىتنىڭ ئايرىلىدىغان چاغدا بىرەر ئېغىز بولسىمۇ چىرايلىق گەپ قىلىپ كۆڭلۈمنى ياساپ قويمىغىنى نېمىسى؟ ئاستى كارىۋات بىلەن ئۈستى كارىۋاتنىڭ راھىتىدىمۇ، باھاسىدىمۇ پەرق بار. تۈنۈگۈن مەن بۇ مويسىپىتنىڭ چىقىپ - چۈشۈشتە قىينىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئالدىنقى رەتتىكى بىر ئوبدان ئورنۇمنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزۈم ئارقا تەرەپتە قونداققا چىقىپ ياتتىم. يېنىمدىكى ئادەم كەچلىك تاماقتا خاس تۇخۇملا يېدى، ئارقىدىن يوتقىنىنى بېشىغا يۇركەپ كېچىچە توختىماي «پىلىموت» ئېتىپ چىقتى. بۇنى ئاز دەپ خورىكىنىڭ يامانلىقىنى بىر دېمەڭ، دىۋىنىڭ ئۆزى. پايپىقىنىڭ سېسىقلىقى ئالدىدا ئىتنىڭ تاپىمۇ بىر يەرلەردە بويۇن قىسىپ قالىدۇ ... مەن شۇ مويسىپىتنىڭ ئاسانلىقى ئۈچۈن بىر كېچە ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۈم، سېسىقچىلىقتا بۇرنۇم يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، كېچىچە كۆز يۇممىغاچقا بېشىممۇ ئېغىر. بۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنىم نېمە بولدى؟

مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكىگىنىمچە ئەڭ ئاخىرىدا ماشىنىدىن چۈشتۈم.

— ئەنە، چۈشتى.
— شۇ.
— ۋاي چىرايلىق دوستۇم، سەنمۇ بارمىدىڭ بۇ ماشىنىدا؟ بىزنى بەك تەقەززا قىلىۋەتتىڭغۇ؟ يولۇڭغا قاراپ كۆزىمىز تېشىلەيلا دەپ قالدى، — كامىلە قۇچىقىنى كەڭ يايغىنىچە تورغاي يورغىلىشىدا كېلىپ بوينۇمغا گىرە سالدى، — يولدا جاپا تارتىپ قالمىغانسەن؟
كامىلەنى چىڭ قۇچاقلىدىم. بىر خىل ئىللىق سېزىم مويسىپىتنىڭ ئەقىلسىزلىكى سەۋەبىدىن مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمغا ئىللىقلىق ئاتا قىلدى.
— مۇزلاپ كېتىپسەنغۇ؟ — كامىلە قۇلىقىمغا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — بۇ ھالدا مەردانىنى قۇچاقلىساڭ، ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويىسەن. قويۇۋەتمەي جىم تۇر، بىردەم ئىسسىتىپ قوياي.
— مۇشۇ ئېغىزىڭنىزە! — مەن كامىلەنىڭ مۈرىسىنى موتاپ قويدۇم.
— راست ئەمەسمۇ؟ — كامىلە چاچلىرىمنى تۈزەشتۈردى، — مەردان بىچارە بەختىگۈل كېلىدۇ، دەپ ھەپتە بۇرۇن تېيىرلاشقا باشلىغان، كىچىچە كىرىپىك قاقمىدى ھەرقاچان. سەنچۇ؟
— مەنمۇ شۇ.
— ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم راست گەپ قىلدىڭ - ھە؟
— ھوي، نېمانداق قۇچاقلاپ تۇرىۋېرىسەن؟ بىزمۇ بار بۇ يەردە.
بۇ ئىدرىسنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن كامىلەنى سىلىق ئىتتىرىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. ئىدرىس بىلەن مەردان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.
— مەنمۇ بار، — مەردان قولۇمدىكى سومكىمغا قول ئۇزارتتى، — بىز مۇشۇنداقلا كۆرۈشەمدۇق؟

مەن «ئامال يوق» دېگەن مەنىدە كىرپىكىمنى قىقىپ كۈلۈپ قويدۇم.

— بەختىگۈل سەل سەمرىپتۇ ـ ھە، بالىلار؟

كاملە بېشىمدىن ئايغىمغىچە قاراپ چىقتى.

— سەل ئورۇقلىدىم.

مەردانىنىڭ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. چىرايىدىن غەم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

— شۇنداق جاھان بۇ، بىرسىنىڭ ئورۇقلىشى بەدىلىگە يەنە بىرسى سەمرىيدىغان!

— گېپىنىڭ مەتۇلۇقىنى.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئەنە، پاكىت ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەرگىز كۆز يۇمالمايسەن.

ئىدرىسنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. مەردان غەمكىن كۈلۈمسىرىگىنىچە يان تەرەپنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى.

— ماڭايلى، بەختىگۈلنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى ھەرقاچان، تاماق يېگەچ پاراڭلىشىمىز.

— شۇنداق قىلايلى زادى، مېنىڭمۇ قورسىقىم ئېچىپ دۇمبەمگە چاپلىشىپ كەتتى، — ئىدرىس ماشىنىنىڭ يۈك ساندۇقىغا قاراپ قويدى، — سومكىڭىز قايسى؟

— ئاۋۇ قارا سومكا شۇ.

— يېيىش ـ ئىچىشتىن باشقىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ بۇ گونداز.

— ماڭا دېدىڭما بۇ گەپنى؟

— ياق، ماشىنىغا دېدىم.

— توغرا قىپسەن، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

ئىدرىسنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىپەرۋا تۇرقىغا قاراپ ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

مەردان «نىسسان» ماركىلىق دالا ماشىنىسىنى ھەيدەپ

كەلگەنىكەن، سومكىلار قول ـ قولچە ماشىنىغا سېلىندى.
ـــ قېنى مەرھەمەت.
مەردان ماشىنىغا چىقىپ ئەينەكنى چۈشۈردى. مەن ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدىگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، شۇڭا كۆزۈمگە باشقىچە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى.
ـــ ئىككىڭلار كەينىگە چىقىڭلار، مەن ئالدىدا يول باشلاي.
ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.
ماشىنا قوزغالدى. مەن ئۇبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا مەردانغا قارىدىم. ئۇ بايا ئۆزى دېگەندەك كۆرۈنەرلىك ئورۇقلىغان، مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققانىدى. مىجەزىمۇ ئۇبدانلا بېسىقىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ بىرەر يېرى ئاغرىمىدىغاندۇ يا؟ ئەركىمن مۇئەللىمىمۇ كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇنداق ئورۇقلاپ كەتكەن. ئانام رەھمەتتى: تۇيۇقسىز ئورۇقلاپ كېتىش ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، دەيدىغان. بىرەر ئېغىر كېسەل ... مەن ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاھ، خۇدا، مەردانىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس بالا ـ قازادىن، چوڭ ـ كىچىك كېسەلدىن يىراق قىلغايسەن ...
ـــ بايا شورباغقا چىقمىسىز دەۋاتاتتىڭ، ھازىر ئۇدۇل ياقائېرىق تەرەپكىلا كېتىۋاتىسەنغۇ؟ تاماقنى قېيىنئاتاڭنىڭ ئۆيىدىلا يەيلى دېمەيدىغانسەن؟
مەردان كۈلۈپ قويدى، مەن قىزىرىپ كەتتىم.
ـــ مەن ئېسىل ئادەم بولغىنىم بىلەن قورسىقىم بەك كۆكەرمە، ياقائېرىقتا تاماق يەيمىز دېسەڭ ھەرگىز چىدىمايدۇ.
ـــ يەنە شۇ يېيىشنىڭ گېپى.
ـــ بەزىلەر يېيىشنىڭ گېپى چىقسا ئۆزىنى سالاغا تارتىپ ئولتۇرۇۋالغان بىلەن ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز تېخى، ماڭا بىرەر لوقما ئاشامدۇ، ئاشىمامدۇ، بۇمۇ بىر مەسىلە.
ـــ ھەممىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ مەنلا يەيمەن، بولدىما؟ ـــ

كامىلە دومسايدى.

— ماۋۇ گەپنى مەن دېمىدىم ـ ھە؟

— مەن دېدىم، قانداق؟

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — ئىدرىس پېتىنى بۇزماي تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى، — «مىلىنىڭ يېگەك بولسا بەردى خۇدا؛ خوتۇنۇڭ يېگەك بولسا ئۇردى خۇدا» دەپتىكەن، ھېلىتىن بېشىمدا غەم، كېيىن قانداق قىلارمەن دەپ، كەلگۈسىدە ئىككىمىزلار پات ـ پات يوقلاپ، ياردەم قىلىپ تۇرمىساڭلار كۈنىمىز تەس بىزنىڭ ...

ھەممەيلەن كۈلۈشتۇق. «ئۇنىغانىغا يونىغان» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ مىجەزى بىر ـ بىرىگە بەك ماس كېلەتتى. بىرسى شوخ، بىرسىنىڭ گېپى سىپىق؛ بىرسى گەپچى، بىرسى چەپچى، چوقۇشۇپلا يۈرەتتى، لېكىن خېلى ئېغىر گەپلەرگىمۇ تەرگىشىپ قالمايتتى. بىر قېتىم مەن كامىلەدىن سورىغانىدىم:

— ئىككىڭلار بەك تۇزلۇق گەپ قىلىشىدىكەنسىلەر، لېكىن بىرەر قېتىم ماي تارتىشىپ قالغىنىڭلارنى كۆرۈپ باقمىدىم.

— ماڭا ئۇنداق تۇيۇلمايدۇ، كۆنۈپ قالغان ئوخشايمىز.

— شۇنداقتىمۇ دىققەت قىل، سەن دېگەن قىز بالا، بىرەر ئېغىز گەپتىن قالغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ.

— گەپتىن قالسام، مەن ئۆزۈم بولالماي قالىمەن. بىز مۇشۇ جەھەتتە ماس كەلگىنىمىز ئۈچۈنلا بۇگۈنگىچە مۇھەببەتلىشىپ كېلىۋاتىمىز. بولمىسا نېمىسىنى ئەتىۋارلايمەن ئۇ گوندازنىڭ؟ يا ھازىر چېلىشقا سېلىپ پۇل تاپىدىغان زامان بولمىسا ...

... ...

ماشىنا خانئېرىق بازىرىغا كېلىپ ئوڭ تەرەپتىكى كاۋاپخانا ئالدىدا توختىدى. كاۋاپخانىنىڭ ئوتتۇرا بوي غوجايىنى مەردان بىلەن كونا تونۇشلاردىن بولسا كېرەك، مەردان ماشىنىدىن چۈشۈشىگە قول باغلاپ ئالدىدا پەيدا بولدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن تۆردىكى ئايرىمخانىغا باشلاندۇق. يۇمشاق نان، قىزىق

چاي، زىخ كاۋىپى، باچكا كاۋىپى، ئۆپكە ـ ھېسىپ، لەگچۆك، توغاچ، قېتىق ... بىردەمدىلا شىرە ئۈستى نېمەتلەرگە تولدى. بىز كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن تائاملارغا ئېغىز تېگىشكە باشلىدۇق. مەن باشتىن ـ ئاخىر مەردانغا دىققەت قىلدىم، ئۇنىڭ تامىقى گېپىگە ئوخشاشلا ئازلاپ كەتكەنىدى. ھە دېگەندە بىزنى تاماقتا زورلاپ قويۇپ ئۆزى چاي قۇيۇش، شىرە رەتلەش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەلىكە بولۇپ ئولتۇراتتى.

— ئېلىڭ، سىزمۇ يەڭ، — دېدىم مەردانغا بىر زىخ كاۋاپنى تەڭلەپ، — تامىقىڭىز ئازلاپ كېتىپتۇ، ئورۇقلاپ قاپسىز.

مەردان قولۇمدىكى كاۋاپنى ئالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قوللىرى بوش تىترەيتتى.

— كۆندە كاۋاپ يەۋېرىپ چىقىپ قالغان گەپ، — دېدى ئىدرىس ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ھاكىمنىڭ ئۆيىدە گۆش ـ كاۋاپ كەم بولامتى؟

مەردان كۈلۈپ قويدى. قورساقلار بىر قۇر ئەستەرلەنگەندىن كېيىن مەن سومكىنى ئېلىپ سىيرىتمىسىنى ئاچتىم.

— بۇنى ساڭا ئالغاچ كەلدىم، — مەن ئەترىنى ئېلىپ كامىلەگە سۇندۇم.

— ئۇنداق قىلمىساڭمۇ بولاتتى، سەن دېگەن ئوقۇغۇچى تۇرساڭ، — دېدى ئۇ رەھمەت ئېيتىپ. كامىلە ئەترىنى ئېلىپ خۇش بولۇپ كەتتى.

— بۇنى سىزگە ئەكەلدىم، — كەمەر بىلەن پۇل قاپچۇقنى ئىدرىسقا ئۇزارتتىم.

— رەھمەت، كەمىرىممۇ كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئاران قاپتىكەن ـ دە، ئىشتان چۈشۈپ كەتكىلى؟

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مانا قارا، — ئىدرىس ئاقىرىپ كەتكەن كەمىرىنى كۆرسەتتى، — بولمىسا ھازىرلا ئالماشتۇرۇۋالاي.

— بولدى قىلە سەتلەشمەي.

ئىدرىس چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى.
— بۇنى سىزگە.
مەردان كەمەر بىلەن قاپچۇقنى ئېلىپ كۆزلىرىمگە قارىدى.
— ھەشقاللا دېمەي يەنە قاراپ تۇرسەنغۇ؟ — ئىدرىس مەردانىنى نوقۇپ قويدى، — قالغىنىنى كەچتە بەرسۇن ئەمدى.
ئىدرىسنىڭ بۇ چاقچىقىدىن قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.
تاماقتىن كېيىن كاملە ئىدرىسقا مەنلىك قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.
— مەن سىرتقا چىقىپلا كىرەي.
— مەنمۇ ھەم.
ئىككىيلەن سىرتقا ماڭدى. ئىشىك يېپىلىشىغا مەردان كاپ قىلىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى.
— سىزنى بەك سېغىندىم.
مەردان شۇنداق دەپ بوينۇمغا سۆيدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قوقاستەك قىزىق ئىدى. جىددىيلەشكىنىدىن تىنىقلىرى يېتىشمەي قالغانىدى.
— مەنمۇ شۇ!
مەردان يۈز - كۆزلىرىمگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى ...
كۈن پېتىشقا باشلىغاندا يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. دادام ئالدىمغا چىقماقچى بولغانىدى، شۇڭا ئۇدۇل بېكەتكە قاراپ يول ئالدۇق ...

## 4

ھويلىمىزغا قەدەم ئېلىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مېنى بۆشۈكۈمدىلا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىدىن ئون ئىككى ياش كىچىك بىرسىنىڭ كەينىدىن كەتكەن ئۆز ئانام قېرىپ ھۆسنىدىن كەتكەندە، بۇرۇتى خەت تارتقان ئىككى ئوغلىنى

ئەگەشتۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئانام (ئۇنىڭ ئىسمى سالامەتخان ئىكەن) ھېلىقى كىشى (ئۇنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئىكەن) بىلەن جاھاننى بىر ئايلانغاندىن كېيىن بېيجىڭغا ماكانلىشىپ، دەسلەپ باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەپتۇ، كېيىن كىچىك بىر ئاشخانا ئېچىپتۇ. ئاشخانىسىنىڭ سودىسى خېلى يۈرۈشكەنىكەن، بىرنەچچە يىل خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىپتۇ. ئاردا مۇنۇ ئىككى بالا تۇغۇلۇپتۇ. كېيىن ئىبراھىم دېگەن كىشى تاپقىنىغا شۈكۈر قىلماي زەھەر سودىسىغا ئارىلىشىپتۇ، ئۆتكەن يىلى قويرۇقىنى قۇم بېسىپ تۈرمىگە كىرىپ يېتىپتۇ ...

ئىككى ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى غالىپ، كىچىكىنىڭ مۇتەللىپ ئىكەن، ئانا تىلىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلىگەن بىلەن راۋان سۆزلىيەلمەيدىكەن. بەزىدە دادامنىڭ گەپلىرىنى ئۇقالماي ياغ سالغان چايدەك پارقىراپلا تۇرۇشىدىكەن. ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالمىغاچقا، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقالماي چاشقاندەك مۆكۈپ يۈرۈشۈپتۇ.

بۇ باللار بىر ـ بىرىدىن ئاقسا، چوڭچى ئىكەن، ئوغرىلىقچە قۇتىلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىدىكەن، چوڭ ئادەملەردەك پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىدىكەن، مۇنداقراق تاماقنى ياراتمايدىكەن، زاغرا، ئۇماچ گېلىدىن ئۆتمەيدىكەن، پات ـ پات «بېيجىڭغا كېتەيلى» دەپ ئانىسى بىلەن جېدەلمۇ قىلىدىكەن ...

ئائىلىمىزدىكى بۇ يېڭىلىقلار مېنى ئوبدانلا گاڭگىرىتىپ قويدى. يىگىرمە ئىككى ياشقىچە بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان باغرى تاش ئانام بىلەن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئىككى ئىنىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلۈمگە سىغدۇرالمىدىم. بىر تۇغقانلارمۇ پات ـ پات ئىزدىشىپ، خۇشاللىق ۋە يىغا ـ زارىغا ئورتاقلىشىپ تۇرمىسا، مېھرى

كۆتۈرۈلۈپ ياتلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. نېمى قېتىقىقا ئۇلگۇرمەي، جېنىمنى ئاران جان ئېتىپ كېلىۋاتقان بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىراقلا ئۈچ گالىنىڭ پەيدا بولۇشى چوڭ ئىش ئىدى، مۇنداق ئېغىرلىقنى بىز تۇگۇل خېلى ھاللىق ئائىلىلەرمۇ كۆتۈرەلمەيتتى... دادام ياشىنىپ قالغان، يەر ئۇنۇمسىز، قوشۇلغان ئۈچ ئادەمنىڭ ھەممىسى ئاقنانچى ... بىچارە دادام كېيىنكى كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەر؟

دادامنى ئۇرۇمچىگە ئەكېتىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش خىيالىم پۇتۇنلەي بەربات بولغانىدى. ئۇنى ئەكەتسەم، ماۋۇ ئۇچەيلەن ئاچ قالاتتى. ئەكەتمىسەم، بۇ چوكچى غوجاملارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ بولالماي قېرى جېنى بەك قىيىنىلىپ كېتەتتى.

دادام سوۋغاتلىرىمنى كۆرۈپ ئانىسىدىن ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەت رەڭ پەلتو بەك ياراشقانىدى. «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. پەلتونى ئۇچىسىغا سېپىۋىدى، بىراقلا ئون ياش ياشىرىپ كەتتى.

— بىچارە ئانىڭىز بۇ تۇرقۇمنى كۆرگەن بولسا ...

دادام مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. دادامغا قوشۇلۇپ مەنمۇ كۆز يېشى قىلدىم.

رەھمەتلىك ئانام بەك تۇجۇپىلىك، پاكىز ئايال ئىدى. كونا بولسىمۇ ۋاقتىدا ياماپ، يۇيۇپ ـ دەزمالـلاپ، پار كەلتۈرۈپ كىيەتتى. ئۇنىڭ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئايالى كىيىۋالغان كۆڭلەكتىن بىرنى كىيگۈسى بار ئىدى. مېنى ئوقۇتمەن دەپ سېتىۋەتكەن زىرىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنىمۇ ئارمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن ... ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، قولۇمدىكى پۇل بىلەن بۇ ھاجەتلىرىنى تولۇق راۋا قىلىپ، دۇئايىنى ئېلىۋالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئۇ چاغدا

مەھەللىدىكى يىپچى خوتۇنلارنىڭ ئاغزىمۇ بىسىققان، تەشۋىش ھەۋەسكە، يىتىم رقاش مۇھەببەتكە ئايلانغان بولاتتى. مىڭ ئەپسۇس، «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى» دېگەندەك، قولۇمدا پۇل يوق چاغدا جاپادىن تارتىپ موھتاجلىقچە ھەممە نېمە تەل، پۇل كىرگەندە ھۇزۇرىنى سۈرىدىغان ئانام يوق. ۋادەرىخ، ھاياتنىڭ قىزىقچىلىقلىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟!

— رەھمەت، بالام، قولىڭىزغا دەرد كەلمىسۇن، ئاللا رىزقىڭىزنى تېخىمۇ كەڭرى قىلغاي، توپا ئالسىڭىز ئالتۇن بولغاي!

... ...

شۇنچە زورۇققان بولسامۇ سالامەتخان ئانامغىمۇ، ئىنىلىرىمغىمۇ مېھرىم چۇشمىدى. ئۇلار كۆزۈمگە مەكتىپىمىزنىڭ ئالدىدا قاتنايدىغان ئىككىنچى يول ئاپتوبۇسىدىكى ناتونۇش ئادەملەردەك سوغۇق كۆرۈنەتتى. ئانام ئەللىككە يېقىنلىشىپ قالغانىدى، يېزىنىڭ رەسمىي قائىدىسى بويىچە بولغاندا، ئۇ سەھەر تۇرۇپ دادامنىڭ تەرىتىگە سۇ تەڭشەپ بېرىشى، ئۆزىمۇ جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى قان يىغلاتقانلىق گۇناھى ئۇچۇن تەۋۋا قىلىشى؛ دادام مەسچىتتىن يانغۇچە ھويلا ـ ئارانلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ، ناشتىلىق تەييارلىشى؛ مەھەللىدىكى ياشتا چوڭ ئاياللار قاتارىدا داستىخىنىنى قولتۇقىغا قىسىپ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنىڭ يارىشىقى بولۇشى لازىم ئىدى. شۇنداق قىلالىغان بولسا، بۇ چاغقىچە ھەممە ئۇنتۇلۇپ ئەل باغرىغا سىڭىپ كەتكەن؛ جاپاكەش دادامنىڭمۇ يۈزى يورۇق، بېشى ئۈستۈن بولغان بولاتتى. لېكىن، ئانام ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە ئىدى: كەچتە ئوتتۇرا كېچىگىچە تېلېۋىزور كۆرەتتى، ئەتىسى كۈن تىكلەنگەندە ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ، خالىيجاينى يوقلىغەتكەندىن كېيىن بالىلارغا ۋارقىرايتتى:

— ئەييا، خەي شۈيجاۋما؟ كۆۋەي چىچۋاڭ، چىقەن ...

باللار غودۇراشقىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا، خالىيجايغا قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. بۇ يەردىكى ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئۈچەيلەن تال چۆنىكى ئالدىغا تىزىلىپ بەس - بەستە چىش چوتكىلىشاتتى ... مۇشۇ كۈنلەردە ھويلىمىزغا سۈلكەت بېغىشلاپ كېلىۋاتقان تاللىقنىڭ تېگى ئۆلارنىڭ يۇندىخانىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئەگەر ئىشلار مۇشۇ تەرزدە داۋاملىشىدىغان بولسا، بىرەر يىلغا قالماي تاللارمۇ قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەن غولىدا ساپاق - ساپاق ئۆزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغان، تېگى يۇندىخانىغا ئايلىنىپ قالغان تەككە قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۇم.

دادام ھەر كۈنى دېگۈدەك ئانامنىڭ قەبرىسىنى يوقلايتتى، لېكىن سالامەتخان ئانام مۇنداق ئىشلارغا قىزىقمايتتى. دادامنىڭ دېيىشىچە، سالامەتخان ئانام ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كالىدەك گۆشىيىپلا تۇرۇپتۇ، كۆزىدىن بىر تېمىممۇ ياش چىقماپتۇ، ئەتىسى دادامنىڭ زورى بىلەن مازار بېشىنى بىر قېتىم يوقلىغاندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقماپتۇ. «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» دېگەندەك، باللارمۇ ئوخشاش خىيالدا ئىكەن، ئۆلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، ئەتىدىن كەچكىچە يەپ - ئىچىپ، بىكار قالغاندا غۇژمەكلىشىپ تېلېۋىزور كۆرىدىكەن، تېلېۋىزوردىكى ناخشىچىلار بىلەن تەڭ ناخشا ئوقۇيدىكەن، ئاللىكىملەر ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشىدىكەن ...

ھويلىمىزلا ئەمەس، تىلىمىزدىن تارتىپ دىلىمىزغىچە ئىككى تامغا بۆلۈنگەنىدى. بىر ھويلىدا ئىككى دۇنيا، ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىلى بويىچە رەڭدار. بىر ھويلىدىكى بەشىمىز بىر ئۇرۇقنىڭ شاخچىلىرى، ۋۇجۇدىمىزدا ئېقىۋاتقىنى بىر ئۇرۇقنىڭ قېنى، يېيىش - ئىچىش، يېتىپ - قوپۇشىمىز بىللە، لېكىن

ئادىتىمىز يات، مۇھەببەت يوق! خۇددى سەۋرچانلىق بىلەن پەيت كۈتۈۋاتقان دۈشمەنلەردەك بىر ـ بىرىمىزگە يەر تېگىدىن قارىشىمىز، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ كۈشلىرىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تېتىمايدۇ. مۇنداق كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار؟ ئەڭ مۇھىمى مەن مەكتەپكە كەتسەم دادام قانداق قىلار؟

تەتىل ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلالمىدى، ئەكسىچە غېمىم تېخىمۇ كۆپەيدى. مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا گېزىتتە چىققان بىر ماقالىدىن: «نۆۋەتتە دۆلىتىمىز يۈزلىنىۋاتقان ئاساسلىق كىرىزىس — سىياسىي كىرىزىس ئەمەس، ئىقتىسادىي كىرىزىسمۇ ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد كىرىزىسىدۇر» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇ چاغدا بېشىم ئوڭ، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولغاچقا، بۇ گەپلەرگە تازا كۆڭۈل بۆلۈشمەي كەتمىگەنىكەنمەن، ھويلىمىز ئىككى دۇنياغا بۆلۈنگەندىن كېيىن بۇ سۆزنىڭ چىن مەنىسىگە يەتكەندەك بولدۇم ... ئانام ۋە بالىلار مۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى، ئۇلار بۇ يۇرتتا ياشايمەن دەيدىكەن، چوقۇم مەھەللىمىزنىڭ ئادەت ـ يوسۇنلىرىغا بويسۇنۇشى، ئەل قاتارى يول تۇتۇشى، بىلمىسە ئۆگىنىشى، ئەڭ مۇھىمى ئىككى بالا ئوقۇشى لازىم ئىدى.

— سىزگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، — دېدىم بىر كۈنى دادام بىلەن قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، — يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزىمەن. سىزمۇ كۆردىڭىز، ھازىر ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ياخشى، پۇلدىن غېمىم يوق. سىز بىر ئۆمۈر يېزىمىزنىڭ سىرتىغا چىقمىي باقماي ياشىدىڭىز. ئەمەلىيەتتە، دۇنيا بەك كەڭرى ... ئوقۇشۇم پۈتۈپ قالسا يەنە ئۈرۈمچىگە بېرىش پۇرستى كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، بىرنېمە دېمەك تەس، شۇڭا بۇ قېتىم سىزنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئاچىقىپ كېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. يۇرت كۆرسىڭىز كاللىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ، تونۇش ـ بىلىشلىرىڭىزمۇ كۆپىيىدۇ، مەنمۇ خاتىرجەم ئوقۇيالايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دادام قەدىمىنى چىچىپدە توختىتىپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى.

— قانداق بولۇپ بۇ خىيالغا كېلىپ قالدىڭ، بالام؟

— بۇ مەۋسۇم دەرسىمىز كۆپ ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىت ئادەمنى ساقلىمايدۇ. ئانامغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئۇ مېنى ھەسرەتتە قويۇپ بالدۇرلا كېتىپ قالدى. سىزنى بولسىمۇ رازى قىلىۋالغۇم، ئەڭ مۇھىمى دىدارىڭىزغا قېنىۋالغۇم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بۇ يەردە يالغۇز، مەن ئۇ يەردە! سىزدىن تازا خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن.

دادام يەنىلا ئۇنىسىز - زۇۋانسىز ئىدى. ئۇ دېگەنلىرىمگە تازا ئىشەنچ قىلالماۋاتقاندەك قاراپلا تۇراتتى.

— پۇلدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ھازىر كارتامدا ئون تۆت مىڭ كويدەك نەق پۇل بار. مۇكاپات پۇلى بىلەن ئوقۇش پۇلىنى تۆلىسەم، كارتىدىكى پۇل ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئازادە يېتىدۇ.

— مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تاپتىڭ، بالام؟ بانكا تەشمىگەنسەن؟ — دادامنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك چوڭايدى.

— مەنمۇ ئۈچ يىلدىن بېرى بىكار يۈرمىدىم، دادا، — دېدىم دادامغا دادىل تىكىلىپ، — دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھېكايە - پوۋېست يېزىپ ئېلان قىلدۇردۇم. ھەممىسىگە قەلەم ھەققى بەردى. بۇ پۇللار بىلەن كۈندىلىك خىراجىتىمنى قامدىدىم. يەنە ئىككى كىتابىم نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ قەلەم ھەققىمۇ ئون بەش مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ قېتىم تەتىلدىن يېنىپ بارسام يەنە تۆت - بەش مىڭ كوي تىراژ ھەققى ئالىمەن.

— قەلەم ھەققى، يەنە، نېمە... تى...

— تىراژ.

— ھە، تىياز ... ئاغزىمغا تازا كەلمىدى، بۇ گەپلەرنى مەن تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم.

— تەكچىگە قويۇپ قويغان كىتابلارنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۇم.
— شۇلاردىن ئىككىسى مەن يازغان كىتابلار.
— مۇنداق دېگىن؟ — دادامنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، — كىتاب يازغانغا شۇنچە كۆپ پۇل بېرەمدۇ؟
— ئەلۋەتتە بېرىدۇ - دە، بەرمىسە مەن جېنىمنى نېمە بىلەن باقىمەن؟
دادام ياغلىقىمنى تۈزەشتۈرۈپ، يۈزۈمنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قويدى.
— يامان جىنتەك - دە، سەن.
بۇ دادامنىڭ ئامراقلىقى تۇتۇپ قالغاندا دەيدىغان گېپى ئىدى. دادام بۇ گەپنى ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىقنى ئەكەلگىنىمدە بىر قېتىم دېگەنىدى، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر قېتىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۆز نۆۋىتىدە بۇنى دادامنىڭ تىرىشچانلىقىمغا بەرگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپاتى دېسەممۇ بولاتتى، شۇڭا ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كەتتىم.
— قانداق، مەن بىلەن كېتەمسىز؟ — دادامنىڭ تازا ئىشەنچ قىلالماۋاتقانلىقىنى سېزىپ قوشۇمچە قىلدىم، — ئۆيىنىمۇ ئۇقۇشۇپ قويدۇم.
— نەدىن؟
— مەكتىپىمنىڭ يېنىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن، سىنىپىمغا بەش مىنۇتلۇق يول. قورۇدا سىز دېمەتلىك مويسىپىتلار كۆپ، زېرىكىپ قالمايسىز. ناۋايخانا، ئاشخانا، مەسچىت، دۇكان ... ھەممىسى بار.
— ئىنسابىڭغا رەھمەت، بالام، — دادام كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، — گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ ئۇرۇمچىگە شۇنداق بارغۇم كەلدى. سېنىڭ يېنىڭدا تۇرسام جېنىم ياشىرىپلا قالىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى سەن مەندىن ئەنسىرىگەندەك مەنمۇ سەندىن ئەنسىرەپلا يۈردۇم. پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەمنى ئانام كۆرمىگەن، دادام كۆرمىگەن بىر شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇپ

قانداقمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىز قىسقا بولغاچقا ۋاقتى - ۋاقتىدا پۇل ئەۋەتىپ بېرەلمىدىم. ئۇ تەرەپلەرنى بەك سوغۇق ۋە قىممەتچىلىك دەيدۇ، بىچارە بالام ئاچ - توق قالغانمىدۇ؟ كىيىمى يالاڭ ئىدى، سوغۇقتا تولۇپ قالغانمىدۇ؟ نامرات، ياۋاش دەپ باشقىلار بوزەك قىلغانمىدۇ؟ قولى قىسقا، بوينى قىسىلىپ قالغانمىدۇ؟ دېگەندەك ئەندىشىلىك خىياللاردىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولالمىدىم. قويغان - تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراڭ ھالەتتە يۈردۈم. خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، ھەرھالدا ھازىرغىچە يۈزۈمنى يەرگە قاراتماي بىر ئوبدان ئوقۇپ كېلىۋاتىسەن. خىزمەتكە چىقماي تۇرۇپ ئون بەش، يىگىرمە مىڭ كويىنىڭ ئىگىسىمۇ بولۇپ قاپسەن. بۇنىڭدىن مەن بەك خۇش. مەن ئاتمىش نەچچە يىللىق ئۆمرۈمدە مۇنداق جىق پۇلنى كۆرۈپمۇ باقمىغان. مەن ھېكايە، يەنە نېمىدى؟

— پوۋېست.

— ھە، پوۋېست دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى تازا بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇ ساڭا نان بېرىپتۇ. قارىغاندا ئوبدان ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلىسەن. نان بەرگەن ئىشقا ئەقىدەڭنى بەرگىن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىل، ئىمانىڭنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلە، قىلچىلىك ساختىلىق قىلما. خۇدا ھۈنەرگە ساختىلىق قىلغان ئادەمنى دوست تۇتمايدۇ.

— چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، دادا.

— ئەمدى مېنىڭ ئۆرۈمچىگە بېرىشىمغا كەلسەك، خۇدا بۇنىڭغا ئىرادە قىلمىغان ئوخشايدۇ، — دادام ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — سەن بىلەن ئۆرۈمچىگە كەتسەم، ئاناڭ ئىككى بالىسى بىلەن قانداق جان باقىدۇ؟ ئاناڭنىڭ بىزگە قىلغىنىغا ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، لېكىن ... ھەي، تەقدىر - پېشانە شۇنداق بولسا بىزدە نېمە ئامال؟ كەينىم سىپسىق دەپ كېسىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەسكى بولسىمۇ بالا، ئاۋۇ ئىككى نەۋرىدە گۇناھ يوق.

— ئانام ئىچكىرىدە ئۇزاق يىل ئاشخانا ئېچىپتىكەنغۇ؟ تاپقان - تەرگىنى باردۇ؟ ئۆينى بەرگەندىكىن بالىلىرى بىلەن بىرەر يىل تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرسا ھېچنېمە بولمايدۇ. ئىلگىرى سىز يوق چاغدىمۇ جان بېقىپتىكەنغۇ ئۇلار.

— ھازىر ئوخشىمايدۇ.

— راستلا پۇلى يوقمىكەن؟

— يوق ئىكەن.

— مەن ئىشەنمەيمەن.

— پۇلى بولسا شۇنچە ئۇزۇ شەھەرنى تاشلاپ توپا - تۇمانلىق سەھراغا كېلەمتى ئۇلار؟ ئامالسىزلىقتىن كەلگەن گەپ.

مەن جىم بولۇپ قالدىم.

— سىزنىڭمۇ تاپاۋىتىڭىز تايىنلىق، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، يېتىپ يەيمىز دېسە قانداق بېقىپ بولىسىز ئۇلارنى؟

— مەنمۇ گەپ كوچىلاپ باقتىم، كىچىك ئىشنى ياراتمايدىكەن، چوڭ ئىشنى قىلغىلى دەسمايە يوق ئوخشايدۇ.

— نېمە ئىش قىلالايدىكەن؟

— ئىلگىرى بېيجىڭدا ئاشخانا ئېچىپ خېلى پۇل تاپقان چېغى، شۇنداق ئىش بولسا قىلغۇدەك.

— ئاشخانا دېگەنىمۇ ئاز دەسمايە بىلەن ماڭدۇرغىلى بولمايدۇ.

— شۇنداق.

— ئەمدى ئۇچىمىز ئايىتاپ كۆرەي دېۋىدى، بۇ پېشكەللىكنىڭ چاپلاشقىنىنى قارىمامدىغان؟ بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل ئاخىرقى يىلىغا توغرىلاپ.

— ئۇنداق دېمە، بالام، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ئامالسىز قالغانلارنى قىستاش ياخشى ئىش ئەمەس.

— شۇنداقتىمۇ ... ھەي.

— كونىلاردا «قەدىناستىن ئايرىما سەت بولسىمۇ، قەدىم جايدىن ئايرىما چەت بولسىمۇ» دەيدىغان گەپ بار. ياش - قىران

چاغلىرىمدا توپا بىلەن ھەپىلىشىپ، قىرىغاندا باشقا يۇرتتا تىرىكچىلىك ئىزدەش مەن ياشتىكى كىشىلەرگە تازا ماس كەلمەيدۇ. ئاساسلىقى، مەن كەتسەم ئاناڭنىڭ قەبرىسى يالغۇز قالىدۇ، ئۇنى تاشلاپ قويسام تاڭلا قىيامەتتە رەھمەتلىكنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، بالام؟ شۇڭا مېنى زورلىما. پېشانەمگە ئۇرۇمچى دېگەن يەردە بىر مەزگىل تىرىكچىلىك قىلىش پۈتۈلگەن بولسا، بۇ باشقا گەپ، ئىگىمىز ئۇنىڭ يولىنىمۇ ئۆزى قىلىدۇ... ئاناڭ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى، دېمەك، بالىلىرىنىڭ رىزقى بىللە كەلدى، دېگەن گەپ. خۇدايىم ھاجەتمەن بەندىلىرىنى ھەرگىز تەس كۈنگە قويمايدۇ، بالىلارنىڭ ئېغىزىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ، بارىنى تەڭ يەپ، يوقنى ئىزدەپ تېپىپ بىر ئامال بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز.

مەن يېنىك ئۇھ تارتتىم. دادام ئوقۇمىغان بىلەن پىشقان پەيلاسوپ ئىدى. ئاغزىدىن دۇر ـ ھېكمەت تۆكۈلەتتى، ئەڭ مۇھىمى دېگىنىگە ئۆزى ئەمەل قىلاتتى. ھەممىگە — ھاياتلىقىمۇ، ئۆلۈمگىمۇ، خۇشاللىقىمۇ، قايغۇغىمۇ، بايلىقىمۇ، نامراتلىقىمۇ ئوخشاشلا توغرا مۇئامىلە قىلالايتتى. بۇ جەھەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفېسسورلىرىمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.

— ئەمىسە مەنمۇ بەك زورلىماي.

دادام سۈس كۈلۈمسىرىدى.

— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭ، مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار.

دادامنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

— سالامەتخان ئانام بالىلىرى بىلەن مۇۋاپىق ئىش تېپىپ جېنىنى جان ئېتەلىگۈدەك بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا يېنىمغا چىقىسىز.

— ئاللا نېسىپ قىلسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دادام رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— يەنە بىر گەپ، بۇ قېتىم مەكتەپكە قايتىشتىن ئىلگىرى سىزگە قول تېلېفونى ئېلىپ بېرىمەن، كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. نېمە ئىش قىلدىڭىز، نېمە يېدىڭىز، نەگە باردىڭىز، ھەممىنى بىلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ.

— بۇ بەك بەلەن گەپ ئىكەن، لېكىن ... مەن تېلېفون كۆتۈرۈپ يۈرسەم قانداق بولار، بالام؟ ئۇنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشمۇ بىر گەپ. پۇلىمۇ ئاز چىقمايدۇ ھەرقاچان.

— بىلمىسىڭىز ئۆگىنىسىز. پۇلىدىن غەم قىلماڭ، تېلېفوننى مەن بېرىمەن، ئۇ چاغدا سىزگە پۇل چىقمايدۇ. تېلېفوننى قولىڭىزغا تۇتۇپلا تۇرسىڭىز بولىدۇ.

— مەن گەپ قىلالامدىمەن؟ — دادام ھەييارلىق بىلەن كۈلدى.

— ئەلۋەتتە گەپ قىلىسىز. گەپ قىلمىسىڭىز ئەھۋالىڭىزنى قانداق ئۇقىمەن؟

بۇ قېتىم ئىككىمىز تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇ ئەسنادا تېلېفونۇم سايراپ كەتتى. مەن ئېكرانغا قارىدىم. تېلېفون مەرداندىن كەلگەنىدى. مەن تېلېفوننى ئۇلىدىم. دادام تېلېفوندا سۆزلىشىشنى ئۆگىنىشنى ھازىردىن باشلىغاندەك ھەربىر ھەرىكىتىمگە زەن سېلىپ تۇردى.

— ۋەي.

— تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، ئۆزىڭىزچۇ؟

— قەدىر ئەھۋال. نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— دادام بىلەن قەبرىستانلىققا چىققان، ھازىر ئۆيگە كېتىۋاتىمىز.

— ئەخمەتكامنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟

— ياخشى، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، — مەن شۇنداق دەپ دادامغا قاراپ قويدۇم.

— ئەركىن مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالى سەل پەسلەپ كەتكەن

ئوخشايدۇ، ئىدرىس، كاملە ئۇچىمىز تەييار بولدۇق، يەكەن، قەشقەردىكى باللارمۇ يولدا ساقلاۋاتىدۇ، دادىڭىز ماقۇل كۆرسە بىللە يوقلاپ كېلەيلى دېگەن.

— مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالى ...

— تازا ياخشى ئەمەس، بىرنەچچە كۈنلۈكى ...

مەردان جىم بولۇپ قالدى. يۈرىكىم ئېچىپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. مەندىكى ئۆزگىرىشلەر دادامغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئورنىدا تۇرالماي قالدى.

— نېمە ئىش ئىكەن، بالام، تۇرۇپلا سارغىيىپ كەتتىڭغۇ؟

— سىنىپ مۇدىرىمىز ...

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى مەردان دادامغا گەپ قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەي.

— دادامغا گەپ قىلىۋاتىمەن.

— ھە بىلدىم.

— سىنىپ مۇدىرىمىز راك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يۇرتىغا ئېلىپ كېتىلگەن، كېسىلى ئېغىرلاپ قالغان ئوخشايدۇ. خوتەندىكى دوستلىرىم يوقلاپ كەلسەك، دەپ تېلېفون قىپتۇ، — مەن دادامغا شۇنداق دەپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتىم.

— بارغىن، بالام، ھازىرلا ماڭ ... ئۇستازىڭنىڭ دۇئايىنى ئېلىۋالغىن.

مەن تېلېفوننى قۇلىقىمغا توغرىلىدىم.

— دادام قوشۇلدى.

— بىز يولدا، تەييارلىقىڭىزنى پۈتكۈزۈپ بىزنى كۈتۈڭ، بىرەر سائەتكە قالماي يېتىپ بارىمىز.

— ماقۇل.

— ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىڭ!

— ئىككى قوللۇق ...

— ھەئە، قارىلىق كىيىمىڭىزنىمۇ ئېلىۋېلىڭ دېگەن گەپ، شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ — دادام ئالدىراش قوشۇمچە قىلدى.

— ھە بىلدىم.
— ئەمىسە خوش.

تېلېفون ئۈزۈلدى. مەن دەماللىققا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم.

— تېز بول، بالام، مۇنداق ئىشتا سۆرەلمىلىك قىلىساق بولمايدۇ، ئەجەل ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ.

مەن دادامغا ئەگەشتىم.

— دوستلىرىڭ نەدە ساقلىماقچى؟
— ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلمەكچى.
— نەچچە ئادەم؟
— ئۈچ.
— ھە بىلدىم. ئۇلار كەلگۈچە داستىخان تەييارلىغاچ تۇرايلى.
— ئۆلگۈرەرمۇ؟
— ئۆلگۈرىدۇ، بۇ چاغقىچە ھېزىم ناۋاينىڭ گۆشگىردىسىمۇ تونۇرغا كىرىپ بولدى.

ئىككىمىز قەدەملىرىمىزنى تېزلەتتۇق.

## 5

ئەركىن مۇئەللىمنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. بىچارە مۇئەللىم ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۈستىخانغا ئايلىنىپ قاپتۇ. چىرايىدا گۆش دىدارى يوق، چېچىلا ئەمەس، قاش - كىرپىكلىرىمۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ، قۇلىقى ئۈزىراپ، ئىككى چېكىسىنى ئورىۋاپتۇ. جۇغى كىچىكلەپ يەتتە ياشلىق بالىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. قولىدا ئاسما ئوكۇل، تىنىقى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا، ئانىسى بولسا كېرەك، يەتمىشلەردىن ھالقىغان بىر موماي بېشىدا دۈمچىيىپ ئولتۇرغىنىچە:

— ئەي، كەرەملىك ئاللا، بالامغا ئاسانلىق بەرگىن! موندەك

بالام، چىرايلىق بالام، بوينىمىزدىكى قەرزنى ئادا قىلالمىدۇق، بىزدىن رازى بولۇڭ، بىز سىزدىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى ! — دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋېتىپتۇ.

تۇمارىس ئاچا پۈتمىنى ئۇۋۇلاۋاتقانىكەن، بىزنى كۆرۈپ بىر تەرەپكە سۈرۈلدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشتۇق. تۇمارىس ئاچمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇقلىغان بولۇپ، مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپتۇ. چىرايى هارغىن، روهى سولغۇن، تال - تال كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بۇلاقتەك كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. كۆز ئەتراپىدا روشەن داغ ئىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ.

— ئەركىن، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئوقۇغۇچىلىرىڭىز يوقلاپ كەپتۇ !

مۇئەللىمدىن سادا يوق. هەممىمىز بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قاراشتۇق. مەردان ئالدىمىزغا ئۆتۈپ مۇئەللىمنىڭ چوكىدەك ئورۇق قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— مۇئەللىم، مەن مەردان، خوتەن، قەشقەردىكى باللار سىزنى يوقلاپ كەلدۇق.

ئەركىن مۇئەللىمنىڭ نېپىز لەۋلىرى بوش قىمىرلىدى.

— گەپتىن قالغىلى هەپتىدىن ئاشتى، ئۈن كۈندىن بېرى ئاغزىغا هېچنېمە سېلىپ باقمىدى، — دېدى تۇمارىس ئاچا قۇلىقىمغا پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ.

شۇ ئەسنادا كالتە ساقال بىر كىشى كىرىپ مۇئەللىمنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، ئايەت سۈيى بولسا كېرەك، تالىپ سۈپەت بىر بالا «بىسمىللاهىر رەهمانىررەهىم» دېگىنىچە پىيالىنىڭ گىرۋىكىنى مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى.

— بىر قوشۇق بولسىمۇ ئىچسە بولاتتى.

— ئەمىسە ماۋۇ قوشۇقتا ئىچۈرۈپ باقسىلا، قارىم.

قارىم بالا بىر قوشۇق سۇ ئالغاندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ تارىشىدەك قېتىشىپ كەتكەن لېۋىگە تەگكۈزدى. شۇ چاغدا

مۆجىزە كۆرۈلگەندەك مۇئەللىمنىڭ ئاغزى ھەرىكەتكە كېلىپ سۈنى سۈمۈرۈۋەتتى.

— ئايەت سۈيىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، — دېدى كالتە ساقال كىشى بىزگە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ھەرنېمە بولسا ئىمان بىلەن كېتىدىغان بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئاھ، خۇدا، بىز مۇئەللىم بىلەن مۇشۇنداقلا خوشلىشارمىزمۇ؟

كالتە ساقال كىشى مۇئەللىمنى ئاستا ياتقۇزۇپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قارىم بالىمۇ سىرتقا ماڭدى.

تۇمارىس ئاچا مۇئەللىمنىڭ قولتۇقىغا سېلىپ قويغان تېرمومېتىرنى ئېلىپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى چايقىدى.

— گىرادۇسى نورمال، لېكىن قورسىقى قوقاستەك قىزىق، پۇتى مۇزدەك.

ھەممەيلەن بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. مەردان ئاۋۋال مۇئەللىمنىڭ قورسىقىنى، ئاندىن كېيىن پۇتىنى تۇتۇپ قويدى.

— راست شۇنداق ئىكەن.

مەردان مۇئەللىمنىڭ پۇتىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يېنىك ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئالاھازەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن مۇئەللىم بوش يۆتىلىپ كۆزىنى يېرىم ئاچتى.

— كۆزىنى ئاچتى!

ھەممەيلەن مۇئەللىمگە ئۇمتۇلدۇق.

— مۇئەللىم، مەن مەردان، تونۇدىڭىزمۇ؟

مەردان مۇئەللىمنىڭ كۆزىنى ئېچىشىنى پۇتىنى ئۇۋۇلاپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشىنىۋالدىمۇ تېخىمۇ تېز ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. مۇئەللىمنىڭ چىرايىدا سۇس كۈلكە پەيدا بولدى.

— مەن كاملە!

— مەن ئىدرىس !
— مەن مۇختارجان !
— مەن گۈزەلنۇر !
— مەن بەختىگۈل !

مېنىڭ ئىسمىم تىلغا ئېلىنغان چاغدا مۇئەللىمىنىڭ كۆزى سەل چوڭىيىپ، لېۋى بوش مىدىرلىدى. مەن مۇئەللىمىنىڭ بېشى تەرەپكە ئۆتۈپ تارتىشىدەك قۇرغاقلىشىپ كەتكەن يۈزىنى ئاۋايلاپ سىلىدىم.

— مۇئەللىم، مەن بەختىگۈل.

مۇئەللىم ئۇقتۇم، دېگەن مەنىدە كىرپىكىنى قاقتى.

— ئۈچ يىل جەريانىدا سىزگە جىق ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردىم، مېنى كەچۈرۈڭ، مەندىن رازى بولۇڭ !

— بىزدىنمۇ رازى بولۇڭ، مۇئەللىم !

دەل شۇ چاغدا مۇئەللىمىنىڭ بەدىنى بوش سىلكىندى. مەن تېخىمۇ يېقىن كېلىپ چىرايىغا دىققەت قىلدىم. مەيدە تەرىپىدىن لۆمۈلدەپ كەلگەن قوناقتەك بىر دومبەل بېشىنى بىر ئايلىنىپ پېشانىسى ئارقىلىق ئېلىپتەك بۇرنىغا يۆتكەلدى.

— ئۇھ، — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇئەللىم جىم بولۇپ قالدى.

— تۈگەپ كەتتى !

— مۇشۇ باللارغا تارتىشىپتىكەن ئەسلىدە، بەك قىينالدى. ئى، خۇدا، بەندىلىرىڭگە ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم ئاتا قىلغىن !

«جان دېگەن ھور» دېگىنى راست ئىكەن ـ دە. مەن ئاسما ئوكۇل نەيچىسىگە قارىدىم. ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ئوكۇل سۈيۇقلۇقى نەيچە بوشلۇقىدا شەبنەمدەك لىغىرلاپ قالغانىدى.

— ئامىن !

ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردۇق.

مەردان دۇئا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن «مۇئەللىم، مۇئەللىم !»

دېگىنىچە ئەركىن مۇئەللىمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە يۇزىنى ياقتى. تۇمارىس ئاچا «ئەركىن» دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتتى. موماي يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز دەك بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە بايىقى گېپىنى تەكرارلايتتى:

— ئەي، كەرەملىك ئاللا، بالامغا ئاسانلىق بەرگىن! مونداك بالام، چىرايلىق بالام، بوينىمىزدىكى قەرزنى ئادا قىلالمىدۇق. بىزدىن رازى بولۇڭ، بىز سىزدىن ئۇ ئالەم ـ بۇ ئالەم رازى!

6

— بەختىگۈلمۇ سىز؟

— مەن شۇ.

— مەن مەردانىنىڭ ئانىسى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى.

— ئۆيدان تۇردىلىمۇ؟

گېپىمنىڭ ئاخىرى بوغۇزۇمدىلا قالدى. جىددىيلەشكىنىمدىن تۇرۇپلا بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى.

— سىز نەدە؟

— ئاشخانىدا، چۈشلۈك تاماققا كەلگەن.

— يەپ بولدىڭىزمۇ؟

— ياق تېخى، ھازىر كېلىشىم.

— ھە ...

بىردەملىك سۈكۈناتتىن كېيىن قارشى تەرەپ گېپىنى ئۇلىدى:

— سىز بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار ئىدى، قاچان كۆرۈشىمىز؟

— ۋاقتىنى سىلى دېسىلە، مەن باراي.

— ھازىرلا كۆرۈشسەك بولاتتى.

— نەدە كۆرۈشىمىز؟

— «ئاقساراي» مېھمانخانىسىنى بىلەمسىز؟
مەن تۇرۇپلا قالدىم.
— بىلمەيدىكەنمەن.
— راستىلا بىلمەمسىز؟ تۇۋا، ئۇرۇمچىدە ئۇچ يىل ئوقۇغان تۇرۇقلۇق مەكتىپىڭىزنىڭ يېنىدىكى مېھمانخانىنى بىلمىگىنىڭىز نېمىسى؟
بۇ گەپتىن غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.
— «كونسۇل كوچىسى»نىغۇ بىلىدىغانسىز؟
— بىلىمەن.
— شۇ كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مېھمانخانا.
— ئۇنداق بولسا تاپالايمەن.
— ئەمسە تېزرەك كېلىڭ، كەچلىك ئايروپىلاندا قايتمىسام بولمايدۇ.
— ماقۇل، ھازىرلا ماڭاي.
— يالغۇز كېلىڭ ھە، تۆت يۈز سەككىزىنچى ياتاق.
— ماقۇل.
قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى.
— نېمە ئىش بولدى؟ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاپچىيىپلا قالدىڭغۇ؟
مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.
— نۆۋەت ساڭا كەلدى.
مەن ئالدىمغا قارىدىم، بۇرۇتلۇق ئۇستام ماڭا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپتۇ، دەرھال يانغا چىقتىم.
گۈزەلنۇر، سەن ئالغىن، مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى.
— ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ تاماق يەۋېلىپ قىلمامسەن؟
— بولدى، مەن ماڭاي، ھېلى كۆرۈشەيلى.
مەن قولۇمدىكى ماتېرىياللارنى گۈزەلنۇرغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ،

تېز ـ تېز چامدىغىنىمچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

كاللامدا «مېنى نېمىگە چاقىرتقاندۇ؟» دېگەن تەشۋىشلىك سوئالنىڭ جاۋابى قەلبىمگە ئايان، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنى رەت قىلىپ تۇرىدۇ. پۇت ـ قولۇمدا جان يوق، مەستتەك ئەلەڭلەپلا تۇرىمەن. مەن يولدا مېڭىۋاتامدىمەن ياكى ئۇچۇپ مېڭىۋاتامدىمەن، بىلمەيمەن، ئۆزۈمنى قايسى خىل ئۇسۇلدا بەزلەي نەتىجە بىرلا ــ ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپ. بەلكىم مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىم گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن رەڭلەنگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

مەن مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ ھامان بېشىمغا كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم، شۇڭا ئىدىيە جەھەتتە ئاز ـ تولا تەييارلىقىم بار ئىدى. لېكىن، مۇنداق تېز ۋە ئۇشتۇمتۇت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

«كونسۇل كوچىسى» بىلەن مەكتىپىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر بېكەتلىك يول ئىدى، شۇڭا تېلېفوننى ئېلىپ ئون مىنۇتقا قالماي مەنزىلگە يېتىپ كەلدىم ...

مەن مېھمانخانا دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان، سىرتتىن كۆرگەن، لېكىن ئىچىگە كىرىپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، «ئاقساراي»نى ئاسانلا تاپقىنىم بىلەن ياتاقنى تاپالماي خېلى ئۇزاق چۆرگۈلەپ يۈردۈم.

ــ كىرىڭ.

بۇ مەردانىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن ئىشىكنى ئىتتەردىم. لېكىن، ئىشىك ئېچىلمىدى.

ــ ئىشىك ئوچۇق.

مەن يەنە ئىتتەردىم، شۇنچە كۈچىگەن بولسامۇ ئىشىك مىت قىلىپمۇ قويمىدى.

بەدىنىمنى سوغۇق تەر باستى. ئىش بىلمەس تومپايلىقىم كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي بىرسىدىن مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپقا قاراپ قويدۇم. ئارىدىن

مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلدى. ئىشىكنى مەردانىنىڭ ئاچىسى ئاچقانىدى، مېنى كۆرۈپ بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۇك ئىدى، مېنى تازا خالاپ كەتمەيدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— كەلدىڭىزما؟

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— كىرىڭ.

ساھىبخانا ماڭا قاراپمۇ قويماستىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

— تېزلا كەپسىز.

مەردانىنىڭ ئانىسى ياندىكى كىچىك بىر ئۆيدىن قولىنى سىلكىگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچە ئەركىن ئىدى. گۆشلۈك بىلەكلىرىگە سېلىۋالغان قات - قات بىلەزۈكلەر سۇس چىراغ يورۇقىدا كۆزنى چاقاتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ.

مەن ئازادە خانىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋالغاندىن كېيىن دېرىزىنىڭ يېنىدىكى يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردۇم. خانىم ماڭا باشتىن - ئاخىر قاراپ چىقتى.

— بىز بۇرۇن كۆرۈشكەنغۇ دەيمەن؟

— كۆرۈشكەن، مەن سىلىنى تونۇيمەن.

خانىم ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى، مەردانىنىڭ ئاچىسى بىر ئىستاكان چاي ئەكېلىپ ئالدىمغا قويدى.

— چاي ئىچىڭ.

— رەھمەت، — مەن ئەدەپ يۈزىسىدىن چاينى قولۇمغا ئالدىم.

— گەپنى ئوچۇقلا دەۋېرەي، — خانىمنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — سىز ھازىرمۇ مەردان بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىۋاتامسىز؟

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— ئارىلىشىۋاتقىنىڭلارغا نەچچە يىل بولدى؟
— ئۈچ يىل بولاي دېدى.
— مەكتەپكە كىلىپلا باشلىۋالغان دەڭا؟
مەن تىكەندە ئولتۇرغاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدىم.
— قارىماققا ياۋاشتەك كۆرۈنگىنىڭىز بىلەن سىزمۇ بوش قىز ئەمەس ئىكەنسىز. داڭقىڭىز بىكارغا چىقمىغانىكەن.
بېشىمغا توقماق تەگكەندەك سىلكىنىپ كەتتىم.
— بىز بۇ قېتىم ئاتايىن ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغىلى چىقتۇق، — خانىم قىزىغا مەنىلىك قاراپ قويدى، — بىزدە «هايۋان تۇرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن» دەيدىغان گەپ بار. گەپنى ئوچۇق قىلساق، سىز بىزنىڭ ئائىلىگە پەقەت مۇۋاپىق كەلمەيسىز. بۇنى بىلەمسىز؟
مەن لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ جىم ئولتۇردۇم.
— بىز ئائىلە ئەھۋالىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتۇق، — خانىم مېنىڭ جىم ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى، — سىز تاشلىۋېتىلگەن بالا ئىكەنسىز. ئانىڭىز سىزنى بۆشۈكتىكى چاغدا چوڭ دادىڭىز بىلەن چوڭ ئانىڭىزغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى بىرسى بىلەن قېچىپ كېتىپتىكەن.
ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى.
— ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندە ئوقۇش پۇلىغىمۇ چىقىنالماي بەك تەس كۈنگە قالغانىكەنسىلەر.
شۇ ئارىدا مەردانىنىڭ ئاچىسى گەپ قاتتى:
— شۇنداق بولغان ... كېيىن تاماق پۇلىغىمۇ چىقىنالماي قانمۇ ساتقان.
بۇ گەپتىن خانىمنىڭ كۆزى چوڭ ئېچىلدى.
— مۇنداق ئىشمۇ بولغان، دەڭ.
— شۇنداق، بۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارمۇ بولغان.
مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ خانىمغا غەزەپ بىلەن تىكىلدىم.

— بۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىمىز بار.

— دېمەك، سىزنىڭ ئائىلىڭىزمۇ، سىزمۇ بىزگە ماس كەلمەيسىز.

— بۇنى بىلمەن.

— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا مەردانىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالىسىز؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

— مەكتەپتىكى ئەھۋالىڭىزنىمۇ بىر قۇر ئۇقۇشتۇم، — خانىم ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى، — سىز دەرستە ياخشى ئىكەنسىز، ئىككى كىتابىڭىز چىقىپتۇ. لېكىن، ئىللەتلىرىڭىزمۇ يەتكۈچە بار ئىكەن. بىرسىگە قانائەت قىلماي ياسىنجان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىنىمۇ بۇزۇپسىز.

مەن بوغۇلۇپ كەتتىم.

— سۇلايمان مۇئەللىمنى ئارقا سەپكە قوغلىتىپسىز.

بۇ گەپلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— يەنىچۇ؟ سىلى زادى نېمە دېمەكچى؟

— ئولتۇرۇڭ، ئارتۇقچە ھاياجانلانماڭ! مەن نېمىلا دېگەنبىلەن سىز ئۈچ يىل كولدۇرلاتقان، راھەتنى كۆرگەن بالىنىڭ ئانىسى، ئازراق بولسىمۇ ھۆرمىتىمنى قىلىپ قويمىسىڭىز بولمايدۇ.

مەن ئولتۇردۇم.

— ئەسلىدە سىز مەردان ئوقۇش پۈتكۈزگەن ھامان مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۈزۈپ، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغانراق بىرسىنى تېپىۋالغان بولسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى. مەن كۈتتۈم، لېكىن سىزدىن ئىنجا كەلمىدى، شۇڭا ئاتايىن ئالدىڭىزغا ئۆزۈم كەلدىم.

— مەنىمۇ بار.

— سىلى ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلاملا؟

— ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلالىسىڭىز بىزمۇ سىزنى نائۇمىد قويمايمىز.

— مەردان سىزگە دېمىگەن ئوخشايدۇ، — مەردانىنىڭ ئاچىسى سۆز قاتتى، — مەردانىنىڭ توي ئىشى بۇرۇنلا بېكىتىلىپ بولغان، هازىر توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز.

مەن لاسىسىدە بولۇپ قالدىم.

— قۇدا تەرەپ چوڭ ئادەملەر، بىزمۇ يېنىشقا ئامالسىز، يانغۇمىزمۇ يوق، شۇڭا تەقدىرىڭىزگە تەن بېرىپ دېگىنىمىزدەك قىلىڭ.

مەن جىم بولۇپ قالدىم. مېنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ئىككىيلەن تەڭ ئاتاكىغا ئۆتتى.

— ئەگەر مەرداندىن ئايرىلىپ كەتسىڭىز، خىزمەت ئىشىڭىزغا بىز مەسئۇل بولىمىز.

— مەۋلان شاڭجاڭغا دەپ ئۆيۈڭلارنى يېڭىلاپ سېلىپ بېرىمىز.

— دادىڭىزغا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن ئۇچ كىشىلىك هەل قىلىپ بېرىمىز!

— يەنىچۇ؟ — مەن تەنە قىلدىم. مەردانىنىڭ ئاچىسى سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى ئالدى.

— بۇ ئون مىڭ كوي نەق پۇل، ئاز كۆرسىڭىز يەنە قوشساق بولىدۇ.

مەن ئاچچىق كۈلدۈم. چىرايلىق لىباسلار ئىچىگە ئورالغان مۇنۇ ئىككى گەۋدە ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس بارلىقىنى نامايان قىلىپ بولغانىدى، ئۇلارغا كېلىن، سىڭىل بولۇشنىڭ ئارمىنىنى قىلىشنىڭ يولىمۇ قالمىغانىدى.

— توغرا دېيلا، بىز ھەقىقەتەنمۇ بىر يولدىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەنمىز.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— قوشۇلدىڭىز؟

— سىلەر تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالساڭلار، مېنىڭ قوشۇلماسلىققا نېمە ئامالىم؟

ئۇلارنىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى پەيدا بولدى. مەن سومكامنى قولۇمغا ئالدىم. مەردانىنىڭ ئاچىسى كونۋېرتنى ئېلىپ سومكامغا سېلىشقا تەرەددۇت قىلدى.

— پۇل ئۆزلىرىدە قالسۇن، — دېدىم مەن سومكامنى ئەپقېچىپ، — مېنىڭ ئەسلىدە سىلىگە ۋاپادار كېلىن، ئۆزلىرىگە قىيامەتلىك سىڭىل بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى ھەم شۇنداق قىلالايتتىم، لېكىن ھەرقايسىلىرى ماڭا بۇ پۇرسەتنى بېرىشمىدىلە، تەقدىرىم شۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا بويسۇنماي ئامالىم يوق! — مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدىم، — ئەسلىدە بۇ نىيەتلىرىنى ئۇدۇللا دېگەن بولسىلىمۇ بولاتتى، نامرات بولساقمۇ كۆڭلىمىز، ئاجىز بولساقمۇ غۇرۇرىمىز بار ئىدى، ئوغۇللىرىنىمۇ بەختلىك قىلىشقا ئىشەنچىم بار ئىدى، خەير، ئاجىزلارنىڭ كۆنى مۇشۇنداق شورلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، تەڭرىنىڭ ماڭىمۇ ئاتاپ قويغان كۈنلىرى باردۇر، ئامان بولۇشقايلا ...

مەن ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم. كەينىمدىن مەردانىنىڭ ئانىسىنىڭ «بەختىگۇل، توختاپ تۇرۇڭ، گېپىمىز تېخى تۈگىمىدى ...» دېگەن سۆزى خېلى بىر يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

مەن قۇيۇندەك تېز يۈگۈرگىنىمچە مېھمانخانا ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىغا چىقىۋالدىم. كەچ كىرىپ، ھەممە يەرگە ئېلېكتىر چىراغلىرى يېقىلىپتۇ. ئوق يولدا تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ باش ـ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدۇ. ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، ئۈرۈمچىنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان كېچىلىك تۇرمۇشى باشلىنىپتۇ. مەن ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەسلەنگەچ موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ كەتتىم ...

# ئالتىنچى باب

## ساقايماس يارا

### 1

ھاياتنىڭ مەزمۇنى مول، ھۆسنى رەڭدار. ئېرىشىش ۋە يوقىتىش — تۇرمۇشنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. ئىسسىق جېنىڭ تېنىڭدىلا بولىدىكەن، سېنى پەپىلەپ بەزلەيدىغان، باشقا بىر مۇئەمماغا باشلايدىغان، ھاياتنى سەسكىنىپ تۇرۇپ قۇچاقلاشقا، يىغلاپ تۇرۇپ سۆيۈشكە ئۈندەيدىغان رەت قىلغۇسىز سەۋەبلەر چىقىپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھاياتلىق ئۈزۈكسىز داۋاملىشىدۇ، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئالىدۇ. بالا ئاتىغا، نەۋرىلەر ئەۋرىلەرگە، قىسمەتلەر ھېكمەتلەرگە چېتىلىدۇ، كۈلگەنلەر يىغلايدۇ، يىغلىغانلار كۈلىدۇ، ھەممە يىغلىغان، شۇنداقلا ھەممە كۈلگەن تەقدىردىمۇ دۇنيا قىز پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئەتراپىڭدا ئۆز ھەلەكچىلىكىدە پالاقشىپ يۈرگەن ئادەملەردىن كۈلگەنلەرنىڭ بەختىلىك، يىغلىغانلارنىڭ بەختسىز بولۇشى ناتايىن. دادام، خەلىچىخان مۇئەللىم، ياسىنجان مۇئەللىم، سۇلايمان مۇئەللىم، تۇرسۇنگۈل، گۈزەلنۇر، ئىپارگۈللەر قاچان قارىسا كۈلۈپلا يۈرىدۇ، بىر ئىشلار ئۈچۈن تىنىمسىز پالاقشىيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەردى يوق دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ...

ئالىي مەكتەپ ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى: بىلىم، ئادىمىيلىك، مۇھەببەت، شان ـ شەرەپ، قەدىر ـ قىممەت ... يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەكەتتى: ئۈچ يىللىق ئۆمرۈم، زېھىن ـ

قۇۋۇتتىم، ئەڭ مۇھىمى ئانا سۇتىدەك پاك، قۇياشتەك غۇبارسىز تۇنجى مۇھەببىتىم! ... «ئاقساراي»دا غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنىپ بەك ئازابلاندىم، ئۇمىدسىزلەندىم. مەن ئۈچ يىل جەريانىدا كۆز ــ يېشىم، قان ــ تەرىم بەدىلىگە پۇتۇلگەن يازمىلىرىم ئارقىلىق گۈزەللىككە، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتكە، ياخشىلىققا تەھسىن ئوقۇدۇم. يۇرىكى سۆيگۈ تەشنالىقىدا پۇچىلانغان تالاي دەردمەنلەرگە نۇر، تەسەللى ئاتا قىلدىم، كۆلكىسىگە تەڭ كۆلدۇم، يىغىسىغا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ ھېسداشلىق قىلدىم. نەزىرىمدە مۇھەببەت بەكمۇ ئۇلۇغ ئىدى، ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ قەدىر ــ قىممىتى، بەخت ــ سائادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن دەخلىسىز بولۇشى، ھۆرمەتلىنىشى، قەدىرلىنىشى لازىم ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈم پەشۋاغا ئۇچرىدىم، پاك سۆيگۈم ماددىي بايلىقنىڭ، دەرىجە ــ مەرتىۋىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. بۇنى ئاز دەپ ھاقارەتلەندىم، كەمسىتىلدىم ...

مەن ئىچ مىجەز ئادەم، مەن ياشىغان تۇرمۇش مۇھىتى مېنى مۇشۇنداق بولۇشقا كۆندۇرگەن. شۇ ۋەجىدىن تاغدەك كېلىشمەسلىك ئالدىدا يەنىلا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويمىدىم. بىرەرسىگە دەرد تۆكۈپ يىغا ــ زارمۇ قىلمىدىم. باللار قاتارى ۋاقتىدا دەرسكە چىقتىم، كىتاب ئوقۇدۇم، قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ بىرنەرسىلەرنى جىجىلاپ باقتىم ... ئەمەلىيەتتە بەك قىينالدىم. كۆز ئالدىمدا مەردانىنىڭ ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ كۆرەڭ تۇرقى، تىنىمسىز مىتىلداۋاتقان زوۋاندار ئاغزى؛ قولىقىمدا جاننى ئېلىپ جاڭگالغا قويىدىغان، غۇرۇرۇمنى ئىتقا بەرگۈسىز قىلىۋېتىدىغان ئاھانەت ــ دەشنەملىرى ... نەچچە كېچە كۆز يۇممىدىم، ئىشتىھايىم تۇتۇلدى، پۇت ــ قولۇمدا جان يوق، يۇرىكىم ئېغىپلا تۇرىدۇ، قويغان ــ تۇتقىنىمنى بىلمەي خىيالدەك لەيلەپلا يۈرىمەن ...

مەردان كۇندە تېلېفون قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ھالى مەندىن

بەتتەر ئىدى. ئوتىنىڭ تېشىدا كۆيۈش ئىچىدە كۆيۈشتىن ئازابلىنىقراق بولسا كېرەك.

— ئانام بىلەن ئاچام بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

— ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ، سىزمۇ ئوخشاشلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، كەچۈرۈم سورىشىڭىز هاجەتسىز. نۇرغۇن ئىشلار كاللامدىن ئۆتتى.

— مەن بەك ئازابلاندىم.

— مەنمۇ شۇ.

— بىزنىڭ ئىشىمىز سىياسىي تۈس ئېلىپ قالدى، بەختىگۈل، بولمىسا ئۇلار ئانچە قىلىپ كەتمەيتتى.

مەردان مۇشۇ هالدىمۇ يەنە ئانىسى بىلەن ئاچىسىنى ئاقلاۋاتاتتى، شۇڭا گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدىم.

— سىز يېزىدا چوڭ بولغاچقا سىياسىي سەهنىدىكى ئىشلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيسىز، — مەردان بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىزمۇ بىلىسىز، بىزنىڭ جەمەتىمىزدە ئەمەلدار كۆپ. ئۇلارنىڭ بارلىقى ئەمەلگىلا باغلانغان، ئەمەل ئۇچۈن ياشايدۇ، ئەمەل دېسە جېنىنى سېلىپ بېرىشتىن يانمايدۇ ... ئەمەلىيەتتە، ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەك نازۇك كېلىدۇ، ئۇلار ئادەتتىكى پۇقرالار ئالدىدا بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە قەدەمنى ساناپ باسىدۇ، قىلچىلىك بىخەستەلىك قىلمايدۇ.

— بۇنى چۈشىنىمەن.

— دادام يىگىرمە بەش يېشىدىن باشلاپ ئەمەل تۇتقان ئادەم. كۈنلىرى ئاساسەن مېهمان كۈتۈش ۋە مېهمان بولۇش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۆيدە بولىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ ئەمەس. بەزىدە بەش ـ ئون كۈنلەپ ئۆيگە كېلەلمەيدۇ... هازىرقى مۇئاۋىن ۋالىينى دادامنىڭ نىجاتكارى دېسىمۇ بولىدۇ، دادامنى شۇ ئادەم بىر

قوللۇق تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەنىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۆيدىكىلەرنىڭ بۇ ئادەمگە ھۆرمەت ـ ئىخلاسى يۇقىرى. يېقىندا ئاچامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جەمەتىمىزدىكىلەر باش قوشۇشۇپ مۇئاۋىن ۋالىينىڭ كىچىك قىزىغا سۆز تاشلاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن مۇئاۋىن ۋالىي: ھېلىغۇ بىر قىزىم ئىكەن، مىڭ قىزىم بولسىمۇ سىلىدىن ئايىمايمەن، دەپ رازىلىق بېرىپتۇ ...

— سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟

— مەن قانداق ئويلايتتىم؟ شۇنىمۇ گېپىم بار دەپ قىلىدىكەنسىز، — مەردان تېرىكىپلا كەتتى، — مەن ئېغىلدىكى قوي ئەمەس، ئادەم! ئۆزۈمگە تۇشلۇق كۆڭلۈم بار، توي ئىشىمدا ئۆزۈمنىڭ دېگىنى ھېساب، ئارتۇقچە باش قاتۇرماڭلار، دېدىم شۇ.

— ئوبدان دەپسىز، لېكىن ئۆيىڭىزدىكىلەر بۇ گېپىڭىزگە قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس.

— شۇنداق، — مەردان جىم بولۇپ قالدى.

— بىز ئەمدى ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى، — دېدىم مەردانغا دانىمۇدانە قىلىپ، — ھېلىمۇ ئۇچ يىل ئۆزىمىزنى ئالدىدۇق. بىز ئەسلىدىلا توغرا قىلمىغان ... ئويلاپ باقسام ئانىڭىزنىڭ «ھايۋان تۇرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن ياشايدۇ» دېگەن گېپى توغرا ئىكەن. باي بىلەن نامرات، ئەمەلدار بىلەن پۇقرا ھەرگىز تەڭ بولالمايدىكەن ... مەن كۆپ ئويلاندىم، ئائىلىمىزنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ ئورنىنى بىر قۇر دەڭسەپ باقتىم. سىلەر چوڭ ئەمەلدار، بىز ئادەتتىكى پۇقرا، سىلەر باي، بىز كۆك نامرات. بىز ھەرقانچە يۇنىغان بىلەنمۇ بەربىر قامغا كېلەلمەيدىكەنمىز. زورلاپ قۇراشتۇرغان تەقدىردىمۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمدىكى كەمتۇكلۇك تۇپەيلىدىن بەربىر بەختلىك بولالمايدىكەنمىز. دادىڭىز قانداق قارايدۇ، بىلمىدىم، ئانىڭىز بىلەن ئاچىڭىز مېنى مالايچىلىكمۇ كۆرمىدى. مېنى بۇ ھالدا پەس كۆرگەن يەردە دادامنى نېمە ئورنىدا كۆرىدۇ؟ بۇ تەرىپىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بىز راستىلا نامرات، كۆك نامرات، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

لېكىن، بۇ بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ئەمەس! تاللىشىمىزمۇ ئەمەس، مەن مۇشۇ نىجىس ئاتاقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئادەمدەك ياشاش مەقسىتىدە كۆپ رىيازەت چەكتىم. كىرمىگەن تۆشۈكۈم، ئاشمىغان تاغ ــ داۋانلىرىم قالمىدى. ئاچ قالسام ۋايسىمىدىم، يېلىڭ قالسام دۈگدىيىۋالمىدىم، ئۆزۈكسىز تىرىشتىم، جان جەھلىم بىلەن تىرىشتىم. ھەرھالدا تىرىشچانلىقىم بەدىلىگە بەزى يۈكسىلىشلەرگىمۇ ئېرىشتىم. لېكىن، ئەسكى چاپاننى بىراقلا تاشلىۋېتىپ ئاقسۆڭەكلەر قاتارىغا ئۆتۈۋېلىش قولۇمدىن كەلمىدى. بۇنىڭغا خېلى ئۇزاق جەريان كېتىدىغان ئوخشايدۇ ... مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، چۈشىنىش باشقا، ياخشى كۆرۈش باشقا، تۇرمۇش باشقا بولىدىكەن. نۇرغۇن ئىشلاردا بىز ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى بويىچە ياشىيالمايدىكەنمىز ... سىز بايا ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسى ۋالىدىنىڭ قىزىغا سۆز سېلىپ بولغانلىقىنى دېدىڭىز، مېنىڭچە، ئۇلار توغرا قىپتۇ. بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشسا ئائىلەڭلارنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆسىدۇ، ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. مېنىڭ كاساپىتىم تۈپەيلىدىن جەمەتىڭلار زىيان تارتسا، ئەمەل قاچىسىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. مۇنداق چوڭ زىياننى مەن تۆلەپ بولالمايمەن.

مەردان گەپ قىلمىدى. قارىغاندا ئۇمۇ دېلىغۇل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ مەن ئانىڭىز بىلەن ئاچىڭىزغا ۋەدە بەردىم، ۋەدەمدىن يېنىۋالسام بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز يالغۇز ئوغۇل، ئاتا ــ ئانىڭىز، ئاچىڭىز سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىنى يىرالمايدىغانلىقىڭىز ماڭا ئايان. شۇڭا، سىزمۇ تەڭلىك تارتماي، مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ماڭىمۇ تەڭرىنىڭ ئاتاپ قويغان تۇرمۇشى باردۇر.

ــ شۇنداقتىمۇ، ماڭا ئازراق ۋاقىت بېرىڭ، مەن يەنە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقاي.

مەرداننىڭمۇ قىسىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ مەندىن

ئايرىلىشنى خالىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتكۈسى، باي ـ باياشات تۇرمۇشتىن ۋاز كەچكۈسىمۇ يوق ئىدى. يۈرىكىمگە تاشنى ئالىدىغان پەيت كەلگەنىدى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. ئۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاتا ـ ئانىسىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ بەربىر مەن بۇ ئائىلىگە سىغمايتتىم. بىر يۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان دادامنى شەرمسار قىلىشقا ۋىجدانىم يول قويمايتتى.

— ئەمىسە خوش، مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، سىزگە بەخت تىلەيمەن!

— بەختىگۇل!

مەن تېلېفوننى ئېتىۋەتتىم. فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىپ جاۋغىيىمغا سىڭىپ كەتتى ...

## 2

كۆز يېشى ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئويلىمىسامۇ بىر ئۆمۈر تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن جاپاكەش دادامنى، مەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، يولۇمغا پاياندار تاشلاۋاتقان كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچىلىرىمنى، سادىق ئوقۇرمەنلىرىمنى، مۇھەررىرلەرنى ئويلىمىسام بولمايدۇ. «بالدۇر ئېچىلغان گۇل بالدۇر توزۇيدۇ» دېگەندەك، مەن تۈنجى مۇھەببەتتە ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدۇم. ئارمانلىرىم كۈچلۈك بورانغا ئۇچرىغان گۇل بەرگىلىرىدەك بىراقلا توزۇپ كەتتى، قالغىنى ئاچچىق ئەسلىمە بىلەن ساقايماس يارا! مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمنى تاشلىۋەتسەم بولمايدۇ. مەن يەنە ياشىشىم، قەلىمىم ئارقىلىق ئەڭ قىيىن چاغلىرىمدا ماڭا يار ـ يۆلەك بولغان، ئەرزىمەس ھاياتىمغا قەدىر ـ قىممەت ئاتا قىلغان ئەدەبىياتقا جاۋاب قايتۇرۇشۇم لازىم. سۆيگەن يارىمدىن جۇدا

بولدۇم، لېكىن قەلىمىم تېخى قولۇمدا! مەن مۇشۇ قەلەم ئارقىلىق نىمجان قەلبىمگە قايتىدىن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىشىم، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن ئىزىغا سېلىپ، ئىزدىنىش سەپىرىدىكى ئۆزۈمنى تېپىۋېلىشىم لازىم ...

مەن زور ئىشەنچ بىلەن، قەدەم باسمىغىلى ئۇن ئۈچ كۈندەك بولغان كۇتۇپخانىغا چىقتىم. خىزمەتچى ئايال ماڭا باشقىچە نەزەردە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنداق قارايدىغىنى ماڭا ئايان ئىدى. مەن بۇلۇڭدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— يېڭىدىن ئەسەر يازدىڭىزمۇ؟

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. خىزمەتچى ئايال ماڭا ئۈمىد نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ياق ... يازالمىدىم.

— «كۆل رەڭ دۇنيا» ناملىق توپلىمىڭىزنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. يولدىشىممۇ، بالىلىرىممۇ ئوقۇدى، ھازىر كېلىنىم ئوقۇۋاتىدۇ. ئۆيىمىزدە كۈندە كەچتە كىتابىڭىز ھەققىدە مۇھاكىمە بولىدۇ. مەن تۇنۇگۈن كەچ «مۇشۇ كىتابنى يازغان قىز بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بىز كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرىمىز» دېگەنىدىم، ئۆيدىكىلەر ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. سىز بەلكىم بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مەنمۇ ئەسلىدە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ياسىن كەنجى بىلەن ساۋاقداش كېلىمەن، كېيىن كاناي شاخچە ياللۇغى كېسىلى بىلەن ئاغرىپ شۇنچە داۋالىنىپمۇ ساقىيالمىغاندىن كېيىن كۇتۇپخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەن.

— ئەمىسە سىز مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىم خەلچىخان مۇئەللىم بىلەنمۇ ساۋاقداش كېلىدىكەنسىز ـ ھە؟

— خوتەنلىك خەلچەممۇ؟

— ھەئە.

— شۇنداق، ئەينى يىللىرى ئۇ سىنىپىمىزنىڭ گۈلى ئىدى، ئىككىمىز بىر پارتىدا ئولتۇراتتۇق.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا خانىمنىڭ كۆزلىرى ئالاھىدە نۇرلىنىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن بېرى كۆرۈشۈپ باقماپتىمىز. بالىلىرى چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟

— خەلىچىخان خانىم توي قىلمىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئايالنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— ھەي، بىچارە ساۋاقدىشىم، ئاخىر دېگىنىگنى قىپسەن.

مەن ئەجەبلىنىپ ئايالغا قارىدىم.

— قانداق بولۇپ ... — مەن ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گېپىمنى يۇتۇۋەتتىم.

— مۇھەببەتنىڭ دەردى بولمامدۇ، دەپ كەلسەم گەپ تولا، — دېدى ئۇ ئېغىز خورسىنىپ قويۇپ، — خالىسىڭىز بىر كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، شۇ چاغدا پاراڭلاشقاچ دەپ بېرەي. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ سىز بىلەن بەك كۆرۈشكۈسى بار. ئىسمىمنى بىلمىدىغانسىز؟ — ئايال ماڭا سوئال نەزىرىدە قارىدى. مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— ئىسمىم ئايسىمە، ئايسىمە ئاچا دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ.

مەن باش لىڭشىتىپ قىزغىنلىقىمنى بىلدۈردۈم.

— قارىسام نەچچە كۈندىن بېرى كۈتۈپخانىغا كەلمىدىڭىز، ئۆزۈمچە سىزدىن ئەنسىرەپ باشقا بالىلاردىن سوراشتۇرۇپ باقتىم، خېلى جىق بالىلار سىزنى تونۇيدىكەن. سىزنى كۆرگەنلىكىنى دېيىشتى ... كۈتكىنىمگە يارىشا پۈتكەن ئەسەردىن بىرەرنى ئالغاچ كەلگەندۇ، دېسەم قۇرۇق قول كەپسىز مانا.

— يېقىندىن بېرى بىرنەرسە يازالمىدىم.

— سالامەتلىكىڭىز ياخشىمدۇ؟

— قەدىر ئەھۋال.

— ئەمىسە ئاۋارە قىلماي، ئەسىرىڭىزنى يېزىڭ، ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئۆيگە تەكلىپ قىلىمەن.

مەن رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم.

— ھە راست، خەلىچەمنىڭ تېلېفون نومۇرى بارمۇ سىزدە؟ بولسا دەپ بېرىڭ، تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سوراپ قوياي.

مەن خەلچىخان مۇئەللىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردىم.

... ...

قەلەمنى دەپتەرگە تىركەپ يېرىم سائەتتەك ئولتۇردۇم. لېكىن، بىر قۇرمۇ خەت يازالمىدىم. بۈرۈن مۇنچىلىك ۋاقىتتا ئىككى ـ ئۈچ بەت يېزىۋېتەلەيتتىم، بەزىدە ئىلھامىم قوزغىلىپ قالغاندا قولۇم ئۈلگۈرەلمەي قالاتتى. بۇ نېمە ئىشتۇ ئەمدى؟ تېخى بايىلا يازماقچى بولغان ئەسىرىمنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئويلاپ، كاللامدا پىشۇرۇپ بولغانىدىمغۇ؟ مەن ئۆزۈمچە قورقۇپ قالدىم. قەلىمىم مۇشۇ پېتى توختاپ قالارمۇ؟ پېشانەمنى سوغۇق تەر باستى. ئى، خۇدا، مېنى مۇنداق تېگى يوق ھاڭغا قىستىمىغىن، ئەگەر مەن يېزىش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قالسام، ماڭا بۇ ھاياتنىڭ پەقەتلا مەزىسى قالمايدۇ!

كېيىن بىلدىمكى، مەن مۇھەببەتتىنلا ئەمەس، ئىلھام بۇلىقىدىنمۇ ئايرىلىپتىمەن. دېمىسىمۇ مۇھەببەت يوق قەلبتە ھەۋەس ـ ئىشتىياق ھاسىلاتلىرىنى خەقنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تەگكۈدەك دەرىجىدە دادىل ئىپادە قىلغۇدەك كۈچ ـ مادار، غەيرەت ـ شىجائەت نېمە قىلسۇن؟!

## 3

ۋاقىت كونتروللۇقىنىمۇ، قىممىتىنىمۇ يوقاتقانىدى، سائەت ئىستربلكىسى خۇددى كوپىراتسىيەنىڭ بىقىش تاپالمىغان قېرى كالىسىدەك تولىمۇ ئاستا ماڭاتتى. قايتا ـ قايتا ئاڭلىغان چەت ئەل ناخشىسىدەك مەنىسىز ئىدى. ئەتىگەندە باللار قاتارى ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەچتە باللارلا يوتقانغا كىرىۋالاتتىم.

زۆرۇرىيەت بولمىسا، كەينىمگە قاراپ بېقىشمۇ خۇشياقمايتتى. شۇنداق چاغلاردا تۇرۇۋېلا بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ قالاتتىم. ئۇ چاغلاردا ئېتىم ئورۇق، يېنىم بوش بولغىنى بىلەن يۈكۈم ئېغىر، ئىشلىرىم چېچىمدىن تولا ئىدى، پويىز ۋاگونلىرىدەك ئۇلىشىپ كەلگەن ئايىغى چىقماس زۆرۈرىيەتلەرگە ۋاقىت يەتكۈزەلمەي، ئۆزۈمچە جىلە بولۇپ كېتەتتىم. قىلىپ ئۈلگۈرسەم ئىش دېگەن پېچىتى بىلەن چىقىپلا تۇراتتى. ئىشلا ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىممۇ يېتەرلىك ئىدى. «مېزىنى باسسام، تېزى، تېزىنى باسسام مېزى»، ئىشقىلىپ، بىردەممۇ بىكار قالمايتتىم، لېكىن نېمىشقىدۇر شۇ ئىشلاردىن ھوزۇر تاپاتتىم. ھازىر بولسا ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي ئاۋارە. ئەمەلىيەتتە، جىم تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، كۈنبويى ئەل قاتارى مىدىرلاپلا يۈرىمەن، لېكىن ئىسسىقتىن سۇيۇق ئاشتەك تەممۇ، ھوزۇرمۇ يوق، خىيالدەك ئەگىپ يۈرگىنىم يۈرگەن.

زورلاپ يۈرۈپ ئىككى پارچە ھېكايە يازدىم، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆزۈمگە يارىمىدى. ئۆزۈمگە يارىمىغان ئەسەرنىڭ باشقىلارغا يارىشى تەس ئىدى، سانىنى دەپ ئۆزۈم مىڭ تەستە تىكلىگەن بايراققا ئۆز قولۇم بىلەن يۈندى چاچسام بولمايتتى، ماڭا ئايان، ئەدەبىياتتا داڭ قازىنىش بەكمۇ تەس، موللاق ئېتىش بىردەملىكلا ئىش. شۇڭا، بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى ئىككىلەنمەستىن ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋەتتىم. ئىككى ھەپتىلىك قان ـ تەرىمنىڭ مەھسۇلى بولغان قىلىن ئارگىنالنى ئاشقان تاماق، يالتىراق خالتىلار بىلەن يېرىمدالغان ئەخلەت چېلەكگە تاشلاۋاتقىنىمدا قوللىرىم يۇلۇنى ئۈزۈلگەن قوينىڭ پۇتىدەك بوش تىترىدى، يۈرىكىم ئاغدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقتەك قاغجىراپ كەتكەن ھارغىن كۆزلىرىمدىن مونچاقتەك ياش تامچىلىرى ماگىمدەك ئېتىلىپ چىقتى. كۆز يېشىم بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تۇزلۇق، قىرتاق ئىدى...

يېقىنلىرىمدىنمۇ، دۈشمەنلىرىمدىنمۇ بىر ـ بىرلەپ

ئايرىلغانىدىم. مەردان، كامىلە، ئىدرىسلار ئوقۇش پۈتكۈزگەن؛ ئەركىن مۇئەللىم مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان، ياسىنجان مۇئەللىم دوختۇرخانىنى ماكان تۇتقان، تاھىر ئوقۇشتىن چېكىنىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن؛ سۇلايمان مۇئەللىم ئارقا سەپكە قوغلانغان، ئىپارگۈلنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق، گۈزەلنۇر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش... دەرد تۆكەي دېسەڭ دوستۇڭ، ئۆچەكىشەي دېسەڭ دۈشمىنىڭ بولمىغان تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ مەن ئۈچ يىل جەريانىدا ئۆگىنىش بىلەن ئىجادىيەتكىلا بېرىلىپ، دوست تۇتۇشقا سەل قارىغانىكەنمەن، مانا ئەمدى ھەممە نەرسە بىراقلا كۆچىنى كۆرسەتتى. خۇددى بىپايان قۇملۇقتىكى يېگانە توغراقتەك تەنھا قالدىم. ئېلىپتەك قامىتىممۇ، پىژغىرىم ئىسسىقتا ئىككى كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان سۆلكەتلىك بەستىممۇ، كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا يىگىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان تۆشەكتىكى قىزدەك چوغلانغان يوپۇرماقلىرىممۇ ھېچكىمنىڭ نەزىرىگە ئېلىنماي ئۆزۈم بىلەنلا قالدى... مەن دوستلىرىمنىمۇ، دۈشمەنلىرىمنىمۇ ئوخشاشلا سېغىنىدىم. بۆرىسى يوق يايلاقنىڭ قوي پادىلىرىنى قوتۇر باسقاندەك، مېنىڭ روھىمنىمۇ قوتۇر بېسىشقا باشلىغانىدى. ئەگەر دوستلىرىم بولمىغان ئەھۋالدا دۈشمەنلىرىم بولغان بولسىمۇ، كۈنلىرىم مۇنداق مەنىسىز ئۆتمىگەن بولار ئىدى. كۆلەلمىگەن ئەھۋالدا يىغلاشمۇ بىر ھېسابتا ھاياتنىڭ زىننىتى بولۇپ قالار ئىدى.

ئىچىمنى بىر ئالا مۇشۈك تىنىمسىز تاتىلايتتى. مەردان بىلەن خوشلاشقان شۇ كۈنىلا تېلېفون نومۇرۇمنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنىدىم. مەردان بىلەن بىر مەزگىل ئالاقە قىلمىسام، «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتەلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنى تېخىمۇ بەك سېغىنىدىغان، پاراڭلىششنى، مۇمكىن بولسا سۆيگۈ تەشنالىقىغا ئور-

تاقلىشىشنى تېخىمۇ بەكرەك ئىستەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ جىسمىمنىلا ئەمەس، روھىمنىمۇ پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالغانىكەن ئە-مەسمۇ؟

نېمىلا بولسۇن بىرەرسى بىلەن پاراڭلىشىشىم لازىم ئىدى. ئەگەر شۇنداق قىلمىسام ئىچىمدىكى ئالا مۇشۇك بېشىمغا چىقىشى، ساراڭ بولۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ئۇنداقتا كىم بىلەن پاراڭلىشىمەن؟ مەن ئۈچ يىلدىن بېرى بۇرادەرلىك قىلىشقان ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم. دەردىمگە ئورتاقلىشالايدىغىنى يېنىمدا يوق، يېنىمدا بارلىرىنىڭ مەن بىلەن ئىشى يوق! مەن تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم. كامىلە، توغرا، كامىلەگە تېلېفون قىلاي، ئۇ مېنى چۈشىنىدىغان ۋە دەردىمگە يېتىدىغان بىردىنبىر ئادەم ... مەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىزغىنلىق بىلەن كامىلەنىڭ نومۇرىنى باستىم. ئەپسۇس، كامىلەنىڭ تېلېفونى ئېتىك بولۇپ چىقتى. يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسىدە بولۇپ قالدىم ...

— ماڭا تېلېفون قىلغانمىدىڭىز؟

مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدىم. ساۋاقدىشىم ئۆمەرجان كۈلۈمسىرىگىنىچە يېنىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ياق، ھەئە ...

مەن قولاشمىغان چاقچاقانىلىق بىلەن لىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئورۇندۇقنىڭ بىر تەرىپىگە يۆتكەلدىم.

— يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدىم، قارىسام يالغۇز ئولتۇرۇپسىز، بىردەم پاراڭلىشاي دەپ يېنىڭىزغا كېلىشىم.

— ئەمىسە ئولتۇرۇڭ.

مەن ئۆمەرجانغا ئورۇن كۆرسەتتىم. ئۆمەرجان ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن تارتىنىپراق ئورۇندۇقنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. مېنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى ئوغۇللار بىلەن تۇنجى قېتىم بىر يەردە ئولتۇرۇشۇم بولغاچقا،

ھەربىكىتىم قولاشماي، تىكەندە ئولتۇرغاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدىم. ئۆمەرجاننىڭ كەيپىياتىمۇ سۇس ئىدى، پات ـ پات ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. ئارىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىدى. تۇرۇپلا ئۇنى يېنىمدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم.

— ماقالە تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟ — نېمىشقىدۇر ئۆمەرجاننىڭ ئاۋازى بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەندى. زۇكامداپ قالغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى.

— ئىشلەپ بولدۇم.

— مەن تېخى ئىشلىمىدىم.

— نېمىشقا، ۋاقتىڭىز يەتمىدىمۇ؟

مەن ئەجەبلىنىپ سورىدىم. مەن بىلىدىغان ئۆمەرجان تىرىشچان، ئىچ مىجەز بالا ئىدى. قاچانلا قارىسا قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. قىزلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆمەرجان شېئىر يازىدىكەن، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرى بەك ياخشى ئىكەن، لېكىن ئېلان قىلىشنى خالىمايدىكەن. يازغانلىرىنى خاتىرىگە كۆچۈرۈپ ساقلايدىكەن.

— بىلمەيمەن، نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى ئىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى.

— مەنمۇ شۇ.

بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدىم. ئۆمەرجان ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويمىغانسىز؟

— جىق يازالمىدىم، يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىمىدى ...

— مۇنداق دەڭ، — ئۆمەرجان چوڭ بىر تۇگۇننىڭ جاۋابىغا ئېرىشكەن ئادەمدەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — يېقىندىن بۇيان ژۇرناللاردا ئەسەرلىرىڭىزنى ئۇچراتمىدىم، مەن تېخى سىزنى چۈڭراق ئەسەرگە تۇتۇش قىلغان چېغى دەپ ئويلىغان.

— نەدىكىنى، چوڭ تۇگۇل كىچىكمۇ يوق. نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم، قەلىمىم ھېچ ئەيۋەشكە كېلەي دېمەيدۇ.

— بۇ نورمال ئەھۋال، — دېدى ئۆمەرجان كۆزئەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، — يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى ئەھۋال!

مەن ئەجەبلىنىپ ئۆمەرجانغا قارىدىم. ئۆمەرجان يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— سىزمۇ تاماكا چېكەمسىز؟ — مۇشۇ چاغقىچە ئۇنىڭ تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، ئەجەبلىنىپ سورىدىم.

— يېقىندا ئۆگەندىم.

— بولسا چەكمىسىڭىز بولاتتى.

— چوقۇم شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن، — ئۆمەرجان شۇنداق دەپ تاماكىنى كۈچەپ شورىدى.

— بايا سىز يېقىندىن بۇيان جىق يازالمىدىم، يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىمىدى، دېدىڭىز. بۇ سۆزىڭىزدىن بەك خۇش بولدۇم، — ئۆمەرجان تاماكىسىنى يەنە بىر قېتىم قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن چىراي ئىپادىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلماستىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — يېزىقچىلىقتا تۇرمۇش ھاسىلاتى بەك مۇھىم. ئۇنى يازغۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى، نەگىلا بارسا خەجلىگىلى بولىدىغان ئامېرىكا دوللىرى دېسەكمۇ بولىدۇ. سىز ئۈچ يىل جەريانىدا ئىلگىرى توپلىغان پۇللىرىڭىزنى ئاز - ئازدىن خەجلەپ تۈگەتتىڭىز. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىككى كىتابلىق بولدىڭىز. بارى تۈگىدى، يوقنى تولۇقلاشقا سەل قارىغىنىڭىز ئۈچۈن ھازىر ئېسىلىپ قالدىڭىز. ئۆزىڭىزنى چىش پاستىسىدەك سىقسىڭىزمۇ ئەسەر چىقماسلىقىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە!

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟

— سىز مېنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىز، مەن سىزنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمىنىڭىز، شۇنداقلا... — ئۆمەرجان تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە ماڭا قاراپ ئۇمتۇلدى، — ئەستا، نەگە

كەلگەنىدىم؟

— شۇنداقلا دېگەن يەرگە كەلدىڭىز. مەن قەستەن گەپنى چاقچاققا بۇرىدىم، ئۆمەرجانمۇ ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە چىرايىغا كۈلكە يۈرگۈزتۈشكە تىرىشتى.

— سىزنىڭ ھەربىر ئەسىرىڭىز ... ئەستا، شۇنداقلا بىلەن باغلاشمىدىغۇ بۇ سۆزۈم.

— باغلىنىشۋاتىدۇ، داۋامىنى سۆزلەڭ.

— مەن سىزنىڭ يىل بېشىدا «يېڭى قاشتېشى» دا ئېلان قىلغان «تەنھا تورغاي» دېگەن ھېكايىڭىزنى ئوقۇغاندىلا سىزدىكى ئىچكى ئېنېرگىيەنىڭ خوراشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلغان. كېيىنكى ئەسەرلىرىڭىزدە بۇرۇنقى ئەسەرلىرىڭىزدە ياراتقان يۇكسەكلىككە يېتەلمەي خېلى زورۇقتىڭىز.

— ئەجەب مەن ھېس قىلماپتىمەن دېسە.

— ھەممە ئادەم سىزگە ۋاي دەۋاتسا، ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىڭىز نۆۋەت ساقلىماي ئېلان قىلىنىۋاتسا، سىز قانداقمۇ ھېس قىلالايسىز؟

— سىز بولسىڭىزمۇ ئەسكەرتىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئۇ چاغدا تېخى ۋاقتى ئەمەس ئىدى.

ئۆمەرجاننىڭ گېپىنىڭ جېنى بار ئىدى. «كونا چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار» دېگەندەك، بۇ مۆرىمەس ساۋاقدىشىممۇ بوش ئادەم ئەمەستەك قىلاتتى. بىر چوڭ سىر يېشىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۆمەرجاننى يېتەكلەشكە باشلىدىم.

— داۋاملاشتۇرۇڭ.

ئۆمەرجان ماڭا قاراپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى.

— يېزىقچىلىقتا تۇرمۇش جۇغلانمىسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئۇنى جان تەندە ئامان بولسىلا ھەر ئاماللار بىلەن تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ. قورقۇنچلۇقى ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ قېلىش، ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماسلىق ... بايا يولدا كېلىۋېتىپ تارىلىقچى ئاياللارنىڭ قولىدا يازمىڭىزنى

كۆرۈپ قالدىم. دەسلەپ سەل ھەيرانلىق ھېس قىلغانىدىم، كېيىنچە ھەممىسى كاللامدىن ئۆتتى.

چۈشتىن بۇرۇن ئەخلەت چېلەكىگە تاشلىۋەتكەن ئىككى پارچە ھېكايەمنىڭ تازىلىقچى ئاياللارنىڭ قولىدا سازايى قىلىنغان بىچارە تۇرقى قايتىدىن كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

— قول يازمىڭىزنى ئېلىۋېلىپ تېز سۈرئەتتە ئوقۇپ چىقتىم. ھەقىقەتەنمۇ تاشلىۋەتكۈدەك ئەسەرلەر ئىكەن.

— ئۇ ئەسىرىم سىزگىمۇ يارىماپتۇ ـ ھە؟

ئۆمەرجان شۇنداق دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھېس قىلىشىمچە، سىز قاسىراق تاشلاش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپسىز، ئۆزىنى ئىنكار قىلالىغان ئادەمدىن يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيەلەر چىقىدۇ ...

— رەھمەت، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز.

مەن ئۆمەرجاننىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىغا چىن دىلىمدىن قايىل بولغانىدىم.

— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇ يەنە تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — سىز ھازىر ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز. قاسىراق تاشلاش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس!

— مەن چىدايمەن.

— مەن سىزنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭىزنى ياقتۇرىمەن.

مەن يەرگە قارىۋالدىم.

— كېسەلىمنى تاپتىڭىز، دورىسىنىمۇ دەۋېتىڭ ئەمدى.

— دورىسى بەك ئاچچىق، بىلمىدىم، ئىچىشكە بەرداشلىق بېرەلەرسىزمۇ؟

— كېسىلىمگە شىپا بولىدىغانلا ئىش بولسا، زەھەر بولسىمۇ ئىچىمەن. سىزمۇ بىلىسىز، ئەدەبىيات مېنىڭ بارلىقىم، مەن بۇ كوچىغا بەك تەستە ئېرىشتىم. راست گەپنى قىلسام، ھازىرقى ئەھۋالدا مېنىڭ ئەدەبىياتتىن باشقا ھېچنېمەم

قالمىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام، بىراقلا تۈگىشىمەن.
— سىزدە مۇشۇنداق ئەقىدە ـ ئىخلاسلا بولىدىكەن، ئەدەبىيات سىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ!
— دېگىنىڭىز كەلگەي، ئىلاھىم.
ئۆمەرجان تۇرۇپلا سائىتىگە قارىدى، مەن جىددىيلىشىشكە باشلىدىم.
— كەچلىك تاماق ۋاقتى بوپتۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — بايا تومۇرىڭىزنى تۇتۇپ، كېسىلىڭىزنى تېپىپ بەردىم، رېتسېپىنى تاماقتىن كېيىن ياكى باشقا بىر كۈنى دەپ بېرەي، بولامدۇ؟
— بولسا ھازىرلا دەۋېتىڭ، — دېدىم مەن كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي، — دورىسىنى دەل كەلتۈرەلىسىڭىز كەچلىك تاماق مەندىن، سىزنى مېھمان قىلىمەن!
— بۇ ياخشى گەپ ئىكەن، ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ.
ئارىمىزنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۆمەرجان قەستەن ئويۇن چىقىرىۋاتاتتى، شۇڭا گەپ قىلماي جىم ئولتۇردۇم.
— ئويلىنىپ بولدۇم.
— ئەمىسە دەڭ.
— بىردىنبىر ئۇسۇل — داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇش. ئوقۇش — يېزىشنىڭ ئاساسى. يېزىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە يېڭىلاش ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىلىرى ئىچىدىن بىرنەچچىسىنىڭ ئەسىرىنى پىششىق ئوقۇش لازىم. ئوقۇغاندا ھۇزۇرلىنىش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى تەتقىقات نۇقتىسىدا تۇرۇپ قايتا ـ قايتا ئوقۇش، ئوقۇغان ئەسەرلەردىن خاتىرە قالدۇرۇش لازىم. ماڭا ئايان، سىزنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىڭىزدىن قارىغاندا، كەيپىياتىڭىز يېزىقچىلىققا تازا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى يەتتە ـ سەككىز ئاي ۋاقىتنى كىتاب

ئوقۇشقا ئاجرىتىڭ. ئوقۇيدىغان كىتابلار تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇشقا مەن ياردەملەشسەممۇ بولىدۇ.
— بولسا ياخشىلىقنى ئاخىرىغىچە قىلىڭ.
ئۆمەرجان كۈلۈپ قويدى.
— ئەمدى تاماققا چىقامدۇق؟
— نېمە يېگۈڭىز بار؟
— ئاچچىق لەڭمەن!
— نەدە يەيمىز؟
— ئەلۋەتتە «لەڭمەن پادىشاھى»غا بارىمىز - دە.
مەن چۈچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. مېنىڭ بەختىمۇ، سورۇقچىلىقىممۇ ئاشۇ لەڭمەنخانىدىن باشلانغانىدى. مەردانىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بۇيان «لەڭمەن پادىشاھى»نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئويلىمىغان يەردىن مۇنۇ «تېۋىپ يىگىت» يەنە شۇ ئاچچىق لەڭمەنخانىغا جورۇۋاتىدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى يامانلىقنىڭمۇ؟
مەن ئۆمەرجانغا قارىدىم، ئۇنىڭ تىنىقلىرى ئىتتىكلىشىپ كەتكەنىدى، كۆز قارىچۇقىدا ئادەمنى سۈر باستۇرىدىغان بىر خىل ئىلتىجا بالقىپ تۇراتتى.

## 4

ئۆمەرجاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. دەسلەپ «مەمەت ئاۋاق»نى ئوقۇدۇم. بۇ رومانىنى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا بىر قېتىم ئوقۇغانىدىم، ئويلاپ باقسام، ئۇ چاغلاردا رومانىنى ۋەقەلىك قوغلىشىپلا ئوقۇغانىكەنمەن، شۇڭا ۋەقە بىلەن قىسمەن ئوبرازلارنىڭ ئىسمىدىن باشقا ھېچنېمە ئېسىمدە قالمىغانىكەن، بۇ قېتىم ئۆگىنىش، تەتقىقات نۇقتىسىدىن ئوقۇپ خاتىرە قالدۇردۇم. ئاپتورنىڭ تەبىئەت تەسۋىرىنى ئىنچىكە يېزىش

جەھەتتىكى تالانتى مېنى قايىل قىلدى. ئەسەرلىرىمدە تەسۋىرگە بوش ئىدىم، بەزىدە شۇنچە زورۇقۇپمۇ بىرەر ئابزاس تەسۋىرنى قاملاشتۇرۇپ يازالماي قىيىنىلىپ كېتەتتىم. رومانىنى ئوقۇش ئارقىلىق تەسۋىرنى يېزىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم. «مەمەت ئاۋاق» نى تۈگەتكەندىن كېيىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»غا ئۆتتۇم. بۇ ئەسەرنى تاللىشىمغا ئۆمەرجاننىڭ: «يازغۇچى بولۇشنى ئويلىغان ئادەم ‹قىسسەسۇل ئەنبىيانى›نى ئوقۇمىسا بولمايدۇ» دېگەن گېپى تۈرتكە بولغانىدى. ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆمەرجاننىڭ گېپىگە چىنپۇتتۇم. رەبغۇزىنىڭ تىل ئىشلىتىش، بايان ۋە ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇش، سۆز كىرمىگۈدەك دەرىجىدە جىپسىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ماھارىتى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ «يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال تىل ئۇستىسى بولۇش كېرەك ئىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەل ئەدىبلىرىدىن سىتېندال، مۇپاسسان، كافكا، ھېمىڭۋاي، ئالبېرت كامۇس، چىڭغىز ئايتماتوف، گارسىيە ماركوز، سىدنىي شېلدون، نەجىب مەھفۇز، ئېھسان ئابدۇقۇددۇس، كەرىمە نادىر، تاگور، كىلسىن ناندا، رىشات نۇرى گۈنتېكىن، رادى پىش، ۋ.گ. يان، دوستىيوۋسكى، تولستوي، شولوخوف، ئابدۇللا قادىرى، ئادىل ياقۇبوۋ، پىرىمقول قادىروف، يۇسۇپ ئىلياس؛ جۇڭگو ئەدىبلىرىدىن ۋاڭ مېڭ، جاڭ زېلۇڭ، گاۋ شاۋشىڭ، چېن رۇڭ، ئالەي، لو ياۋ، جيا پىڭئاۋ، مويەن، يېشىن ۋە ئۇيغۇر ئەدىبلەردىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، نۇرمۇھەممەت توختى، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنى تېپىپ بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا بولۇپ، ئەسەرلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا رۇس، فىرانسۇز ۋە قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر

پىروزىچىلىقىغا بەك يېقىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

— ھەربىر يازغۇچىنىڭ بىر ياكى ئىككى پارچە ئەسىرىنى ئوقۇسىڭىزلا بولىدۇ. شەرت: ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىشقا بولىدۇ، لېكىن چوقۇنۇشقا، مازار غوجام قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. چەكتىن ئاشقان قايىللىق چوقۇنۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. چوقۇنۇش تەبىئىي يوسۇندا ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى بوغۇپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. سىز پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىڭىزلا بولۇشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىز قايىل بولغان بىرەر يازغۇچىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ئۆمەرجان ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئوقۇپ بولۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى كەلگەندە كەسكىن قىلىپ، — ھازىرقى ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر بۆلەك ياشلار بار، ئۇلارنىڭ تىل سەۋىيەسى يۇقىرى، خەنزۇ ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاستە كۆرۈپ پايدىلىنالايدۇ. لېكىن، ئۇلاردىن بىر قىسىملىرىنىڭ تاللىغان يولى ۋە مېتودى توغرا ئەمەس، ھە دېگەندە ئۆزى پىششىق بىلىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە چەت ئەل يازغۇچىسىنى مازار غوجام قىلىپ تىكلىۋېلىپ، شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆلچىمى ۋە قىممەت قارىشى بويىچە باشقىلارغا باھا بېرىدۇ. ئانا تىلدا سىڭىشلىك ئەسەر يېزىۋاتقان ياشتا چوڭ يازغۇچىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. باشقىلارنى قارىقويۇق كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇش بىلىملىك ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. يازغۇچى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. ھەربىر يازغۇچىنىڭ ياشىغان دەۋرى، شۇ دەۋرنىڭ تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىسى ئوخشىمايدۇ، ئادەملىرىمۇ ھەم شۇنداق. بىز 21 ـ ئەسىردىكى ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر يازغۇچىدىن ئالبېرت كامۇستەك ئۇسۇل ۋە مەۋقەدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالساق؛ كاكچا، سامسا ۋە گۆشگىردىگە ئادەتلەنگەن خەلقنى پىسا قاتلىمىسى بىلەن

هامبۇرگ بولكىسى يېيىشكە قىستىساق بولمايدۇ. مېنىڭچە، پىروزا ئەسەرلىرىدە ۋەقەنىڭ بولۇشى جىنايەت ئەمەس. شۇنىڭدەك ئەسەرنى نوقۇل ھالدىكى ۋەقەلىك دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئادەم تەن بىلەن روھنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە تەننىڭ ھەرىكىتىمۇ بولۇشى، روھىمۇ بولۇشى لازىم. ئەڭ ياخشىسى ئىككى تەرەپنى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇش لازىم ...

ئۆمەرجاننىڭ كىتاب ئوقۇش دائىرىسىلا ئەمەس، نەزەر دائىرىسىمۇ كەڭ ئىدى. قايسى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدىن سۆز ئاچسام، شۇنىڭغا گەپ قاتالايتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئەدەبىيات جەھەتتىكى مول بىلىمى ۋە كۆيۈمچانلىقى بىلەن ساۋاقدىشىمغا ئەمەس، تەلەپچان مۇئەللىمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام، پىكرىم ئېچىلىپ، جېنىم يايراپ كېتەتتى. ئۇ ئىلىمدىكى تەلەپچانلىقى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سەمىمىيلىكى بىلەن مەردان قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇقنى قىسمەن تولدۇرۇپ، ھاياتىمغا مەنە ئاتا قىلىپ كېلىۋاتاتتى ...

— ئەسەر ئوقۇشىڭىز مۇشۇنچىلىك بولسا بولار، — دېدى ئۇ بىر كۈنى كۈتۈپخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، — ئەدەبىيات كەڭ دائىرىلىك ئىلىم. ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىز بەش ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەدەبىيات تارىخى بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ، يېزىقچىلىق ماھارىتى ھەققىدە ئەمەلىي ھاسىلاتقا ئىگە بولدىڭىز. كىتاب ئوقۇيمەن دەپ تەتىلدە ئۆيىڭىزگىمۇ قايتمىدىڭىز. بۇ روھىڭىزدىن بەك تەسىرلەندىم.

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

— بىزدە سىزدەك ئىرادىلىك قىزلار ئاز تېپىلىدۇ جۇمۇ.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت.

— ئۆيدىكىلەر تەتىلگە قايتمىغىنىڭىزدىن رەنجىپ قالمىغاندۇ؟

— تەتىلدە دادامنى يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم.
ئۆمەرجاننىڭ ئويچان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.
— دادام بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم، كىتابنىمۇ ئوقۇۋالدىم، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇۋالدىم، دەڭ، يەنىلا سىز ئەقىللىك ئىكەنسىز.
— بەربىر پىراكتىكىغا يۇرتقا قايتىمەن ئەمەسمۇ، شۇڭا مەن قايتماي دادامنىلا ئەكېلىۋالدىم. دادام بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن ئادەم. بۇ يىل ئاتمىش ئۈچكە كىردى، مۇشۇ يېشىغىچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋىلايەت مەركىزىگىمۇ بېرىپ باقمىغان. بىزنىڭمۇ ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇرۇمچىدىن بىر كەتسەك يەنە كېلىش پۇرسىتى بولامدۇ، بولمامدۇ، بۇنىسى نائېنىق، شۇڭا تەتىلدە يېنىمغا ئەكېلىپ ئوتتۇز تۆت كۈن تۇرغۇزدۇم. دادام يۇرت كۆرۈپ كۆزى ئېچىلدى، مەن دادا باغرىغا قېنىۋالدىم، خاتىرجەم كىتاب ئوقۇۋالدىم.
— نەدە تۇردۇڭلار؟
— مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى كوچىدىن ئۆي ئىجارە ئالدۇق.
— بەلەن قىپسىز. دادىڭىز بەك خۇش بولدى ھەرقاچان؟
— ئۇنى بىر دېمەڭ، — مەن كۆكسۈمگە تولدۇرۇپ نەپەس ئالدىم، — ئۇرۇمچىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى ئايلىنىۋېتىپ ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى.
— بالام، مۇشۇنچىۋالا بىنانىڭ ھەممىسىدە ئادەم بارمۇ؟ ئادەم شۇنچە جىق، لېكىن ھېچكىم يەر تېرىمايدىكەن، قوي - كالا باقمايدىكەن، لېكىن يەيدىغىنى ئۆكسۈمەيدىكەن، بازاردا توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدىكەن، نازۇنېمەتلەرنىمۇ زاۋۇتتا ياسامدۇ؟ ئۆيلەردىن چىققان يۇندى - تەرەتلەر نەگە كېتىدۇ؟ ... دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى. دادام چىقىشقاق ئادەم ئىدى، شۇڭا ھەپتە ئۆتمەي كوچىدىكى مويسىپىتلاردىن بىرنەچچە دوست تېپىۋاپتۇ،

كېيىنكى كۈنلەردە ماڭىمۇ تەگمەي قالدى ...

— مۇنداق دەڭ.

ئۆمەرجان جىم بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدۇم.

— سىز بەك ياخشى قىپسىز، مەن ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىشنىلا بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا سەل قاراپتىمەن. مەن يارىماس ئىكەنمەن، ماڭا قارىغاندا سىز يەنىلا ئەتراپلىق ئويلايدىكەنسىز.

قىلغان ئىشىمدىن كۆرەڭلەپ ئۆمەرجاننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغاندىم. ئۆزۈمچە بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ئۆمەرجان تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تاماكىغا بەك ئۆگىنىپ قالغاندى، قولىدىن تاماكا چۈشمەيتتى.

— پىراكتىكىنى نەدە قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟

— فاكۇلتېت قوشۇلسا، يۇرتۇمدا قىلايمىكىن دەۋاتىمەن. سىزچۇ؟

— مەنمۇ شۇ.

ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى.

— پىراكتىكىغا مېڭىشقا يەنە ئون بەش كۈندەك ۋاقىت بار ئىكەن، — دېدى ئۆمەرجان جىددىي قىياپەتتە، — ئىمتىھانغا چۈشۈپ كەتسەك پاراڭلاشقۇدەك ۋاقىت چىقىشى تەس، شۇڭا بەزى گەپلەرنى دېيىشىۋالساق ...

يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. مەن بىلەن دېيىشىدىغان قانداق گەپ بار بولغىيدى ئەمدى؟ تۇرۇپلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. سۆيگۈ ئىلتىماسى قىلماس ـ ھە؟ مەن ئىلگىرى ئۆمەرجاننىڭ يەر تېگىدىن مەنىلىك قاراشلىرىدىن، ئېغىر تىنىشلىرىدىن بەزى ئىشلارنى سەزگەنىدىم ھەمدە ئىنسانغا خاس ئاجىزلىقلىرىم تۈپەيلىدىن بولمىغۇر خىياللارنىمۇ قىلىپ ئۈلگۈرگەن — مەردان بىلەن ئۆمەرجاننى سېلىشتۇرۇپ ئۇھ تارتقان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. مەردان شوخ، ئوچۇق، لېكىن بىپەرۋا؛ ئۆمەرجان ئىچ

مجەز، بىلىملىك، ئادەمگە كۆيۈنۈشنى بىلىدۇ، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرسە ... مەن بۇ خىيالىمدىن ئۆزۈمچە ئۆيلىپ، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەنىدىم. ئۆمەرجان بىلەن دائىم بىللە يۈرگىنىمىزدىن خەۋەر تاپقان كامىلە مەنىلىك قىلىپ: «قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا دوستلۇق بولمايدۇ، سەن ئۆمەرجان بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كەتمە. سەن دەردىڭنى كىتابتىن ئېلىپ بەخىرامان يۈرگىنىڭ بىلەن مەردان تۇگىشىپلا كېتىۋاتىدۇ. ئۆيىدە كۈندە جېدەل، ئىدرىس بىلەن ھەر كۈنى ئىچىدۇ، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى ئۇ بىچارە، ھازىر كۆرسەڭ تونۇيالمايلا قالىسەن ... شۇڭا دىققەت قىل، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايا، ئۇنىڭغا پۇرسەت بەر. مۇمكىن بولسا تېلېفون قىلىپ، كۆڭلىنى ياساپ قوي. ئۇ ساڭا يامان قىلمىغان ... دېگەنىدى. مەنمۇ كامىلەنىڭ دېگىنى بويىچە ئىلاج بار ئۆمەرجاندىن ئۆزۈمنى تارتقان بولسامۇ، لېكىن مەرداننىڭ تېلېفونىنى ئېلىشنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنىدىم. سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي: ھەممە دېيىلىدىغان، لېكىن كۆپ قىسمى ئەكس يۈنىلىشى بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان بۇ دۇنيادا «ھايۋان تۈرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن» ياشىمىسا بولمايتتى. مەن مەرداننىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆزۈمنى يەنە ئالدىسام بولمايتتى. راست گەپنى قىلسام، مەردان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشۇم مارسقا يالاڭ ئاياغ چىقىشتىنمۇ تەس ئىش ئىدى ...

مەن تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئۆمەرجاننىڭ تاماكا چوغى يورۇقىدا جىددىي تۈس ئالغان چىرايىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدۇم. مەن ئۆمەرجانغا قايىل ئىدىم، قەرزدار ئىدىم. ئۇنى ياقتۇراتتىم، ھۆرمەتلەيتتىم. ئەگەر قەلبىمگە يەنە بىر ئادەمنى سىغدۇرۇش مۇمكىن بولسا، ئىككىلەنمەي ئۇنى تاللىغان بولاتتىم. لېكىن ... مەردان قەلبىمنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالغانىدى، ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانىسى بىلەن

ئاچىسى ئارا تۇرۇۋالمىغان بولسا، مۇنداق ئېغىر كۈنلەرگىمۇ قالمىغان بولاتتۇق. مەن هازىرقى قىيىن ئەھۋالدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆمەرجاننىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدىسام بولمايتتى. ناتىۋان قەلبىم يەنە بىر قېتىملىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى ... مەن ئۇنىڭ مەندىن سۆيگۈ ئەمەس، باشقا ھەرقانداق نەرسە، ھەتتا بىر يۈرىكىمنى تەلەپ قىلسىمۇ بېرىشكە تەييار ئىدىم. سۆيگۈ تىلىكىنىڭ ئىلىكسىز قېلىپ دوستلۇقىمىزغا تەسىر يېتىشىنى خالىمايتتىم.

ئۆمەرجانمۇ نىيىتىمنى بىلىپ قالغاندەك ئىدى، ئىدىيەسىدە كەسكىن توقۇنۇش بولۇۋاتقانلىقىنى مەنمۇ بىلىپ تۇراتتىم. شۇڭا، ئۇ بىردەم ئۈنسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ياداڭغۇ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سۆز باشلىدى:

— يەنە شۇ ئىجادىيەتنىڭ گېپى، — دېدى ئۇ يېنىمىزدا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان بالىلارغا بىزارلىق تۈيغۇسىدا قاراپ قويۇپ، — قارىغاندا ئىككىمىزگە مۇشۇ ساھەنىڭ سىرتىدا پاراڭلىشىش نېسىپ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

يۈرىكىم سەل ئىزىغا چۈشتى، مەن «مېنى كەچۈرۈڭ» دېگەن مەنىدە يەر تېگىدىن قاراپ قويدۇم.

— سىزگە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ئۈچ پارچە كىتاب تەييارلاپ قويدۇم.

— رەھمەت.

— ئىككىسى چەت ئەلنىڭ، بىرسى خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرى-نىڭ. مۇشۇ كىتابلارنى ئوقۇپ ئوبدان ھەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىدىن قولىڭىزغا قەلەم ئالسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭ دەرسىمىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئۆمەرجان باشقا ياققا قارىۋالدى. مەن يۈرىكىمنى بىر قارا قول سۇغۇرۇۋالغاندەك بىئاراملىق تۈيغۇسىدا ئۆمەرجانغا ئۇمتۇلدۇم. كۆزۈمنىڭ مىلىك يېرىدىن ياش قاينايتتى. مەن ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىشلار تۈپەيلىدىن يىقىلغاندا يۆلەك بولغان بۇ

مېھرىبان «ئۇستازىم»نىڭ مەرھەمەتىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايتتىم.

— مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ئوقۇغۇچى بولۇشنى خالايمەن، مېنى ئوتتۇرا يولدا تاشلىۋەتمىسىڭىز بولمايدۇ.

مەن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۆمەرجان يۈزىنى مەندىن ئەپقېچىۋېتىپ، — تارىختىن بۇيان قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا مەڭگۈلۈك دوستلۇق بولغان ئەمەس. باشلانغان ئىش ئاخىرلاشماي قالمايدۇ. مۇھىمى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى ... ئىجادىيەتتە نەتىجە قازانسىڭىز مەن سىزدىن خۇش، ئۇنىڭدا مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەم بولغان بولىدۇ ...

— سىز؟

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ. خوش، ئامان بولۇڭ!

ئۆمەرجان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىمچە يول ياقىسىدىكى رېشاتكىغا يۆلىنىپ قالدىم.

## 5

فاكۇلتېتتىن تەييارلاپ بەرگەن ئالاقىنى ئېلىپ ئۇدۇل يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئالدىغا كەلدىم.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— نېمە ئىشىڭىز بار؟

كەتمەن دەستىسى ئۇزۇنلۇقىدىكى قارا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ئىككى نەپەر ئامانلىق ساقلىغۇچى يەردىن ئۈنگەندەكلا يېنىمدا پەيدا بولدى. ئامانلىق ساقلىغۇچىنىڭ بىرسى ئورۇق، ئېگىز بولۇپ، ماش رەڭ تۆمۈر قالپىقى ئۇچلۇق بېشىغا چوڭ كېلىپ قالغانىدى. يەنە بىرسى پاكار، توپتەك سېمىز بولۇپ، ئىشتىنى

دوۋسۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ تەلەتى سۆرۈن، دىمىقى ئۈستۈن بولۇپ، قىلىدىن قىيىق كەتسە، قولىدىكى كالتەك بىلەن بېشىمغىلا سالىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئورنۇمدا چىپپىدە توختىدىم.

— جاڭ شۈجىنى ئىزدەيتتىم.

— كىمنى؟ — سېمىز ساقچى چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

جاڭ شۈجىنى !

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

— ئۇنداق ئادەم يوق.

— تۆت يىل بۇرۇن يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۈجىسى ئىدى ئۇ كىشى.

— سىزنىڭچە، تۆت يىل بۇرۇن شۈجى بولغان ئادەم ھېلىغىچە يېزىدا سۆرىلىپ يۈرەرمۇ، سىڭلىم؟ — ئورۇق ساقچى ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، — جاڭ شۈجى شۇ يىلىلا ئۆسۈپ كەتكەن، ھازىر ناھىيەنىڭ بىر ئىدارىسىدە چوڭ باشلىق. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ شۈجى دەپ بىرسى كەلگەن، ئۇمۇ ئۆسۈپ كەتتى. ھازىرقى شۈجىنىڭ ئىسمى تاڭ شۈجى، چېن مۇئاۋىن شۈجى دەپ يەنە بىرسىمۇ بار.

— ھە ...

مەن جىم بولۇپ قالدىم. ئەينى يىلى جاڭ مۇئاۋىن شۈجى دېگەن كىشى يېزىلىق پارتكومنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن باللارغا ياردەم بېرىش ھەققىدىكى قارارىنى يەتكۈزگەندە: «ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن يېزىغا كېلىپ خىزمەت قىلىش» شەرتىنى قويغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ مەندىنمۇ بەك ھاياجانلانغان بولۇپ، ھازىرلا شورپا ئىچكەندەك پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايىدىن بىر خىل سەممىمىيەت چىقىپ تۇراتتى. مەن شۈجىنىڭ سەممىمىيىتىدىن تەسىرلىنىپ نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ۋەدە بەرگەنىدىم. تۆت يىلدىن بېرى بۇ ۋەدەمنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمدىن چىقارمىدىم. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ سىنىپتىكى

بالىلار ئىش ئىزدەشكە باشلىدى. كۆپ سانلىق باللارنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىش ئارزۇسى بار ئىدى. ماڭا نەشرىياتتىن رەسمىي چاقىرىقنمۇ كەلگەندى، ۋەدەمنى دەپ چاقىرىقنى چىرايلىق رەت قىلغانىدىم.

— سىدىق شياڭجاڭچۇ؟ ئۇ كىشىغۇ ئۆسۈپ بىر يەرگە كەتمىگەندۇ؟

سېمىز ساقچى ئورۇق ساقچىغا قارىدى.

— سىدىق جۇرېن بولمىسۇن يەنە؟

— شۇ چاغدا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئىدى.

— ئۇ كىشى بار، ھازىر دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى.

— شۇنى ئىزدەي ئەمىسە.

— كىملىكىڭىزنى چىقىرىپ تىزىملىتىڭ.

مەن كىملىكىمنى ئېلىپ ئالدىمغا قويۇلغان جەدۋەلنى تەپسىلىي تولدۇرۇشقا باشلىدىم. ئورۇق ساقچى مىختەك تىكىلىپ تۇردى. خىزمەت ئورنى دېگەن يەرگە «M ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى» دەپ يېزىۋىدىم، سېمىز ساقچى ئورنىدا تۇرالماي قالدى.

— سىز M ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلامسىز؟

— ياق، ئوقۇيمەن. يەتتىنچى ئايدا ئوقۇش پۈتكۈزىمەن.

— ھىم.

— مەن ياقائىرىق كەنتىدىن، ئەخمەتاخۇننىڭ قىزى.

ساقچىلار بېشىنى چايقىدى.

— تونۇمايدىكەنمىز.

— ئەمدى كىرسەم بولار؟

— بولىدۇ، سول قول تەرەپتىكى بىنانىڭ چېتىدىكى ئىشخانا.

مەن ساقچىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەڭ چەتتىكى بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئىشىك ئوچۇق ئىدى. مەن كارىدوردا بىردەم تۇرۇپ يۈرىكىمنى سەل توختىتىۋالغاندىن كېيىن

ئىشىكتىن بويۇنداپ قارىدىم. سىدىق شىياڭجاڭ ماتېرىيال رەتلەۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ كىرىش ئىشارىسى قىلدى.
— ئەسسالا مۇئەلەيكۇم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.
— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — سىدىق شىياڭجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سافانى ئىشارە قىلدى.
مەن سىدىق شىياڭجاڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سافاغا كېلىپ ئولتۇردۇم. سىدىق شىياڭجاڭ نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، دېگەن مەنىدە ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ مېنى تونۇمىغانلىقى ئېنىق ئىدى، شۇڭا ئاۋۋال ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم.
— مەن ياقائېرىقتىكى ئەخمەتاخۇننىڭ قىزى، ئىسمىم بەختىگۈل، ياق بەختىخان.
سىدىق شىياڭجاڭنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. يىللار بۇ تىنىمسىز ئادەمنىڭ يۈزىگىمۇ يول - يول قورۇقلارنى سىزىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئەينى چاغدا بۇ كىشى مائارىپقا مەسئۇل ئىدى، گېپى ئوچۇق، ئاچچىقى يامان بۇ ئادەمدىن ھەممەيلەن تەپ تارتاتتى.
— سىز ... — سىدىق شىياڭجاڭ پېشانىسىنى سىلىدى، — تۆت يىل بۇرۇن يېزىمىزدىن تۇنجى بولۇپ M ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن قىز سىز بولماڭ يەنە ...
— مەن شۇ، — مەن شۇنداق دەپ ئورنۇمدىن قىمىرلاپ قويدۇم.
— شۇ چاغدا ئوقۇش پۇلىنى غەملىيەلمەي تەڭلىك تارتىۋاتقاندا سىلى جاڭ شۇجى دېگەن كىشى بىلەن ئۆيىمىزگە كېلىپ ئۈچ مىڭ كوي بەرگەن. شۇ پۇلنى خېمىرتۇرۇچ قىلىپ ئوقۇشۇمنى تاماملىۋالدىم.
— ھە ... ئېسىمگە كەلدى، شۇنداق بىر ئىشلار بولغان. ئۇ چاغدا سىز كىچىك بالا ئىدىڭىز، ھازىر بوي تارتىپ چوپچوڭلا بىر قىز بولۇپ قاپسىز.

www.uyghurkitap.com

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

— ئوقۇشىڭىز تۈگىگەندۇ؟

— يەتتىنچى ئاينىڭ بېشىدا تۈگەيدۇ. ھازىر پىراكتىكىغا كەلدىم.

— پىراكتىكىنى نەدە قىلىۋاتىسىز؟

— ئۆيگە تونۇگۈن كەلگەن، يېزا تەۋەسىدە مۇۋاپىق ئورۇن بولسا، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئالدىلىرىغا كېلىشىم.

— ھىم ...

سىدىق شياڭجاڭ لاسسىدە بولۇپ قالدى.

— ئۆزىڭىز يالغۇز.

— شۇنداق.

— قانداقراق ئورۇندا پىراكتىكا قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— مەن ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان، — دېدىم مەن ئالاقىنى سىدىق شياڭجاڭغا سۇنۇۋېتىپ، — قانداق ئىش بولسا بولىۋېرىدۇ. مەكتەپتە پىراكتىكا قىلسام تېخى ياخشى، ئۆزۈمنىڭمۇ كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار.

سىدىق شياڭجاڭ ئالاقىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئىشىككە قاراپ قويدى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، سىڭلىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بۇرۇنقى چاغلار بولغان بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولاتتىم. ھازىر مەن دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ... — ئۇ ئۆزىچە بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى، — شۇنداقتىمۇ ئامالىنى قىلاي.

— رەھمەت، يەنە سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — مەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ئاۋارىچىلىك ئەمەس، — دېدى سىدىق شياڭجاڭ ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ھازىرچە تېلېفون نومۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، ئەتە جاۋابىنى قىلاي.

مەن تېلېفون نومۇرۇمنى دەپ بەردىم. سىدىق شياڭجاڭ ئالاقە قەغىزى ئۈستىگە خاتىرىلىۋالدى.

— ئەمىسە خوش، ئەخمەتكامغا مەندىن سالام دەڭ.

سىدىق شياڭجاڭ ئورنىدىن تۇردى. مەن خوشلىشىپ تالاغا قاراپ ماڭدىم ...

... ...

ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن سىدىق شياڭجاڭدىن تېلېفون كەلدى.

— ۋەي، بەختىخانما؟

— مەن شۇ.

— پىراكتىكا ئىشىڭىزنى سۆزلىشىپ قويدۇم.

ۋۇجۇدۇم بىر خىل ئىللىق سېزىمدە لەرزىگە كەلدى.

— ئوتتۇرا مەكتەپتە پىراكتىكا قىلىدىغان بولدىڭىز.

— رەھمەت.

— شۇغىنىسى ...

مەن جىددىيلىشىپ تۇرۇپ قالدىم.

— گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، — سىدىق شياڭجاڭ گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى، — مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىغاچقا، تۇرمۇشىڭىزغا قارىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. دېمەكچىمەنكى، سىزگە ھەق بېرەلمەيدىكەن، ياتاق، تاماقنى ئۆزىڭىز ھەل قىلىدىكەنسىز.

— ماڭا پىراكتىكا قىلغۇدەك ئورۇن بولسىلا بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەلەيمەن.

— ئەمىسە ئەتە چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپكە بېرىپ ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ. مۇدىرغا دەپ قويدۇم، سىزگە دەرس ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

— رەھمەت.

... ...

ئەھۋالنى دادامغا دېۋىدىم، دادام مەندىن بەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— سىدىق شياڭجاڭغا رەھمەت، ياراتقان ئىگەم بۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلغاي، — دادام يۈزىنى سىيپاپ قويدى، — شۇغىنىسى ئۆي بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا قاتناپ بەك جاپادا قالىدىغان بولدۇڭ، بالام.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم مەن دادامنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، — مەن ماڭىمىغان يولمىدى ئۇ. بىز تارتقان جاپالار ئالدىدا يول جاپاسى ھېچنېمە ئەمەس. ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئالسام، سومكامنى كەينىگە ئارتسام، غىر - غىر قىلىپ بىردەمدىلا مەكتەپكە بېرىپ بولىمەن.

مەن ۋېلىسىپىتنىڭ يورغىلىشىنى دورىدىم، دادام شوخلۇقۇمدىن كۈلۈپ كەتتى.

— پۇلۇم بولغان بولسا، موتو ئېلىپ بېرەتتىم، بالام.

— ئۇنداق نىيىتىڭىز بولسا، قەرز بېرىپ تۇرسامۇ بولىدۇ.

— شوخلۇقىنى.

— بىراقلا موتولا ئالايلىمۇ يا، دادا؟

— پۇلۇڭ بارمۇ؟

— بار.

— جېنىڭ ئاغرىمايدىغان ئىش بولسا، شۇنىلا ئاله، بالام، چىقىمنى ئىككى قىلماي.

— مەن موتو مىنسەم، ئۆينى نېمە بىلەن سالىمىز، چىرايلىق دادا؟

مەن ھويلىمىزغا تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان خىش - تاش، سېمونت، پولات چىۋىقلارغا قاراپ قويدۇم. دادام شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ جىم بولۇپ قالدى.

— بۇ غەممۇ بار ھە بېشىمىزدا.

— غەم ئەمەس، ياخشى ئىش، — دېدىم مەن دادامنى

خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ـــ ئۆي سېلىش ئىجازىتىنى بەرگەن ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن باشقىسىنىمۇ بېرىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ !
ـــ دېگىنىنى كەلگەي.

مەن تېشىمدا ھېيت ئويىنىغىنىم بىلەن ئىچىم ئاچچىققا تولغانىدى. دادامغا قاراڭغۇ بولغىنى بىلەن ماڭا بەش قولدەك ئايان، «ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى» نامى بىلەن ئائىلىمىزگە كەلگەن بۇ كۇتۇلمىگەن ئامەتنىڭ كەينىدە ئادەم بار، كۆرۈنمەس مۇددىئا ـ مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان. ئۇ مېنىڭ مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە كۆرسەتكەن «مەردانىلىقىم»غا بېرىلگەن سوۋغات. ئوغا ئارىلاشتۇرۇلغان بىر چىنە چىرايلىق شەربەت ! شۇڭا، ئامەت ئەمەس، بەلكى ئاپەت ! نومۇس قىلغۇدەك، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغۇدەك ئاھانەتلىك ئىش. بۇنى ئويلىسام، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ. كەنت مۇدىرى ئوقتۇرۇپتۇ: ئۆگۈنلۈككە قۇرۇلۇشچى كېلىدىكەن ... دادام ئىش ھەققىگە بەرگۈدەك پۇلۇم يوق، دېگەنىكەن، مۇدىر كۈلۈپ قويۇپ:
ـــ سىلىنىڭ ئەھۋاللىرى ئالاھىدە، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىغا كەنت مەسئۇل، سىلىدىن بىر سېنىت چىقىم كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇش بار، ئۇزۇمىنى يەپ، سېپىنى سورىمىغايلا، ـــ دەپتۇ.

ئېنىقكى، مەردانىنىڭ ئانىسى ھەممىنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. شۇ ئارقىلىق مېنى گېپىمدىن تانالماس، ۋەدەمدىن يانالماس قىلىۋەتمەكچى.

ئىككى ئىنىم سەھرا تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلاردىن ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تېلېفون كېلىدىكەن، بىر ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۆگەي دادام ھەققىدە ھازىرغىچە خەۋەر يوق ئىكەن. ئانامنىڭ كەيپىياتى سۇس، روھى سولغۇن، كۆرۈشمىگەن يەتتە ئاي جەريانىدا ئون ياش قېرىپ كېتىپتۇ. چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ، شامالدا ئىرغاڭلاپ قالغان قېرى جىگدىگىلا ئوخشاپ كاپتۇ. ھازىر

www.uyghurkitap.com

كۈنلىرىنى جايىناماز ئۈستىدە توۋا ـ ئىستىغپار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى كەچۈرەلمىدىم، باغرىنى يېرىپ چىققان قىزى ئورنىدا كۆڭلۈمنى بېرەلمىدىم. ئۇ ھازىرمۇ ماڭا يەر تېگىدىن ئۈمتۈلۈپ قارايدۇ، گۇناھ تۇيغۇسىدا تۇنجۇقۇپ قالغان بىچارە كۆزلىرى مەندىن كەچۈرۈم تىلەيدۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ ...

## 6

— ئەھۋالىڭىزدىن خەۋىرىم بار، — دېدى ياش مۇدىر ئاغزىمنى ئۈمەللەپ بولغۇچە ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ، — خەلىچىخان مۇئەللىمنى ئىزدەڭ، شۇ سىزگە دەرس ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مۇدىر چىرايىمغىمۇ قارىماستىن چاپىنىنى قولىغا ئالدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم.

— ھوي!

تاغ گۈمبۈرلىگەندەك ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. مۇدىرنىڭ ئاق سېرىق چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى. ۋايتوۋا، مۇنچىۋالا چالۋاقاپ كەتكۈدەك نېمىنى خاتا قىلغاندىمەن؟ ئۆزۈمچە قورقۇپ ئارقامغا ياندىم.

— نېمانداق گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا سەن، — مۇدىرغا يەر تېگىدىن قارىدىم، مۇدىر تېلېفوندا بىرسىگە تەنبىھ بېرىۋاتقانىكەن، يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشتى، — ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم، تېلېفونۇڭ يىگىرمە تۆت سائەت ئوچۇق تۇرسۇن دەپ.

قارشى تەرەپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

— تېلېفونۇڭ ئوچۇق بولسا، نېمىشقا ئۇلانمايدۇ ئۇ بىرنېمەڭ؟ قاچانلا تېلېفون بەرسەم مۇنداق نومۇر مەۋجۇت

ئەمەس، دېگەن گەپلا چىقىدۇغۇ؟!

— مانا مەن، — يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر يىگىت ئىشخانا ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى، — مەن ئەتىگەندىن بېرى ئىشخانىڭىزنىڭ ئالدىدا!

مۇدىر تېلېفون كۆزنىكىگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى. شوپۇر يىگىت گەپ قىلماستىن مۇدىرنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى.

— يەنە نېمە گەپ؟ — مۇدىرنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى، چوققامدىن كىرگەن بىر قورقۇنچ تاپىنىمغا كېلىپ توختىدى، پۇت - قولۇم بوشىشىپلا كەتكەنىدى. مۇدىرنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلىپ سالسام، ساغرامغا تېپىپ يەيدىغاندەكلا قىلاتتىم، شۇڭا گەپ قىلماستىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم ...

نېمانداق سەپرا ئادەم بۇ؟ تۇرۇپلا خورلۇق ھېس قىلىپ قالدىم. ئىشخانىسىغا كىرسەم ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدى، گېپىمنىمۇ تولۇق ئاڭلىمىدى، ھەتتا چىرايىمغا قاراپمۇ قويمىدى. بۇنى ئاز دەپ «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، ئېڭىكىنى ساقال باسقان چوپچوك بىر يىگىتنى كۆز ئالدىمدا ئۇچۇقداپ ئېشەكتىن چۈشكەندەك قىلىۋەتتى ...

بەدىنىم مۇزلاپ كەتكەنىدى. مەن ئىشخانا ئالدىدىكى سەينادا چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك گاراڭ ھالەتتە خېلى ئۇزاق تۇردۇم. بىر چاغدا قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئىشىك - ئىشىكلەردىن بالىلار چىقىشقا باشلىدى. بالىلارنىڭ ئۇستىبېشى يېڭى، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئۇزايىدىن خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. گەپ قىلىپ ھارمايتتى، بىر - بىرىنى قوغلىشاتتى، قىن - قىنىغا پاتماي ۋارقىرىشاتتى، تۇكىنى تارتقان ئۆچكىدەك غەيرىي ئاۋازدا قىرقىرىشاتتى ...

— مۇدىر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

خەلىچىخان مۇئەللىمنى كۆرۈپ پۇت - قولۇمغا قايتىدىن جان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىردى.

— كۆرۈشتۇم.

ئاۋازىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالمىدىم.

— قەدىمىڭىزگە مەرھابا، — خەلىچىخان مۇئەللىم مېنى يېنىك قۇچاقلىدى، — ئەتىگەن دەرسىم بولۇپ قالدى، بولمىسا سىزنى مۇدىرنىڭ قېشىغا ئۆزۈم ئەكىرەتتىم.

ئاغزىمنى ئاچسام ىلا يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم. شۇڭا، گەپ قىلماي جىم تۇردۇم. خەلىچىخان مۇئەللىم كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالدى.

— ئىشنىڭ بىسمىللاسىدا كۆڭلىڭىزگە تېگىپتۇ ھە بۇ ئەنتەك؟ — دېدى خەلىچىخان مۇئەللىم مېنى سۆگەتلىك ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا شەرەتلەپ، — ئۇ كىشىنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق قوپال، ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك گەپ قىلىدۇ، چوڭ ـ كىچىك دېمەي ھەممىگە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ۋارقىراپلا يۈرىدۇ. لېكىن، كۆڭلى ياخشى، كىشىگە يامانلىقى يوق، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ كېتىسىز، خۇددى تۇگمەندە چوڭ بولغان چاشقان تاراق ـ تۇرۇققا كۆنۈپ قالغاندەك ... — خەلىچىخان مۇئەللىم زورلاپ كۈلدى.

— شۇنداقتىمۇ ...

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى خەلچىخان مۇئەللىم چېچىمنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، — خىزمەت ئىشى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا ئوخشىمايدۇ، بەك نازۇك بولۇپ كەتسەك، جان توشۇمايدۇ. شۇڭا، ئەمەلىيەتچىل بولۇڭ، بەزى گەپ ـ سۆزلەرگە ئارتۇقچە ئېرەنشىپ كەتمەڭ. دەرسنى ياخشى ئۆتۈپلا بەرسەك، قالغىنى خۇداغا ئامانەت، ھەممە ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ. باشلىقلار ۋارقىرايدۇ، بىز ئاڭلايمىز. بۇ خۇددى «كۆۋرۈك» فىلىمىدا «سىز كۆۋرۈك سالىسىز، مەن پارتلىتىمەن» دېگەندەكلا بىر ئىش.

مەن خەلىچىخان مۇئەللىمنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك

تۇيغۇدا ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدىم. مۇئەللىمگە قېرىلىق يېتىپتۇ، تاش ئالمىدەك چىرايى تۈگۈلۈپ ئېرىگەن قوغۇنىدەك سولىشىپتۇ، چېكە چاچلىرى شالاڭلاپ، تېگى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئەڭ مۇھىمى تېنىلا ئەمەس، روھىمۇ قېرىپتۇ، ئىدىيەسىمۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىپتۇ. يىللار بۇ گىگانت ئۇستازنىڭمۇ قەددىنى پۈكۈپ، روھىنى شالاڭلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرۈپتۇ ...

— دەرسىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى خەلىچىخان مۇئەللىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىپەرۋا قىياپەتتە، — تولۇق بىرىنچى يىللىقتىكى ئۈچ سىنىپنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتىدىغان بولدىڭىز، ھەپتىسىگە بەش سائەتتىن جەمئىي ئون بەش سائەت!

— شۇنچە جىقما؟

خەلىچىخان مۇئەللىم كۈلدى.

— مەكتەپتە ئىشتات ئارتۇق بولغىنى بىلەن ئىشقا كېلىدىغانلار كۆپ ئەمەس، شۇڭا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت مىقدارى ئېغىر. ھەپتىسىگە ئۈچ - تۆت خىل تەييارلىق بىلەن يىگىرمە بەش سائەت دەرس ئۆتىدىغانلارمۇ بار. مېنىڭمۇ ھەپتىلىك دەرسىم يىگىرمە سائەتتىن كەم بولمايدۇ. بەزىدە بىرەر ئوقۇتقۇچى رۇخسەت سوراپ قالسا، ئوتتۇز سائەتكىمۇ بېرىپ قالىدۇ.

شۇ ئەسنادا قوڭغۇراق چېلىندى. مەيداندا ئويناۋاتقان بالىلار مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا سىنىپقا قاراپ مېڭىشتى.

— ھازىرقى دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى خەلىچىخان مۇئەللىم سىنىپقا يېقىنلاشقاندا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىنقى بىر مەزگىللىك دەرس ئىسلاھاتىدا «ئۇيغۇر تىلى» دەرسى بىلەن «ئەدەبىيات» قوشۇۋېتىلىپ، بىر دەرس قىلىۋېتىلدى. بىر خىل دەرستە ھەم بالىلارغا ئەدەبىياتتىن

بىلىم بېرىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىدىن ساۋاتقا ئىگە قىلىسىز. شۇڭا، ئاۋۋال بىر ھەپتە دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە كاللىڭىزدا سان تۇرغۇزۇۋېلىڭ، مېنىڭكىنى ئاڭلىسىڭىزمۇ، باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىنى ئاڭلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. كېلەر دۈشەنبىدىن باشلاپ دەرسكە كىرسىڭىز بولىدۇ.

مەن باش لىڭشىتتىم.

— ھازىرچە باشقا ئىشىڭىز يوقتۇ؟

— يوق.

— ئەمىسە سىنىپقا مەرھەمەت!

خەلىچخان مۇئەللىم ياقىدىكى سىنىپنى ئىشارە قىلدى. مەن كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈردۈم.

— مەكتەپ بىلەن ئۆيىڭىزنىڭ ئارىلىقى يىراق، قاتناپ خىزمەت قىلىسىڭىز بەك قىينىلىپ قالىسىز، — دېدى خەلىچخان مۇئەللىم ئىشىك تۈۋىگە چىقىۋالغان باللارنى سىنىپقا كىرىپ ئولتۇرۇشقا شەرەتلەپ قويۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى چاغلاردا كەنتمۇكەنت يۈرۈپ ئائىلە سۆھبىتى قىلىدىغان، نوپۇس تىزىملايدىغان، سىياسىي ئۆگىنىش قىلىپ تەسىرات يازىدىغان ئىش بار، كەچ قالسىڭىز ئۆيگە قايتىپ بولالمايسىز. تاپشۇرۇق تەكشۈرىدىغان ئىشمۇ خېلى ۋاقتىڭىزنى ئالىدۇ، شۇڭا خىزمەت ۋاقتىدا مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇڭ، مۇدىرنىڭ ئىنسابى كېلىپ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ قالسا، ياقائىرىقا بېرىپ ئەخمەتكامنى يوقلاپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

— مەن ۋېلىسىپىتلىق قاتناپ ئىشلەيمىكىن دىگەن تېخى.

خەلىچخان مۇئەللىم كۈلدى.

— ئىش جىق، جىنىڭىز تۈمۈردىن ياسالغان تەقدىردىمۇ قاتناپ ئىشلەشكە بەرداشلىق بېرەلمەيسىز.

— يەنە سىزنى ئاۋارە قىلامدىمەن؟

— ئاۋارىچىلىك ئەمەس، بەلكى مەن قىرىغا قىلىنغان غەمخورلۇق، — خەلىچىخان مۇئەللىم كۆزىگە لىۆمىمدە ياش ئالدى، — مەن بىر ئۆمۈر جىندەك يالغۇز ياشىدىم. مانا ھازىر قىرىدىم، چاچلىرىمغا ئاق كىردى، بىلىم مۈكچەيدى. ئەڭ مۇھىمى يالغۇزلۇق جېنىمغا پاتتى ... بىر مەزگىل يېنىمدا تۇرسىڭىز، مەنمۇ خۇش بولىمەن.

تۇرۇپلا خەلىچىخان مۇئەللىمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئايىسمە ئاچىنىڭ دەپ بېرىشىچە، خەلىچىخان مۇئەللىم ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ياسىنجان مۇئەللىم بىلەن مۇھەببەتلەشكەنىكەن، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا ياسىنجان مۇئەللىم مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنىپتۇ، لېكىن خەلىچىخان مۇئەللىمنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىشىغا ئۇنىماي جېدەل قىلىپ خوتەنگە ئەكېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېكىت قويۇلۇپتۇ ... ياسىنجان مۇئەللىم توي قىلىپ باللىق بوپتۇ، لېكىن خەلىچىخان مۇئەللىم نېمىشقىدۇر توي قىلىشقا زادىلا ئۇنىماپتۇ.

سىنىپقا كىردۇق. باللار ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. باللارنىڭ كۆزى مەندە ئىدى، مەن قىزىرىپ، تاتىرىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە كەينىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم ...

## 7

كۈنلىرىم ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. كۈندە ئۈچ ـ تۆت سائەت دەرس ئۆتۈش، دەرستىن چۈشۈپلا تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، ئائىلە سۆھبىتىگە بېرىش، يىغىن ئاڭلاش، سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىسى يېزىش، كەچتە بىر مەھەلگىچە دەرس تەييارلاش ... بېشىمنى قاشلىغۇدەكمۇ ئاراملىق يوق ئىدى. يېڭىدىن تۈزۈلگەن «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىنىڭ يۈكى يېنىكلەپ، ئوقۇتقۇچىغا قويۇلغان تەلەپ ئاشۇرۇلغاندى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمى يېتەرلىك بولمىسا، دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايتتى، شۇڭا كېچىلەپ ماتېرىيال كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

مەكتەپلەر يېڭىلاپ سېلىنغان، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىنمۇ سۈلكەتلىك، ئەسلىھەلىرى تولۇق، كىتاب، تاماق ھەقسىز، لېكىن بالىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى تۆۋەن. بەزى بالىلار ئايلاپ كىتابنى قولىغا ئېلىپ سالمايدۇ. گەپ قىلمىساڭ، ئۆزىنى بىلمەيدۇ. قاتتىقراق گەپ قىلساڭ، قىرىنى چىقىرىدۇ، ھەتتا ئىككى يېنىغا قاراپ قويماستىن سىنىپتىن چىقىپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋېتىپ خەلىچخان مۇئەللىم بىلەن مۇشۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ قالدىم.

— بالىلار بەك بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، — دېدىم مەن بىرنەچچە بالىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى خەلىچخان مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ، — قاراڭ، ھېچنېمە يازماي، ئاق تاپشۇرۇپتۇ. قىسقا سىناقتىمۇ شۇنداق قىلغانلار بار. بايا ھېلىقى مەمتىمىن دېگەن بالىغا: «نېمىشقا قەغەزنى ئاق تاپشۇردىڭىز» دېسەم، «بىلمىگەندىكىن يازالمىدىم، يازالمىغاندىكىن ئاق تاپشۇردۇم» دەيدۇ، غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى باسالماي بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ تاشلىدىم:

— دەپ بېقىڭا مەمتىمىن؟ سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز زادى نېمە؟ ئادەتتىكى ۋاقىتتا دەرسكە دىققەت قىلمايسىز، تاپشۇرۇق ئىشلىمەيسىز، ئىمتىھاندا قەغەزنى ئاق تاپشۇرىسىز. مۇشۇ ئەھۋالىڭىز بىلەن ئاتا ـ ئانىڭىزغا يۈز كېلەلەمسىز؟ ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزغا يۈز كېلەلەمسىز؟ مائارىپ ھوقۇقى ئۈچۈن ئىسسىق جېنىنى تەسەددۇق قىلغان ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوت يۈرەك ئوغلانلارغا يۈز كېلەلەمسىز؟ ...

مەن مەمتىمىننى خاتالىقىنى تونۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، نەدىكىنى، گېپىم ئاغزىمدىلا قالدى. ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىرىنچىدىن، مېنىڭ نان يەپ، قاچا بىكارلاشتىن باشقا ۋەزىپەم يوق. دادامنىڭ تاپقان ـ تەرگىنى مېنىڭ بىر ئۆمۈر يەپ ـ ئىچىشىمگە يېتىدۇ. خەقكە ھاجىتىمىز يوق. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ ھېچكىمگە قەرزىم يوق. شۇڭا، سىلى گېپىنى قىلغان بىرمۇنچە ئادەملەرگە يۈز كېلەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ... ھېلىمۇ مۇئەللىملەرنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىپ، ئون يىلنى بىكار ئۆتكۈزدۈم. بۇ جەرياندا مۇئەللىملەرنىڭ ئاغزىدىن: «بىلىملىك بولساڭ، پۇلنى جىق تاپالايسەن» دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىدىم، لېكىن تا ھازىرغىچە بىلىمىمگە تايىنىپ بىر موچەنگە تالىق پۇل تېپىپ باقمىدىم. بىلىملىك ئادەم باي بولىدىغان ئىش بولسا، سىلى مال ـ دۇنياغا تىقىلىپ كەتسىلە بولاتتى، لېكىن ئەھۋاللىرى بىزگە ئايان، سىلىمۇ نۇرجاھان خانىمغا ئوخشاش بىكارغا ئىشلەپ كېلىۋاتىلا، كېيىن قانداق بولىلا، بۇ نامەلۇم. بىلىمسىز ئادەم پۇل تاپالمايدىغان ئىش بولسا، دادام نان تىلەپ يېسە بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ...

— مەمتىمىن، سىز ...

— مېنىڭ بولۇشۇم مۇشۇ، — مەمتىمىن ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، — كۆزلىرىگە سىغمىغان بولسام، سىنىپتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسىلە، رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن چىقىپ كېتىمەن. قوللىرىدىن كەلسە، ئىسمىمنى دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋەتسىلە، دادام ئالدىلىرىغا بىر شيالى[①]نىڭ پۇلىنى قويىدۇ ...

ئىش چىڭىغا چىققانىدى، بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلسام، مەمتىمىن راستىلا توقۇمىنى قارنىغا ئالدىغاندەكلا قىلاتتى، ئۇ

① شيالى — شۇ ماركىلىق ماشىنىنى دېمەكچى.

چاغدا تېخىمۇ ئوسال بولاتتىم، شۇڭا «سىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن» دەپ قويۇپ، سىنىپتىن يېنىپ چىقتىم.

— ئوبدان قىپسىز، — بىر بۆلۈڭدا تېلېفون ئويناپ ئولتۇرغان تۇرامەت مۇئەللىم سۆز قاتتى، — پوقىقا چالما ئاتساق، يۈزىمىزگە چاچرايدۇ. مەمتىمىن بىر پوق. ئۇنىڭغا قاپاق تۇرۇپلا سالسىڭىز، بولدى، شۇ هامان ھەممە گۇناھنى سىزگە ئارتىپ مەكتەپكە كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇ چاغدا سىز سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئالدىدىمۇ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالىسىز ...

— شۇنداق، — دېدى ساھىبجامال مۇئەللىم كۆزئەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، — مەمتىمىننىڭ دادىسى ھاپىزاخۇن توقۇناقمۇ ئانچە ياخشى ئادەم ئەمەس. دادىغا قاراپ بالا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەمتىمىننىڭ سىزدىن تەنبىھ يېگىنىنى ئاڭلاپلا قالسا، مەكتەپنى بېشىغا كىيىشتىن يانمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ پۇلى جىق، پۇلى بولغاچقا، يولىمۇ جىق، پۇلغا كۆچەپ ھەممە ئىشنى قىلىدۇ ...

مەن سەل قورقۇپ قالدىم.

— ئۇنداقتا بالىلار ئىنتىزام بۇزسىمۇ، ئۆگەنمىسىمۇ گەپ قىلمىساق بولىدىكەن ـ ھە؟

— ئامال يوق، — تۇرامەت مۇئەللىم ئىككى دولىنى كۆتۈ-رۈپ قويدى، — ھازىرقى بالىلار ئاپاق غوجا زامانىسىدىكى غو-جىزادىلەرگە ئوخشايدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى غوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ زۇلمى ۋە كۆكەرمىلىكىدىن بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويغان خەلق «تىللىغىلى بولماس غوجىنى، ئۇرغىلى بولماس غوجىنى، بەندىدە ھېچ ئامال يوق، خۇدا ئۇرسۇن غوجىنى» دەپ قوشاق قاتقانىكەن، ھازىر بۇ قوشاقنى «تىللىغىلى بولماس ئوقۇغۇچىنى، ئۇرغىلى بولماس ئوقۇغۇچىنى، ئوقۇتقۇچىدا ئامال يوق، خۇدا ئۇرسۇن ئو-قۇغۇچىنى» دەپ ئۆزگەرتسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماي-دۇ.

— ئەجەب ماس كەلتۈردىڭىزغۇ تۈرامەت، — ساھىبجامال مۇئەللىم ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى، — دەرۋەقە ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ زۇلمىدىن سىرت يەرلىك غوجىلارنىڭمۇ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان؛ بۈگۈنكى كۈندە يېزا مۇئەللىملىرى ئۆزى بىلىم بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئەقىدە ـ ئىخلاس قىلغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كەمسىتىشىگە، سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدە بىز ئوقۇتقۇچىلار ھېچنېمە ئەمەس. ئۇلار بىزنى سەدىقە ـ ئېھسان تىلەپ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ئابدال ـ قەلەندەرچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ. بۇ تەرىپىنى ئويلىساق، بۇ خەقنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن جان ئۈپرىتىشىنىڭ ئورنىمۇ، ھاجىتىمۇ قالمايدۇ. ھازىر بىر ئاشخانىدا قاچا يۇيۇپ بەرسىمۇ ئۈچ مىڭ كوي بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ لېكىن ... نېمە دېسەم بولار، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا تاشلىغىلى بولمىغاندەك، خەلقىمىزنىڭ نادانلىقىغا قېيداپ، بالىنى قانداق قىلىشنىڭ قىلىش دەپ تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ. ئېيىنشتېيىن توغرا ئېيتىدۇ: «ئاۋامنىڭ ئىدىيەسى قاشاڭ كېلىدۇ» دەپ، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى رېئال مەنپەئەتنى دەپ كۆپ ھاللاردا چوڭ مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىدۇ. بىز بىر ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، زامانىۋى دۇنياغا ماسلاشتۇرۇش يولىدا تىرىشمىساق بولمايدۇ ... نېمىشقىدۇر يېقىندىن بۇيان مائارىپ ئېڭىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ئىلگىرى خەلق نامرات چېغىدا بىر ئامالارنى قىلىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا كۆچەيتتى. مانا بىز سەككىز بالا، ئاتا ـ ئانام قارا دېھقان، لېكىن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان چوڭ ئاكامدىن باشقىلىرىمىزنىڭ ھەممىمىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. نەۋرىلەرمۇ مۇشۇ يولدا ئىستىقبال ئىزدەۋاتىدۇ. يىگىرمە بىر نەۋرىدىن ئەڭ نوچىسى ئىككىنچى ئاكامنىڭ ئوغلى تۇرسۇنجان، ئۇ بېيجىڭ

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن، هازىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلىدۇ، ئوتتۇز ئۈچ يېشىدا دوكتورلۇق؛ ئوتتۇز يەتتە يېشىدا پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. هازىر دوكتور يېتەكچىسى، بىز كىتابلاردىلا ئىسمىنىلا ئاڭلىغان ياپونىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە دېگەنلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن قوغۇنلۇقنىڭ يولى. باشقا نەۋرىلەردىنمۇ تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقىنىدىن ئون ئىككىسى، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقىنىدىن تۆتى بار ... بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ، مەن بۇ گەپكە ئىشىنىمەن. ئەينى يىللىرى دادام بىلەن ئانامنىڭ ئۆزلىرى دېھقان تۇرۇپ ئىككىلەنمەستىن مائارىپنى تاللىشى ۋە بۇ يولدا بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىر ئائىلىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن جەمەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى ... هازىر ھەممە ياخشىلىنىپ كەتتى — كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆستى، قورسىقى توق، كىيىمى يېڭى، لېكىن ئىدىيەسى قالاق، مۇرەككەپ. خۇراپاتلىق باش كۆتۈرۈپ، مەنمەنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. ھەممە ئۆزىنىڭكىنى راستقا چىقىرىپ، باشقا پىكىردىكىلەرنى چەتكە قاقىدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ. ئىنساب - دىيانەت ھەققىدە ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ۋەز ئېيتىشىدۇ، لېكىن ھېيت - بايرام كىرىپ بولغۇچە گۆشنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالىدۇ. دېھقاندىن سېۋەتنى سەكسەن كويغا ئالغان شاپتۇلغا نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە كىلوسىغا قىرىق كويدىن باھا قويالايدۇ ... مۇشۇ تەرزدە ماڭساق، نەچچە يىلغا قالماي ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قايتىپ كېتەرمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، خۇدايىم بۇ كۈنلەرنى بىزگە كۆرسەتمىسۇن !

— شۇنداق، خۇراپات باش كۆتۈرسە، جاھانىنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ، دىل قارىدايدۇ، ئايلىنىپ كېلىپ جاپاسى بىزگە بولىدۇ، — دېدى خەلچىخان مۇئەللىم ئەپسۇسلانغان ھالدا، — بىز ئىلگىرى بىلىمسىزلىكنىڭ، تەپرىقىچىلىكنىڭ دەردىنى جىق

تارتقان. ئىشەك جىنىدا بىر قىتىم پۇتى سىيىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتكىلى ئۇنىمايدۇ. ھازىرقى بەزى ئادەملەردە ئىشەكچىلىكمۇ ئەقىل يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاۋامىمۇ ياخشى ـ يامانىنى ئايرىماي، قارىسىغا ئەگىشىپ تەڭ دوست تارتىشىۋاتىدۇ ...

— شۇڭا دەيمەن ئەقىللىك سىڭلىم، — دېدى تۇرامەت مۇئەللىم تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن نان تىلەپ يەيدىغان ئىش بولسىمۇ ھەرگىز ئوقۇتقۇچى بولماڭ، بۇ كەسىپنىڭ جاپاسى بىز بىلەنلا كەتسۇن!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، تۇرامەت؟ — خەلچىخان مۇئەللىم خەسىدەك ئاقىرىپ كەتتى، — سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئوقۇتقۇچىلىق شۇنچە پەس ئىش بولۇپ قالدىما؟ ئۆزىڭىزغۇ خىزمەتكە كۆڭۈلسىزلەۋېسىز، بۇنى ئاز دەپ بەختىخانغا ئىش ئۆگىتىپ زەھەر تارقىتىۋاتىسىز ... دەپ بېقىڭا قېنى، سىزمۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى ياراتمىسىڭىز، بىر مەزگىللىك داۋالغۇشنى باھانە قىلىپ مەنمۇ تاۋان تاشلىسام، بەختىخاندەك ياشلار ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە تولۇقلانمىسا، كەلگۈسىدە بالىلارنى كىم تەربىيەلەيدۇ؟

— مەن ... ئەمدى، دەيمىنا.

تۇرامەت مۇئەللىم مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى.

— ئاغزىم بار دەپ ھەممە گەپنى دەۋەرمەڭ، — دېدى خەلچىخان مۇئەللىم دانىشمەنلەرچە قىلىپ، — سىز قارا قورساق مالچى ئەمەس، بەلكى خەلق ئوقۇتقۇچىسى! ھازىر يېزا مائارىپىنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس، لېكىن سىز ئويلىغاندەك قاراڭغۇ جاڭگالمۇ ئەمەس. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭى ۋە مائارىپ قارىشىدىكى داۋالغۇش ھەقىقەتەن ئادەمنى ساراسىمىگە سالىدۇ، بەزىدە ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، لېكىن ئۇ ئومۇمىيلىق ئەمەس، بەلكى ئايرىملىق! كېچە ھەرقانچە ئۇزاق بولسىمۇ بەرىبىر تاڭ ئاتماي قالمايدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنىلا بىزنى قوللايدۇ. ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن يەنىلا

بىزگە ئۈمىد بىلەن قارايدۇ. بالىلىرىنى بىزنىڭ قولىمىزدا تەربىيەلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ ... ئەمدى بەختىخانىنىڭ خىزمەت مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى سىز، مەن ئەمەس، بەختىخان ئۆزى قارار قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنى بىر قوللۇق تەربىيەلىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۇ بىر يېرىم ئايدىن بېرى بۇ يەردە پىراكتىكا قىلىۋاتىدۇ، دەرسىنى ئاڭلىدۇق، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ، بالىلارنىڭ ئىنكاسىمۇ ياخشى ... مەن بەختىخانىنىڭ ئۇستازى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ...

خەلچىخان مۇئەللىم گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىمىزگە مەنىلىك قاراشتۇق. تۇرامەت مۇئەللىمنىڭ دانىخورەك باسقان ياداڭغۇ چىرايى تۈمۈردەك قارىداپ كەتكەندى ...

## 8

تېلېفونۇم جىرىڭلىدى. ۋۇجۇدۇم ئوتقا تاشلانغان قىلدەك تولغىنىپ كەتتى.

پىراكتىكىغا كەلگەندىن بېرى مەردان تولا تېلېفون قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى. گەرچە مۇناسىۋىتىمىزگە چېكىت قويۇلغان (مەن شۇنداق ئويلايتتىم) بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر يەنىلا ئۇنىڭ تېلېفونىنى سېغىناتتىم. بىرەر كۈن تېلېفون كەلمىسە، ئىچىم تىتىلداپ كېتەتتى. ئۆزۈمچە، «نېمىشقا تېلېفون قىلمايدىغاندۇ؟ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى دەپ يەنە ئۆيدىكىلەر بىلەن قىزىرىشىپ قالغانمىدۇ؟ دەردكە چىدىماي يەنە ھاراق ئىچكەنمىدۇ؟ ئاشقازان كېسىلى بار ئىدى، قانچىلىك قىينالغاندۇ؟ جىق ئىچىۋەتكەن بولسا كېچىدە ئۆيىنى تېپىپ بارالىغانمىدۇ؟ ...» دېگەندەك ئويلار بىلەن تىت ـ تىت بولۇپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتىم. لېكىن، تېلېفون كەلسە، مەردانىنىڭ ئانىسى بېشىمدا قاراپ تۇرغاندەك تۇيغۇدا تۇگۇلۇپلا قالاتتىم. تېلېفون قىلىپ زېرىككەن

مەردان ئۆچۈر يوللاشقا باشلايتتى:

— بەك تاش يۈرەك ئىكەنسىز، پۈتۈن ئۈرۈنۈشلىرىم سادا سىز قالدى، بىردەم بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئىلتىجالىرىمغا قۇلاق سالايمۇ دېمىدىڭىز ... سىزنى سېغىندىم، ماڭا پۇرسەت بېرىڭ !

— سىزنىڭ ئىلتىجايىڭىز ئوخشاشلا مېنىڭمۇ ئىلتىجايىم. لېكىن ... بىزگە پۇرسەت يوق. مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ !

— بۇ مۇمكىنمۇ؟

— جاھاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق ! بىز يۈزتۈرا سۆزلىشەيلى. سىز شەھەرگە كېلىڭ، كەلمىسىڭىز مەن يېنىڭىزغا بارىمەن.

— مېنى ئارامخۇدا پىراكتىكا قىلىسۇن دېسىڭىز، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ. ئەگەر ئىككىمىزنىڭ ئالاقە قىلىۋاتقىنىنى ئانىڭىز بىلىپلا قالسا، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ، ئەتىلا كۆدە ـ كۆرپەمنى يۈدۈپ ئۆيگە كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئانام ئۇنداق ئەسكى ئايال ئەمەس.

— شۇنداق، مېنىڭ ئانىڭىزغا ھۆرمىتىم بولغاچقىلا بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھۆرمەت جۈملىسىدىندۇر. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئانىڭىز بىلەن ئاچىڭىزغا ۋەدە بەرگەن، ۋەدەمدە تۇرمىسام بولمايدۇ. مەندە بۇنىڭدىن باشقىمۇ تاللاش يولى يوق.

— سىز ئانامنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى تۇتۇۋېلىپ قەستەن گەپ يورغىلىتىۋاتىسىز. دەرۋەقە، ئانام سىزگە بەك قوپاللىق قىلدى، بۇ جەھەتتە سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلاردىن ئاغرىنىپ ئاداۋەت ساقلىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ئامالسىز، شۇنداق قىلغان. مەن ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈۋاتىمەن، تىنىمسىز خىزمەت ئىشلەۋاتىمەن... گەرچە ئۈنۈمى چوڭ بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئىلگىرىلەش بار. «ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى» دەيدىغان گەپ بار. ئۈمىدسىزلەنمەڭ، بەل قويۇۋەتمەڭ، ماڭا ۋاقىت بېرىڭ، بولسا

مەدەت بېرىڭ!

— ئۈمىدلىنىش — سىزدىكى خاتا تۇيغۇ. ئەگەر بىر پىرسەنت ئۈمىد بولسىدى، مەن ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەيتتىم. رېئاللىقتا يۈزلىنىڭ، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ. مەن مىسالى تىترەپ تۇرغان بىر تال ياپراق، كۆچلۈكرەك شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.

......

تېلېفون ھېلىھەم جىرىڭلاپ تۇراتتى. مەن كۆزنەككە كۆز يۈگۈرتتۈم. تېلېفون مەرداندىن ئەمەس، ئۆمەرجاندىن كەلگەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— مەن ئۆمەرجان.

— ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز، ئۇستازىم؟

— ئوبدان.

— ئۆزىڭىزچۇ، شاگىرتىم؟

— قەدىر ئەھۋال، مەھەللىمىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە پىراكتىكا قىلىۋاتىمەن.

— ناھىيەمىزدە بىر ژۇرنال چىقىرىپتىكەن، مەن شۇ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە پىراكتىكا قىلدىم.

— «ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز» قويۇلغاندەكلا ئىش بوپتۇ. مۇبارەك بولسۇن. كەلگۈسىدە داڭلىق مۇھەررىر بولۇپ قالسىڭىز مەندەك بىر ئوقۇغۇچىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز.

— رەھمەت. سىزمۇ مېنىڭ ژۇرنىلىمنى كىچىك كۆرمەي ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرارسىز.

ئىككىمىز تەڭ كۈلۈشتۇق.

— سىزگە ئىككى تۈرلۈك ئىش بىلەن تېلېفون قىلدىم.

— خوش، قۇلىقىم سىزدە.

— بىرىنچىسى، ژۇرنالدا ئەسەر كەم ئىكەن، بىرىنچى بولۇپ سىز كۆز ئالدىمغا كەلدىڭىز، دۈشەنبىدىن قالماي بىر پارچە ھېكايە يوللاپ بېرىسىز، پوۋېست بولسا تېخى ياخشى.

— بۇ ياخشى تەلەپ ئىكەن.
— ئەمىسە كېلىشتۇق.
— ئىككىنچىسى؟ ...
— ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ دۆلەت مەمۇرلۇقى ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى توردا ئېلان قىلىنىپتۇ. ئەتىدىن باشلاپ تىزىملاش باشلىنىدىكەن، خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟
— ياق، ھازىر سىزدىن ئاڭلىشىم.
— ئەمىسە كادىرلار نازارىتىنىڭ تور بېتىگە كىرىپ تىزىملىتىدىغان ئىشنى قىلىڭ. تور ئادرېسىنى سىزگە يوللاپ بېرىمەن.
— سىز تىزىملاتتىڭىزمۇ؟
— تازا كۆڭۈل توختىتالمىدىم، — دېدى ئۆمەرجان ئېغىر خورسىنىپ، — بىزنىڭ ناھىيە تەۋەلىكىدە ئوقۇغان كەسپىمگە ماس كېلىدىغان بىرمۇ ئورۇن يوق ئىكەن.
— شۇنداقمۇ؟
— خوتەننىڭ ئەھۋالىغىمۇ بىر قۇر قاراپ چىقتىم، ئەھۋال ئاساسەن ئوخشاش. سىياسىي قانۇن، دوختۇرلۇق كەسپلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك كەسپلەردىن قوبۇل قىلىنىدىغانلار كۆپ ئىكەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پۈتكۈزگەنلەرگە ئېھتىياجلىق ئورۇندىن بىرەرنىمۇ ئۇچراتمىدىم. ئوقۇتقۇچى بولساق، ئازراق ئىمكانىيەتمۇ بار ئوخشايدۇ.
— مۇنداق دەڭ ...
— قالغىنىنى سىز تورنى بىر ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن دېيىشەيلى، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ.
— ماقۇل.
— ئەمىسە خوش، ھېكايىنى بۇرۇنقى تور ئادرېسىمغا يوللاپ بەرسىڭىز بولىدۇ.
مەن روھسىز ھالدا ئىشخانىغا قايتىپ كىردىم.

— نېمە بولدى، يەنە تۇتۇلۇپ قاپسىزغۇ؟
— قايسى ئىشخانىدا تور بار؟

خەلىچخان مۇئەللىم قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى.

— ئەسەر يوللاي دېگەنما؟
— ياق، ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنغان ئوخشايدۇ، كۆرۈپ باقاي دېگەن.
— بۇ ياخشى ئىش ئىكەنغۇ؟

نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ «غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىش يوق» دېگەندەك، نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا، ئوقۇش پۈتكۈزۈپلا مائاشلىق بولغان بىر ئەۋلاد زىيالىيلار بىزدەكلەرنىڭ ئىزتىراپىنى قانداقمۇ ھېس قىلالىسۇن؟ شۇڭا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم. خەلىچخان مۇئەللىم جىم بولۇپ قالغىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ يېنىمغا كەلدى.

— ئىلمىي مۇدىر بىلەن كاسىرنىڭ ئىشخانىسىدا تور بار، يۈرۈڭ، مەن باشلاپ چىقاي.

مەن خەلىچخان مۇئەللىمگە ئۈنسىز ئەگەشتىم ...

سائەت ئونغىچە تور ئارىلىدىم، ئۆمەرجاننىڭ دېگىنى راست ئىكەن، ۋىلايەت تەۋەسىدە تەسىس قىلىنغان نەچچە يۈز ئىش ئورنىدىن ئوقۇۋاتقان كەسپىمگە چۈشىدىغان بىرمۇ ئورۇن يوق ئىكەن.

بېشىم چۈشۈپ كەتتى ... ئەينى يىلى چاقىرىقنى قولۇمغا ئالغىنىمدا بەك ھاياجانلانغانىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت ـ قوقاسقا ئايلانغان، ئۆزۈمنى نەچچە ھەسسە زورىيىپ كەتكەندەك، جاھاندا مەنچە ئادەم يوقتەك ھېس قىلغانىدىم. ئىمىن گۇدۇڭنىڭ بوتكىسى ئالدىدا قارتا ئويناۋاتقان يۇرتداشلىرىم كۆزۈمگە قۇرتتەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدىكى ساددا ھېسسىياتىم بويىچە، ئالىي مەكتەپنىڭ دىپلومىنى ئېلىپ كەلسەملا ئىش تېپىشتىن غەم قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. جاڭ مۇئاۋىن

شۇجىمۇ ئوقۇش ياردەم پۇلىنى قولۇمغا تۇتقۇزغاندا، نەچچە ئون ئادەم ئالدىدا يېزىغا كېلىپ خىزمەت قىلىش تەلىپىنى قويغانىدى. مەن ئىككىلەنمەستىن ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ھەمدە شۇ ۋەدەمنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگەنگەنىدىم. تۆت يىل كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا پىراكتىكىغا كەلدىم. ۋەدە بەرگەن ئادەملەردىن بىرسىمۇ يوق ! بارلىرىنىڭمۇ تامامەن ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ...

مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمنىڭ يورۇشۇشىگە پايدىسى تېگىدىغان گېزىتخانا، ژۇرنال، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىيو ئىستانسىسى دېگەندەك ساھەلەردە ئىشلەش ئويۇم بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىمۇ بولۇپ باقتىم، ئىككى ئاي جەريانىدا بىردەممۇ بىكار بولالمىدىم، يېزىش تۈگۈل تەييارنى ئوقۇشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي كۆپ قىسىلدىم، ئەپسۇس ...

مەمۇرىي ئورۇنلارغا تىزىملىتىش ئارزۇيۇمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىق ئالاھىدە ئىش ئورنى تىزىملىكىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم. ئۇمۇ ئاسان ئوخشاش، ھەممىسى تەبىئىي پەن كەسپلىرى ... بىر ئايدىن بېرى پىراكتىكا قىلىۋاتىمەن. مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىغا ئېھتىياجلىق ئىكەن. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىككى قېتىم دەرسىمنى ئاڭلىدى، باھاسى ئالاھىدە يۇقىرى، دېمەك، مەن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولالايدىكەنمەن. لېكىن، تىزىملىكتە بۇ يېزىغا بىرمۇ كۆرسەتكۈچ بېرىلمەپتۇ ... ئىمىر - چىمىر جەدۋەللەرنى پاساڭداۋېتىپ ئويلىمىغان يەردىن ئەڭ ئاخىرقى بەتكە كەلگەندە «ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى» دېگەن خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئىشەنچ قىلالماي خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم، قايتا - قايتا قاراپ چىقتىم، كۆزۈم مېنى ئالدىماپتۇ. X ناھىيەسىنىڭ تۆپەدۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسىدىن بىرنى ئالىدىكەن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن بۇ مەكتەپنىڭ ئىسمىنى تورغا كىرگۈزدۈم. ئايان بولدىكى، بۇ مەكتەپ X ناھىيە مەركىزىگە بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىر كېلىدىغان ئاقتاش دېگەن تاغلىق يېزىدا ئىكەن ...

كەيپىم ئوسال ھالدا كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇردۇم. كاللام قۇپقۇرۇق، روھىم سولغۇن، خۇددى بىر قېتىملىق دو تىكىشتە ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان قىمارۋازدەك سالپىيىپلا قالدىم ... قانداق قىلىش كېرەك؟ ئون بەش يىل ئوقۇدۇم، بۇ مەندەك دېھقان قىزى ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس، لېكىن ھوسۇل يىغىدىغان چاغدا ئورغاققا ساپمۇ بولالمىدىم ... تېلېۋىزورنى ئاچسا، ئىختىساس ئىگىسى كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى گېپى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. لېكىن، رېئاللىق باشقا ... مەندەك «211 قۇرۇلۇشى»غا كىرگەن داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى ئىختىساس ئىگىسى ھېسابلانمىسا، زادى كىملەر ئىختىساس ئىگىسى بولالايدىغاندۇ؟ ھازىر پىراكتىكا قىلىۋاتقان مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆردۈم، ماڭا يېتەلمەيدىغىنى مەندىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىرىدىن ھەرگىز ئاز ئەمەس. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدىن ئۆمرىدە بىر پارچە رومان ئوقۇپ باقمىغىنىدىنمۇ نەچچىسى بار ئىكەن ... كونىلار: «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دەپ ئەجەب توغرا يەكۈنلەپتىكەن. مانا دىپلومۇمغا خېرىدار چىقمىغۇدەك، ئۆزۈمچە كىچىكلەپ سۇغا چۈشكەن مۇشۈكتەك سالپىيىپلا قالدىم. ئەمدى بۇ يۈزنى نەگە قويغۇلۇق؟ يۇرتداشلار ئالدىدا نېمىمۇ دېگۈلۈك؟ دەل شۇ چاغدا بايا مەندىن تەنبىھ يېگەن مەمتىمىننىڭ كۆرەڭ تۇرقى قايتىدىن كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مەمتىمىن بىر توپ ئادەمنى كەينىگە ئەگەشتۇرۇۋالغان بولۇپ، مېنى شەرەتلەپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى، كەينىدىكى كىشىلەر تۇكىنى تارتقان ئۆچكىلەردەك سەت چىرقىرىشاتتى، كالتە ساقاللىرىنى سىيپاپ مەمتىمىننىڭ گېپىگە تەستىق بېرىشەتتى ... مەن ئالامانلار توپىغا زەن سېلىپ قارىدىم، ھەممىسى تونۇش چىرايلار: توختى

ياچـىۋەك، ئـىمـىـن گـۈدۈك، تۇرداخـۇن سـەگـەز، يـاقـۇپـجـان، تۆمۈرنىزاخۇن پاختا، قادىراخۇن سىكرېتار، سىدىـق مۇدىر، يەنـە بىرمۇنـچە بالا كۆتـۈرۈۋالغان چـوكـانلار ... تېـنـىـم شۈركـۈنـۈپ كەتتـى. ئەگەر ئوقـۇش پۈتكۈزگـەندىن كېـيىنمـۇ خىزمـەت يـوق ئولتۇرۇپ قالسام، بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ كىـشىلەر ئـۈستۈمدىـن گەپ تېپـىشىدۇ، مـازاق قىلىـشىدۇ. كونـىلار توغـرا ئـېيتـىـدۇ: «كەمبەغەلنىڭ قاياشى كەمبەغەل بولـىدۇ»، شۇنداقـلا «گادايىنـىڭ دۈشمـىنـىمـۇ گاداي بولـىـدۇ» دەپ ... شۇڭا قـانـداقلا خـىـزمـەت بولسۇن غىڭ قىلماي قىلىشىم كېرەك.

تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى، چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. مۇنـچە كەچتـە تېلـېـفون قىـلـغان كىـمـدۇر ئەمدى؟ مـەن سـەل ئەجەبلىنىپ تېلېفون كۆزنىكىگە قارىدىم، تېـلېفون كـۆزنىكـىدە تـونـۇش بىـر نـومـۇر جـىـلـۋە قـىـلـىـپ تـۇراتـتـى. مـەن سـەل ئىككىلىنىپرەك تېلېفوننى قۇلىقىمغا ئاپاردىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

قارشى تـەرەپ سالـىمـىمنى ئـاڭلـىمـىدىمۇ ياكى ئاڭلـىـسىمـۇ ئاڭلىـماسقا سـالدىمۇ، جـاۋاب سالـىمـى قىلـمـاستـىن گـېپـىنـى باشلىدى:

— بەختىگۇلما؟

— مەن شۇ.

مەن مەردانىنىڭ ئانىسى.

يۈرىكـىم قارت قىـلىـپ قـالـدى. پۇت ـ قولـۇم بـوشىـشـىـپ، ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.

— بۈگۈن ئۆي پۈتتى، خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟

— خەۋەر تاپتىم.

مىنىڭ ئۆيگە ھۇنەرۋەن چۈشكىنىدىن خەۋىـرىم بار ئىـدى، ئالدىنقى ھەپتـە بارغىنىـمدا خىـشگەرلىكى تۈگەپ، ئـۈستىنـى يېپىشقا باشلىغانىكەن، پەرىزىمچە، پۈتـىدىغان ۋاقتـىمۇ بولـۇپ قالغانىدى. ئارتۇقچە گەپ ئېشەككە يۈك، ياق دېسەم، سىسىق گەپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، خەۋىرىم بار، دېدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىلىگە كۆپ رەھمەت!

— مەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم، — دېدى مەردانىنىڭ ئانىسى دانىمۇدانە قىلىپ، — ھەرھالدا ھازىرغىچە سىزمۇ ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ كېلىۋاتىسىز. ئۈمىدىم: ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىغاي.

— خاتىرجەم بولسىلا، چوقۇم دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

— ياخشى، پىراكتىكىڭىز ئاخىرلىشاي دەۋاتامدۇ؟

مەن تۇرۇپلا قالدىم، ئۇ مېنىڭ نەدە پىراكتىكا قىلىۋاتقىنىمنىمۇ بىلىپ تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن.

— ئاز قالدى، ئون كۈندىن كېيىن ماڭىمەن.

— ھىم ... خىزمەت ئىشىڭىزنى ئويلاشتىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇرۇمچى تەرەپلەردە قالىدىغان ئىش بولسا، تارتىنماي ماڭا دەڭ، مەن ياردەملىشىمەن.

— رەھمەت.

— خوش ئەمىسە، ئامان بولۇڭ.

مەردانىنىڭ ئانىسى تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ گېپى قىسقا بولغىنى بىلەن مەنىسى چوڭقۇر — گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. ئۇ ھەربىر سۆزىدە بىردىن يوشۇرۇن ئۇچۇر يەتكۈزۈپ مېنى ۋەدەمدە تۇرۇشقا قىستايتتى. قارىغاندا ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى بايىقى ئۇقتۇرۇشىدىنمۇ تولۇق خەۋەر تاپقاندەك قىلاتتى. ئاخىرقى سۆزىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ مېنىڭ يۇرتقا كېلىشىمنى، بولۇپمۇ ناھىيە تەۋەسىدە خىزمەت قىلىشىمنىمۇ خالىمايدىكەن.

ئىككى كۈن ئويلاندىم. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. بىر قارارغا كېلىشىم لازىم ئىدى، «ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» بىلەن ئىككى يۈلەپ ئولتۇرسام، پۇرسەت كېتىپ يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلەتتى ... ئاخىر X ناھىيەسىدىكى ھېلىقى مەكتەپنى تاللاپ ئۇچۇرۇمنى توشتۇردۇم. مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق تاللاش يولۇممۇ يوق ئىدى ...

يەتتىنچى باب

# پىنھان ھويلا

تۇرۇپلا تاغنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ئادەملىرى ساددا، چىقىشقاق، دەرىجە قارىشى يوق، ئەڭ مۇھىمى كۆكسى ـ قارنى كەڭ، قانائەتچان، سىرتتىن كەلگەنلەرنى يەكلىمەيدۇ، ئەل قاتارى كىيىنىپ ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇۋالمىساڭلا، سالام ـ سەھىتى جايىدا، ھەممىسى ۋاي دەيدۇ، ھېچنېمىسىنى سەندىن ئايىمايدۇ ...

مەكتەپ بىلەن يېزا بازىرىنىڭ ئارىلىقى يېقىن. يېزىلىق پارتكوم بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى قەۋەتلىك كۇل رەڭ بىناسى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. بازارنىڭ دائىرىسى كىچىك بولغىنى بىلەن كىچىلىك بەزمىخانا بىلەن قاۋاقخانىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدۇ. تاغلىقلار بازار ئارىلاشقا ئامراق، بازار كىچىك بولغىنى بىلەن مېھرى ئىسسىق، كۈنبويى ئادەم ئۆكسۈمەيدۇ. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىر كىچىك ئۆستەڭ ئۆزۈنىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، پورلىشىپ كەتكەن قېرى سۆگەتلەر ئۆستەڭگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىغا سامساق مىدىقلىرىدەك زىچ سېلىنغان دۇكانلاردىن كۆكۈچ ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاغدا ھاۋا شالاڭ بولغاچقا، لەڭمەن ئوبدان پىشمايدۇ، چامغۇر بىلەن سەۋزىدىن باشقا كۆكتاتلار كۆپ يېيىلمەيدۇ. ئەڭ كۆپ يېيىلىدىغىنى شورپا بىلەن زىخ كاۋىپى. شۇڭا، قايسى ئاشخانىغا

كىرسەڭ كۆرۈنەرلىك يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ قازانلاردا سېمىز گۆشلەر قايناپ تۇرىدۇ. چامغۇر، سەۋزە بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشنىڭ شورپىسىغا زاغرا چىلاپ يېيىش بەك كۆڭۈللۈك ئىش، جىق يەۋالساڭمۇ كۆڭلۈڭگە تەگمەيدۇ. كاۋاپنى ئالدىن زىخقا ئۆتكۈزۈپ قويمايدۇ، خېرىدارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كۆرسەتكەن يېرىدىن جىگلاپ پىشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنى تاغلىقلار جىگلىق كاۋاپ دەپ ئاتىشىدۇ. دىل خالاپ جىگلانغان گۆشلەر يوغان كۆتەكلەردە چامغۇردەك پارچىلىنىپ يۇلغۇن زىخلىرىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، تاش تۈز سۈيىگە بىردەم چىلانغاندىن كېيىن چوغى يېلىنجاپ تۇرغان كاۋاپدانلارغا بېسىلىدۇ ... «ئۈزۈم باغدا قىممەت، گۆش تاغدا» دېگەندەك، بۇ يەردە گۆش خېلىلا قىممەت، لېكىن يېگى، يېيىشلىك. قاسساپلار قويلارنى كانارىنىڭ يېنىدىلا ئۆلتۈرۈپ كانارىغا ئاسىدۇ. ئۇگە ـ ئۆگىلىرىدىن ئاجرىتىپ تاراشلاپ قويۇلغان گۆشلەردىن هورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، كۆڭلۈڭگە قىلچىلىك شەك كەلمەيدۇ، خەجلىگەن پۇلۇڭغا ئېچىڭ ئاغرىمايدۇ ...

بازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى هۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن غەرب تەرىپىدىكى ئاهالىلەر رايونىنى تۇتاشتۇرىدىغان سېمونت كۆۋرۈك بازارنىڭ يۈرىكى، ئەڭ چوڭ «كۆڭۈل ئالماشتۇرۇش مەركىزى». يېزىدا بولغان هەرقانداق يېڭىلىق مۇشۇ «مەركەز» ئارقىلىق كەنت ـ كەنتلەرگە، ئائىلە ـ ئائىلىلەرگە تارقىلىدۇ... تاغلىقلار بىر ـ بىرىنى تونۇيدۇ، شۇڭا بازارغا كىرىش ئۈچۈن پۇل بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، يانچۇقىدا بىر تەڭگىسى يوق ئادەممۇ خۇددى شەهەر سورىغان بايۋەچچىلەردەك ئاشخانىلارغا بىمالال كىرىپ، خالىغىنىنى يەپ، بولالمىغىنىنى بىلگە تۈگۈپ هېچ ئىش بولمىغاندەك چىقىپ كېتىۋېرىدۇ، كانارىلاردىن يارتا ـ يارتا گۆشلەرنى ئالالايدۇ. بۇنىڭغا تىجارەتچىلەرمۇ كۆنۈك، هەرگىز قاپاق تۈرۈپ قالمايدۇ، ئەكسىچە سودىسىنىڭ

يۇرۇشكىنىدىن خۇش بولىدۇ. ئۇلار كۆزلۈكى چارۋىلار بازارغا سېلىنغاندا ھەممىنى بىراقلا تۆلىۋېتىدۇ ...

مەكتەپ تاغ باغرىغا سېلىنغان، ئورنى بەك چوڭ ئەمەس، لېكىن مەنزىرىسى گۈزەل. يېزا بازىرىدىن ئېقىپ كەلگەن غول ئۆستەڭ مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ، ئۆستەڭدىن يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەيدۇ. كەينى تۈپتۈز تاغ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپى بىپايان يايلاق، يايلاقتا توپ - توپ قوي پادىلىرى بۇلۇتلاردەك ئۈزۈپ يۈرىدۇ، ھاۋا ئوچۇق چاغلاردا كۆپكۆك ئاسمان بىلەن ياپيېشىل يايلاق بىر - بىرىگە سىڭىشىپ ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان ماي بوياق رەسىمدەك سېھىرلىك تۈيغۇ ئاتا قىلىدۇ.

يېزا مەركىزىدىكى نەچچە يۈز ئائىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ساندىكى ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان، يېقىن ئەتراپتىكى بالىلاردىن باشقىلىرى مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدۇ. شۇڭا، مەكتەپنىڭ ئىچى يېزا مەركىزىدىكى كالتە بازاردەكلا قايناق، بالىلارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بالىلار خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەنجى ئوغۇلدەك زېرەك، چاققان بولۇپ، ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى، مەكتەپنى ئۆز ئۆيىدەك، مۇئەللىملەرنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك كۆرىدۇ. بالا يىغىمەن دەپ ئۆيمۇئۆي سوكۇلدايدىغان، ئىتقا تالىنىدىغان، بۇنى ئاز دەپ ئاتا - ئانىلاردىن ئىزا - ئاھانەت ئاڭلايدىغان ئىش يوق ...

بۇ يېزىدىن كادىر كۆپ چىقىدۇ. ناھىيە تەۋەلىكىدە كەڭ تارقالغان: «دۇنيادىكى ئىشلار بىر - بىرىگە باغلىق بولىدۇ، شەھەرلىكلەر بىغەم بولسا، باشلىقى تاغلىق بولىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. دەرۋەقە شۇنداق، يېزا چەت، يىراق بولغىنى بىلەن ناھىيە مەركىزىلا ئەمەس، ۋىلايەتنىڭ ھەممە ئىدارە - ئورگانلىرىدا مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بەزىلىرى چوڭ باشلىق ...

مەن مەكتەپكە كېلىپلا تولۇقسىز 1 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ

سىنىپ مۇدىرلىقىنى ئۈستۈمگە ئالغان. سىنىپىمدا قىرىق ئىككى بالا بار، بۇلاردىن ئوتتۇز تۆتى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدۇ. ياتىقىمۇ، تاماقمۇ مەكتەپتە، خۇددى ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان بىغەم چۈجىلەردەك كەينىمدىن ئەگىشىپلا يۈرىدۇ ...

مەكتەپتە يەتتە سىنىپ، ئون ئىككى ئوقۇتقۇچى، ئۈچ ئاشپەز، بىر خوجىلىق كادىرى بار. مۇدىر بىلەن خوجىلىق كادىرىنىڭ ئۆيى يېزا بازىرىدا، باشقىلىرىمىز مەكتەپتە يېتىپ - قوپىمىز. مەن ئايشەمگۈل ئىسىملىك بىر قىز بىلەن بىللە تۇرىمەن. ئۆيىمىز ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، ئىچكىرىسىدە مەن، تاشقىرىسىدا ئايشەمگۈل تۇرىدۇ، ئاشخانىنى ئورتاق ئىشلىتىمىز. ئايشەمگۈل تۇرپانلىق بولۇپ، ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا كەلگەن، مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى، چىرايى ئادەتتىكىدەك بولغىنى بىلەن مىجەزى ئوچۇق، يېقىملىق قىز، رەسىم سىزىشقا ئالاھىدە ئىشتىياقى بار.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن تۆمۈر، لەقىمى قوتاز، گېپى ئوچۇق، ھەق - ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك، دېگىنىنى قىلمىغان تۇرغۇن ئادەم. ئىككىمىزنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدۇ. خىزمەت ۋاقتىدا ئىسمىمنىڭ كەينىگە مۇدىرلىق ئەملىنى قوشۇپ ئاتىساق، ھە، دەيدۇ، لېكىن ئايرىم كۆرۈشكەندە مۇدىر دەپ ئاتاپ سالساق، شۇ ھامان خۇيى تۇتىدۇ. «مېنى ئانام ئەمەل بىلەن تۇغمىغان، مەن ئىشخانىدا مۇدىر، تالادا تۇرسۇن تۆمۈر ... مەن سىلىگە ئاكا يوللۇق ئادەم، يەنە كېلىپ ئۆز ئادەم، شۇڭا ئاكا دەپلا ئاتاڭلار، شۇنداق ئاتىساڭلار خۇش بولىمەن، نېمە قىلىسىلەر ئارىمىزغا تام قوپۇرۇپ» دەيدۇ. شۇڭا، ئايرىم كۆرۈشكەندە تۇرسۇنكا دەپلا ئاتايمىز ... مۇدىرىمىز ئېسىل بولغاچقا، خىزمەتتە بېسىم يوق، كۆڭلىمىزدىكىنى ئوچۇق دېيەلەيمىز، ئىشخانىدىن كۈلكە - چاقچاق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، قانچە ئىشلىسەكمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايمىز ...

تۇرسۇنكام سىپى ئۆزىدىن تاغ ئوغلى، ئۇ مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، شۇڭا بارلىق تاغلىقلارغا ئوخشاش سەنئەتكە ھېرىسمەن، شۇنداقلا ئەدەبىيات ئاشىناسى، ئىشخانىسىدىكى بىر تامنى تولۇق ئىگىلىگەن ئۇزۇن كىتاب ئىشكاپىدىن داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ نۇرغۇنى تېپىلىدۇ. شۇ قاتاردا مېنىڭمۇ ئۈچ كىتابىم بار. ئىشخانىسىغا كىرگەن ھەربىر ئادەمگە بۇ كىتابلارنى كۆرسىتىپ ماختىماي قالمايدۇ ...

— «تارىم» ژۇرنىلىغا بىر پارچە ھېكايىڭىز چىقىپتىكەن، ئالغاچ چىقتىم، — دەيدۇ ئۇ ناھىيە مەركىزىگە كىرىپ چىققان كۈنى ئوقۇتقۇچىلار يىغىلغان سورۇندا، — يولدا كەلگۈچە ئوقۇپ تۈگەتتىم، بەك ياخشى يېزىپسىز. قارىغاندا بىزنىڭ بۇ تاغلىق يېزىمىز قەلىمىڭىز ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلىدىغان ئوخشايدۇ ... تېخىمۇ تىرىشىڭ، مەن سىزنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن!

ئوقۇتقۇچىلار بىر - بىرىدىن قىزغىنلىشىپ ژۇرنالغا قول سوزۇشىدۇ.

— باش ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ، مۇبارەك بولسۇن!

— ھەجىمىمۇ قىسقا ئەمەس ئىكەن.

— ئابلىز تېكىنىڭ ئاشخانىسىدا يەنە كاۋاپ يەيدىكەنمىز - ھە؟

— يەنە شۇ يېيىشنىڭ گېپى؟

— شۇڭا سېمىز!

— نېمىشقىدۇر بەختىگۈلنىڭ ھېكايىسى چىقىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىسالا كۆزۈمگە ياغلىرى تەپچىپ تۇرىدىغان يۇلغۇن كاۋىپى كۆرۈنۈپ كېتىدۇ، — دەيدۇ ئىسمائىل ئىسىملىك ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى دوۋسۇنىغا چۇشۇپ قالغان تاسمىسىنى يۇقىرى تارتىپ قويغاندىن كېيىن لەۋلىرىنى تەمشىپ قويۇپ، — قارىغاندا بەختىگۈل قەلەم ھەققىگە مېھمان قىلىۋېرىپ كاللامدا شەرتلىك رېفلېكس پەيدا قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ.

ھەممەيلەن كۆلۈشىدۇ ...

ئەسەرلىرىم يېزا رادىيوسىنىڭ ئەدەبىي ئاڭلىتىش پىروگراممىسىدا دائىم ئاڭلىتىلىدۇ، شۇڭا بازار تەۋەلىكىدە مېنى تونۇمايدىغانلار ئاز.

— ھېكايىڭىزنى ئاڭلىدىم، تاغدىكى ئىشلارنى ئەينەن يېزىپسىز، بەك قىزىق چىقىپتۇ، ئاقساق پۇتۇمنى سۆرەپ تاغنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندەك، نەچچە يىل ئىزدىشەلمىگەن مالچى ئاغىنىلىرىم بىلەن دىدار كۆرۈشكەندەك بولدۇم، قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن !

— رەھمەت.

شۇنچە جىق گەپنى ئىچىڭىزدىن چىقىرىپ يازامسىز، خانىم بالام؟

— ھەئە.

— توۋا، قاچىلىسا ئون تاغارمۇ ئازلىق قىلغۇدەك مۇنچىۋالا جىق گەپلەر ئىچىڭىزگە قانداق پاتىدىغاندۇ؟ ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، يەنىلا ئوقۇغانغا يەتمەيدۇ.

— شۇنداق.

— تونۇگۇن بەكراخۇن مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ھال ئېيتىپ كىرگەن، ئاران بىر كۆرۈشۈش نېسىپ بولغاندا گېپىمنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماي بىرمۇنچە قورساق كۆپۈكى تارتىۋالدىم. بولمىسا گەپنى نەدىن باشلاپ، نەدە ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە بالىلارنىڭ ئانىسى بىلەن تولۇق بىر ھەپتە مەسلىھەت قىلىشىپ، يەنە بىر ھەپتە كىگىز چىگىدىغاندەك چىگداپ چىققان، بولمىسا ...

— ئون كۈن ئاتقان پاختاڭ بىر يوتقانغا ئەستەرلىك بولمىدى دە؟

— ئون كۈن ئەمەس، ساق ئون بەش كۈن ...

— مەسلىھەتنى خوتۇن كىشى بىلەن قىلماي، بىزدەك مەيدىسىدە تۈكى بار ئەركەكلەر بىلەن قىلغان بولساڭ تىل چايناپ

قالمايتتىڭ.

— ئىككى ئىغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمىغان ئادەمنىڭ ئىشىمۇ تايىنلىق.

— جىم ... قىز بالا بار يەردە مۇنداق ئاغزى بالا گەپنى قىلمىغۇلۇق.

... ...

— ئۆتكەنكى ھېكايىڭىزدە ھاشىم كالىنى يېزىپتىكەنسىز، ھاشىم كالا ھېكايىڭىز چىققان كىتابنى ئاتايىن شەھەردىن ئەكەلدۇرۇپ ھەممە يەردە سازايى قىلىپ چىقتى، — دەيدۇ سىپىمىز ئاشخانا غوجايىنى شىرە ئالدىدا تاماق كۈتۈپ ئولتۇرغانلارغا ھەيۋارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، — قاراڭ، مېنىڭ ھاشىم كالىدىن ھېچ يېرىم كەم ئەمەس، بويۇم سەل پاكار بولغىنى بىلەن قورسىقىم ئۇنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ، — غوجايىن تۇرغان يېرىدە بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلايدۇ، — شۇڭا بۇ قېتىمقى ھېكايىڭىزدە مېنى يېزىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز مەكتەپتىكىلەرنى قوچقار سويۇپ مېھمانغا چاقىرىمەن!

... ...

قۇلىقىم تىنىچ، تۇرمۇشۇم خاتىرجەم، تەرتىپلىك. يۇتلايدىغان، ئېگىز - پەسلىك تالىشىپ مايمۇن ئويۇنى قىلىدىغان ئىشلار بۇ يەردە يوق، قەدرىمنى قىلىدىغانغا قەدەمدە بىر ئادەم چىقىپ تۇرىدۇ، سالام - سەھىتىم جايىدا، ھېچنېمىدىن غېمىم يوق، لېكىن روھىم سۇنۇق، بىر چاغلاردا قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە، تومۇر - تومۇرلىرىمغىچە تەكشى ئىز سېلىپ چىققان، ھەربىر تال ھۈجەيرىلىرىمگىچە تەكشى سىڭىشىپ كەتكەن سۆيگۈ ئىزنالىرى قەدەمدە بىر خەقىشلىك قىلىپ، ياش جېنىمغا تىنىمسىز ئېكەك سالىدۇ ... كۆلۈپ تۇرۇپ بوغۇلىمەن، گېلىمغا پىچاق سۇرۇلگەن پاقلاندەك يۇلقۇنىمەن،

قۇشخانىغا ئېلىپ مېڭىلغان كالىدەك تىركىشمەن، ئۆزۈمنى خىلمۇخىل ئىشلارغا مەلىكە قىلىپ، بۇ تېگى يوق ئازاب دېڭىزىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى تۇرۇشنىڭ يولىنى ئىستەيمەن. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئارمىنىمغا يېتەلمەيمەن، نەچچە قايىنامدا نەپسىم ئۈزۈلگۈچە پىشىلىپ، چۆرگۈلەپ كېلىپ يەنە شۇ ئازاب دېڭىزىغا تاشلىنىمەن ... ھېلىمۇ قەلىمىم بولۇپ قالغىنى، بولمىسا بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەر بولغىيدىم؟

ئايشەمگۈلنىڭ رەسمگە بولغان ئىشتىياقى مېنىڭ پىروزىغا بولغان قىزغىنلىقىمدىن قېلىشمايدۇ، بىكار ۋاقىت تاپسىلا ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەسىم سىزىدۇ. تاغنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن بۇ يەرلەردە ئەۋلادمۇئەۋلاد تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ساددا چارۋىچىلارنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىككىمىزنىڭ ئىجاد بۇلىقى. مەن يازىمەن، ئۇ سىزىدۇ. بەس ـ بەستە ئىجاد قىلىمىز. بەزىدە كۈنلەپ گەپ قىلىشمايمىز. قەلەم ۋە بوياقنىڭ سېھرىدە ئاپىرىدە قىلىنغان سىيدام تاغ تۇرمۇشى ئىككىمىز قۇرۇۋالغان «ئىجادىيەت مەركىزى»دە قايتىدىن كۆرۈنۈشكە ئېلىنىپ، يىراقلارغا يوللىنىدۇ. بۇلىقىمىز ساپ، نىيىتىمىز دۇرۇس بولغاچقا، ئەسەرلىرىمىزنىڭ «خېرىدارلىرى» كۆپ، «ئامبار»دا تۇرۇپ قالىدىغىنى يوق ...

ساندۇقلۇق ياغاچ كارىۋات، كىتاب ئىشكاپى ۋە يېزىقچىلىق ئۈستىلى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كىچىك ھۇجرام قارىماققا شۇنچە پىنھان، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس! قەلەم تىۋىشى بىلەن تىنىقتىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان ئاشۇ پىنھانلىقتا سۆيگۈ ئوتىدا پۇچىلانغان، ئەقىدە ساھىبلىرى تەرىپىدىن ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغان بىر ناتىۋان يۈرەك ئۈن ـ تىنسىز نالە قىلىدۇ: ئۆزى بىلەن سۆزلىشىدۇ، كىملەرگىدۇر ئەرز قىلىدۇ، كىملەردىندۇر مەدەت تىلەيدۇ، ئۈمىدلىنىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ياشلىق

تەلەپلىرى بالقىپ تۇرغان كۆڭلىنى ئۆزىدىن كۆڭۈل سوراۋاتقان ئالىلىكىملەرگە زورلاپ باقىدۇ، قولاشمايدۇ، يۈزى قىزىرىدۇ، گېلى قۇرۇپ، بەدىنىدە بىزەڭ قۇرتلار لۆمشىشكە باشلايدۇ، توك سوقۇۋەتكەندەك سىلكىنىدۇ، بولمىغۇر خىياللىرى ئۇچۇن ئۆزىدىن يىرگىنىدۇ ... ئاھ، مەردان، — دەيمەن ئاخىرىدا ئاغزىمدىن مىڭ تونۇرنىڭ تەپتىنى چىقىرىپ، مونچاقتەك تۆكۈلۈشكە باشلىغان كۆز ياشلىرىمنى ئالىقانلىرىم بىلەن سۈرتكىنىمچە، — سىنىڭ ئوتۇڭ نېمىدېگەن يامان ! يا كۆڭلۈمگە ئاراملىق بەرمەيسەن، يا ۋىسالىڭنى كۆرسەتمەيسەن... بىلمەن، سەنمۇ مەندەك ئىزتىراپ چېكىۋاتىسەن، جۇدالىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىسەن، ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ھېلىغىچە ئاناڭ تاللىغان قىز بىلەن تويۇڭنى قىلىپ، مەئىشەتلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرگەن؛ كۈندە ئۇچۇر يوللاپ، تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭسىزمۇ جۇدۇن سوققان ياپراقتەك ئون جېنىمنىڭ بىرى قالمىغان ناتىۋان كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلمىغان بولاتتىڭ ... نېمە دېسەم بولار؟ بەرسەم يېمەيسەن، تامدىن مارايسەن ! يا مەندىن كېچەلمەيسەن، يا مەئىشەتلىك تۇرمۇشنى تەرك ئېتەلمەيسەن ... ھاياتتا ئۆزۈڭنىسىدىنمۇ، ئېنىدىنمۇ تەڭ پايدا ئالىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ «ئادەمنىڭ توققۇزى تەل بولسا جېنى چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ئىنسان تېگىدىنلا كەمتۈك يارالغان، شۇڭا خۇشاللىقىدىن ئازابى، كۈلكىسىدىن يىغىسى كۆپ. كەمتۈكلۈك قارىماققا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدۇ، ھەتتا بەزىدە غەش قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى رولى زور. كەمتۈكلۈك ئۆز نۆۋىتىدە ھاياتلىق رىشتىسىدۇر، بىزنىڭ بارلىق پائالىيىتىمىز ۋە ئىزدىنىشلىرىمىز ئاشۇ كەمتۈكلۈك ئۈچۈندۇر ! ئىزدىنىش، زىددىيەت بولمىغان ھاياتنىڭ قانداقمۇ مەنىسى بولسۇن؟!

مەردان، مەن ساڭا كۆڭۈل بېرىپ خاتا قىلدىممۇ؟ ياق،

ئوخشاشلا سەنمۇ خاتا قىلمىدىڭ. بىز بىر - بىرىمىزگە كۆز تاشلىغان ئاشۇ چاغلاردا كۆڭۈلدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىغان، بىر خىل تەبىئىي سەزگۈ ۋە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىچكى ئىنتىلىش ئىككىمىزنى ماگنىتتەك ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغان. قەلبىمىز ساپ، غۇبارسىز، نىيىتىمىز خالىس، پايدا - مەنپەئەتتىن خالىي. ئەمەل - دەرىجە، مەئىشەتلىك تۇرمۇش، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، يۇقىرى - تۆۋەنلىك ... دېگەنلەرنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزنىلا ئويلىغان، بىر - بىرىمىزنىلا ئويلىغان، مەۋھۇم لېكىن گۈزەل كېلەچىكىمىزنىلا ئويلىغان، كۆڭۈلنىڭ خاھىشى، قەلبىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ھۆرمەت قىلغان، شۇڭا تۇرمۇش مەزمۇنىمىز ئاددىي، بىر خىللا بولسىمۇ، روھىمىز ئۈستۈن، مەنىلىك ئىدى، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلار كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيتتى، «توپا ئالساق، ئالتۇن بولاتتى»، قاتتىق نانمۇ ھەسەل تېتىيتتى ... كېيىن ھەممىسى بىراقلا ئۆزگەردى، پورەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈلزارلىقىمىزدا ناتونۇش قەدەم ئىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، كۆڭۈل خاھىشى بويىچە تىزىلغان گۈلدەستىلىرىمىز ئاللىكىملەرنىڭ قولىدا رەھىمسىزلەرچە چەيلەندى، بىز كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالدۇق ...

مۇھەببەت شەخسكە تەئەللۇق، مۇھەببەت ئىككى يۈرەكنىڭ ئۆزئارا تەلپۈنۈشى ئارقىلىق ۋىسال تاپىدۇ. لېكىن بىز ۋىسال تاپالمىدۇق. بىرسىمىز باغدا، بىرسىمىز تاغدا، ئەركىن ئادەم تۇرۇپ كۆرۈشەلمەيمىز، تىلىمىز بار تۇرۇپ سۆزلىشەلمەيمىز، ئىشتىياقىمىز بار تۇرۇپ سۆيۈشەلمەيمىز؛ ئىشىمىزنىڭ ئايىغى چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئارقىغا يانالمايمىز، مېھرىمىزدىن كېچەلمەيمىز، خۇددى كاككۇك بىلەن زەينەپتەك بىر - بىرىمىزنىڭ ۋەسلىنى ئىزدەيمىز، خەندان ئۇرۇپ نالە -

پەرياد قىلىمىز ... مۇنداق قاتتىق كۈنلەر يەنە قاچانغىچە داۋاملىشار؟

مەن تاغقا چىققان ئىككى يىلدىن بېرى ئۈچ يىگىت ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيگۈ تەلىپى قويۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بىرسى ئېرشات، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيمىز، تام قوشنا ئولتۇرىمىز، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇزىكا كەسپىنى پۈتكۈزگەن بۇ يىگىتنىڭ تەمبۇر بىلەن گىتارغا ئالاھىدە ئىشتىياقى بار. كەم سۆز، كېلىشكەن بۇ يىگىتتىن ئېيۋەن تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە بىرسى، يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاھىرجان، ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق، سۆزلەپلا تۇرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ مىجەزى مەردانىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىرسى ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئۆمەرجان، ئۇنىڭ ھازىرغىچە تۆمۈر دەپتەردە ئىسمى يوق، ئىككى يېرىم يىلدىن بېرى، ئەينى يىللىرى پىراكتىكا قىلغان ژۇرنالدا توختام بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ ... بېشىمۇ يىگىرمە ئالتىگە قەدەم قويدى، ياش ئادەمگە باقمايدۇ، بىر باشقا بىر دوپپا كېتىدۇ، بىر ئۆمۈر مۇرادسىز ئۆتۈش ئىنسان بالىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس! ھامان كۆڭۈل سورىغان يىگىتلەردىن بىرسىنى تاللايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئۇۋا قۇرىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەردانىنىڭ ھالى شۇ، يا مەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، يا مەئىشەتلىك ئائىلىسىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، ئالىمادىس ھەممىدىن ۋاز كېچىپ مېنى تاللىغان تەقدىردىمۇ بەربىر قۇلىقىمىز تىنچىمايدۇ ... دەرۋەقە مەن تاللاشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، ئەپسۇس، ھېچقايسىسىنى كۆڭلۈمگە سىغدۇرالمىدىم. ھېچكىم مەردان قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇقنى تولدۇرالمىدى ...

خىيال خىيالنى تۇغىدۇ، بەزىدە خىيال قىلىۋېرىپ ئۆزۈمچە قاپ يۈرەك بولۇپ كېتىمەن.

ــــ ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدىلا كۆيمەمدىمەن، ــــ

دەيمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە، ـــ بەربىر مەرداندىن ۋاز كېچەلمەيمەن، ئوخشاشلا ئۇمۇ مەندىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن ئىككىمىز بىر يەرگە قېچىپلا كەتسەك قانداق بولار؟ جاھاندا مۇنداق ئىشلار كۆپقۇ؟ پولۇ يېمىسەك، زاغرا يەرمىز، بىنا ئۆيدە ئولتۇرمىساق، ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرارمىز، ئىككى قولىمىز ساق بولغاندىكىن بىر ئائىلىنى قىلىپ جېنىمىزنى جان ئېتەرمىز ... مۇقىم خىزمەتنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ رايىنى دەپ بىر ئۆمۈر كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئۆتىدىغان ئىشمۇ؟ ئۆمۈر ئادەمگە باقمايدۇ. «ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى» ... بۇ خىيالىمنى مەردانغا دېسەم، ئۇ نېمە دەر؟ «بىر مەزگىل ساقلايلى، ئانامغا خىزمەت ئىشلەۋاتىمەن ...» دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلارمۇ ياكى سىز مۇشۇنچىلىك ئىرادىگە كەلگەن يەردە، ماڭا نېمىدى، دېگىنىچە مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقالارمۇ؟ ئەگەر بۇ پىلانىمىز ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، مەردانىڭ ئانىسى قانداق بولۇپ كېتەر؟ ... مەردانىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى يادىمغا كەلگەن ھامان پۈت ـ قولۇم بوشىشىپ نەپەس ئالالماي قالدىم، توۋا دەيمەن، ئەزرائىلمۇ ئۇنداق سۈرلۈك بولماس ...

ئۆزۈمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، قوشنام ئېرشاتنىڭ ھۇجرىسىدىن بوتۇلكىنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ ئېرشات يەنە ئىچىپتۇ ـ دە، ـــ دېدىم ئىچىمدە، ـــ بىچارە ئاشىق، ئۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى !

ماڭا ئايان، ئۇ ئون مىنۇتقا قالماي «تۇگىمەس ناخشا»سىنى باشلايدۇ، بىر باشلىۋالسا تاكى تاڭ سۈزۈلگۈچە توختىمايدۇ، مەن تامغا قۇلىقىمنى ياقىنىمچە ئۇنىڭ پىغانلىق نالىسىگە جور بولىمەن ...

تېلېفونۇم جىرىڭلىدى. بۇ كەچتە تېلېفون قىلغان كىمدۇر ئەمدى؟ مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا تاشلاپ قويغان تېلېفوننىڭ ئېكرانىغا قارىدىم. تېلېفون كامىلەدىن كەلگەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام تاغ پەرىسى، كۈنلىرىڭ مەنىلىك ئۆتۈۋاتامدۇ؟

كامىلە ماڭا «تاغ پەرىسى» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانىدى. بۇ خىل ئاتاش ماڭا ياقاتتى.

— قەدىر ئەھۋال.

— يەنە يېزىۋاتامسەن؟

— بۈگۈن تازا مىجەزىم يوق، شۇڭا دەم ئالدىم.

— چاتاق يوقتۇ؟

— چارچاپ قاپتىمەن، ئۆزۈڭچۇ؟

— مەن چوڭ ئۆيدە، ئانامنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمەن.

— ئىدرىسچۇ؟

— نىمە بولدىكىن، بىلمىدىم، — دېدى كامىلە ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، — قىشلىق تەتىلدىن باشلاپ ئۇنىڭغا قاشتېشى جىنى چاپلىشىۋالدى، قولى بىكار بولسىلا دەريا بويىغا چاپىدۇ، مەن بىلەن تازا كارى يوق.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— ساڭا يالغان ئېيتىپ نىمە قىلاي، ئادىشىم.

— تاپاۋىتى قانداقراق؟

— ھەرھالدا بولىدۇ. ئالدىنقى ئايدا بىر تاش سېتىۋېلىپ توققۇز مىڭ كوي پايدىسىغا سېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تاشتىن ئوتتۇز مىڭ كوي پايدا ئېلىپ، تويدا ئالغان قەرزلەرنى تۆلىگەن. ھازىر بىرنەچچە خىزمەتدىشى بىلەن شېرىكلىشىپ تاش كولاۋېتىپتۇ.

— تاپاۋىتى ئوبدان ئىكەنغۇ؟ بىر تاشنىڭ پايدىسىغا قەرزلەرنى ئادالىغان بولسا چوڭ ئىش قىپتۇ. ھېچ ئىش قىلماي كۆزۈڭگە قاراپ ئولتۇرغان بولسا، قەرز تۆلەيمەن دەپ نەچچە يىلغىچە بۇرنۇڭ كېپىش بولاتتى.

— ئۇغۇ شۇ، شۇنداقتىمۇ دەيمىنا ئەمدى ...

مەن جىم تۇردۇم. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇنداق جىم تۇرغىنىمدىلا ئاندىن مەردانىنىڭ گېپىغا كۆچەتتى.

— تېلېۋىزور كۆردۈڭمۇ؟

— بۇ يەردە تېلېۋىزور بولمىسا نېمىنى كۆرىمەن؟

— تېلېۋىزورمۇ يوقما؟

— ئىستانسا قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

— ھىم ... ساڭا خۇش خەۋەر بار، سۆيۈنچەڭ باردۇ؟

— بار.

— بايا تېلېۋىزوردا كۆرسەتتى، مۇئاۋىن ۋالىي پارىخورلۇق جىنايىتى بىلەن ئەمىلىدىن ئېلىنىپ، مۇددەتسىز كېسىلىپتۇ.

— قايسى مۇئاۋىن ۋالىي؟

— مەردانغا قىزىنى بېرىشكە پۈتۈشكەن ھېلىقى ۋالىيچۇ؟

مەن جىم بولۇپ قالدىم.

— خۇش بولۇۋاتامسەن؟

— نېمىگە خۇش بولىمەن؟ يا ئۇ كىشى بىلەن مېنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتىم بولمىسا؟

— ئاغزىڭدا شۇنداق دەپ قويغىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدە خۇش بولۇۋاتىسەن ھەرقاچان.

— سەن ئوبدان بىلىسەن، مەن بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇش بولىدىغان ئادەم ئەمەس!

— ئالىيجاناب بولۇۋالما، — دېدى كاملە ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن قىياپەتتە، — سەنمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، مەردان بىلەن مۇئاۋىن ۋالىينىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدىكى توي پۈتۈمى ۋەدىسى بىر سودا، مۇئاۋىن ۋالىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، بۇ سودا پۈتۈمىمۇ تەبىئىي ھالدا كۈچتىن قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بولماقچى؟ — دېدىم مەن بوش ئاۋازدا باشلانغان گىتار ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، — ئەمەلدار دېگەن ھازىر

گېپىنى قىلغان بىتەلەي مۇئاۋىن ۋالىي بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ھازىرقى زاماندا نېمە كۆپ، ئەمەلدار كۆپ، بىرسى يىقىلسا، ئورنىغا يەنە بىرسى چىقىدۇ ... مېنىڭ دادام مەرداننىڭ دادىسىغا تەڭ كەلگۈدەك ئەمەلگە ئېرىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تەقدىرىمىزدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ !

— ئۇغۇ شۇ، — كاملە جىم بولۇپ قالدى.

— قاچان يەڭگىيسەن؟ — دېدىم مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— يەنە ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت بار.

— بەك دىققەت قىل، ئېغىر ـ يېنىك بىرنەرسە كۆتۈرمە، يەڭگىپ بولغان ھامان سېنى يوقلاپ بارىمەن.

— رەھمەت.

— تۇزۇت قىلما.

— مەرداننىڭ ھالىنى سورىمايسەنغۇ؟

— تۈنۈگۈن تېلېفوندا كۆرۈشكەن.

— نېمە دەيدۇ؟

— يەنە شۇ كونا گەپ !

— ئىككى يېرىم يىل چىدىدىڭ، بىر مەزگىل تەخىر قىل.

— شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق !

— ئەمىسە خوش، بىكار بولساڭ تېلېفون قىلارسەن.

— ئۆزۈڭنى ئاسرا.

تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. ئېرشات ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغاندىن كېيىن يەنە ناخشىسىنى باشلىدى.

قىزىلگۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم،
تاغ تۈرادا تۇرغۇم يوق.

ئېرشات «بۇ شەھىرىڭدە تۇرغۇم يوق» دېگەن مىسرانى «تاغ تۇرادا تۇرغۇم يوق» دەپ ئۆزگەرتىۋالغانىدى. مەن كارىۋاتتا چىقىپ ياتتىم. ئارىمىزنى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن سوغۇق تام ئايرىپ تۇرىدۇ، ئارىلىق يېقىن، لېكىن مۇساپە بەك يىراق.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتىمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

«سەن ماڭا كۆيگەن بىلەن مەن ساڭا كۆيەلمەيمەن» دېدىم ئىچىمدە. جاھان شۇنداق، كۆڭۈل تېخىمۇ شۇنداق!

ئىچىم قاينايدۇ، قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ياش ئۆمرۈم بىكار ئۆتتى،
ئايلانىمەن قارا كۆز،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك.
يار دەيمەن، ئىلاجىم يوق.

تۇرمۇشنىڭ قىزىقچىلىقلىرىغا ئىچى قايناۋاتقىنى، جاۋابسىز سوئاللار ئالدىدا ئىلاجسىز قېلىۋاتقىنى بىر سەنلا ئەمەس، ئىككىلىمىز ئوخشاش!

قاپقارادۇر قاشىڭىز،
يەلپۈنەدۇر ساچىڭىز.
سىزگە نېمە دەرد كەلدى،
ئايلانىمەن قارا كۆز،

تۆكىلەدۇر ياشىڭىز،
يار دەيمەن، ئىلاجىم يوق.

تــوغــرا دەيسەن، يــاش تــۆكــۈۋاتقــىــنى بىــر ســەن، بىــر مــەنــلا ئــەمەس. لېكــىــن، ئىلاج قــانچە؟ ســەن مــاڭا ئاشــىــق، مەن باشــقــا بىرســىــگە ... ساڭــا ئىلتــىجايــىــم، ئېرشات، مــېنى قــەلــبىڭــدىــن چىقىرىۋەت، سەن كېلىشكەن قەددى ـ قامــىتىڭ، ھېــسسىياتچــان قەلبىڭ بىلەن ھەرقانداق بىر قىــزنى ئۆزۈڭگــە رام قىلالايســەن ! ماڭمۇ تەگرىنىڭ ئاتىغىنى باردۇر !
ناخشا يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى ...

2014 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، خوتەن، تيەنجىن



# ياشلىق تىۋىشلىرى (رومان)

ئاپتورى: ئەنۋەر ھوشۇر
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائىي
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991-2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 ملليمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.5
نەشرى: 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 18026 - 4
باھاسى: 43.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-18026-4

定价：43.00元